# شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى

## 2

جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى
ش ئۇ ئا ر كومىتېتى تارىخ
ماتېرىياللار تەتقىقات ھەيئىتى

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

# شىنجاڭ
# تارىخ ماتېرىياللىرى

2

جۇڭگو خەلق سىياسى مەسلىھەت كېڭەشى
شى ئۇ ئا ر كومىتېتى تارىخ
ماتېرىياللار تەتقىقات ھەيئىتى

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى (2)

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى.
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى تارقىتىدۇ.
شىنجاڭ سانائەت شۆبىۋەنى باسما زاۋۇدىدا بېسىلدى.
1981 - يىل 1 - ئاي 1 - نەشرى.
1981 - يىل 2 - ئاي 1 - بېسىلىشى.
كىتاب نومۇرى: M11098·78
باھاسى: 0·52 يۈەن
(ئىچكى جەھەتتە تارقىتىلىدۇ)

# تەھرىردىن

① «جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ نىزامنامىسى» دا جۇڭگونىڭ ھازىرقى زامان تارىخى، ئىنقىلاۋى تارىخى قاتارلىق ماتېرىياللارنى توپلاش، رەتلەپ يېزىش توغرىسىدا كۆرسىتىلگەن ۋەزىپىمىزگە ئاساسەن بۇ توپلام نەشر قىلىنىشقا باشلىدى، توپلامنىڭ نەشر قىلىنىشى ھازىرقى زامان تارىخى، ئىنقىلاۋى تارىخ، بولۇپمۇ شىنجاڭنىڭ تارىخى ماتېرىياللىرىنى كەڭ دائىرىدە توپلاپ، تارىخى ماتېرىياللارنى توپلاش ۋە يېزىش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇشنى مەخسەت قىلىدۇ، شۇنىڭدەك بۇ توپلام ئاپتورلارنىڭ ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزگەن ۋە كۆرگەن — ئاڭلىغانلىرىنى ھەمدە تارىخ ۋە شەخسلەرنىڭ ئەھۋالىنى ھەققى ئىنكاس قىلىدىغان، مۇئەييەن ماتېرىيال قىممىتىگە ئىگە تارىخى ماتېرىياللارنى تەلەپ قىلىدۇ، بۇ توپلام ئىچكى قىسمىمىزدا قەرەلسىز نەشر قىلىنىپ تارىخ تەتقىقاتچىلارنىڭ پايدىلىنىشىغا تەقدىم قىلىنىدۇ.

② بۇ توپلامدىكى ماتېرىياللار، ئاساسەن چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى ۋاقتىلىرىدىن شىنجاڭ ئازات بولغانغا قەدەر ھەرقايسى مەزگىللەردىكى سىياسىي — ئىقتىسادى — ھەربى — خارجى، مەدەنى — مائارىپ، پەن — تېخنىكا، سودا — سانائەت، مىللى، دىنى، تارىخى شەخسلەر ۋە ئىجتىمائى كەيپىيات — قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. تېما چەكلەنمەيدۇ. تولۇق، مۇكەممەل ۋە تۈگەل

بولۇشى تەلەپ قىلىنمايدۇ، پەقەتلا ھەقىقىي ۋە كونكرېت بولۇشى تەلەپ قىلىنىدۇ. يېزىلغان تارىخىي ماتېرىياللار ئۆزى بىلەن ئالاقىدار بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر يازغۇچى چوڭ يۈرەكلىك بىلەن توغرا يېزىشى كېرەك، بۇرمىلانماسلىقى لازىم. ھەرقايسى مۇھىم دەۋرلەردىكى ئەسلى ماتېرىياللار مەسىلەن: تېلېگراممما، قولليازما، نۇسخىلىرى، خاتىرە رەسىم قاتارلىقلارنى قارشى ئالىمىز.

③ ھەركىشىنىڭ تارىخىي كېچۈرمىشلىرى ياكى كۆرگەن — ئاڭلىغانلىرى ئەلۋەتتە چەكلىك بولىدۇ، شۇڭا ئۇچۇن يېزىلغان ماتېرىياللار تەتقىقات ئىشلىرىدا پايدىلىنىشقىلا بولىدۇ.

④ ھەرخىل تارىخىي ماتېرىياللارغا، ئومۇمەن توپلامغا كىرگۈزۈلگەنلەرگە قەلەم ھەققى بېرىلىدۇ. توپلامغا كىرگۈزۈلمىگەن بولسىمۇ ئەمما مەلۇم پايدىلىنىش قىممىتى بولغان ماتېرىياللارغىمۇ مۇۋاپىق ھەق تۆلىنىدۇ.

⑤ كەلگەن ماتېرىياللارنى ئومۇملاشتۇرۇش ياكى قىسقارتىش، تەھرىرلەش تۈزۈتۈشكە بولىدۇ.

⑥ ماقالا — ماتېرىياللارنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش تارىخىي ماتېرىياللار تەتقىقات ھەيئىتى ئىشخانىسىغا بىۋاسىتە ئەۋەتىلسە بولىدۇ.

# مۇندەرىجە


ياڭ زېڭشىن شىنجاڭنى قانداق ئىدارە قىلغانلىقى توغرىسىدا ...... پەن زوخۇەن ...... 1

ياڭ زېڭشىننىڭ ئۆلۈمى ...... گۇڭ بېچىڭ ...... 48

پەن ياۋنەننىڭ ياڭ زېڭشىننى ئۆلتۈرۈشتىن ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى ئەھۋاللار ...... پەن زۇخۇەن ...... 63

ياڭ زېڭشىن دەۋرىگە دائىر خاتىرىلەر ...... تۈگباۋ ... 79

شىنجاڭ ئۆلكۈلۈك روسچە سىياسىي - قانۇن مەكتىۋىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇش ...... ليۇ دېئېن ...... 108

ياڭ زېڭشىن ھۆكۈمىتىنىڭ قىسمەن ئىشلىرى توغرىسىدا ...... ليۇ دېخى ...... 124

بەيتىك ۋەقەسىنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالى ۋە جەريانى ...... سۇڭ شىليەن ...... 135

ئوسمان ۋە بەيتىك ۋەقەسى ...... لۇي چى ...... 191

سوۋېت ئىتتىپاقىدا تۇرۇشلۇق بەش كونسۇلخانىنىڭ دەسلەپكى باسقۇچتىكى ئەھۋالاتلىرى ...... ليۇ دېئېن ...... 206

مېنىڭ ئوسمان توغرىسىدا بىلىدىغانلىرىم ...... لاتىپ مۇستاپا ...... 248

ياڭ زېڭشىن مافوشىڭ (ماتىتەي) نى قانداق يوقاتتى ...... جاڭ زىچىڭ ...... 284

تەھرىر سۆزىدىن ...... 292

# ياڭ زېڭشىن شىنجاڭنى قانداق ئىدارە قىلغانلىقى توغرىسىدا

— پەن زۇخۇەن يېزىپ قالدۇرغان ماقالا

## 1 - شىنخەي ئىنقىلاۋىدىن ئىلگىرىكى ياڭ زېڭشىن

ياڭ زېڭشىن — ئىسمى دىڭچېن، يۈننەن مىڭزىلىق. چىڭ دەۋرىدە ئوردا ئىمتىھانىدىن ئۆتكەن زىيالى، دەسلەپكى مەزگىللەردە گەنسۇدا خىزمەت قىلىپ، خېجۇ ۋىلايىتىگە ۋالى بولدى. كېيىن گەنسۇ ئالىي مەكتىۋىدە مۇپەتتىشلىك قىلدى. گۇاڭشۈينىڭ 34 - يىلى (1908) پايتەختكە بېرىپ خان بىلەن كۆرۈشكەندە خان شىنجاڭ ئاقسۇ ۋالىلىقىنى ئىلتىپات قىلدى. ئاندىن ئۈستىبۇيىدە ئارقىلىق ئاقسۇغا كېلىپ ۋەزىپىسىنى تاپشۇرۇۋالدى. شۈەنتۇڭنىڭ 2-3 — يىللىرى (1910 - 1911) ئۈرۈمچىگە ئۆلكە مۇپەتتىشى، قوشۇمچە ئۈرۈمچىگە ۋالى بولۇپ يۆتكەلدى. مىنگونىڭ بىرىنچى يىلى (1912) چىڭ ئوردىسىنىڭ بۇ مۇپەتتىشى، بىر سەكرەپلا مىنگو (جۇمھۇرىيەت) ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭدىكى ھەربىي ۋە مەمۇرى باشلىقى بولۇۋالدى. ئۇنىڭ مۇنداق بولۇشىغا شىنخەي ئىنقىلاۋىغا ئاۋاز قوشقان ئىلى ۋەقەسى سەۋەپ بولدى. ياڭ زېڭشىننىڭ شىنجاڭدا يۈرگۈزگەن 17 يىللىق ھۆكۈمرانلىقىنى بايان قىلىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئىلىنىڭ شۇ نۆۋەتتىكى ئىنقىلاۋي قوزغىلىڭى توغرىسىدا توختاپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ.

ئىلى قوزغىلىڭىدىن ئىلگىرى ئاتام پەن جىن ئىلى - چوچەكنىڭ ھەربىي ۋالىسى ئىدى. ۋالى مەھكىمىسى بىلەن ناھىيە مەھكىمىسى ئىلى شەھىرىدە تۇراتتى. شىنجاڭ ئۆلكە بولۇشتىن ئىلگىرى، ئىلىدا ئالتۇن قۇببىلىق بىر مەسچىت بار ئىدى. شۇنىڭغا قاراپ ئىلىنى ئالتۇنلۇق دەپمۇ ئاتايتتى.

شۇەنتوڭنىڭ 3 - يىلى (1911) 8 - 9 - ئايلاردا مەن ئىلى ۋالى مەھكىمىسىدە تۇراتتىم. شۇ چاغلاردىكى ئىلى قوماندانى (جاڭجۈنى) گۇاڭ فۇ كۈرەدە تۇراتتى. كۈرەگە 15 يول كېلىدىغان سۈيدۈڭدە ئىلى شەھەر مەھكىمىسى بىلەن سۈيدۈڭ ناھىيە مەھكىمىسى جايلاشقان ئىدى. ئىلى شەھەر مەھكىمىسىگە ئەنخۇيلىق جۇدىشىڭ، ئىلى مەھكىمىسىگە خۇنەنلىك خې جيارۇڭ باشلىق ئىدى. گۇاڭشۈينىڭ 33 - 34 - يىللىرى (1907 - 1908) چاڭ گىڭ 3 - قېتىم ئىلىغا ھەربىي قوماندان (جاڭجۈن) بولغاندا، مەملىكەت ۋەزىيىتىگە ئەگىشىپ شىنجاڭ مەمۇرىيىتى ئىسلاھقىلىنىغاندىن كېيىن، مەكتەپ، كارخانا ۋە يېڭى ئەسكەر تەربىيىلەش ئىشلىرىنى يۈرگۈزدى. خۇبېيدىن بىر باتالىيون (يىڭ) قۇرۇقلۇق ئەسكەر يۆتكەپ كېلىپ، ئىلىدىكى شىۋە، سولۇن (داغۇر)، چاخار، ئولۇت مىللەتلىرىدىن تەركىب تاپقان قېرىنداش ئەسكەرلەرگە قوشۇپ بىرلەشمە قوشۇن تەشكىللىدى. بۇ بىرلەشمە قوشۇنغا ياپونىيە ھەربىي مەكتىۋىدە ئوقۇغان ياڭ زەنشۈي باشلىق بولدى. قوماندانلىق شىتابىنىڭ ئەتراپىدا قۇرۇقلۇق ئەسكەر تەربىيىلەش كازارمىسى، دەرسخانا ۋە قۇرۇقلۇق ئەسكەرلەر مەكتىۋى قۇرۇلدى. بۇ كازارمىغا، ياپونىيىلىك يۈەن شياڭزى مۇپەتتىش ۋە قوشۇمچە باش تەربىيىچى (جياۋلەن) بولدى. يىڭ تيەمىن، لى پۇ خۇاڭ قاتارلىقلارمۇ مەزكۇر كازارمىدا خىزمەت قىلاتتى. يىڭ تيەمىن كۈرەدە «ئىلى



گېزىتى» دەپ كىچىك بىر گېزىت چىقاردى. بۇ گېزىت كۆرۈنۈشكە خەلقنى ئۈگىتىش، ماھىيەتتە ئىنقىلابى تەشۋىقات ئېلىپ بېرىشتىن ئىبارەت ئىدى.

شۇەنتۇڭنىڭ 1 - يىلى (1909) چاڭ گىڭ سەنشى گەنسۇ تەپتىشلىكىگە يۆتكەلگەندە، ئۇنىڭ ئورنىغا گۇاڭ فۇ قوماندان بولدى، شۇەنتۇڭنىڭ 3 يىلى - (1911) چىڭ ھۆكۈمىتى سىچۈەنلىكلەردىن مەبلەغ توپلاپ قورماقچى بولغان چۈەن - خەن تۆمۈر يولىنىڭ ھوقۇقىنى دۆلىتىمىزگە قايتۇرۇۋېلىشىغاندىن كېيىن سىچۈەن خەلقىنىڭ يول تالىشىش دولقۇنى قوزغۇلۇپ، 10 - ئاينىڭ 10 - كۈنىدىكى ۋۇچاڭ قوزغۇلۇڭى (شىنخەي ئىنقىلاۋى) نىڭ كوتۇرۇلىشىگە سەۋەپ بولدى. ئۇ چاغلاردا رۇسىيە جاھانگىرلىگىنىڭ ئەلچىخانىسى ئىلى شەھىرىدە بولۇپ پوچتىخانىسىمۇ بار ئىدى. پوچتا يولى ئىلى، سۈيدۈڭ، قورغاس ئارقىلىق ھېچقانداق توسالغۇسىز رۇسىيە چېگراسىغا باراتتى. رۇسىيە ئەلچىخانىسىنىڭ تېلېگىرام خەۋەرلىرى ۋە رۇسىيىدە چىقىۋاتقان گېزىتلەرنىڭ جۇڭگو توغرىسىدىكى ئاخباراتلىرى ئىنتايىن تېز يېتىپ كېلەتتى. بىزنىڭ پوچتا يوللىرىمىز يىللاپ رېمونت قىلىنمىغانلىقتىن ھېمىشەم ئوتتۇردا ئۈزۈلۈپ قالاتتى. ئىلىدىن ئۆلكىنىڭ باشقا جايلىرىغا ئەۋەتىلگەن تېلېگىراممىلار سۈيدۈڭ ئوچاستىكىسىدا رۇسىيە تېلېگىراپ لىنىيىسىدىن ئۆتۈپ، ئاندىن جۇڭگو لىنىيىسىگە ئۇلۇنىدىغان بولغانلىقتىن ئىنتايىن كېچىكەتتى. شۇ سەۋەپتىن ئۇ چاغدىكى تېلېگىراممىنى «تۆگە مىنىپ ماڭىدىغان تېلېگىرام» دەپ مەسخىرە قىلاتتى. ئەمما ئىچكى ئۆلكىلەردىكى ھەر قانداق خەۋەرلەر ئىلىغا چاپسان كېلەتتى. چۈنكى ۋۇچاڭ قوزغىلىڭى ۋە بۇ قوزغىلاڭغا ھەر قايسى ئۆلكىلەرنىڭ ئاۋاز قوشقانلىقى توغرىسىدا رۇسىيە ئەلچىخانىسى گېزىت ياكى تېلېگىرام خەۋەرلىرى

ئارقىلىق تارقىتىپ تۇراتتى. ئۇ چاغلاردا رۇسىيە ئەلچىخانىسىدا
مەخسۇس خەنزۇچە ۋە مانجۇچە تىلىنى ئۆگىنىدىغان ئوقۇغۇچىلار بار
ئىدى. دۇەن پامىيىلىك بىر مۇئەللىم خەنزۇچە دەرس ئوتەتتى. بۇ
ئادەم يۇقۇرقىدەك خەۋەرلەرنى تەرجىمە قىلىپ يەتكۈزەتتى. يىلڭ تيەمىن
ھەر دائىم كۆرەدىن ئىلىغا كىلىپ خارجى ئىشلار جۇيجاگى لى جۇگ-
لىنىدىن ئىچكى ئۆلكىلەردە بولۇۋاتقان ئىنقىلاپ خەۋەرلىرىنى ئىلڭ-
تىگلايتتى. مەنمۇ خارجى ئىشلار بولۇمىگە دائىم كىلىپ تۇرىدىغان
بولغانلىقتىن يىلڭ تيەمىن بىلەن شۇ يەردە تونۇشقان ئىدىم. مەن
ئۇرۇمچى يۇقۇرى دەرىجىلىك مەكتەپتە ئوقۇۋاتاتتىم، مەنچىلڭ ھو-
كۆمىتىنىڭ تۈزۈمىگە خىلاپلىق قىلغىنىم ئۈچۈن ئوقۇشتىن قالدۇردى.
ھەر ھالدا مېنىڭ ئىدىيەۋى تونۇشۇم يېڭىچە ئىدى. يىلڭ تيەمىنىڭ
چۈشەنچىسىمۇ ئىلغار ئىدى. شۇ سەۋەپتىن ئىككىمىز ئوگاي ئاغىنە
بولۇپ قالدۇق. لېكىن كۆرەدە تەييارلىنىۋاتقان قوزغىلاڭ توغرىسى-
دا ماڭا ھېچنىمە سەزدۇرمىدى. بۇ چاغدا چىلڭ ھۆكۈمىتى خاگجۇ
ھەربى باشلىقى جۇرۇي بىلەن ئىلى ھەربى باشلىقى گۇاڭفۇنىڭ ئور-
نىنى ئالماشتۇرغانلىقتىن، جۇرۇي كىلىپ ئىلىدا خىزمەت تاپشۇرۇ-
ۋالدى. گۇاڭفۇ ئەسكەرلىكتىن ئۇسۇپ چىققان ھەم ئوقۇمىغان بول-
سىمۇ كوڭلى كەڭ بىر ئادەم ئىدى. جىرۇي بولسا گۇاڭشۈي خان-
غا تۇققان ھەم ئوقۇغان، قابىلىيەتلىك بولغاشقا ئۆزىگە تەمەننا
قويۇپ، باشقىلارنى كوزىگە ئىلمايدىغان، توۋەنگە قاتتىق قوللۇق
قىلىدىغان بولغاشقا گۇاڭفۇنى كوزىگە ئىلمىدى. ۋۇچاڭ قوزغىلىڭى
مۇناسىۋىتى بىلەن خۇبېيدىن كەلگەن يېڭى ئەسكەرلەرنى ئىنتايىن
يامان كوردى. ئۇ خىزمەت تاپشۇرۇۋالغانىدىن كېيىن ئەسكەرلەرنى
قىسقارتتى. يالڭزەنشۈي خىزمەتتىن بوشاتتى. يالڭزەنشۈي رۇ-
سىيە ئارقىلىق قايتماقچى ئىدى. بىراق ھوكۈمەتكە 3 مىڭ سەر كۈ-



مۇش قەرزدار بولغانلىقتىن قايتىپ كېتەلمىدى، يېڭى ئەسكەرلەر
تەركىۋىدىكى باشقا ئادەملەرمۇ خاتىرجەم بولالمىدى. مۇنداق ئەھ-
ۋال ئاستىدا شۈەنتۇڭنىڭ 3 - يىلى دىخانلار كالىندارىنىڭ 19 -
20 كۈنلىرى كۆرەدە مەنچىڭ ھاكىمىيىتىگە قارشى قوزغىلاڭ كو-
تۈرۈلدى. بىر كېچىدە زور مۇۋەپپىقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ،
گۇاڭفۇنى يېڭىۋاشتىن ۋالىي سايلىدى. يالڭزەنشۈي-ى باش قوماند-
دان قىلدى. خې جيادۇڭنى مەمۇرى ئىشلار باشلىقى؛ يىلڭ تيەمىنى
خارجى ئىشلار باشلىقى، خۇاڭ لىجوڭنى مالىيە باشلىقى قىلىپ تەيىن-
لىدى. بۇلاردىن باشقا مەسىلەن: سۈي جيەنگو، لى پۇخۇاڭ، لى مىڭبيا ۋ
يىلڭداشۇ، خې كېچۇەن، مالىڭشىيا ۋلارنى ھەممە ئالدىن ئالاقە باغلاپ
قوزغىلاڭغا ھەمكارلاشقان كىلاۋخۇي (ئىنقىلاۋى تەشكىلات) باش-
لىقلىرىدىن شۈي سەنتەي ۋە يوغان بۇرۇن - مادابىزا قاتارلىقلار-
نىڭ ھەممىسىگە ھەربى دەرىجە بەردى.

چىڭ دەۋرىدە باردكولگە باشلىق بولغان لى رۇڭ (مىنگو
دەۋرىدە يالڭزېڭشىن ئۇنى پارلامېنت ئەزاسى قىلىپ بېيجىڭگە ئەۋەت-
كەن، كېيىن ئۇ شايار ناھىيىسىگە ھاكىم، ئۇرۇمچىگە ۋالىي بولدى.
شىڭ شىسەي دەۋرىدە ئۇنى شىنجاڭ ئۆلكىسىگە رەئىس قىلدى) ئى-
لى ئىنقىلاۋىدىن بۇرۇن، ئىلى مەھكىمىسىدە تەلىم - تەربىيە باش-
لىغى، قوشۇمچە كۆرەدىكى شىنيا ۋتالڭ ھەربى مەكتەپكە باشلىق ئىدى.
قوزغىلاڭ كېچىسى ئېتىلغان زەمبىرەك ئاۋازى، ئوخلاۋاتقان لى-
رۇڭنى ئالاقزادە قىلىۋاتقانلىقتىن ئۇ ئالمان - تالمان شەھەر ئى-
چىدىن قېچىپ چىقىپ قاراگۇدا بىر مۇنچە يول ماڭغانىدىن كېيىن تالڭ ئاتىدۇ،
ئاندىن ئىلىغا يىتىپ كىلىۋالدى. ئۇ بىزگە زەمبىرەك ئاۋازىنى
ئاڭلاپ چۆچۈپ ئويغانغاندىن كېيىن، نىمە ۋەقە بولغانلىقىنى بىل-
مەستىن چاپاننى يېپىنچاقلاپ، پايپاقنى كىيىپ، خەينى كەيمەيلا

مەكتەپىنىڭ ژۇندا توكىدىغان سۈڭگۈچىدىن ئۇمۇلەپ خەندەك ئار-
قىلىق قېچىپ كەلدىم دەپ سوزلەپ بەردى. بىزنىڭ بىرىنچى قە-
دەمدە ئاڭلىغان خەۋىرىمىزمۇشۇ بولغاچقا كۈرەدە قانداق ۋەقە
بولغانلىقىنى چۈشەنمىگەن ئىدۇق. چۈشتىن كېيىن كۈرە ۋە سۈيدۈڭ-
دىن كىلىشكەن ئادەملەردىن ياڭزەنشۈي يېڭى ئەسكەرلەرنى
باشلاپ ئىنقىلاپ قىلىپ جېزرۈينى ئۆلتۈرگەن خەۋەرنى ئاڭلىدۇق.
شۇ كۈنى كەچتە، ئىلى يېڭى ھوكۈمىتىنىڭ خەلقىنىڭ ھاياتى ۋە
مال - مۈلكىگە كاپالەتلىك قىلىدىغان ئېلان - ئۇختۇرۇشلىرى يې-
تىپ كەلدى. رۇسىيە چاھانگىرلىگىنىڭ ئىلىدا تۇرۇشلۇق كونسۇل-
خانىسىغا بارلىق ئىشلارنى باشتىكىدەك باشقۇرۇش توغرىسىدا مې-
موراندۇم تاپشۇردى. 3 - كۈنى پىلىكتىيەمىن ئىلگىرىكى قوماندان-
لىق شتاپىنىڭ قازاق ئىشلىرى باشقارمىسىنىڭ باشلىقى فۇشىيەن
(شىۋە) نى ئېلىپ ئىلىغا كىلىپ ۋالى مەھكىمىسىنى ئۆتكۈزۈپ ئال-
دى. ئەتىسى مەن مەھكىمىدىكى ئۆيۈمنى كوچۇرۇپ سىرتقا چىقىپ
كەتتىم. كۈچۈپ چىقىشتىن بىر كۈن بۇرۇن ئەتىگەن سائەت 11
ئەتراپىدا گۈلدۈرلىگەن بىر ئاۋاز كوتۇرۇلدى، يەر - جاھان زىل-
زىلىگە كىلىپ گويا يەر تەۋرىگەندەك بولدى، كېيىن ئاڭلىساق ئى-
لى قوزغىلاڭچىلىرى، ئىلى باشلىقى جۇدېشىڭنى مەھكىمىنى بوشات
دەپ قىستىغاندا، ئۇ دورا ئىسكىلاتىغا كىرىپ، باشقا ئادەملەر-
نى چىقىرىۋېتىپ، دورىغا غاڭزا چوغىنى قېقىپ پارتلىتىپ ئوزىنى ئول-
تۇرىۋالغان ئىكەن. بەزەن كىشىلەر ئايالى بىلەن ئىككىسى دورا
ئىسكىلاتىدا پارتلاپ كەتتى دىگەن سوزنى قىلىشىدۇ. كېيىن بىز كۈ-
رەدىن كەلگەن كىشىلەردىن نۇرغۇن سوزلەرنى ئاڭلىدۇق. ئەيتىش-
لارغا قارىغاندا، ئىنقىلاپنى كۈچەپ تەشەببۇس قىلغانلار پىلىكتىيەمىن



بىلەن لى ياچۇەن قاتارلىقلار بولۇپ، ئۇلار ياڭزەنشۈينى قايىل
قىلغاندىن كېيىن ئاندىن ياڭزەنشۈي بۇ ئىنقىلاپقا رەھبەرلىك قىل-
غان. گۇاڭفۇ ئىلىدا ھەربى ۋالى بولۇۋاتقان چاغدا خېجيادۇڭ پۇ-
تۇن ئىچكى ۋە خارجى ئىشلارنى باشقۇرغان ھوقۇقلۇق ئادەم ئى-
دى. جېزرۈي ھەربى ۋالى (جاڭجۈن) بولۇپ كەلگەندىن كېيىن،
ھەممە ئىشنى ئوزەم قىلىمەن دەپ خېجيادۇڭنى بىر چەتكە قايى-
رىپ قويغانلىقتىن، خېجيادۇڭ جىزرۈيغا نارازى بولۇش تۈپەيلى-
دىن ئىنقىلاپ قىلىشقا قوشۇلدى. قوزغۇلۇشتىن ئىلگىرى ياڭزەنشۈي
بىلەن مەخپى توختاملار قىلىشتى. قوزغۇلاڭ كوتۇرۇلگەن كېچىسى
ياڭزەنشۈي ئادەم ئەۋەتىپ خېجيادۇڭنى كۈرەدىكى سودىگەرلەر
ئۇيۇشمىسىدا ئېچىلغان مەجلىسكە قاتناشتۇردى. گۇاڭفۇ ھەم
جېزرۈيگە نارازى ئىدى. يېڭى ئەسكەرلەر شىمالى ئىسكىلاتقا
ھوجۇم قىلغاندا ياڭزەنشۈي يېڭى ئەسكەرلەرنىڭ ئادەم كۈچى،
مانجۇ باتالىيونى ۋە باشقا ئەتراپلاردىكى ئادەم كۈچلىرىدىن
ئاز ئىكەنلىگىنى چۈشۈنۈپ، گۇاڭفۇنىڭ ئالدىغا كىرىپ تىزلىنىپ
كوز يېشى قىلىپ گۇاڭفۇنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىپ ئۇرۇشنى توختۇ-
تۇشقا مۇرەسسە قىلىشنى ئىلتىماس قىلدى. ئۇمۇ ئارىغا كىرىپ، ھەر
ئىككى تەرەپ ئۇرۇشنى توختاتسۇن دەپ بۇيرۇق چۈشۈردى.
شۇنىڭ بىلەن ئىلىنى بىر مەيدان پاجىئەلىك قان توكۇلۇشتىن ساق-
لاپ قالدى. گۇاڭفۇ يېڭىۋاشتىن ۋالىلىقنى قوبۇل قىلىشتا، ئاز-
دۇر - كوپتۇر خېجيادۇڭنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىدى، جېزرۈي ئوزى-
چە، مانجۇ - مۇڭغۇل ئەسكەرلىرىم بار، خىل قۇراللارنىڭ ھەممىسى
شىمالى ئىسكىلاتتا، يېڭى ئەسكەرلەرنىڭ ئىختىيارىدا ئەمەس دەپ
قاتتىق مۇداپىئە كورمەي خىرامان ياتاتتى. يېڭى ئەسكەرلەر ھەربى

شىنتاڭغا ھوجۇم قىلغاندا جۇڭگونىڭ مۇھاپىزەتچى قىسىملىرى ئازراق قارشىلىق كۆرسىتىپ قويۇپلا تەرەپ - تەرەپكە قېچىپ كەتتى. بۇ چاغدا ئۇ، يېنىدا يېقىن ئادەملىرى قالمىغانلىقىنى كۆرۈپ، شىنتاڭنىڭ ئارتخانىسى ئارقىلىق مىڭ شىلىڭ (شىلىڭ - ھەربىي ئىنىۋان) شىنتاۋدىغا قېچىپ بېرىۋالىدۇ. ئۇرۇش توختىغاندىن كېيىن ياڭزېڭشىن جۇڭگونى ئىزدەشكە بۇيرۇق چۈشۈرىدۇ. مىڭ شىلىڭنىڭ كۈيئوغلى يېڭى ئەسكەرلەر ئىچىدە ئوپىتسېر ئىدى. شۇ ئارقىلىق سىر ئاشكارە بولۇپ پۈتۈن ئائىلە بالاغا قالماي دەپ ئويلىغان مىڭ شىلىڭ جۇڭگونى ۋاقتىدا قېچىپ كېتىش توغرىسىدا مەسلىھەت بېرىدۇ. جۇڭگو ئۇنىڭ ئۆيىدىن چىقىپ ئانچە يىراق بارماي يېڭى ئەسكەرلەرگە تۇتۇلۇپ قالىدۇ. پايلاقچىلار ئۇنى تۇتۇپ، سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسى تەرەپكە ھەيداپ كېلىۋېتىپ پولخانا بىناسى ئالدىغا كەلگەندە بىرسى ئۇنىڭغا بىر پاي ئوق ئېتىپ تاشلىدى. يەنە شۇ مەيداندا جۇڭگونىڭ يېقىن مەھرىمى (ئادىيوتانت - فۇگۇەن) لىي فەملەيىلىك بىر كىشىنىمۇ ئېتىپ ئۆلتۈردى.

1912 - يىلى 2 - ئايدا شىنجاڭ ئۆلكە ئەمىرى (مۇپەتتىشى) يۈەن داخۇا مەنچىڭ ھاكىمىيىتىنىڭ ھالى كىتىپ قالغانلىقىنى چۈشەنمەي، ئۆزىنىڭ ئىشەنچلىك قوراللىق ئەسكەرلەر قوماندانى ۋاڭپېيلەنگە شىخوغا ئەسكەر تارتىپ بېرىپ كۇرتۇدا ئورۇنلىشىپ ئىلى تەرەپ بىلەن سوقۇش قىلىشقا بۇيرۇق بەردى. ئىلى تەرەپنىڭ شەرقىي (ئۈرۈمچىگە) يۈرۈش قىلغۇچى ھەربىي قوماندانى لى ياچۈەن جىددى خەۋەر يەتكۈزگەنلىكتىن، ياڭزېڭشىن ياردەمچى قوشۇنلارنى باشلاپ جىڭ ناھىيىسىنىڭ شەرقىدىكى خىشەنتۇ دېگەن يەردە ئۆلكە ئەسكەرلىرىنى توساپ زەربە بېرىپ، بىر ئۇرۇش بىلەن قومبۇلاقنى ئىشغال قىلدى. ئۆلكە ئەسكەرلىرى ئېغىر زىيان-



غا ئۇچرىدى. ئىككى تەرەپ ئۆز ئورنىنى ساقلىشىپ، قايتا ئۇرۇش قىلمىدى.

بۇ چاغدا ئۆلكە تەرەپ، جەنۇب بىلەن شىمال يارىشىپ چىڭ خانلىقى ئورنىدىن چۈشكەنلىكى، يۈەن شىكەي بېيجىڭدا دازۇڭتۇڭ بولۇپ، يۈەن داخۇانى شىنجاڭغا ئۆلكە باشلىقى (دۇدۇ) قىلىپ تەيىنلىگەنلىكىدىن خەۋەر تاپتى. يۈەن داخۇا ئۆز ئورنىغا قەشقەر ۋالىسى يۈەن خۇڭيۇنى كۆرسەتتى. ئەمما ئۇ، قەشقەردىن يولغا چىقىش ئالدىدا قەشقەردىكى گېلاۋخۇي باشلىقلىرىدىن بيەن يۈگفۇ، ۋېي دېشى قاتارلىقلار ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتتى. بۇ چاغدا چىڭ جىنتاڭ قاتارلىق ئەمەلدارلار سىبىرىيە ئارقىلىق ئىچكىرىگە كەتكەن ئىدى. يۈەن داخۇا، شىنجاڭ مۇپەتتىشى قوشۇمچە مالىيە باشلىقى ياڭزېڭشىننى ئۆلكە باشلىقى (دۇدۇ) بولسۇن دەپ تەكلىپ سۇندى. ياڭزېڭشىن خۇيزۇ ئەسكەرلىرىنى توپلاپ ئۆزىنى قوغداپ ياتتى. يۈەن داخۇا، ۋاڭپېيلەن قارمىقىدىكى قورۇقلۇق ئەسكەرلىرىنى باشلاپ ئىچكىرىگە قايتىپ كەتتى.

ياڭزېڭشىن شىنجاڭغا دۇدۇ ھەم خەلق ئىشلىرى نازىرى بولدى. مالىيە نازىرلىقىنىمۇ قوشۇمچە ئۆز ئۈستىگە ئالدى. ئۇ دەسلەپكى قەدەمدە ئىلى تەرەپ بىلەن كېلىشىم تۈزمەكچى بولدى. ئىككى تەرەپ ۋەكىل تەيىنلەپ تارباغاتايدا سۆھبەت يۈرگۈزدى، توختام قىلىنغان ماددىلار: 1 - ئىلى تەرەپ قوزغۇلاڭ كۆتەرگەندىن كېيىن جاھانگىر رۇسىيىسىنىڭ داۋشىڭ بانكىسىدىن قەرز ئالغان 500 مىڭ روبلىنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت مەسئۇل بولۇپ تۆلەش؛ 2 - ئىلىنىڭ ئىلگىرىكى ۋالىي مەھكىمىسى پولخانىسىدىن مىڭ يارماق ياكى بەشيۈز يارماققا خەشلىنىدۇ دەپ تارقىتىلغان قەغەز

ئاقچىنى، ئۆلكە غەزىنىسى ھەر يىلىك يارماقنى 6 مىسقال ئۆلكە ئاقچىسىغا سۇندۇرۇپ ھەممىنى يىغىۋېلىتتى؛ 3 - ئىلىدا قوزغىلاڭغا قاتناشقان بارلىق خادىملارنى ئۆلكە تەرەپ ئوبدان ئورۇنلاشتۇرۇشى ۋە باشقىلار. ئىلى تەرەپتىن، پىڭ تيەمىن، لى ياچۈەنلەرنىڭ بىتىم ماددىلىرىغا باشقىچە پىكىرلىرى بار بولسىمۇ، ئەمما بېيجىڭ ھۆكۈمىتى ياڭزېڭشىننى شىنجاڭ دۇدۇسى ۋە خەلق ئىشلىرى نازىرى قىلىپ رەسمىي بەلگىلەپ قويدى. ئىلى تەرەپ بېيجىڭ بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەت باغلىيالماي ھەربىي ئېھتىياجنىڭ كۆپلىگى، مالىيە قىيىنچىلىقى سەۋەبىدىن كېلىشىم قىلىشقا مەجبۇر بولدى. كېلىشىمدىن كېيىن ياڭزېڭشىن گۇاڭفۇنى ئىلى ۋالىيلىقىغا، ياڭ زەنشۈينى قەشقەر تىتەيلىكىگە كۆرسىتىپ بېيجىڭگە تەكلىپ بەردى. خې جياڭدۇڭ، شۈي جيەنگولار ئىلىدىن ئۈرۈمچىگە كېلىپ ئىچكىرىگە قايتىپ كەتتى. خۇاڭ لىجۇڭ مالىيە نازىرى بولدى. پىڭ تيەمىن بىلەن لى ياچۈەن ئىككىسىنى ئىلى ۋالىي مەھكىمىسىدە ئىش باشقۇرۇشقا قالدۇردى. ئۇزۇن ئۆتمەي ياڭزېڭشىن، گۇاڭفۇغا ياردەملىشىدۇ دەپ كۆۋاڭ كېشىڭنى ئىلىغا ئەۋەتتى. بۇ ئادەم ئاستىرتتىن يوغان بورۇن مادا بىيزىنى (بوتكوم ئىدى) كۈشكۈرتۈپ پىڭ، لى ئىككىسىگە قەست قىلىپ ئۆلتۈرگۈزدى. شۇنىڭ بىلەن ئىلى ئىنقىلاۋى كۈچلىرى ئاجىزلاپ كەتتى، ياڭزېڭشىن چوڭ ھوقۇقنى قولغا كىرگۈزۋېلىپ، 17 - يىللىق ھۆكۈمرانلىقىنى باشلىدى. ئەگەر ئىلى ئىنقىلاۋى كۆتۈرۈلمىگەن، يۈەن خۇكيۇ ئۆلتۈرۈلمىگەن بولسا، شۇنىڭدەك جەنۇبى شىنجاڭدا زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان گېلاۋخۇي باشلىقلىرىنى تۈرمىدىن بۇلاپ كەتمىگەن ۋە قۇمۇل خەلقى قوزغىلاڭ كۆتەرمىگەن بولسا، شىنجاڭدا باشقىچە ۋەزىيەت پەيدا بولاتتى. ياڭزېڭ-



شىنمۇ بىر سەكرەپلا دۇدۇ بولالمايتتى. دېمەك ياڭزېڭشىننىڭ ھاكىمىيەت بېشىغا چىقىشىغا ئىلى ئىنقىلاۋى سەۋەب بولدى دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ.

ئىلىدا يېڭى دۇدۇ مەھكىمىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن ئۈرۈمچى بىلەن ئايرىم تۇرغانلىقتىن، ئىلى تەۋەسىدە پوچتا ئىشلىرىدا ئىشلىتىلىدىغان ماركىنى پوچتا باشقارمىسى تەمىنلەپ بېرەلمىدى. شۇڭا كورە، ئىلى، سۈيدۇڭ، قورغاس، جىڭ ناھىيىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى خەت - ئالاقىلارنى ماڭدۇرۇشقا يېڭى ھەربىي ھۆكۈمەت ئۆزى ئالدىغا ماركا چىقىرىپ ئىشلەتكەن ئىدى. ئىلى بىلەن شىنجاڭ بىرلىككە كەلگەندىن كېيىن، بۇ خىل ماركىغا چەتئەللىكلەر تولىمۇ ئىنتىزار بەردى. مەن ئۇ چاغدا غۇلجا شەھىرىنىڭ سىرتىدىكى چىركۇدا بېلگىيىلىك پوپ لياڭ مىڭدە دىن ئېنگىلىزچە ئوقۇۋاتاتتىم. بۇ كىشى ھەمىشەم ماڭا، شۇ خىلدىكى ماركىنى يىغىپ بەرگىن دەپ تاپشۇراتتى. ھەربىي تەلىم - تەربىيە بەرگۈچى (جياۋلىيەن) ياپونىيىلىك يۈەن شياڭزى ئەشۇ چىركاۋغا كوچۇپ كەلگەن ئىكەن. مەن ئۇنىڭ بىلەن تونۇشۇپ قالدىم. ئۇ كىشىنىڭ كۆرە قوزغىلىڭى توغرىسىدا سوزلەپ بەرگەنلىرى يوقۇرىدا يازغانلىرىم بىلەن ئاساسىي جەھەتتىن ئوخشاپ كېلىدۇ.

## 2 . غۇلجا قوزغىلىڭىدىن كېيىن

مىنگونىڭ 2 - يىلى (1913) ئەتىيازدا، مەن ئاتا - ئانام بىلەن بىللە ئۈرۈمچىگە كەلدىم. ياڭزېڭشىن ئاتامنى ئىچكىرىگە كېتىشتىن توساپ، ئۆز مەھكىمىسىگە مەسلىھەتچى قىلىپ ئەپقالدى ۋە

دۆلەت باج ئىدارىسىغا باشلىق قىلىپ تەيىنلەپ بېيجىڭغا يوللىدى. 3 يىلدىن كېيىن باج ئىدارىسى ئەمەلدىن قالدى. ئاندىن ئاتام مالىيە نازىرى بولدى. شۇ سەۋەپتىن ئۈرۈمچىدە ئۇزۇنراق تۇرۇپ قالدىم. ياڭزېڭشىن ھاكىمىيەت بېشىغا چىققاندىن كېيىنكى ئەھۋاللاردىن كورگەن بىلگەنلىرىم تولا، بۇ ئەھۋاللارنى ئايرىم ھالدا توۋەندە بايان قىلماقچىمەن:

1 - مىنگونىڭ دەسلەپكى چاغلىرىدا ئۈرۈمچى دۇدۇ مەھكىمىسى ۋە باشقا ئورگانلارنىڭ ئەھۋالى مۇنداق بولدى: دۇدۇ مەھكىمىسى بىلەن خەلق ئىشلىرى مەھكىمىسى، مەنچىڭ دەۋرىدىكى جاڭجۈن يامۇل - (ھازىرقى چۈيداگۇبېينىڭ ئورنى) غا ئورۇنلاشقان بولۇپ ياڭزېڭشىن ئۆزى باشلىق ئىدى. مەھكىمە تەشكىلىدە ھەربى باشقارما بىلەن كاتىۋات باشقارمىسى ۋە ئۇ باشقارمىلارنىڭ قول ئاستىدا بولۇملەر بار بولۇپ ھەربى ۋە مەمۇرى ئىشلار ئايرىم ھالدا باشقۇرۇلاتتى. مائارىپ بولۇمىگە تىيەنجىڭلىك جىن يۈيسەي، كەسپى ئىشلار بولۇمىگە ياپونىيىدە ئوقۇپ كەلگەن جىڭ لىيەنپىڭ مەسئۇل بولاتتى. مالىيەنازارىتىنىڭ ئىچىدىكى مالىيە مەھكىمىسىنى ياڭزېڭشىن ئۆزى قوشۇمچە باشقۇراتتى. كېيىن خۇاڭلىجۇڭ مەسئۇل بولدى. مىنگونىڭ 3 - يىلى مالىيە نازارىتىگە ئاتام پەنجىڭ نازىر بولدى. مائارىپ نازارىتىگە ليۇ ۋېنلۇڭ نازىر بولدى. مىنگونىڭ 16 - يىلى تەمىرات نازارىتى قۇرۇلۇپ، جيوچۈەنلىك يەن يۈيشەن نازىر بولدى. ساقچى نازارىتىگە جاڭ مىڭ يۈەن نازىر بولدى. مەنچىڭنىڭ ئاخىرقى يىللىرى شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك ئەدلىيە ئورۇنلىرىنى ئەمەلدىن قالدۇرغانلىقتىن مىنگونىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا ئەدلىيە مەھكىمىسى قۇرۇشقا تەييارلىق كورۇش باشقارمىسى قۇرۇلۇپ، خۇنەنلىك چاڭ-



جىڭدى باشلىق بولدى. خارجى ئىشلار مەھكىمىسىگە شىنجاڭ رۇس تىلى مەكتىۋىدە ئوقۇش تۈگەتكەن دۇڭبېيلىك جاڭشياۋ بۇ باشلىق ئىدى. ئۈرۈمچى ۋالى مەھكىمىسىگە فەن ياۋنەن ۋالى ئىدى. تېلېگىراف ئىدارىسىغا ۋۇمىڭكۇي جۈيجاڭ ئىدى. ئۈرۈمچى ناھىيىسىگە دەسلەپتە كىمنىڭ شەنجاڭ بولغانلىقى ئېسىمدە قالماپتۇ.

ھەربى جەھەتتە: ياڭزېڭشىن بىلەن گەنسۇدا بىرگە خىزمەت ئىشلىگەن ئەنخۇيلۇق جاڭسۇگلىن لۈيجاڭ (بىرىگادا باشلىقى) ئىدى. ئۇ ۋاقىتلاردىكى شىتەي يامۇلى كونا دۈگمىنىڭ ئىچىدە بولۇپ جاڭخېيزالەفەملىك بىر ئادەم باشلىق ئىدى. يېڭى ئەسكەرلەر خۇيزۇلارنى ئاساس قىلاتتى. ھەربى باشلىقلارنى تۇگلىنىڭ (خەلق ئارىسىدا تۇگنۇڭ دەپ ئاتەتلەنگەن - ت) يىڭجاڭ دەپ ئاتايتتى.

مەنچىڭ دەۋرىدىكى مەسلىھەت ئورگىنىنى، ئولكىلىك كېڭەش ئورگىنىغا ئۆزگەرتىپ، ئەن فەمىلىيىلىك يەرلىك كىشى باشلىق بولغان ئىدى.

ئولكە مەركىزىدىكى ھەر قايسى ئورگانلارنىڭ ئومۇمەن ئەھۋالى يۇقۇرقىلاردىن ئىبارەت ئىدى. شۇ ۋاقىتتىكى يېڭى تۈزۈم بويىچە مەركەزنىڭ سىرتىدىكى ھەر قايسى مەھكىمە، نازارەت، ئوبلاستىت، ناھىيىلەرنىڭ ھەممىسى ناھىيىگە ئۆزگەرتىلگەن. قەشقەر، ئاقسۇلار ھەربى ۋالى تۈزۈمىدىن ۋىلايەت تۈزۈمىگە ئۆزگەرتىلدى. تارباغاتايدىكى دىپلوتىكما ئەمەلدارى دەمچىلىگىنى، دەسلەپتە بېيجىڭدىن تەيىنلەپ ئەۋەتكەن بىگۇيفاڭ ئۈستىگە ئالغان ئىدى. ئىلى-چوچەك ۋىلايىتىنى ئىلى ۋىلايىتىغا ئۆزگەرتىپ، ھەنشىلىك شۈيگوچىڭنى ۋالىلىققا تەيىنلىدى. ھەربى جەھەتتە قەشقەردە تىدۇ (تىتەي) ئۆز ئورنىدا قالدى. ئاقسۇ، ئىلى، باركولدىكى ھەربى باش-

قارىملار ئېلىپ تاشلاندى. باشقا شەھەرلەر ئۆز پېتىچە قالدى.

يېڭى ئەسكەرلەر جەھەتتە، تۇەنجاڭ، گۇەندۇي، لىيەنجاڭ قاتارلىق ئىنسۋانلار ئۆز ھالىچە قالدى.

2 - ياڭزېڭشىن ھاكىمىيەت بېشىغا چىققاندىن كېيىن، ئۆز تۇققانلىرىنى قالدۇرۇپ، يات كىشىلەرنى چەتكە قېقىپ چوڭ ھوقۇقنى قولىغا كىرگۈزىۋالدى. مەسىلەن: يۈەن داخۇا شىنجاڭ ئۆلكە دۇدۇلىغىدىن ئىستىپا بېرىپ مىنگونىڭ 1 - يىلى 6 - ئاينىڭ 5 - كۈنى كونا ئاي ھىساۋىدا 4 - ئاينىڭ 20 - كۈنى تاڭ سەھەردە ئۈرۈمچىدىن قوزغۇلۇپ ئىچكىرىگە قاراپ ماڭغانىنىڭ ئەتىسى، ياڭزېڭشىن شىنجاڭنىڭ ھوكۇمرانلىق تەختىگە چىقىشى بىلەنلا ئۇنىڭ بىلەن ئالاقىدار بولغان يۈننەنلىكلەر بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ سىبىرىيە ئارقىلىق شىنجاڭغا كېلىشكە باشلىدى. شۇنىڭدەك ئۇ گەنسۇدا خىزمەت قىلغان چاغلاردىكى تونۇش - بىلىشلىرى بولۇپمۇ خېجۇ ئوبلاستىدا ئىشلىگەن ۋاقتىدىكى بىر مۇنچە تونۇش ئاغىنىلىرىمۇ ئۈزلۈكسىز شىنجاڭغا كېلىشكە باشلىدى. ئۇلار ئەمەلدار بولۇپ پۇل تېپىشنى ئويلاتتى. يۈننەنلىكلەردىن مەشھۇرراقلىرى: ياڭفىشيا، جاڭ مىڭيۈەن، ۋۇمىڭكۈي، شيادىڭ، لىيەن، نيۇشى قاتارلىقلار ئىدى. ياڭفېيشيا ياپونىيە ھەربى مەكتىۋىدە ئوقۇغان، ھەمدە ياڭزېڭشىنغا تۇققانچىلىقى بار ئىدى. باشقىلارمۇ قۇرۇقلۇق ھەربى مەكتەپلىرىدە ئوقۇغانلار ئىدى. ئىلى چېگرا مۇداپىئە ۋالىسى گۇاڭفۇ كېسەل بولۇپ ئۆلگەندىن كېيىن، ياڭزېڭشىن ئەڭ ئىشەنچىلىك يۇرتدىشى ياڭفېيشيانى ئۇنىڭ ئورنىغا ئەۋەتتى. نيۇشىنى سەنمۇجاڭلىققا تەيىنلىدى. ئۆلكىنىڭ ھەر قايسى ئامانلىق قوغداش ۋە ئاخبارات ئورۇنلىرىغىمۇ ئۆزىنىڭ يۇرتداشلىرىنى تەيىنلەپ مەسئۇل قىلدى. مەسىلەن: جاڭمىڭيۈەننى ساقچى ئىشلار



نازارىتىگە، ۋۇمىڭكۈينى تېلېگىراف ئىدارىسىغا، شيادىڭ ۋە لىيەنلەرنى مۇھاپىزەتچى باتالىيونلەرنىڭ يىگىجاڭلىقىغا تەيىنلىدى. بۇ يېڭىدىن كەلگەن يۇرتداشلارنىڭ ھەممىسى شۇ ۋاقىتتىكى يېڭى گۇرۇھ ئادەملىرى بولغاچقا، ياڭزېڭشىننىڭ كونىلىقتا، قاتتىق تۇرۇشى، شۇنىڭدەك خۇيزۇ قوشۇنلىرىغا ئىشىنىشى، بولۇپمۇ مىنگونىڭ 4 - يىلى يۈەنشىكەينىڭ خانلىق تۈزۈمىگە قوشۇلۇپ ياردەم قىلىشتەك ئىشلىرىغا شيادىڭ بىلەن لىيەن يىگىجاڭلار نارازى بولۇپ، ياڭزېڭشىننى ئوتتۇرىدىن كۆتۈرۈۋېتىش قەستىدە بولدى. بۇ مەخپىيەتلىكنى يۈننەنلىك جاڭچىڭلەن ياڭزېڭشىنغا مەلۇم قىلىپ قويغاندىن كېيىن، ياڭ ھېچقانداق جاۋاپ قايتۇرمىدى. ئەمما مىنگونىڭ 4 - يىلى كۆنچە 4 - ئاينىڭ 15 - كۈنى يۈەنشياۋ بايرىمىدا ياڭزېڭشىن ھەر قايسى نازارەت باشقارمىلارنىڭ باشلىقلىرى ۋە يىگىجاڭلارنى زىياپەتكە قىچقاردى. ھەممە باشلىقلار ئولتۇرغان يەردە شيا يىگىجاڭ، لى يىگىجاڭلار ھېچنىمىدىن گۇمان قىلمىدى. زىياپەت داۋام قىلىپ ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەي ياڭزېڭشىن بىر بانا بىلەن سىرتقا چىقىدۇ. بۇنىڭ ئارقىدىنلا ئىككى چىرىك كىرىپ زىياپەت ئۈستىدىلا شيا يىگىجاڭ، لى يىگىجاڭلارنى چېپىپ ئۆلتۈردى. قانلار چاچراپ، ھەممە ئادەمنى بىر مەزگىل ئۈركۈتىۋەتتى، ياڭزېڭشىن ئۆلۈكلەرنى سۆرەپ چىقىرىپ تاشلاپ، قان ئىزلىرىنى تازىلاشقا بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، ئاندىن ئۆلگۈچىلەرنىڭ گۇناسىنى ئېلان قىلىپ، كوپچۇلۇكنى داۋاملىق مېھمان بولۇشقا تەكلىپ قىلدى. ھەمدە يىگىجاڭلار بىلەن بىللە كەلگەن ئادەملەرنى قۇرالسىزلاندۇرۇش ۋە ئىككى يىگىجاڭنىڭ گۇناسىنى ئېلان قىلىپ چاپلاشقا ئادەم بۇيرى-

دى. بۇ ئاخشىمى ئاتام كېچە سائەت 11 لەردە ئۆيگە قايتىپ كې-
لىپ، بولغان ئەھۋالنى بىزگە سۆزلەپ بەردى. بۇ ۋەقە يالغۇزبىك-
شىنىڭ ھىلە - مىكىر ئىشلىتىشكە ماھىر ئىكەنلىكىنىڭ كونكرېت
ئىپادىسى. چالغۇچىلەرنى مۇكاپاتلاپ، لوپ ناھىيىسىگە شەنجاڭ قىل-
دى. كېيىن ئۇ، خىزمىتىدىن بوشاپ ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەلدى ۋە نېرۋى-
سى بۇزۇلۇپ چوڭ كوۋرۇكتىكى باغدا ئېسىلىپ ئۆلىۋالدى. بۇ
ۋەقەدىن كېيىن يالغۇزبىكشىن يۇرتداشلىرىغا ئىشەنمەيدىغان بولدى.
دەل شۇ پەيتتە كېيىن ئالغان خوتۇنى پىلڭ خېنىمنىڭ ئىككى
ئىنىسى شىنجاڭغا كېلىپ قالدى. ياڭ ئۇلارنىڭ بىرسىنى ساقچى
نازارىتىگە بىرسىنى تېلېگىراف ئىدارىسىغا باشلىق قىلدى. ۋۇمىڭ-
كۈينى كان ئىشلار ئىدارىسىغا باشلىق قىلىپ قارا شەھەر مىس
كانىنى باشقۇرۇشقا ئەۋەتتى. ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئۇنى يەنە بىر قان-
چە شاگىرتلارنى ئېلىپ نېفىت ئايرىش تېخنىكىسىنى ئۆگىنىش ئۈ-
چۈن شەنشى نېفىت كانىغا يولغا سالدى. ۋۇمىڭكۈيگە يول خىرا-
جىتى دەپ 4900 سەر كۈمۈش، شاگىرتلارنىڭ ھەر بىرسىگە 600
سەردىن كۈمۈش پۇل بەردى. بۇ قەدەر كۆپ پۇل بەرگەنلىكى،
ئۇلارنىڭ شىنجاڭغا قايتىپ كەلمەسلىكىگە بىشارەت ئىدى. شۇندىن
ئېتىۋارەن يۈننەنلىكلەردىن پەۋقۇلئاددە مۇناسىۋەتلىكلىرىدىن باش-
قىلىرىنىڭ شىنجاڭغا كېلىشىگە رۇخسەت قىلمىدى. ئادەتتىكى يۇرت-
داشلارمۇ كېلىشكە جۈرئەت قىلالمىدى. ئىلى ۋالىسى ياڭفېيشادىن
مۇ گۇمان قىلدى. بۇنى سەزگەن ياڭفېيشيا مىنگونىڭ 11 - 12 -
يىللىرى خىزمىتىدىن ئىستىپا سوردى. ئۇنىڭ ئورنىغا نيۇشى ۋا-
لى بولدى. ياڭفېيشيا ئۈرۈمچىگە قايتىپ كېلىپ ئاتايىن راھىپ
بولۇۋېلىپ بوغدا تېغىغا چىقىپ ئىبادەت قىلىمەن دەپ، ئۆزىدە قىل-



چە يامان نىيەت يوقلىغىنى ئىپادىلەش بىلەن، يالغۇزبىكشىنىڭ
گۇمان قىلىپ قەست قىلىشىدىن ساقلاندى.

يۈننەنلىكلەر ئىشەنچىسىز بولغاندىن كېيىن شىنجاڭدا گەنسۇ-
لۇقلار بولۇپمۇ خېجۇلۇقلار قېپقالدى. خېجۇلۇقلار ئالاھىدە ئىشەن-
چىگە ئىگە ئىدى. گۇاڭشۈي تۈنجى يىلى زوزۇڭتاڭ خۇنەن قو-
شۇنلىرىنى باشلاپ چىقىپ ياقۇپبەگ (بەدۆلەت) بەييەنخۇ، تومىڭ-
لەرنىڭ توپىلاڭلىرىنى بېسىقتۇرغاندىن كېيىن شىنجاڭدىكى ھەربى-
مەمۇرى ئورۇنلاردىكى خادىملار ھەممىسى دېگۈدەك خۇنەنلىك بو-
لۇپ كەتكەن ئىدى. شۇڭا شۇ ۋاقىتلاردا شىنجاڭنى 2 - خۇنەن
دەپمۇ ئاتايتتى. يالغۇزبىكشىن ھاكىمىيەت بېشىغا چىققاندىن كېيىن،
خۇنەنلىكلەر ئاستا - ئاستا چېكىنىپ، گەنسۇلۇقلار بولۇپمۇ خېجۇ-
لۇقلار باش كۆتۈرۈشكە باشلىدى. مەمۇرى - ھەربى ئورۇنلاردىكى
ئەمەلدارلارنىڭ تولىسى خېجۇلۇقلار بولۇشقا باشلىدى. مەسىلەن:
ھەربى خىزمەتتە ئانچە ئۇزۇن ئىشلىمىگەن چاڭچيەن، تارباغاتاي
ۋالىلىقىغا ئۆستى، ئېيىڭ ھەربى ئەمەلدارلىقتىن ئاقسۇ ۋالىلىقىغا،
ئۇ يەردىن قەشقەرگە شىجاڭلىققا كۆتۈرۈلدى؛ شۈي جەن ئامباللىقتىن
ئىلى باج ئىدارىسىغا مۇپەتتىش ۋە مالىيە نازارىتىگە نازىر بول-
دى. جىڭشۇرىن قەشقەر، ئاقسۇ، ئۈرۈمچى، كۇچار ناھىيىلىرىدە
ئامبال بولۇپ يۈرۈپ، ئولكولۇك مەمۇرى ئىشلار نازارىتىگە نازىر
بولدى، ئەڭ ئاخىردا يالغۇزبىكشىنىڭ ئورنىغا دۇبەن ھەم جۇشى
بولدى؛ ليۇشى ھەربى خىزمەتتە ئىلگىرى - ئاخىر قارا شەھەر، چو-
چەك، ئىلى ناھىيىلىرىدە ئىشلىگەن بولسىمۇ، كېيىن ئۇنىڭ ئۈستى-
دىن كىشىلەر ئەرز قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئەڭ ئاخىردا ئۇنى قو-
مۇلغا ۋالى قىلىپ تەيىنلىدى. يوقۇرقى مىساللار يالغۇزبىكشىنىڭ خې-
جۇلۇقلارغا كۈچلۈك ئىشەنگەنلىكىنى كورسۈتۈپ بېرىدۇ.

يۇقۇرىدا بايان قىلىنغان - ئىلىغا بىرىپ يوغان بۇرۇن مادا
بىيزىنى كۆشكۈرتۈپ، يىلىڭ تېيەمىن ۋە لىياچۈەنىنى ئۆلتۈرگۈزگەن
خۇبېيلىك كالىڭكېشنىڭ ئۈرۈمچىگە قايتقاندىن كېيىن، ياڭزېڭشىن
ئۇنى مۇكاپاتلاش يۈزىسىدىن سانجىغا شەنجاڭ قىلدى. مىنگونىڭ
4 - يىلىنىڭ ئاخىرلىرى يۈەنشىكەي خان بولۇشقا ئۇرۇنغاندا ياڭ-
زېڭشىن بۇنىڭغا ئالاھىدە ھېسداشلىق قىلىپ ئۆلكىدىكى ۋاڭ، گۇڭ
ۋە باشقا موتىۋەرلەر بىلەن ئالاقىلىشىپ يۇخرالارغا چەك تاشلىتىپ،
خانلىق تۈزۈمگە قۇشۇلۇدىغانلىقىغا پائال كىرىشتى. بۇ چاغدا كالڭ-
كېشنىڭ ياڭزېڭشىنغا تەكلىپنامە يازدى، مۇشۇ سەۋەپتىن ئۇسانجى-
دىن ئۈرۈمچىگە كۈرۈشكىلى كەلگەن ۋاختىدا ياڭ ئۇنى باش-
لاپ دۆبەن يامۇلىنىڭ ئارقا باغچىسىغا ئېلىپ باردى ئۇلار پاراڭ-
لىشىپ كېتىۋاتقان چاغدا كەينى تەرەپتىن بىرسى
كالڭكېشنى ئېتىپ ئۆلتۈردى. بۇ ئىش ياڭزېڭشىننىڭ يات
كىشىلەرنى تازىلىۋېتىشتىكى يەنە بىر خىل ئۇسۇلى ئىدى. شۇ ۋا-
قىتلاردا بېيجىڭ ھوكۇمىتى ئەۋەتكەن شەنجاڭ دەرىجىلىكلەر ۋە
رۇس تىلى كۇرسلىرىدا ئوقۇش توگەتكەنلەرنىڭ شىنجاڭغا كىلىشى-
گە رۇخسەت قىلىندى، دەرىجىسى يۇقۇرى ۋە ئانچە تونۇشمايدىغان
كىشىلەرنىڭ شىنجاڭغا كىلىشىگە پەقەت رۇخسەت قىلىنمىدى. مە-
سىلەن: مىنگونىڭ 2 - يىلى فۇجيەن دۇدۇسى سۇڭداۋرېننى بېيجىڭ
ھوكۇمىتى شىنجاڭدا چېكىملىكلەرنى چەكلەش مەھكىمىسىنىڭ دۇبە-
نى قىلىپ ئەۋەتكەندە، ياڭزېڭشىن ھەر قايسى جايلاردىكى ۋاڭ -
گۇڭ ھەم ئۆلكىلىك كېڭەش نامىدىن تېلېگىرام يوللاپ كەلتۈر-
گىلى قويمىدى.

ياڭزېڭشىن خىجۇ ۋە گەنسۇلۇق تونۇشلىرىنى ئىشقا سالغان-



دىن تاشقىرى ئۆلكىدە ئەسلىدىن ئىشلەپ كىلىۋاتقان گۈەنلىياۋلار-
دىنمۇ كوپ پايدىلاندى. شىنجاڭدىكى خەنزۇ، بولۇپمۇ ئۇيغۇر ۋە
خۇيزۇلارنىمۇ كوپلەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ ئوزىگە تارتتى. مە-
سىلەن: مىنگونىڭ دەسلەپكى يىللىرى باردىكولگە خىزمەتكە ئەۋەت-
كەن لىيۇشىياۋلى، لىرۇڭلارنى دولەت پالاتاسىغا ئەزا قىلدى، ئەن-
پامىلىلىك ياشانغان بىر ئادەمنى ئۆلكىلۈك كېڭەشنىڭ باشلىقى قىل-
دى. بۇ كىشى ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇيغۇرلاردىن سودىگەر روزى
ھاجىنى كېڭەش باشلىقى قىلىپ تەيىنلىدى. كېڭەشمىدىكى ئۇيغۇر،
خەنزۇ ئەزالارنى ئاتاقتا سايلاپ چىققاندەك قىلىسىمۇ، ئەمىلىيەتتە ئۇ-
زى خالىغان كىشىلەرنى ئەزا قىلاتتى. كېڭەش ئەزالىرىدىن بىر
قانچە كىشىلەرنى تاللاپ، ئالدى بىلەن ئۆلكۈلۈك ھوكۇمەتتە بولۇم
ئەزاسى (كاتىپ) سۈپىتىدە خىزمەتكە سېلىپ ئاندىن ناھىيىلەرگە
شەنجاڭ قىلاتتى. مەسىلەن: ئۇيغۇرلاردىن يۈيىگو، مانجۇلاردىن گۇاڭ-
جۇن، غۇلجىلىق ۋاڭشۇەداۋلار ئۆلكىلىك ھوكۇمەت كاتىپلىقىدىن
ئوتۇپ ناھىيىلەرگە شەنجاڭ بولغانلاردۇر. بۇ ئۇسۇلدا خىزمەتكە قو-
يۇلغانلار ئۇنىڭ سىرىغىدىن چىقمايتتى - ئەلۋەتتە. مىنگونىڭ 5 - يىلى-
دىن كېيىن ياڭنىڭ ھاكىمىيىتى مۇستەھكەملەنگەندىن كېيىن، ئۆل-
كۈلۈك كېڭەشمۇ دىگىنى دەرۋازىغا ئېسىلغان قۇرۇق ۋۋىسكىدىن
ئىبارەت بولۇپ قالدى. ھەيران قالارلىقى شۇ بولدىكى، مەسىلەن:
مىنگونىڭ 2 - يىلى ئۆلكىلىك كېڭەشمىنىڭ دەرۋازىسىغا، ئىلغارگومىن-
داڭ پىرقىسى، جۇمھۇرىيەت پىرقىسىنىڭ شىنجاڭ شۇبە پىرقىسى دى-
گەن ۋۋىسكىلەر ئېسىلدى. ئېتىشلارغا قارىغاندا، يوقۇرقى ھەر قاي-
سى پىرقىلەرنىڭ باشى ئورگانلىرى ئەزا قوبۇل قىلىش ئۈچۈن، ياڭ-
زېڭشىننى مەزكور پىرقىلەرنىڭ باشلىقى بولۇپ بىرىشكە تەكلىپ

قىلاتتى. ياڭ بۇ ۋەزىيەتلەرنىڭ ھەممىسىنى قوبۇل قىلىپ ئاندىن ۋۇدۇسكا ئېچىشقا رۇخسەت قىلغان ئىكەن. مانا بۇ ئۇنىڭ سىياسىي پىرقىلەرنى باشقۇرۇشتىكى ئاجايىپ ئۇسۇلى ئىدى. مىنگونىڭ 2 - 3 - يىللىرى خۇاڭكېچاڭ يۈەنشىكەيگە قارشى چازا يۈرۈشى قىلىپ يۈەنشىكەينى مەغلۇپ قىلغاندىن كېيىن يۇقۇرقى پىرقىلەرنىڭ ۋۇدۇسكىلىرىمۇ ئېلىپ تاشلاندى.

ياڭزېڭشىن گەرچە كونا ئادەملەرنى خىزمەتكە سېلىپ ئىشلەتسىمۇ، ئەمما ئۇ گۇمانخور بولغاچقا تولۇق ئىشەنمەيتتى. ئۆزىنىڭ ئېيتىشىچە ھەتتا «ئۆز ئاتىسىغا ئىشەنمەيتتى». شۇ سەۋەپتىن باشقا ئىدارىلارنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغىمۇ ئۆزى ئارىلىشاتتى. مالىيە نازارىتى پۈتۈن ئۆلكىدىكى مالىيە ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا تېگىشلىك بولسىمۇ، ھەر قايسى شەھەرلەرنىڭ باجخانا جۇيجاڭلىرىنى بەلگىلەشتە ئالدى بىلەن ياڭزېڭشىننىڭ رازىلىقىنى ئالماي بەلگىلىيەلمەيتتى. مالىيە نازارىتىنىڭ غەزىنىسىدە ئىلگىرىدىن ساقلىنىپ كېلىۋاتقان ئاز مىقداردىكى ئالتۇن - كۈمۈش نەق پۇللاردىن تاشقىرى، مىنگودىن كېيىنكى كىرىم قىلىنغان قەغەز ئاقچا، ئالتۇن - كۈمۈشلەرنىڭ ھەممىسى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئىچىدە قۇرۇلغان ئالاھىدە غەزىنىدە ساقلىناتتى. بۇ غەزىنىنىڭ ئاچقۇچى ياڭزېڭشىن تەيىنلىگەن مەخسۇس ئادەمنىڭ قولىدا تۇراتتى ۋە ئايرىم ھېساۋات دەپتىرى ئاچاتتى. مالىيە نازارىتى ھەر قېتىم پۇل ئالغاندا ياكى پۇل تاپشۇرغاندا، غەزىنىچى ئارقىلىق ئېلىپ ياكى پۇل تاپشۇرۇپ دەپتەرگە ئورناتقاندىن كېيىن غەزىنىنى ئېتىپ پېچەت چاپلايتتى. دېمەك مالىيە نازارىتى ئەمەلىيەتتە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە بوغالتىرلىق ۋەزىپىسىنىلا ئۆتەپ بېرەتتى.

مەنچىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ كونا قائىدىسى بويىچە، كونىچە ھەر



يىلى 1 - ئاينىڭ 15 - كۈنى، ھەممە ئىسكىلات - غەزىنىلەرنى بىر قېتىم كوزدىن كۆچۈرەتتى. مىنگودىن كېيىن گەرچە ئۇ غەزىنىلەردە ساقلىنىۋاتقان ئالتۇن - كۈمۈش كۆپ بولمىسىمۇ، زور مىقداردىكى ئالتۇن - كۈمۈش ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت غەزىنىسىدە ساقلىنىدىغان ئەھۋال ئاستىدا، ياڭزېڭشىن يەنىلا كونا قائىدە بويىچە ھەر يىلى 1 - ئايدا مالىيە ئىدارىسىنىڭ غەزىنىسىنى بىر قېتىم كوزدىن كوچۈرەتتى. بۇنداق چاغلاردا نازارەت كاتتا زىياپەت ئۇيۇشتۇرۇپ ياڭ ۋە ئۇنىڭ ئادەملىرىنى مېھمان قىلاتتى. مىنگو يىللىرى ياڭزېڭشىن خىزمەتچىلەرنىڭ مۇئاشىنى تۆۋەندىكىچە بەلگىلىگەن ئىدى: ئۆلكە دەرىجىلىك بولۇم ئەزا باشلىقلىرى (كېچاڭ) غا 120 سەر؛ 1 - دەرىجىلىك بولۇم ئەزاسىغا 80 سەر؛ 2 - دەرىجىلىك بولۇم ئەزاسىغا 60 سەر؛ 3 - دەرىجىلىكلەرگە 40 سەر، ياللانمىلارغا 20 سەر 16 سەر مائاش بېرەتتى. مائاشى پەرقى بۇ قەدەر زور بولغانلىقتىن ھەممىسى يۇقۇرى ئورلەپ كوپرەك مۇئاشقا ئىگە بولۇشى، بولۇم ئەزالىرى بولۇم باشلىقى بولۇشى، بولۇم باشلىقلىرى چەت جايلارغا ئەمەلدار بولۇشقا جان - تېنى بىلەن تىرىشاتتى. «كولگە يېقىن راۋاق ئالدى بىلەن ئاي كورۇپتۇ» دېگەندەك ياڭ زېڭشىننىڭ يېنىدا تۇرغان بۆلۈم باشلىقلىرى ۋە بۆلۈم ئالدى بىلەن ئەزالىرى ناھىيىلەرگە ئەمەلدار بولۇپ تەيىنلىنەتتى.

ياڭزېڭشىن يېڭىدىن كەپقالغان تۇققانلىرىنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشتا ئۇلارنى قانۇنلاشتۇرۇپ، باشقىلارنىڭ تاپا - تەنىسىدىن ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن «تارىخ ئېنىقلاشى»، «قابىلىيەت يېتىشتۇرۇش» سوزلىرىنى كوتۇرۇپ چىقىپ، مىنگونىڭ 5 - يىلى بېيجىڭ ھوكۇمىتىگە تەستىقلىتىپ ئۆلكە مۇپەتتىش مەھكىمىسىدە سىياسىي تەتقىقات ئورنى تەسىس قىلىپ، ئاتالمىش ئەمەلدار بولۇشى لاياقىتى-

گە ئىگە خادىملارنى يېتىشتۈرۈش ئىشلىرىنى يۈرگۈزدى. ئۇنىڭ-
دىن باشقا يەنە كوپۇنچە ئەمەلدار بولۇش ئىمتىھانىدىن ئوتۇپ
شىنجاڭغا كەلگەن ياكى بېيجىڭ رۇسچە تىل كۇرسىدا ئوقۇش
پۈتتۈرگەنلەردىن شىنجاڭغا ئەۋەتىلگەن چىڭ دېلى، جاۋگۇلياڭ، مۇۋ-
ۋىنتوڭ قاتارلىقلار شىنجاڭغا كەلگەندىن كېيىن ئۇلارنى ئولكە مەھكىمىسىدە
ئاز ۋاقىت قالدۇرۇپ ئىشلىتىپ، ئاندىن ئانچە ئۇزۇن ئوتمەيلا
پىچان، چوچەك، غۇلجا قاتارلىق جايلارغا شەنجاڭ قىلىپ ئەۋەت-
كەنلەردۇر.

مىنگونىڭ دەسلەپكى يىللىرى مالىيە نازارىتى بېسىپ تارقاتقان
ئاق رەڭلىك قەغەز ئاقچىنىڭ سۈپىتى ناچار بولغانلىقتىن بىر نەچچە
يىل ئىچىدىلا كونىراپ كەتتى. بۇ پۇلنى ژىغىۋالغاندىن كېيىن ياڭزېڭشىن
ھەر ھەپتىدە سىياسى ئىشلار نازارىتىنىڭ نازىرى يى بوينى ئەۋەتىپ،
يىغىۋېلىنغان پۇللارنى ساناپ ئوتكۈزۈپ كويدۇرۇشكە نازارەت قىل-
دۇراتتى بۇمۇ ئۇنىڭ گۇمانخورلۇق بىلەن ئىش يۈرگۈزگەنلىكىنىڭ بىر
ئىپادىسى.

ھەر قايسى ناھىيىلەردىن كەلتۈرۈلگەن ئەرز خەتلەر ئالدى
بىلەن ئولكە مەھكىمىسىگە كېلەتتى. مەھكىمىدىكى قانۇن ئىشلار
بولۇمى ياڭزېڭشىننىڭ ئىرادىسى بويىچە تەستىق سالاتتى. ئەدلىيە
مەھكىمىسىگە تەييارلىق كورۇش باشقارمىسى بۇنداق ئىشلارنى نا-
ھايىتى ئاز باشقۇراتتى. ھەر قايسى ناھىيىلەردە بىر تەرەپ قىلىن-
غان ئەنزىلەرنى ناھىيىلىك ھوكۇمەت، ئولكۇلۇك مەھكىمە ياكى
قانۇن ئىشلار بولۇمىگە مەلۇم قىلغاندىن كېيىن، ئالدى بىلەن ئولكۇلۇك
مەھكىمە تەستىق سالىدۇ، ئاندىن قانۇن ئىشلار بولۇمى تەستىق سېلىپ يول-
غا سالاتتى. بۇ ئۇسۇلدا تەستىق سېلىش ئىككى بولۇپ قالمايت-



تى. ھەر قايسى ناھىيىلەردىكى گوڭدىپايلار (قاماقخانىغا قارىغۇ-
چىلار) نىڭ دەرىجىسى ئەڭ توۋەن بولسىمۇ، بۇنداق كىشىلەرنى
بەلگىلەشتە، يەنىلا ياڭزېڭشىننىڭ رازىلىقى بىلەن قانۇن ئىشلار
بولۇمىگە ئىلتىماس قىلىش ئارقىلىق بەلگىلىنەتتى.

شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ھەر تەبىقىدىكى كىشىلەر پەقەتلا
شىنجاڭدا ياڭ جاڭجۇن دىگەن بىر كىشى ئوتكەنلىكىنى بىلەتتى، ئەم-
ما ئۇنىڭ بىلەن ئالاقىدار بولغان شۇ ۋاقىتتىكى ئالاھىدە ئەھ-
ۋاللارنى بىلمەيتتى. يۇقۇرىدا بايان قىلىنغان تۇرلۇك ئەھۋاللار-
دىن ياڭزېڭشىننىڭ شۇ دەۋردە شىنجاڭنىڭ ھەربى، مەمۇرى، مالىيە،
قانۇن، ئەدلىيە ساھەلىرىدىكى چوڭ - كىچىك ھەممە ھوقۇقنى ئوز
قولىدا تۇتقانلىقىنى چۈشەنگىلى بولىدۇ.

## 3 - قومول ۋەقەسىنى بىر تەرەپ قىلىش جەريانى

يۈەن داخۇا شىنجاڭغا دۇدۇ (ھەربى - مەمۇرى باشلىق - ت)
بولغاندىن كېيىن، ئىلى تەرەپ تېخى بىرلىككە كەلمىگەن، جەنۇبى
شىنجاڭدىكى گېلاۋخۇي تەشكىلاتلىرى ھەممىلا يەردە ئەمەلدارلار-
نى ئولتۇرۇۋاتقان شۇنىڭدەك قەشقەر ۋالىسى
ئەسكەرلەرنىڭ مائاشىنى قىسىۋالغان، ھەمدە ئاقسۇدا ھەر-
بى خىراجەتنى توساپ قويغان شارايىت ئاستىدا ئىس-
تىپا بەردى. يۈەن داخۇا يولغا چىققىشتىن ئىككى كۈن بۇرۇن ئۇ-
رۇمچى كوچىسىدا، ئىلىدا تەسلىم بولغان سايۇېشەن قىسىملىرى بىر
ئاز غەلۋە قىلىپتىكەن، ياڭزېڭشىننىڭ خۇيزۇ قىسىملىرى باستۇرۇپ
تاشلاپتۇ، دەيدىغان پاراڭلار تارقالدى. يۈەن داخۇا مىنگونىڭ 1 -
يىلى 6 - ئاينىڭ 5 - كۈنى ۋاڭ فېيلەن، چەن گۇاڭخەن، سايۇېشەن

قاتارلىقلار بىلەن ئىچكىرىدىكە كەتتى. قۇمۇل ۋاڭى شامەخسۇتقا تە-
ۋە تاغ خەلقى، ۋاڭنىڭ ئالۋاڭ-ياسىغى بەك ئېغىر بولۇپ كەتتى، ۋاڭ-
لارنى خان قويغان، ھازىر خان يىقىلدى، ۋاڭنىڭ نېمە لازىمى؟
دەپ تومۇر خەلپە باشچىلىقىدا قوزغىلاڭ كوتۇرۇپ ۋاڭغا قارشى چىق-
قان پەيتتە، يۈەن داخۇا قۇمۇلغا يېتىپ بارغان ۋاقىت ئىدى، بارى-
كولدە تۇرۇشلۇق ھەربىي باشلىق يى شىڭفۇ ئوز ئەسكەرلىرىنى باش-
لاپ كېلىپ قوزغىلاڭنى باستۇرماقچى بولدى. تومۇر خەلپە چالغىزەي-
ۋۈگنىڭ تەشكىلاتى بىلەن تىل بىرىكتۇرۇۋالغانلىقتىن جەنۇبىي تاغ
ئېغىزىدا چالغىزەيۋۈك ئادەم قويۇپ، قوزغىلاڭنى باستۇرۇش ئۈ-
چۈن كېلىۋاتقان يى شىڭفۇنى چايلىۋەتتى. يۈەن داخۇا بۇ چاغدا جەن-
گۋاڭخەنگە ئادەملىرى بىلەن تاققا چىقىپ قوزغىلاڭچىلارنى تازى-
لاشقا بۇيرۇق بەردى. جەنگۋاڭخەننىڭ ئادەملىرى تېخى تاققا يې-
تىپ چىقمايلا، يېرىم يولدا تومۇر خەلپە تەرىپىدىن زەربىگە ئۇچ-
رىدى، جەنگۋاڭخەن قايتىپ كېلىپ تازىلىۋەتتىم دەپ يالغان دوك-
لات قىلغاندا، يۈەن داخۇا راس دەپ ئىشىنىپ 7 - ئاينىڭ 23 -
كۈنى ئىچكىرىدىكە قاراپ كەتتى. ئەمەلىيەتتە قوزغىلاڭ بېسىلمىغان
ئىدى. ياڭزېڭشىن ئەھۋالدىن خەۋەر تېپىپ جەنگۋاڭخەنگە ئامال
قىلىپ قوزغىلاڭچىلارنى تازىلىۋاتقىن دەپ بۇيرۇق بەرسە، ئۇ يە-
نە يالغان دوكلات قىلىپ: «قوزغىلاڭچىلار ئەل بولدى. 30 تال
مىلتىق تاپشۇرۇۋالدىم شۇنداق بولسىمۇ مۇداپىئە ئىشلىرىنى چىڭ
يۈرگۈزۈۋاتىمەن ... ...» دەپ يۇقۇرىنى ئالدىدى. جەننىڭ ئادەم-
لىرىنىڭ، تولىسى غۇلجىدىن كەلگەن شىۋە ئەسكەرلەر ئىدى. ئۇلار-
دىن بىر مۇنچىسى غۇلجىغا قايتىپ، جەنگۋاڭخەننىڭ مەغلۇبىيەتنى-
غالىبىيەت كورسۇتۇپ مەلۇم قىلغان ئەپتى - بەشىرىسىنى ئې-
چىپ تاشلىدى. شۇڭا ئۇزۇن ئوتمەي جەنگۋاڭخەن بىلەن سايۇ-



شەنلەرمۇ ئىچكىرىدىكە كەتتى. قالغان بىر قىسىم ئاتلىق ئەسكەرلەر-
نى باركولدىكى ۋاڭچاۋلىڭ قوماندانلىقىغا ئوتكۇزدۇۋەتتى. شامەخ-
سۇت پۇتۇن كۈچى بىلەن قوزغىلاڭ كوتەرگەن ئۇيغۇر پۇخرا-
لىرىنى جازالىماقچى ئىدى؛ ياڭزېڭشىن ئولكىنىڭ تەرتىۋى ئەس-
لىگە كەلمىدى دەپ تىت - تىت بولۇپ، ئىشى يوغىناپ كەتسە يىغىش-
تۇرۇۋالغىلى بولمايدىغانلىقىدىن قورقۇپ، شۇ يىلى 7 - ئاينىڭ
ئاخىرىدا ئۇيغۇرچە تىلنى بىلىدىغان چالغىسەيتىڭنى قۇمۇلغا ئەۋەت-
تى. ئۇ يەنە قۇمۇلدىكى ئىسلام دىنى ئولىماسىنىڭ ئەۋلاتلىرىدىن
بولغان گۇيباۋنى تومۇر خەلپىنى ئەل بولۇشقا ئۈندەش ئۈچۈن
تاققا چىقىشىنى بۇيرۇپ 2 - قېتىم تىلىگىرام ئەۋەتتى؛ شۇنىڭدەك
شامەخسۇتقا، پۇخرالار ئۇستىدىكى ئالۋاڭنى يېنىكلىتىش ئۈچۈن تې-
لىگىرام ئەۋەتتى. شامەخسۇت ئەسلىدە دېخانلارنى ئېيىغا 5 كۈن
ئالۋاڭغا ئىشلىتەتتى. ئۇنى 2 كۈنگە قىسقارتتى. چالغىسەيتىڭ قۇ-
مۇلغا بېرىپ ئوزى تاققا چىقماستىن، ئوتتۇردا ئادەم ماڭدۇرۇپ
سوزلەشتى. شۇ يىلى 8 - ئايدا چالغىسەيتىڭ، ياڭزېڭشىنغا: تومۇر
خەلپە ئەل بولماقچى، يى شىڭفۇنىڭ جەسىدىنى تاپشۇرماقچى بول-
دى دەپ دوكلات بەردى. بىراق مىنگونىڭ 2 - يىلى (1913) 1 - ئايدا
تومۇر خەلپە قۇمۇل شەھىرىگە ھۇجۇم قىلىپ، ئۇ يەردىكى ھوكۇمەت
ئەسكەرلىرىنى تەلپاتقا ئۇچراتتى. بۇ ئەھۋالغا قاراپ شامەخسۇت،
قۇمۇلنىڭ مائاۋدىن ھەربىي ۋالىسى چالغىگۇشىڭ، شەنجاڭ بەيۋىنجاۋ
قاتارلىقلار قوزغىلاڭچىلارنى داۋاملىق جازالىماقچى بولدى.
ئەمما ياڭزېڭشىن يەنىلا ئەل قىلىشنى تەشەببۇس قىلدى. ئۇنىڭ
سەۋەپلىرى: 1 - تاشقى موڭغۇلىيىدە شۇ چاغلاردا مۇستەقىللىق ما-
جىرالىرى بولۇۋاتاتتى. ئۇ تەرەپ ئەسكەر ئەۋەتىپ قوبدا ۋە ئال-
تاي تەرەپنى پاراكەندە قىلغانلىقتىن شىنجاڭ چېگرا مۇداپىئە ئىش-

لىرىدا جىددىيلىك تۇغۇلۇپ، دەل شۇ چاغدا ئەسكەر ئەۋەتىپ مۇ-
داپىئە يۈرگۈزمەكتە ئىدى: تاشقى دۈشمەن جىددىي بولۇۋاتقان
پەيتتە، ئىچكى ئۇرۇش ئېلىپ بېرىش مۇۋاپىق ئەمەس؛ 2 - قۇ-
مۇلنىڭ توخۇلۇ (تومىلىق)دېگەن جايلىرى تاشقى موڭغۇلىيە بىلەن
تۇتاش كېلىدۇ . ئەگەر بۇ ئىشقا جىددىي تۇتۇش قىلىنىدىغان بولساق
ئۇيغۇرلار موڭغۇللار بىلەن بىرلىشىپ كېتىپ، چاتاق چىقىشى مۇمكىن؛
3 - بۇرۇن گەنسۇ خۇيزۇلىرىنىڭ چىقارغان ۋەقەسى ئەۋۋەل ئۆز
مىللىتى ئىچىدىكى تالاش - تارتىشلار ئىدى. كېيىنچە خۇيزۇلار بىلەن
خەنزۇلارنىڭ ئۆز- ئارا قىرغىنچىلىق يۈرگۈزۈشىگە ئايلىنىپ كەتكەن بىر
تەجرىبىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، بىر تەرەپتىن قۇمۇلغا ئەسكەر ئەۋەتىپ
ھەيۋە قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن لى شۇفۇ دېگەن خۇيزۇ يىڭجاڭنى تو-
مۇر خەلپىگە نەسىھەت قىلىپ كوندۇرۇش ئۈچۈن تاپقا ئەۋەتتى. بۇ
ئادەمنىڭ سۈلھى قىلىشى نەتىجىسىدە تومۇر خەلپە بىر باتالىيون
ئەسكەر ئالماقچى، ھوكۇمەت قورال بىلەن تەمىنلىمەكچى بولدى.
تومۇر خەلپە بىر باتالىيون ئەسكەرنى باشلاپ ئۈرۈمچىدە تۇرماق-
چى بولدى. لى يىڭجاڭ قۇرئان تۇتۇپ قەسەم ئىچىپ، قىلچىمۇ ئال-
دامچىلىق يوقلىقىنى بىلدۈرگەندىن كېيىن تومۇر خەلپە ئىشەندى.
يالغۇز پىششىن تومۇر خەلپىگە 3 - باتالىيون (يىڭ) نىڭ يىڭجاڭى،
ھەربىيلىسىنى بىرىپ ئۈنۋانغا تىيجىيۇەن دەپ ئىسىم قوي-
دى. بۇ ئىش مىنگونىڭ 2 - يىلى (1913 - ) 3 - ئايلاردا بول-
غان ئىش، ئاردىن ئۇزۇن ئۆتمەي تومۇر خەلپە ئەسكەرلىرىنى
باشلاپ ئۈرۈمچىگە كەلدى. شۇنىڭ بىلەن قۇمۇل ۋەقەسى بىر پەل-
لە بېسىلغان بولدى.

تومۇر خەلپە سۈلھىگە كېلىشتىن بۇرۇن تۇرپان ئاخۇنى
مويدىن ئاخۇن تومۇر خەلپە بىلەن يوشۇرۇن ئالاقە باغلاپ تو-



مۇر خەلپىنىڭ قوزغۇلىڭىغا ئاۋاز قوشۇپ، تۇرپان ئاستانىدا
قوزغۇلاڭ كۆتەردى. يالغۇز پىششىن بۇ ئىشتىن خەۋەر تېپىپ، قۇ-
مۇلدىكى تومۇر خەلپە ئۈرۈمچىگە كەلگەندە، مويدىن ئاخۇنىمۇ
ئادەملىرى بىلەن ئۈرۈمچىگە ئېلىپ كېلىپ رەسمىي ھەربىي شى-
تات بەردى، شۇ يىلى 9 - ئاينىڭ 6 - كۈنى كېچىدە يالغۇز پىش-
شىن خۇيزۇ ئەسكەر باشلىقى (تۇگلىڭى) ماقۇشىڭغا بۇيرۇق چۈ-
شۈرۈپ تومۇر خەلپىنى قولغا ئالدى ۋە شۇ ئانلا ئېتىپ تاشلى-
دى. ئەتىسى مويدىن ئاخۇننىڭ ئەسكەر سانىنى تەكشۈرۈپ، ئەس-
كەر سانىنى ئارتۇق مەلۇم قىلىپ، يوق ئادەمنىڭ مۇئاشىغا خى-
يانەت قىلغان دېگەن گۇنا قويۇپ دارغا ئېسىپ ئۆلتۈردى. بۇ-
لارنى جايلىۋەتكەندىن كېيىن ئاندىن جىنايىتىنى ئېلان قىلدى.
تومۇر خەلپىنىڭ جىنايىتى: 9 - ئاينىڭ 4 - كۈنى قۇمۇل تەپ-
تىشى ۋە شامەخسۇت مەخپىي تېلېگرام ئەۋەتىپ تومۇر خەلپە
ئەسكەرلىرىنى باشلاپ شەرققە قاراپ مېڭىپ ئىنتىزامسىزلىق قىل-
ماقچى بولغانلىقىنى مەلۇم قىلدى. 9 - ئاينىڭ 6 - كۈنى 3 -
باتالىيوندىكى پايلاقچىمىزنىڭ مەلۇماتىغا قارىغاندا تومۇر خەلپە
1 -2 كۈن ئىچىدە ئەسكەرلىرىنى باشلاپ قېچىشقا ھەرىكەت قىلغان.
ماقۇشىڭ تەرەپتىن ئېلىنغان مەلۇماتقا قارىغاندىمۇ 1 - 2 كۈن
ئىچىدە ئىسيان كۆتەرمەكچى بولغان. يۇقۇرقى گۇناسى ئۈچۈن
ھەربىي قانۇن بويىچە ئۆلۈم جازاسى بېرىلدى دېگەندىن ئىبا-
رەت. تومۇر خەلپىنىڭ ئادەملىرىنى ئۈرۈمچىدە تۇردىمەن دېگەن-
لىرىنى قالدۇردى. كېتىمەن دېگەنلىرىنى يۇرتىغا قايتۇرۇپ دىخانچى-
لىققا سالدى. مويدىن ئاخۇننىڭ جىنايىتى: تومۇر خەلپە سۈلھى قىلىش-
تىن بۇرۇن ئۇنىڭ بىلەن يوشۇرۇن تىل بىرىكتۈرۈپ تۇرپاندا ئىسيان قىل-
غان، تومۇر خەلپە ئەل بولۇپ ئۈرۈمچىگە كەلگەندە مويدىن ئاخۇنىمۇ

ئۈرۈمچىگە ئالدۇرۇپ ئادەملىرىنى رەسمىي ئەسكەرلىككە ئورۇنلاشتۇرغان بولسىمۇ ئەمما، ئۇ پەيلىدىن يانماي تۆمۈر خەلپە بىلەن چوڭ-قۇر تىل بىرىكتۈرگەن. تۆمۈر خەلپىگە ئۆلۈم جازاسى بېرىلگەن-دىن كېيىنمۇ تۆمۈر خەلپىگە ئوخشاش جىنايەت قىلماقچى بول-غانلىقتىن ھەربىي قانۇن بويىچە دارغا ئېسىپ ئۆلتۈرۈشكە ھۆ-كۈم قىلىندى. ئۇنىڭ مۇرىتلىرى تارقىتىۋېتىلدى. جازا بېرىلىپ بولغاندىن كېيىن ياڭزېڭشىن قۇمۇل، تۇرپان دائىرىلىرىگە تۆ-مۈر خەلپە مەخپىي ئەۋەتكەن قوراللارنى تەكشۈرۈش ۋە مويدىن ئاخۇننىڭ قاچقان ۋە يوشۇرۇنغان قالدۇق مۇرىتلىرىنى تەكشۈ-رۈش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرگەن. كېيىنكى گەپلەرگە قارى-غاندا تەكشۈرۈش جەريانىدا نۇرغۇن كىشىلەرنى قولغا ئالغان ۋە ئېتىپ ئۆلتۈرگەن. يۇقۇرىدىكى ئەھۋاللار ياڭزېڭشىننىڭ قۇ-مۇل ۋەقەسىنى بىر تەرەپ قىلىشىنىڭ ئوتموشى بولۇپ، مىنگو-نىڭ 2 - يىلى مەن ئۈرۈمچىدە چاپلانغان ئېلانلاردىن ۋە باشقىلارنىڭ سۆزلىگەنلىرىدىن ئاڭلىغانلىرىمدۇر.

## 4 - جەنۇبىي شىنجاڭ توپۇلىڭى

ئىلى ئىنقىلاۋىدىن كېيىن، مىنگونىڭ 2 - يىللىرىدا گې-لاۋخۇي تەشكىلاتلىرىنىڭ ئەمەلدارلارنى ئۆلتۈرۈش ئەنزىلىرى پەيدا بولۇشقا باشلىدى.

گېلاۋخۇي تەشكىلاتى، چىڭ دەۋرى گۇاڭشۈينىڭ دەس-لەپكى يىللىرى زوزۇڭتاڭ باشلاپ چىققان ئەسكەرلەر بىلەن شىنجاڭغا كەلگەن، بۇ قىسىملاردا خۇنەن، سىچۈەن، ئەنخۇي گەنسۇ قىسىملىرى بولۇپ، خۇنەن قىسمى ھەممىدىن كۆپ ئىدى.



گېلاۋخۇيدا خۇنەنلىك بىلەن سىچۈەنلىكلەر ئەڭ كۆپ. كېيىن-چە بۇ تەشكىلات بارغانسېرى راۋاجلىنىپ ھەر قايسى قىسىم ۋە ھەر قايسى ئۆلكۈلۈكلەرمۇ كۆپلەپ قاتنىشىشقا باشلىدى. دەسلى-ۋىدە تەشكىلات ئەزالىرى تۆۋەن دەرىجىلىك سەركەردىلەر ۋە ئاددىي ئەسكەرلەردىن ئىبارەت ئىدى. كېيىنچە بۇنىڭ ھەربىي كۈچى ئۇسكەنلىكتىن، يۇقۇرى دەرىجىلىك ھەربىي ئەمەلدارلارمۇ قاتنىشىپ بۇ تەشكىلاتتىكى ئەربابلاردىن بولۇپ قالدى. كېيىنچە تۆۋەن دەرىجىلىك ھەربىي ئەمەلدارلار ھەرساھە ئىشچى - خىزمەتچىلەر، مەيدە تىجارەتچى ئېلىپ - ساتارلار ۋە مەيدە قول ھۈنەرۋەنلەرنىڭمۇ تولىسى بۇ تەشكىلاتقا قاتناشتى. مەنچىڭ ھۆكۈمىتى ھەر خىل پىرقە تەشكىلاتلارنى قاتتىق چەك-لىگەنلىكى ئۈچۈن گېلاۋخۇي تەشكىلاتى يوشۇرۇن پائالىيەت ئېلىپ باراتتى. شۇڭا تولا كىشىلەر بۇ تەشكىلاتنىڭ ئەھۋالىنى چۈشەنمەيتتى. ئىلى ئىنقىلاۋى ۋاقتىدا ئىلىدىكى گېلاۋخۇينىڭ باشلىقى شۈيسەنتەي قاتارلىقلار بىلەن ئالاقە باغلاپ ھەمكار-لىشىپ قوزغىلاڭ كۆتەرگەندىن باشلاپ شىنجاڭدىكى گېلاۋخۇي تەشكىلاتى ئاشكارا ھەركەت قىلىشقا باشلىدى. ئۇلارنىڭ باش-لىقىنى «تاغ غۇجىسى» دەپ ئاتايتتى. ئۇنىڭ «ئورۇنباسار تاغ غۇجىسى» بولاتتى. يەنە «ئەژدىھا بېشى» شۇنىڭغا ئوخ-شاش نۇرغۇن ئىسىملىك باشلىقلىرى بولاتتى. ئادەتتە ئەزالار «تاغ غوجىسى» غا مۇتلەق بويسۇناتتى. ئەزا-لاردىن بىرەرسى خىلاپ ئىش قىلسا، باشلىق ئۇنى ئۆزەڭگىنى ئول-تۇرسەن دەپ بۇيرۇق بەرسە، گويا سادىر قىلغۇچى بۇيرۇقنى قەتئىي ئىجرا قىلاتتى. بويۇن تولغاشقا بولمايتتى. ئۇلار ۋىژدانغا ھۆرمەت قىلاتتى. ئۆز - ئارا ياردەملىشىش مەجبۇرىيىتى بار ئىدى.

بىر جايدىكى تەشكىلات ئەزاسى 2 - بىر جايغا بېرىپ شۇ يەر
دىكى تەشكىلات باشلىغىنىڭ ئۆيى - يولىنى بىلىپ هال سوراپ
بارسا، ئەگەر پۇلى يوق بولسا پۇل بېرەتتى، يېمەك - ئىچمەك
ياتاق ۋە خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇراتتى. يول خىرا
جىتى ئوكسۇپ قالسا، يول خىراجىتى بېرەتتى، شۇ سەۋەپتىن ئو
يۇرتىدىن چىقىپ يىراق جايلارغا بېرىپ قالغانلار مەزكۇر تەشك
لاتقا قاتناشقان بولسىلا، هەر قانداق جايدا قىيىنچىلىق تارتمايت
تى. تەشكىلات ئەزالىرىنىڭ ئۇچراشقاندا قىلىدىغان هورمەت-سا
لاملىرى، ئاشخانىلاردا چاي ئوتۇش رەسمىيەتلىرىدە بەلگىلىك قا
ئىدىسى بار ئىدى. شۇ قائىدىلەرگە قاراپ بىر تەشكىلاتتىكى
ئادەملەر ئىككەنلىكىنى بىلىشەتتى. ئۇلارنىڭ يەنە ئۆزلىرى بىلە
شىدىغان مەخپىي تىلى بار ئىدى. ئۆز ئارا سۆزلۈشۈشلاردە غەي
رى ئادەم ئاردىغا كىرىۋالالمايتتى. تەشكىلاتقا ئەزا بولۇش رەس
مىيەتلىرىمۇ ئىنتايىن مەخپىي بولاتتى. غەيرى ئادەملەر هەرگىز بىلەلمەيتتى

گۇاڭشۈينىڭ 4 - يىلى (1978) شىنجاڭدىكى ئۇرۇشلار بې
سىلدى. 1882 - يىلى مەنچىڭ هوكۇمىتى شىنجاڭنى رەسمى ئۆل
كە قىلىپ بېكىتتى. تەشكىلاتلارغا قاتناشقان ئوپېتسەر ۋە ئەس
كەرلەرنىڭ بىر قىسمى ئۆز يۇرتىغا كەتتى. بىر قىسمى شىنجاڭ
دا قالدى. ئۇلار هەر قايسى ئىدارە مەھكىمىلەرگە ۋە باشقا جاي
لارغا تەخسىم قىلىندى. شۇنداق بولسىمۇ هەربى خىزمەتتە قال
غانلارنىڭ سانى كوپ ئىدى. مەنچىڭ هوكۇمىتىنىڭ ئاخىرقى يىل
لىرىدا هەربى قىسىملار ئىنتايىن چىرىكلەشكەن ئىدى، شىنجاڭدىكى
ئەهۋال ئۇنىڭدىنمۇ بەتتەر ئىدى. ئەسكەرلەرنىڭ تولىسى تەشكىلات
ئەزاسى بولغانلىقتىن ئۇلارنى نازارەت قىلالمايتتى. مەشىق قى
لىش، هەربى ئىنتىزام ئىشلىرى بوش ئىدى. ئۇلار ئەتىدىن كەچكىچە



بىكار يۈرۈپ زېرىكىپ، ئاخىرى توپلۇشۇپ قىمار ئويناپ ئىچ-
پۇشۇغىنى چىقىراتتى. ئىلىدىكى گېلاۋخۇي قوزغۇلاڭغا قاتنىشىش-
تىن بۇرۇن، ئۇرۇمچىدە ليۇشەنجۇڭ شۇ يەردىكى گېلاۋخۇي بىلەن تىل
بىرىكتۈرۈپ قوزغىلاڭ كۆتەرگەن. بىر ۋەقە يۈز بەرگەن ئىدى.
ليۇشەنجۇڭ خۇبېيلىك بولۇپ، يايونىيە قۇرۇقلۇق هەربى مەك-
تىۋىدە ئوقۇغان. شۈەنتۇڭ 3 - يىلى يۈەن داخۇا شىنجاڭ ئۆل-
كە ئەمىرى بولغان چاغلاردا، ئۇ، شىنجاڭغا كېلىپ ئىشلىگەن، شۇ-
نىڭدەك يۈەن داخۇامۇ ئۇنىڭغا ئىشىنىپ خىزمەتكە قويغان ئىدى.
ۋۇچاڭ قوزغۇلىڭىنىڭ خەۋىرى شىنجاڭغا ئاڭلانغاندىن كېيىن، ليۇ-
شەنجۇڭ هەربىلەر بىلەن شەھەردىكى گېلاۋخۇي تەشكىلاتلىرىنى
هەرىكەتلەندۈرۈپ قوزغىلاڭ كۆتەردى. يېشى 80 دىن ئاشقان خې-
نەنلىك شى دۈەنشەنىڭ سۆزلەپ بېرىشىچە، ليۇشەنجۇڭ قوزغۇ-
لاڭ قىلىشتا، هېچنىمىدىن قورقماي نەنگۈەن تەرەپتىكى مەلۇم
بىر تۈگمەنگە ئوچۇقتىن - ئوچۇق ئادەم توپلاپ، هەر بىر ئا-
دەمگە 8 سەردىن كۆمۈش پۇل تارقىتىپ كونا 10 - ئاينىڭ
باشلىرىدا قوزغۇلاڭ قىلماقچى بولۇشتى. يۈەن داخۇا بۇ ئەهۋال-
دىن خەۋەر تېپىپ ئەسكەر ئەۋەتىپ ليۇشەنجۇڭلارنى قامىۋېلىپ
تەخمىنەن يۈزگە يېقىن ئادەمنى ئېتىپ ئۆلتۈرگەن، باشقا ئەزا-
لارنى قورالسىزلاندۇرۇپ، قاراشەھەر، كۇچار، ئاقسۇ قاتارلىق
جايلارغا ئەۋەتىپ ئادەم سانى كام بولغان كازارمىلارغا تارقى-
تىپ جايلاشتۇرۇۋەتتى. ئاقسۇ تەرەپلەردە ئەمەلدارلارنى ئۆلتۈرۈ-
ۋېتىش ۋەقەلىرىنىڭ پەيدا بولۇشىغا ئەشۇ ئىشلار سەۋەپ بول-
غان. مىنگونىڭ 1 - يىلى 4 - ئايدا ئاقسۇدىكى تەشكىلات ئە-
زالىرى ئاقسۇ ۋالىيسى بىلەن ئاقسۇنىڭ ئامبىلىنى ئۆلتۈرۈۋەتتى.
ۋەقەدىن كېيىن ئاقسۇنىڭ باش مۇپەتتىشى ساجىلىڭ چۈەنخۇا

(لەنتىڭ، ئەنخۇيلۇق) تەنچاڭگۇنى ئاقسۇ شەھرىنىڭ باشلىقى قىلىپ تەيىنلىدى. بۇ چاغدا يۈەن داخۇا تېخى ئۆلكىدىن كەتمىگەن ئىدى. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي كۇچاردا تۇرۇشلۇق ئەسكەرلەر توپىلاڭ قوزغىدى دېگەن خەۋەر ئاڭلاندى. ئاقسۇنىڭ باش مۇپەتتىشى ساجىڭ، تەنچاڭگۇنى كۇچاردىكى ۋەقەنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىشقا ئەۋەتتى. ئۇ كۇچارغا كەلگەندىن كېيىن كۇچاردىكى تەشكىلات ئەزالىرى كۇچارنىڭ ئامبىلى ماۋېڭگۈينى ئۆلتۈرۋەتكەن ۋەقە يۈز بەردى. ماۋېڭگۈي خۇنەنلىك بولۇپ، شۇ يىلى 5 - ئايدا كازارمىغا تەنپۇشلۇق بىلەن بىر ئىش توغرىسىدا مەسلىھەتلەشكىلى بارغاندا كازارمىدىكى تەشكىلات ئەزالىرى پىچاق سېلىپ ئۆلتۈرۈپ، تۈرمىنى ۋە ناھىيە غەزىنىسىنى بۇلاپ كەتتى. ساجىڭ بۇنى ئاڭلاپ تەنچاڭگۇنى كۇچارغا ھەربىي باشلىق قىلىپ تەيىنلىدى. ئەسلىدە ئۇ گېلاۋخۇي تەشكىلاتىنىڭ باشلىقى ئىدى. شۇڭا ئۇ كۇچاردا دەۋرىسۈرۈپ، ئۆي - ئىمارەتلەر سېلىپ، خەلقنىڭ مال - مۈلكىنى قاقتى - سوقتى قىلىپ باي بولدى. شۇنداق قىلىپ كۇچار ناھىيىسى گېلاۋخۇي تەشكىلاتىنىڭ مەركىزى بولۇپ قالدى. شۇ يىلى 3 - 4 - ئايلاردا قەشقەر ئۆلكە ئەسكەرلىرىنىڭ ھەربىي خىراجىتى 200 مىڭ سەر پۇلدىن 60 مىڭ سەرنى ساجىڭ تۇتۇۋېلىپ ئاقسۇدىكى تەشكىلات ئەزالىرىغا ئۈلەشتۈرۈپ بەردى. بۇنىڭغا قارىغاندا ساجىڭمۇ تەشكىلات ئىچىدىكى ئادەم ئىكەنلىكى مەلۇم ئىدى. شۇ چاغلاردا جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەممىلا يېرىدە ئەمەلدارلارنى ئۆلتۈرۋېتىش ۋەقەلىرى پەيدا بولۇپ، يۇرت قالايمىقانلاشقانلىقتىن، ياڭزېڭشىن، ساجىڭ بىلەن تەن چاڭگۇنىڭ تىل بىرىكتۈرۈۋالغانلىقىنى سېزىپ، مىنگونىڭ 2 - يىلى قىشتا ماشاۋۇنى كۇچارغا ئامبال قىلىپ ئەۋەتتى. ماشاۋۇ كۇچاردىكى مىس كانىنى ئېچىش نامى بىلەن بىر باتاليون خۇيزۇ ئەسكەرلىرىنى باشلاپ باردى. ماشاۋۇ بېرىپ ئىش تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن تەن چاڭگو ئۈرۈمچىگە قايىتتى. مىنگونىڭ 3 - يىلى 5 - ئايدا تەن ئۆز يۇرتىغا قايتماقچىلەرنى بولغاندا ياڭزېڭشىن ماسۇگۇيى باشلىق بىر قىسىم مۇھاپىزەتچى قوشۇپ يولغا سالدى. ۋە ئارقىدىن تېلېگىراممىا ئەۋەتىپ بۇيرۇق بىلەن تەنچاڭگۇنى يول ئۈستىدە ئاتتۇرۇپ تاشلىدى. بۇ ئۇسۇل ياڭزېڭشىننىڭ ئەمەلىي تەسىرى بار ئەمەلدارلارنى جازالاش ئۇسۇلى ئىدى. بۇ خىل ئەھۋال ئاستىدا ئاقسۇدىكى ساجىڭ خىزمىتىدىن ئىستىپا بېرىپ روسىيە ئارقىلىق چاڭشاغا كەتتى. مىنگونىڭ 4 - يىلى (1915) ياڭزېڭشىن ساجىڭ ئاقسۇدىكى ۋاقتىدا ھەربىي خىراجەتتىن تۇتۇۋېلىپ تەشكىلات ئەزالىرىغا تارقىتىپ بەرگەن 60 مىڭ سەر پۇلنى دەۋا قىلىپ، ساجىڭنىڭ ئەسلى يۇرتىدىكى مال - مۈلكىنى ساتتۇرۇپ مەزكۇر پۇلنى تولۇتۇۋالدى.

مىنگونىڭ 1 - يىلى 5 - ئايدا بوگۇر ناھىيىسىدىكى تەشكىلات ئەزالىرى بوگۇرنىڭ ئامبىلى لىخۇاگاۋنى ئۆلتۈردى؛ بۇنىڭدىن سەل ئىلگىرى قارا شەھەر ئامبىلى چاڭشەنمۇ تەشكىلات ئەزالىرى خودپەسەي قاتارلىقلار پىچاق سېلىپ ئۆلتۈردى.

قەشقەردىمۇ مۇنداق ۋەقەلەر يۈز بەردى. مىنگونىڭ 1 - يىلى 4 - ئايدا يۈەن داخۇا بېيجىڭ ھۆكۈمىتى قەشقەر ۋالىيسى يەنخۇگېيۇنى شىنجاڭنىڭ ھەربىي قوماندانلىقىغا تەيىنلىدى، دەپ تېلېگىراممىا ئەۋەتىدۇ. بۇيرۇقنى كورگەن يەنخۇگېيۇ دەرھال چاچ كېسىپ ئىتائەت قىلىدىغانلار دەپ بۇيرۇق بىرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن تاشقىرىدا ھەر خىل گەپ - سۆزلەر پەيدا بولىدۇ. ئۇنىڭغا پايدىسىز

سوزلەرمۇ بار ئىدى. چار رۇسىيىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق كونسۇلى بۇ سوزلەرنى ئاڭلاپ، يۈەن خۇكيۇنى ھوشيار بولۇش دەپ نەسىھەت قىلىدۇ ۋە كونسۇلخانا مۇھاپىزەتچىلىرىدىن ئەۋەتىپ ۋالى مەھكىمىسىنى مۇھاپىزەت قىلماقچى بولىدۇ. بۇنىڭغا يۈەن رەھمەت ئېيتىدۇ. يۈەن خۇكيۇ ئەسلىدە ئەنخۇيلۇق بولۇپ، ھەربى ئىشلاردا تەجرىبىسى ۋە غەيرىتى بار ھىساپلىناتتى. شۇڭا قەشقەردە ئون يىلغا يېقىن ھەربى باشلىق بولۇپ تۇرغان مەزگىلدە يۇرت ناھايىتى تىنچ تۇرغان، ھېچقانداق ۋەقە پەيدا بولمىغان ئىدى. شۇڭا ئۇ، خاتىرجەم بولۇپ ئەتە ماڭىمەن دېگەن كېچىسى يەنى مىنگونىڭ 1 - يىلى 5 - ئاينىڭ 7 - كۈنى يېرىم كېچىدە قەشقەردىكى گېلاۋخۇي تەشكىلاتى ئەزالىرىدىن بېيەنيۈگفۇ، ۋېيى دېشى قاتارلىقلار قەشقەر كونىشەھەر ۋالى مەھكىمىسىگە بېسىپ كىرىپ يۈەن خۇكيۇ ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىنى قوشۇپ ئۆلتۈرىدۇ. ئۇلارغا قوشۇپ قۇر بېشى تالادىكى يەنجىڭ ۋە كونىشەھەر ئامبىلى جاڭبىڭدۇنى يەنە بىر خىزمەتتىن بوشۇتۇلغان چاڭ پەملىلىك بىر ئەمەلدارنىمۇ ئۆلتۈرۈپ تاشلايدۇ. ۋەقەدىن كېيىن بېيجىڭ ھۆكۈمىتىگە مەلۇم قىلىپ قاتىللارنى تاپماقچى بولغاندا قەشقەر يېڭىشەھەردە تۇرۇشلۇق ھەربى باشلىق جاۋھەر تەرەپتىن چاپان چۈرۈپ، بۇ ۋەقەگە يۈەن خۇكيۇنىڭ خەلقنى چاچ كېسىپ ئىتائەت قىلىڭلار دەپ مەجبۇرى بۇيرۇق بەرگەنلىكى سەۋەپ بولغان دەپ سۈرۈشتە قىلدۇرمىدى. شۇ ۋاقىتتا چار ھۆكۈمىتى رۇسىيە سودىگەرلىرىنى مۇھاپىزەت قىلىمىز دېگەن بانا بىلەن كازاك ئاتلىق ئەسكەرلىرىنى كىرگۈزۈپ كونسۇلخانىسىغا ئورۇنلاشتۇردى. تەشكىلات ئەزالىرى چەت دۆلەت ئارىلاشقانلىقىغا قاراپ ۋەقە تۇغدۇرمىدى. ھەربى باشلىق جاۋ، قوزغۇلاي دەپ تۇرغان تەشكىلات ئەزالىرىنى توپلاپ ئىككى



باتالىيون (يىڭ) تەشكىللەپ بېيەنيۈگفۇ بىلەن ۋېيى دېشى ئىككىسىنى يېڭىچا كىلىققا تەيىنلىدى. بۇنىڭغا قارىغاندا جاۋ مۇ تەشكىلات ئادىمى ئىدى. يۈەن داخۇا قايتىپ كەتمىشكە ئالدىرايتتى. يالغۇز يېڭىشەھەرنى شىنجاڭنىڭ دۇدۇلىقىغا تەيىنلەپ بېرىلسە دەپ بېيجىڭغا ئالاقە يېزىپلا ئۆزى ئالدىراپ ئىچكىرىگە قايتىپ كەتتى شۇنىڭ بىلەن قەشقەر ۋەقەسىمۇ بېسىلىپ قالدى. قەشقەر ۋەقەسى ئىلى تەرەپتىكى تەشكىلاتلار تەرەپتىن پىلانلانغان دېيىلگەن گەپ - سۆزلەرمۇ تارقالغان ئىدى. مىنگونىڭ 2 - يىلى خوتەندىن بوشۇنۇپ ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەلگەن تاۋرەن (باجخاناچۇيجاڭى) نىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا يۈەن خۇكيۇ چاچ كېسىڭلار دەپ ئولۇمگە مەھكۇم بولدى، بۇنىڭغا قارىغاندا قەشقەردىكى گېلاۋخۇي ئەزالىرى مەنچىڭ خاندانلىقىنىڭ تۈزۈملىرىنى ياقتۇرۇدۇ. غۇلجىدىكى تەشكىلات ئەزالىرى بولسا، مەنچىڭ خاندانلىقىغا قارشى تۇردى، شۇڭا قەشقەر ۋەقەسىنىڭ پەيدا بولۇشىغا ئىلى تەرەپنىڭ ھېچقانداق مۇناسىۋىتى يوق. ئەمەلىيەتتە ئۇلار ۋەقە تۇغدۇرۇپ بولاڭ - تالاڭ قىلىشنى مەخسەت قىلغان. شۇ ۋاقىتتا قەشقەر ۋىلايىتى بويىچە يۈەن خۇكيۇ قاتارلىق 5 كىشى، مارالۋېشىنىڭ گوندىپايى جاڭ × × ئۆلتۈرۈلگەندىن باشقا قالغان ناھىيىلەردىكى ئەمەلدارلار ئۆزلىرىنىڭ مال - مۈلكىنى ساقلاپ قىلىش ئۈچۈن ھەر قايسى جايلاردىكى تەشكىلاتلارغا پۇل، مال، ئاشلىق يەتكۈزۈپ بېرىپ ئەپلىشىپ ئۆتتى. گېلاۋخۇي تەشكىلاتىدىكىلەر ئوچۇقتىن - ئوچۇق ئەزا توپلاپ ئەزالىق بېلەتى تارقىتىپ ۋەقە تۇغدۇردى. قاقتى - سوقتى قىلىپ پۇل تېپىپ، يەپ - ئىچىپ ئويناپ - كۈلۈپ خالىغان ئىشنىڭ ھەممىسىنى قىلدى. كېيىن قەشقەرگە ۋالى بولغان ۋاڭبىڭ تارقىلىپ يۈرگەن مۇساپىرلارغا قەرز

بىرنىش نامى بىلەن غەزنىدىن 7 مىڭ سەر پۇل ئاجرىتىپ تەشكىلات ئەزالىرىغا تارقىتىپ ئۆز جېنىنى قۇغداپ قالدى. خوتەن شەھىرىدە تەشكىلات ئەزالىرى شەھەرگە ئوت قويۇپ كويدۇرىۋېتىشتەك ۋەقە يۈز بەردى. بۇ ۋەقەلەر شۇ ۋاقىتتىكى ئومۇمى ئەھۋالنى چۈشەندۇرۇپ بېرەلەيدۇ.

مىنگونىڭ 1 - يىلى باشى كۆزدە تاشقى مۇڭغۇلىيە مۇستەقىل بولۇپ، قوبداء ئالتايلارغا تاجاۋۇز قىلدى. يالڭزېڭشىن چاغان تۈگىدىگە ياردەمگە ئەسكەر ئەۋەتمەكچى بولدى. مۇشۇنداق جىددى ۋاقىتتا بېيەنيۈگفۇ بىلەن ۋېيدېشى ئۆزلىگىدىن ئالدىنقى سەپكە بېرىپ گونايىمىزنى يۇيىمىز دەپ تەلەپ قىلدى. ئۇلارنىڭ تەكلىۋى يالڭزېڭشىنغا ماقۇل كىلىپ دەرھال تەستىقلىدى. ئۇلار ئۈرۈمچىگە كەلگەندە ۋېيدېشى باتالىيونىنى ئالدىنقى سەپكە ماڭدۇردى. بېيەنيۈگفۇ باتالىيونىنى ئۈرۈمچىدە قالدۇردى. بېيەن يۈگفۇنىڭ ئاتلىقى ئۈرۈمچىدە كونا دوگمىنىڭ (شەرقى دەرۋازا) سىرتىدا ئىدى. كىشىلەر ئۇنىڭ ئويىنى بېيەن تۇگنۇگنىڭ مېھمانخانىسى دەپ ئاتايتتى. مىنگونىڭ 3 - يىلى (1914) 9 - ئايدا يالڭزېڭشىن ئۇنى ئاقسۇغا مائاۋىن سەركەردە قىلىپ تەيىنلىدى. ئۇ يولغا چىققاندىن كېيىن يالڭزېڭشىن كۈچاردىكى ماشياۋۋۇغا، بېيەنيۈگفۇ كۈچارغا يەتكەندە ئالداپ ناھىيە مەھكىمىسىدە نەزەربەنت قىلىشقا تېلېگرام ئەۋەتتى. ئۇنىڭ ئەسكەرلىرىنى ئايرىپ، تۇتۇپ قالدى ۋە بىر قىسمىنى پۇل بېرىپ ئۆز جايلىرىغا قايتۇردى. ئاندىن كېيىن كۈچارغا بېيەنيۈگفۇغا ئىشكەل سېلىپ ياغاچ قەپەزگە سولاپ 20 نەپەر ئاتلىق ئەسكەر قوشۇپ ئەنشىگە ئاپىرىپ تاشلاشقا بويرۇق بەردى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يالڭ-



زېڭشىن گەنسۇ قوماندانى جالڭگۇاڭجەنگە تېلېگراممىا يوللاپ بېيەنيۈگفۇنى ئۆز يۇرتىغا يەتكۈزۈپ يەرلىك ھوكۇمەتنىڭ قاتتىق رىژىم قىلىشقا تاپشۇرۇشنى ئوتۇندى. يەنە قەشقەر ۋەقەسىنى تۇغدۇرغان تەشكىلات باشلىقى چىڭدىگۇڭ (شۇ چاغدا ئۆز يورتىغا بېرىۋالغان ئىدى)نى قولغا ئېلىپ ئۆلۈم جازاسى بېرىشنى ئۆتۈنۈپ تېلېگرام بەردى. ۋېيدېشى شىنجاڭ - مۇڭغۇلىيە چېگراسىدا 2 يىل تۇردى. ھېچقانداق ۋەقە چىقارماي خىزمەت كورسەتكەنلىگى ئۈچۈن سۈرۈشتە قىلىنمىدى. مىنگونىڭ 1 - يىلى كۆزدە قەشقەردىكى جاۋ ئىستىپا بېرىپ ئىچكىرىگە كەتتى. يالڭزېڭشىن ئۇنىڭ ئورنىغا غۇلجىدىكى ئىنقىلاپ باشلىقى يالڭزەنشۇيىنى تەيىنلىدى. ئۇ قەشقەرگە بېرىپ خىزمەت تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن، گېلاۋخوينىڭ قىپقالغان ئەزالىرى يەنىلا كوپ ئىكەنلىگىنى بىلدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆزى غۇلجىدا گېلاۋخۇي ئەزالىرى بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ ئالاقە باغلىغانلىقتىن، قەشقەرگە كىلىپ تەشكىلات ئەزالىرىنى جازالاشقا ئۇنىمىسىزلاندى. قەشقەردىكى ھەربى خىراجەت غۇلجىدىكىگە ۋاقىتىدىكىدەك ياخشى بولمىدى. شۇ سەۋەپتىن ئىستىپا بېرىپ رۇسىيە ئارقىلىق ئىچكىرىگە قايتىپ كەتتى.

بېيەنيۈگفۇ، ۋېيدېشىلەر قەشقەردىن كەتكەندە، گېلاۋخۇيىنىڭ كوپۈنچە ئەزالىرى، خوتەن، كىرىيە، چاقىلىق تەرەپلىرىگە كەتكەن ئىدى، خوتەندە تەشكىلات ئەزالىرى ئاشلىق تەلەپ قىلىپ ۋەرەقە چاپلىدى ھەمدە يامۇلغا بېسىپ كىرىپ پۇل ئالدى، كىرىيەدە يامۇل ئادىمىدىن بىرىنى پىچاق تىقىپ ئولتۇردى. ھەمدە كازارمىنى ئورىۋېلىپ زورلۇق بىلەن قۇرال - ياراق ئالدى. ئەڭ ئاخىرىدا چارقىلىق ئامبىلى تەشكىلات ئەزاسىدىن بىرىنى

تۇتۇپ ئولۇمگە ھۆكۈم قىلدى. بۇ سەۋەپتىن تەشكىلات ئەزالىرى ئامبال بىلەن قىرىشىپ چەرچەندە تۇرۇشلۇق چېگرا مۇداپىئە ئەسكەرلىرىدىن قورال ئېلىپ مەزكۇر ئامبالنى ئۆلتۈردى ۋە ئۆزلىرىچە بىرسى تۇڭگۇنۇڭ، بىرسى ئامبال بولۇپ ئۆز ئالدىغا شەھەر سوردى. بۇ چاغدا ياڭزېڭشىن بۇ ئىشنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن تۇڭمېڭسەيىنى ئەۋەتتى. تۇڭ خويزۇ ئەسكەرلىرىنى باشلاپ بارغاندا تەشكىلات ئەزالىرى توپلىشىپ قارشى چىقتى. ئۇرۇشتا ئۇلاردىن ئون نەچچىسىنى ئېتىپ ئۆلتۈردى ۋە بىر مۇنچىسىنى ئەسىرگە ئالدى. ئۇلار سايلىۋالغان تۇڭگۇنۇڭ، ئامباللارنىمۇ تۇتۇپ كاللىسىنى ئېلىپ قەپەزگە سېلىپ ئۈرۈمچىگە يوللاپ بەردى. بۇ ئىككىسىنىڭ كاللىسىنى ئۈرۈمچى نەنمېڭ دەرۋازىسىغا ئېسىپ سازايى قىلدى. ئىش قىلىپ بۇ ۋەقەدە 40 -50 گە يېقىن گېلاۋخۇي ئەزالىرى ئۆلتۈرۈلدى، شۇنىڭ بىلەن چارقىلىق ۋەقەسى ئاخىرلاشتى.

مىنگونىڭ 1 - يىلى 4 - ئايدىن ئېتىۋارەن، قارا شەھەر، ئاقسۇ، كۈچار، بۈگۈر، مارالۋېشى، باردىكول قاتارلىق جايلاردا ئىلگىرى - كېيىن 8 قېتىم ۋەقە چىقتى. ھەربى مەمۇرى ئەمەلدارلاردىن 15 كىشى ئۆلتۈرۈلدى. دەسلىۋىدە تەشكىلات ئەزالىرى كۈچلۈك، ياڭزېڭشىن تەرەپ ئاجىز ئىدى. ئەمما ياڭزېڭشىن ۋەقە تۇغدۇرغان ئاز ساندىكى ئادەملەرنى قولغا ئېلىپ ئولۇم جازاسى ھۆكۈم قىلغاندىن تاشقىرى، تەشكىلاتنىڭ باشلىقلىرىدىن تەنچاڭگۇ، بېيەنيۈگفۇلارنى كۈچار ۋە قەشقەردىن ئاجرىتىپ تەشكىلات ئەزاسى ساچۇنخۋا، جاۋداجۇيلارنى خىزمەتتىن بوشاتقاندىن كېيىن، ياڭزېڭشىن كوچۇيۇپ تەشكىلات ئەزالىرىنى را-



سا جايلىرىغا باشلىدى. يەركەن ۋە باشقا ناھىيىلەرگە تېلېگىرام ئەۋەتىپ، ئېقىپ يۈرگەن تەشكىلات ئەزالىرىنى تەكشۈرۈپ قولغا ئېلىش، ئاقسۇدا ۋەقە تۇغدۇرۇپ قېچىپ يۈرگەن باش جىنايەتچىلەرنى ۋە تەكشۈرۈپ قولغا ئالغاندىن كېيىن قانۇنى چارە كۆرۈلگەنلەرنى ئايرىم ھالدا ئولۇم جازاسى بېرىش، تەشكىلاتلارنى تارقىتىۋېتىشقا بۇيرۇق بەردى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا شىنجاڭنىڭ ھەممە جايىغا، تەشكىلات قۇرۇش مەنئى قىلىنىدۇ، ئەزالىقتا قاتنىشىپ قالغانلار ئەزالىق بېلەتىنى ئۆزلىكىدىن كۆيدۈرۈپ تۆۋە قىلسۇن، تەشكىلاتنىڭ مۇھىم ئەھۋاللىرىنى پاش قىلغۇچىلار بولسا سۈرۈشتە قىلىنمايدۇ، بەلكى مۇكاپاتلىنىدۇ. ھەربى مەمۇرى ئەمەلدارلاردىن بۇ خىزمەتنى ياخشى ئىشلىگەنلەرگە مۇكاپات بېرىلىدۇ. ياخشى ئىشلىمىگەنلەر جازالىنىدۇ، دەپ ئېلان چىقاردى. مۇشۇنداق قاتتىق تەكشۈرۈش داۋامىدا مىنگونىڭ 3 - يىلى ئۈرۈمچىدىن ياڭىسىخۋا ئىسىملىك بىر ئەزانى قولغا چۈشۈردى. بۇ كىشى تەشكىلات قۇرۇش ئۈچۈن شۇيجۇدىن مەخسۇس ئەۋەتىلگەن بولۇپ قالايمىقان ۋەقە تۇغدۇرۇش پىلانلىرىنى ئىشلىگەن بولغاچقا دەرھال ئولۇم جازاسى بېرىلدى. شەرقى بولىدىكى ھەر قايسى جايلارغا ئۇختۇرۇش قىلىپ ياڭىسىخۋاغا ئەزا بولغۇچىلارنى تەكشۈرۈپ تەقىپ قىلىشنى جاكالىدى. شۇنداق قىلىپ مىنگونىڭ 4 - يىلىغىچە تەشكىلات ئەزالىرىدىن 200 دىن ئارتۇق كىشىگە ئولۇم جازاسى بەردى. نەتىجىدە گېلاۋخۇينىڭ شىنجاڭدىكى تەسىرى ئاساسى جەھەتتىن بىت - چىت بولدى. مىنگونىڭ 7 - يىلى (1918) بورتالا ناھىيىسىنىڭ سوۋېت يېرىگە يېقىن بىر جايىدا چاڭجىنسەي قاتارلىقلارنىڭ تەش-

كىلات ئۇيۇشتۇرغان ۋەقەسى پەيدا بولدى. ئۇلار رۇسىيەدىكى مۇھاجىرلار (خۇاچياۋ - خۇڭخۇزا - «قىزىل ساقاللىقلار») بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ جىدەل چىقارغان ئىدى (خۇڭخۇزا دېگەنلەر بۇلاڭچىلىق قىلىپ كۈن كۆچۈرىدىغان باندىتلار ئىدى) ياڭزېڭشىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن يەنە تۆلەمىگەسەيىنى ئەۋەتىپ، ئۇلارنىڭ باشلىقلىرىنى قولغا چۈشۈرۈپ بىرنىمۇ قالدۇرماستىن ئېتىپ تاشلىدى. ئەگەشكۈچىلىرىنى تارقىتىۋەتتى. بۇ تازىلاش شىنجاڭدا گېلاۋخۇي تەشكىلاتىنى يوقۇتۇشتىكى ئەڭ ئاخىرقى ۋە ئەڭ چوڭ تازىلاش ھېساپلىنىدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئىككى ۋەقەنىمۇ باستۇرۇۋەتتى:

1 - مىنگونىڭ 7 - يىلى يازدا كۈچاردىكى ئۇيغۇرلاردىن مەمتىلىخان نىڭ توپىلىڭى بولدى، مەمتىلىخان ئەسلىدە چوڭگو پۇخراسى بولسىمۇ، ئەمما ئۇ كۈچاردىكى ئېنگىلىز سودىگەرلىرىنىڭ سودا قىلىش گوۋاھنامىسىنى ئېلىۋېلىپ شۇ تەرەپلەردە تىجارەت قىلاتتى. شۇ يىلى 5 - ئايدا مەمتىلىخان بىر مۇنچە كىشىلەر بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ شەھەر سىرتىدىكى خەلقلەرنىڭ ئۆيلىرىگە ئوت قويۇپ، تېلېگراف سىملىرىنى كېسىپ، شەھەرگە ھوجۇم قىلدى. كۈچار ئامبىلى چىڭزۇڭچى، شۇ چاغلاردا كۈچاردا تۇرۇۋاتقان قادىر جەڭگى (خاتۇڭلىن) بىلەن بىرلىكتە قايتۇرما زەربە بەردى. مەمتىلىخان چېكىنىپ مىس كان تەرەپكە قاچتى. ئارقىدىن ھوكۇمەت ئەسكەرلىرى قوغلاپ بېرىپ ئېتىپ تاشلىدى. 2 - مىنگونىڭ 8 - يىلى ئالتايدا ھەربىلەر ماڭاشى مەسىلىسىدىن توپىلاڭ چىقاردى، ئۇ چاغلاردا ئالتايدىكى



ئىش باشقۇرۇشى ئورگىنى بىۋاستە بېيجىڭغا قارايتتى. شۇ چاغدا يېڭى تەيىنلىنىپ كەلگەن باشلىق جاڭچىڭتۇڭ ئەسكەرلەرنىڭ مائاشىنى ئۈچ ئايغىچە بەرمەيدۇ. پىڭجىردىن ئىسمىلىك لېيەنجاڭ (زوتا كاماندىر) ئەسكەرلەرنى قوزغىتىپ مەھكىمىگە ھوجۇم قىلىپ، ئىسكىلاتتىن قورال ئېلىپ باشلىقلاردىن مائاشى ئالماقچى بولدى. مالىيە ۋە خارجى بولۇم جۇيجاڭلىرىنى ئېتىپ تاشلىدى. جاڭچىڭتۇڭنى تۇتۇۋېلىپ، ئۇنىڭدىن تامغىنى تارتىۋېلىپ مەھكىمىدىكى ئومۇمى ئىشلار باشلىقى يى يەنيۇڭنى جاڭنىڭ ئورنىغا قويدى. پىڭجىردىن ئوزىنى تۇڭلىن (تۇڭنۇڭ) دەپ ئېلان قىلدى. دۇخەيشۇنى سىلىڭ (قوماندان) قىلدى. مۇتىڭيەننى مۇشاۋىر تەيىنلىدى. ياڭزېڭشىن بۇ ئەھۋالنى بىلگەندىن كېيىن بېيجىڭغا مەلۇم قىلىپ جۇۋۇشۇيىنى ئالتايغا باشلىق قىلىپ تەيىنلىدى. ۋە ئاتلىق پىيادە، زەمبىرەك باتالىيونلىرىنى ئالتايغا ئەۋەتتى. بۇلار 5 - ئايدا يېتىپ بېرىپ ئىش تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن پىڭ، دۇ، مۇ، ئۈچ كىشىنى ئۇيدۇرماستىن مەھكىمىگە چاقىرىپ كىلىپ قولغا ئېلىپ ئۆلۈمگە ھوكۇم قىلدى. ئۇلار بىلەن بىرلىكتە يەنە بىر مۇنچە كىشىلەرنىمۇ جازالىدى شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن ئالتاينى شىنجاڭ ئۆلكىسىگە قوشۇپ ۋالى مەھكىمىسى قۇردى. بۇرۇن ئالتايدا ئۆز ئالدىغا تارقاتقان قەغەز پۇللارنى ئۆلكىلۈك ھوكۇمەت يىغىۋالدى.

## 5 - جيايۇيگۇەننى ئېتىپ ئوزىنى قوغداش

مىنگونىڭ 1 - يىلى (1912) 6 - ئاينىڭ 5 - كۈنى ياڭزېڭشىن ۋەزىپە تاپشۇرىۋالغاندا، ئىچكى ئۆلكىلەر پاراكەندە ئىدى. يۈەنشىكەي ھوكۇمىتى مالىيە ۋە ھەربى جەھەتلەردە چې-

گىرا رايونلارغا چولىسى تەگمەي شىنجاڭغا ئۆزگىلەر ئامال قىل-
لىغىلار دېگەندىن كېيىن ياڭزېڭشىن ئۆز ئالدىغا ئىش قىلىشقا
باشلىدى. ئىلى - شىنجاڭ بىرلىككە كەلگەندىن كېيىن، ھەر
خىل چارە قوللىنىپ ئىلى ئىنقىلابىي كۈچلىرىنى تازىلىدى. قۇ-
مۇل ئۇيغۇرلىرىنىڭ باشلىغىنى ۋە يۈننەنلىك يۇرتداشلىرىنى ئال-
داپ يوقاتتى. گېلاۋخۇينى ھەربىي كۈچ ۋە ھىيلە - نەيرەڭلەر
بىلەن تازىلىدى. شۇنىڭ بىلەن چېگرا رايوننىڭ ۋەزىيىتى بىر
مەھەل تىنچلاندى. شۇڭا ئاتالمىش بېيجىڭ مەركىزىي ھۆكۈمى-
تىنى جىيايۈيگۇەننىڭ سىرتىدىكى ئىشلارنى كونترول قىلالمايدۇ
دەپ ھىساپلىدى. بۇ ئۇنىڭ جىيايۈيگۇەننى ئېتىپ ئۆزىنى قوغ-
داش سىياسىتى ئىدى. بېيجىڭدىن ئەۋەتكەن كىشىلەر بىلەن ئۆ-
زى بىلەن ئالاقىدار ياكى پەۋقۇلئاددە بولغانلىرىدىن باشقىسىنى
قوبۇل قىلمىدى. مەسىلەن: مىنگونىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا
سۈلھداۋرېننى شىنجاڭدا ئەپيۈننى مەنئى قىلىش مەھكىمىسىنىڭ
باشلىغى قىلىپ ئەۋەتسە ئۇنى رەت قىلدى؛ يەنە سەنشىدە تۇپ-
لىنىپ قالغان شەندۇڭ، خېنەنلىك مۇساپىرلارنى شىنجاڭغا ئو-
رۇنلاشتۇرۇش قارارىنى، يول خىراجىتى كۆپ كېتىدۇ، شىنجاڭدا
يەر كۆپ بولغان بىلەن سۇ كامچىل، بوز يەر ئاچقان تەقدىر-
دىمۇ پۇل كۆپ كېتىدۇ دېگەن باھانىلارنى كۆرسىتىپ رەت قىلدى.
ئۇ يەنە يوقۇرىغا شىنجاڭدا ئەمەلدار كۆپ، ئورۇنلاشتۇرۇشقا چارە
يوق، شۇڭا بۇ يەرگە ئەمەلدار تەخسىم قىلىنمىسۇن؛ شىنجاڭدا
ئاران 40 نەچچە ناھىيە بار ئىلگىرى تەخسىم قىلىنغان ۋە ئەسلىدە
بار بولغان ئەمەلدارلار ھازىر يۈزدىن ئارتۇق، شۇڭا بۇ خىلدىكى
كىشىلەر شىنجاڭغا ئەۋەتىلمىسۇن دەپ مەلۇم قىلدى. ئىچكىرىدە
ھەربىي مەكتەپ تۈگەتكەن ئوقۇغۇچىلارنى ھەر قايسى ئۆلكىلەرگە



تەخسىم قىلاتتى. ياڭزېڭشىن، ئۆلكىدە ھەربىي خادىملارمۇ بەك تولا
دەپ ئۇلارنىڭ كېلىشىنى توساتتى. ھەر تەبىقىدىكى خۇسۇسىي
كىشىلەر شىنجاڭغا كەلمەكچى بولسا، شىڭشىڭشيادا قاتتىق تەك-
شۈرۈپ تاكى ئۆزى تەستىقلىمىغىچە شىنجاڭغا كىرگۈزمەيتتى. ئىچ-
كىرىدىگە قايتىپ كېتىدىغانلارغىمۇ ئۆلكە مەھكىمىسى يول خېتى
بەرگەندىن كېيىن قايتىپ كېتالايتتى. مىنگونىڭ 4 - يىلىدىن كېيىن،
ئۇ ئىچكى ئۆلكىدىكىلەر بىلەن شىنجاڭدىكىلەر خەت - ئالاقىلىشىپ
ئىچكى - تاشقى ۋەزىيەت ئەھۋاللىرىدىن خەۋەردار بولمۇسۇن
ياكى توپىلاڭ چىقىرىشقا تىل بىرىكتۈرمىسۇن دەپ قورقۇپ، تېپ-
تىنچ تۇرغان شارائىتتىمۇ، پوچتىخانىغا ئادەم ئەۋەتىپ خەت - چەك-
لەرنى تەكشۈرەتتى. ئەگەر خەتچەكلەردە سىياسىي، ھەربىي ئەھۋاللار
توغرىسىدا مۇجمەل جۈملىلەر بولسا، ئۇ خىل خەتلەرنى چاگ-
جۈن يامۇلغا ئېلىپ كېتەتتى. ياڭزېڭشىن ئۆزى كۆرۈپ توغرى
كەلمەيدىغانلىرىنى بېسىپ قوياتتى. ياكى جۈملىلەرنى ئۆچۈرۈپ
تاشلايتتى. تەكشۈرۈپ بولغانلىرىغا، «سېنزوردىن ئۆتتى» دې-
گەن خەت چاپلاپ يەنە پوچتىخانىغا ئەۋەتەتتى» چەتئەل تىلىدا
يېزىلغان خەتلەرنى، مەخسۇس ئادەم تەكشۈرەتتى. شۇ ۋاقىتتا
ئېنگىلىز، فرانسۇزچە يېزىلغان خەتلەرنى فەنزۇخۇەن تەكشۈرەت-
تى. رۇسچە خەتلەرنى تەكشۈرىدىغان مەخسۇس ئادەم بار ئى-
دى. مىنگونىڭ 8 - 9 - يىللىرى (1919 - 1920) رۇسىيىدە ئىچ-
كى ئۇرۇش بولۇۋاتقانلىقتىن، رۇسىيىدىن شىنجاڭغا قېچىپ ئۆت-
كەن كىشىلەر بەك تولا ئىدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە پولىيەكلەر، فىن-
لاندىيىلىكلار، نېمىسلارمۇ بار ئىدى. ئۇلارنىڭ ئامېرىكىدا ئۇرۇق-
تۇغقانلىرى بارلىرى، ئۇلاردىن ياردەم سوراپ ياكى ئامېرىكىدا جان
باققىلى بولامدۇ دەپ سوراپ خەت يازاتتى. فەنزۇخۇەن يوقۇ-

رىدىكى ئۈچ خىل تىلنى بىلمىگەنلىكتىن تەكشۈرۈشكە ئامالسىز ئىدى. شۇڭا بۇ خىل خەتلەرنى باستۇرۇپ قوياتتى. ئېسىمدە قىلىشىچە، بىر فىنلاندىيىلىك ئۆز تىلىدا خەت يېزىپ ئوچۇر ئالالمىغانلىقتىن، ئاخىرى فىرانسۇز تىلىدا خەت يازغان. بۇ خىل تەكشۈرۈش تۈزۈمى كېيىنچە ھەممە ساھەلەر بويىچە يۈرگۈزۈلدى. مىنگونىڭ 16 - يىلى (1927) شىۋېتسىيىلىك سىۋېن ھېدىن باشچىلىقىدا، بېيجىڭ داشۆي پروفېسسورى شۈي بىڭچاڭ ماتاۋۇنلىغىدا كەلگەن جۇڭگو - سوۋېت غەربىي شىمال ئېكسپېدىتسىيە ئۆمىكى تەركىبىدە بېيجىڭ داشۆي ئوقۇغۇچىلىرىمۇ بار ئىدى. بېيجىڭدىكى ئوقۇغۇچىلار ئۇلارغا يازغان خەتكە چاقچاق قىلىپ بىرسىنى «مۇشتۇمچى» دەپ يازغان ئىكەن، ياڭ زېڭشىن بۇنى كۆرۈپ گۇمانلىنىپ، شۇئان ئاتلىق ئەسكەر ئەۋەتىپ گەنسۇ- شىنجاڭ ئارىلىقىدىكى ئوتلاقتا ئۇلارنى تەكشۈرۈپ، بۇ ئۆمەككە موڭغۇللارنى ۋە جۇڭگو تەۋەلىكىدىكى ئىشچىلارنى ياللىماسلىق شەرتى بىلەن شىنجاڭغا كىرگۈزگىلى رۇخسەت قىلغان. شۇنىڭدەك شىنجاڭدا تۇرۇۋاتقان زىيالىيلار ئىچكى ئۆلكىلەردە چىقىدىغان گېزىت - ژۇرناللارغا مۇشتىرى بولالمايتتى. ناۋادا مۇشتىرى بولۇپ، كەلگەن گېزىت-ژۇرناللار بولسا ئۇنى تۇتۇۋېلىپ يالغۇز ياڭ زېڭشىن ئۆزىلا كۆرەتتى. كېيىن زىيالىيلارمۇ مۇشتىرى بولمايدىغان بولدى. شۇنداق قىلىپ ئىچكى ئۆلكىلەرنىڭ خەۋەرلىرى پۈتۈنلەي دېگىدەك ئاڭلانمايدىغان بولدى. شۇنداق قىلىپ شىنجاڭ ئۆلكىسى ياڭ زېڭشىن ۋە ئۇنىڭ ئەۋلاتلىرىغا «سەددى چىننىڭ سىرتىدىكى شاپتۇللۇق باغ»قا ئايلىنىپ قالدى.

ياڭ زېڭشىن ھاكىمىيەت بېشىغا چىققاندىن كېيىن، كورۇنۇشتە مەركەزگە ئىتائەت قىلغاندەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئىتائەت قىل-



مايتتى. مەركەزنىڭ ئەمىر- پەرمانلىرىغا كۆرۈنۈشتە ئەمەل قىلغاندەك بولۇپ ئاستىرتتىن خىلاپلىق قىلاتتى. مەسىلەن: مەنچىڭ دەۋرىدە قۇرۇلغان مەھكىمە، نازارەت، ئوبلاست، ناھىيىلەر بىر تۇتاش ناھىيە قىلىپ ئۆزگەرتىلگەن بولسىمۇ، ناھىيە تەشكىلىي، ئامبال ۋە ئىشچى- خىزمەتچىلەرنىڭ ماتاشلىرىنى شىنجاڭ ئۆز ئالدىغا تۈزگەن بولغاچقا ئىچكى ئۆلكىلەر بىلەن پۈتۈنلەي ئوخشىمايدۇ. ھەربىي تۈزۈم جەھەتتىمۇ، كونا - يېڭى تۈزۈمنى ئارىلاشتۇرۇپ قوللاندى. مىنگو (جۇمھۇرىيەت) قۇرۇلغاندىن كېيىن ھەرقايسى ئۆلكە باشلىقلىرىنىڭ ۋەزىپە نامىنى بىرقانچە قېتىم ئۆزگەرتتى. مەسىلەن: ياڭ زېڭشىننىڭ مەنسىۋىنى دۇدۇ (تۇتۇق بېگى) قوشۇمچە مالىيە نازىرلىقتىن ئۆزگەرتىپ جاڭجۈن (قوماندان) قوشۇمچە باش ئەلچى، ھەربىي نازارەتچى ۋە ئۆلكە ئەمىرى ئەڭ ئاخىرىدا ئۆلكە رەئىسى ۋە چېگرا مۇداپىئە قوماندانى قىلىپ ئۆزگەرتتى. مەنسىۋى قانچە ئۆزگەرسىمۇ، ياڭ ئۆزى قىلچە ئۆزگەرمەستىن ئۆز ئالدىغا ئىستىبداتلىق يۈرگۈزىۋەردى. ئۇ دائىم «مەن پۈتخانىنى بىلىمەن، شەيخنى تونۇمايمەن» دەيتتى. مەركىزىي ھۆكۈمەت تەشكىلىي جەھەتتە قانداق ئۆزگەرتكەن بولسىمۇ، ھاكىمىيەت بېشىغا چىققانلار قايسى پىرقەدىن قانداق ئادەملەر بولسىمۇ، ئۇ ئېتىراپ قىلاتتى. لېكىن ئۆزىنىڭ بىر يۈرۈش كونا ئۇسۇلىنى ھەرگىز ئۆزگەرتمەيتتى. دېمەك، «جىايۈگۈەننىڭ سىرتىدا، يالغۇز ئۆزى خوجا» دېگەندەك بىر نىمە بولۇۋالغان ئىدى.

## 6 . ھەربىيلەرنى ئىدارە قىلىش

شىۋەنتۇڭنىڭ 3 - يىلى (1911) قىشتا ئىلىدا قوزغىلاڭ بولدى. يۈەن داخۋا مەركەزدە ئەسكەر ئاز دەپ، مۇپەتتىش ياڭ زېڭ-

شىنغا 5 باتالىون (يىڭ) خۇيزۇ ئەسكىرى ئېلىپ تۇگلىنىڭ (باش قوماندان مەنسىدە - ت) بولۇشقا بۇيرىدى. يۈەن داخۋا ئىستىپا بېرىپ بىر قىسىم ئەسكەرلىرىنى ئېلىپ ئېچكىرىگە قايتقاندا ياڭزېڭشىن تۇتۇق بېگى (دۇدۇ) بولدى. مەنچىڭ دەۋرىدە چېجياڭدا ھەربى خىزمەت ئۆتەپ گۇنا ئۆتكۈزۈپ قويغانلىقتىن شىنجاڭغا كىلىۋالغان يۈننەنلىك خۇيزۇ مافۇشىڭنى ياڭزېڭشىن ئىشەنچ قىلىپ 5 باتالىون خۇيزۇ ئەسكەرلىرىگە تۇگلىنىڭ قىلدى. بۇ قوشۇننى يېڭى ئەسكەرلەر باتالىيونى دەپ ئاتىدى. ئۇ چاغدا كونا - يېڭى بولۇپ ئون نەچچە باتالىيون ئەسكەر بار ئىدى. مىنگونىڭ 1 - يىلى 8 - ئايدا تاشقى موڭغۇلىيەنىڭ خارقا قىسىملىرى قوبدانى بېسىۋېلىپ ئالتايغا خەۋپ سالدى. ياڭزېڭشىن يەنە خۇيزۇلاردىن ئەسكەر ئېلىپ كونا - يېڭى باتالىيونلاردىن ئەۋەتىپ ئالتاينى مۇداپىئە قىلدى. ۋەقە بېسىلغاندىن كېيىن ئۇ ئەسكەرلەرنى رەتلىگەن بولسىمۇ كونا - يېڭى تۈزۈملەرنى ئارىلاشتۇرۇپ قوللاندى. قوشۇنلار بىرلىككە كەلمىدى. بەزەن باتالىيونلار بىۋاستە ياڭنىڭ قوماندانلىقىغا بويسۇناتتى. ئۇ چاغدىكى بىرىگادا (لۈي) پولك (تۇەن) باتالىيون (يىڭ) روتا (لىيەن) لەردە ئادەم سانى تولۇق ئەمەس ئىدى. ئەمەلدارلارنىڭ قۇرۇق نامغا پۇل ئېلىپ خەشلەۋاتقانلىقىغا كوز يۇماتتى. ئۇلار ئىش قىلىپ ئوز ھاكىمىيىتىنى ساقلاپ بەرسىلا بولدى دەيتتى. ئۇ ھەربىلەرنى تارقاق ۋە ئوز ئارا ئىتتىپاقسىز ئىدارە قىلاتتى. ئۇنىڭ سوزىچە: «بىر تىزىق داچەننى يەرگە چېچىۋاتساق ئۇنى تېرىۋېلىشقا بىر مۇنچە ۋاقىت، بىر مۇنچە ئەمگەك كېتىدۇ» ھەربىلەرنىمۇ بىرلىككە كەلتۈرمەسلىك كېرەك. ئىناق



بولسا بىرلىشىپ ئىسيان قىلىدۇ دەيتتى. بۇنداق ئاچايىپ ھەربى سىياسەت ئاستىدىكى ياڭنىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ نەقەدەر قالايمىقان ۋە چىرىكلەشكەن ئەسكەر ئىكەنلىكىنى بىر كورۇپلا بىلىۋالغىلى بولىدۇ. ئۇ چاغدا ئەسكەرنىڭ ئايلىقى 4 سەر 2 مىسقال ئىدى. سىرتتىكى مەدىكارلارنىڭ ئايلىقى ئەسكەرلەرنىڭكىدىن نەچچە ھەسسە ئۈستۈن بولاتتى. شۇڭا ئەسكەرلەرنىڭ تولىسى خاراكتىرى جەھەتتە لايغەزەل ياكى كىسەلچان - ئاجىزكېلەتتى. بەزەنلىرى يازدا مەدىكارچىلىق قىلىپ كىشىلەرگە ئەپيۇن تېرىشى، ئوت ئورۇشى، ئوتۇن كەسلەش قاتارلىق ئىشلارنى قىلاتتى. بەزەنلىرى سىۋەتزەمبىل توقۇپ ساتاتتى. قىشلىقى قار تازىلاپ كىرىم قىلاتتى. دېمەك ئەسكەرلەر يازلىقى مەدىكار، قىشلىقى ئەسكەر بولاتتى. ئەسكەرلەرنىڭ كىيىملىرىمۇ ناچارھەم بوشاڭ رەختلەردىن تىكىلەتتى. بۇنىڭدىنمۇ زىغ - زىغ چىقىراتتى. شۇڭا ياڭزېڭشىن سىرتقا چىققاندا مۇھاپىزەتچى قوشۇنلىرى ئەبگا، چاپانلىرى يىرتۇق، مىلتىق-قىلىچلىرى دات باسقان ھالەتتە ھېچقانچە ھەيۋىسى يوق ئىدى. ھەربى ئەمەلدارلار يوق ئادەمنىڭ مائاشىنى يەپ تولىسى بېيىپ كېتەتتى. ئۆي- جاي، يەر- زېمىن سېتىۋالاتتى. يەپ-ئىچىپ، قىمار ئويناپتتى. ياڭزېڭشىن شۇنداق قىلسام ھەربى ئەمەلدارلارنىڭ نىيىتى بۇزۇلمايدۇ دەپ كارى بولمايتتى.

يوقۇرىدىكى بايانلار ئۆزەم كورگەن ۋە ئاڭلىغانلىرىمدىن ئىبارەت. ۋاقىت ئۇزارغاشقا تولا ئىشلار ئېسىمدىن كوتۈرۈلۈپتۇ. خاتا جايلىرى بولسا، كىتاپخانلارنىڭ تۈزۈتۈشىنى ئۈمىت قىلىمەن.

# ياڭ زىڭشىننىڭ ئۆلۈمى

گوڭ بىيچىڭ

ياڭ زىڭشىن شىنجاڭدا 17 يىل ھۆكۈمرانلىق قىلىپ، ئاخىرى بىر پاي ئوق بىلەن ئۆلدى.

ياڭ زىڭشىننىڭ شىنجاڭلىقلارنىڭ كۆڭلىدە ھەم يامان ھەم ياخشى دېگەن تەسىرى بار، گەرچە ئۇنىڭدىن كېيىنكى ھۆكۈمرانلارغا سېلىشتۇرغاندا شىنجاڭ خەلقىنىڭ تارتقان ئازاۋى بىر قەدەر يېنىكرەك بىلىنسىمۇ، لېكىن ئۇ، باشتىن ئاخىرغىچە ئۆزىنىڭ «ھەربىيسىز باشقۇرۇش» دېگەن ھۆكۈمرانلىق پىكىرىنى ۋە شىنجاڭ خەلقىنى ئىكسپىلاتاتسىيە قىلىش ھەركىتىنى داۋاملاشتۇردى، كېيىنكى بىر نوختىسى ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى خەنزۇ ئەمەلدارلارنىڭ ساندۇقلىرىنى تولدۇرۇپ قايتىشىغا ۋاستىلىق سەۋەپ بولدى.

ياڭ زىڭشىن ئۆزىنىڭ شىنجاڭدىن كېتالمايدىغانلىقىنى، ھەتتا شىنجاڭدا ئۆلۈپ كېتىدىغانلىقىنى بىلگەندەك، قىز ۋە كۈيئوغۇللىرىنى شىنجاڭدا تۇرغۇزماي ئىلگىرى ئاخىرى قىلىپ ئىچكىرىگە ماڭدۇرۇۋەتكەن ئىدى. 1924 - يىللىرى، مەن بېيجىڭ ئالى مەكتىۋىدە ئوقۇۋاتاتتىم، بىر كۈنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ بېيجىڭدا تۇرۇشلۇق ۋەكىلى - لى جۇڭلىننىڭ ئۆيىدە ياڭ زىڭشىندىن قىزىغا كەلگەن تېلېگراممىنى كـــۆرۈپ قالدىم. ئۇنىڭدا «مەن ياشاندىم، ھايات چېغىمدا يۈمۇڭگىڭۋەندىن چىققان ئىدىم، لېكىن قايەردە ئۆلە-



دىغانلىقىمنى بىلەلمەيمەن. مەن شىنجاڭغا سادىق، شىنجاڭدا تۈگۈشمەن» دېيىلگەن. ئەڭ ئاخىرىدا ئۈچىنچى ئايلىنى ئىچكىرىگە ماڭدۇرۇپ ئورۇنلاشتۇرۇپ قويدى. 1928 - يىلى ياڭ زىڭشىن 63 ياشقا كىرگەن ئىدى. 7- ئاينىڭ 3 - كۈنى، ئولتۇرۇلۇشىدىن بىر نەچچە كۈن ئىلگىرى ئۇ، ناھايىتى پەرىشان بولۇپ تۇنجى قىزىنى 40 كۈن ئىچىدە بېيجىڭدىن يەتكۈزۈپ كېلىشكە زەيسەندە تۇرۇشلۇق كۈنسۇلى گۇاڭ لۇنى بۇيرىدى، لېكىن 7 - ئاينىڭ بەشىنچى كۈنى يەنە تېلېگرام يوللاپ توختۇتۇپ قويدى. 7 - كۈنى ئۇ ئولتۇرۇلدى.

ياڭ زىڭشىن شىنجاڭدا ئۆلۈپ كېتىدىغانلىقىنى بىلسىمۇ، لېكىن قول ئاستىدىكىلەرنىڭ قولىدا بىر پاي ئوقتا ئولتۇرۇلىدىغانلىقىنى ھەرگىز ئويلىمىغان ئىدى.

## ياڭ زىڭشىننىڭ شىنجاڭدىكى ھۆكۈمرانلىقى

ياڭ زىڭشىن يۈننەن مىڭزىلىق، گۇاڭشۈي يىللىرىدىكى ئىمتىھاندىن ئۆتكەن تەشرىپتار، گەنسۇ ئۆلكىسىدە ئامبال، خېجۇ ۋىلايىتىدە ۋالى بولغان، گۇاڭشۈينىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا شىنجاڭغا يۆتكىلىپ، ئاقسۇ ۋىلايىتىگە ۋالى بولدى. كېيىن ئۈرۈمچى ۋىلايىتىنىڭ ۋالىسى بولدى. ئىلى ئىنقىلابىدىن كېيىن ئىلى، ئۈرۈمچى ئىككى تەرەپ كېلىشىم ياساپ، يۈەن دا خۇانىڭ يۈەنشىكەيگە كورسۇتۇشى بىلەن يۈەن داخۇانىڭ ئورنىدا دۇدۇ بولۇپ قوشۇمچە خەلق ئىشلار نازىرى بولدى.

ياڭ زىڭشىن شىنجاڭدا 17 يىل ھۆكۈم سۈردى. ئۇنىڭ بىر يۈرۈش ئۇسۇلى بولغانىمىشى، ئۇنىڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمىتىنىڭ زالىغا ئېسىلغان لەۋھەگە يازغان شېئىرىغا قاراپلا، شىنجاڭدا قانداق ھۆكۈمرانلىق قىلغانلىقىنى چۈشەنگىلى بولىدۇ.

ياڭزېڭشىن ھەر كۈنى تاڭ سەھەردە ئورنىدىن تۇرۇپ ئىشقا چۈشۈشتىن بۇرۇن بىرەر سائەت لاۋزىنىڭ كىتاۋىنى ئوقۇيتتى، شۇڭا ئۇنىڭ سىياسىي غايىسى: «ئاھالىسى ئاز كىچىك دۆلەت بولۇش» «توخۇ بىلەن ئىت بىر-بىرسىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىشىپ تۇرسىمۇ، ئۆلگىچە بېرىش-كېلىش قىلماسلىق» دېگەن لاۋزىنىڭ سىياسىي تەشەببۇسى ۋە كوڭزىچە ئۇسۇلدىن ئىبارەت ئىدى. دېمەك شىنجاڭ خەلقى ئۇنىڭ ئەشۇ غايىسى ئاستىدا 17 يىلنى بېشىدىن ئۆتكۈزدى.

ئۇ ھاكىمىيەت بېشىغا چىققاندىن كېيىن، سىرتقا قارىتا، ئىچكى ئۆلكىلەردىن ئادەم كەلتۈرمەسلىك ۋە شىنجاڭلىقنى چەتكە چىقارماسلىق؛ ئىچكى جەھەتتە، باشقۇرۇش ئاسان بولسۇن ئۈچۈن، مىللەتلەر ئارىسىدا «بىرىنى-بىرىگە باغلاپ كونترول قىلىش»، «قارىمۇ-قارشى قويۇش» ۋەزىيىتىنى بارلىققا كەلتۈردى. ئۇنىڭ سىياسىي پوزىتسىيىسى «كېلەچەك ئۈچۈن سەممىيەت بولۇش»، «ئۆتكەننى ئەسلەپ خاتالىقلارنى تۈزۈتۈش» دەپ ھېچ ئىككىلەنمەستىن ئۆز غايىۋى مەقسىدىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئىدى؛ بوش ۋاقتىدا ئۇ تەدبىرلىرىنىڭ ئۆزگەرتىلىشى ۋە كۈچەيتۈرۈلىشى ئۈستىدە خىيال سۈرەتتى. بۇ ئەھۋاللارنى ئۇنىڭ يازغان «تۈزۈتۈلۈشتىن ئالغان ئىبرەتلەر» ۋە «تۈزۈتۈلۈشتىن ئالغان ئىبرەتلەر خاتىرىسى» دىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا بويسۇنمايدىغان ياكى خىيانەت قىلغان ئەمەلدارلار ۋە خەلققە زۇلۇم قىلىپ ئاياللارنى ئاياق-ئاستى قىلغان چوڭ پومېشچىكلار ۋە ئاخۇنلارنى «چايلاش ئۈچۈن ئالدى بىلەن گوللاش» ئۇسۇلىنى قوللاندى. يەنى ئەمەلىنى ئۆستۈرۈش، «ئۆز مەيلىگە قويۇپ بېرىش» چېكىگە يەتكەندە ئۇنى چايلىۋېتىشتىن ئىبارەت بولدى.



مەسىلەن: قەشقەردىكى ماتىنەي (خۇيزۇ) خەلققە زۇلۇم سېلىپ ئاياللارنى ئاياق ئاستى قىلىشتەك ئەسكى ئىشلارنى قىلغاندا ياڭزېڭشىن ئۇنىڭ ئەمەلىنى ئۆستۈردى، ئاندىن تۇيدۇرماي چايلىۋەتتى. يەنە بىر مىسال: ياڭزېڭشىننىڭ ئىشلىرىنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن بېيجىڭدىن ئەۋەتىلگەن بىر نەچچە ئامباللارنى شۇنىڭدەك ئۆزىنىڭ قول ئاستىدىكى ئادىيۇتانتلار باشلىقى شىيادىڭ، توپچى باتالىيون باشلىقى لى يىڭلارنى زىياپەت ئۈستىدە چايلاپ تاشلىدى.

ياڭزېڭشىن شىنجاڭ خەلقىدىن يەر تېرىشنى، بىر ئاز ھۈنەر بىلىشنىلا تەلەپ قىلاتتى. بىلىملىك ۋە سىياسىي ئىدىيىلىك بولۇشنى خالىمايتتى. 1919-يىلى بىز ئىلىدىن بېيجىڭغا ئوقۇشقا ماڭغاندا، ئۈرۈمچىگە كىرمەي گومۇتى بىلەن ماڭساق، بىر پەي ئەسكەر ئەۋەتىپ بىزنى ئۈرۈمچىگە ياندۇرۇپ 18 كۈن نەزەربەنت قىلغاندىن كېيىن بىز بىلەن كۆرۈشۈپ: «مەن سىلەرنى شېكەرچىلىكنى ئۆگىنىش ئۈچۈن خاربىنگە ئەۋەتەي، ئىلى بولسا ئىنقىلاۋى جاي، ئەگەر سىلەر ئىچكى ئۆلكىگە بېرىپ سىياسىي قانۇن ياكى باشقا مەكتەپلەردە ئوقۇپ قايتقاندىن كېيىن بىرەر ئىنقىلاۋى ھەرىكەت بولۇپ قالىدىغان بولسا ئالدى بىلەن سىلەرنىڭ بوينۇڭلارغا قىلىچ تېگىدۇ» دېدى. مۇسۇلمان بالىلىرىنىڭ دىنىي مەكتەپتە بىر ئاز ئوقۇشىغا رۇخسەت قىلاتتى.

ياڭزېڭشىن گويا پەنگە ئىشەنمەيدىغاندەك يۈرەتتى، ئۇ جۇڭگونىڭ ئۆتمۈشتىكى كوڭزى يولى بودا تەلىماتى ۋە تۆرلۈك مەزھەپ كىتابلىرىنى مۇتالىئە قىلىشىلا بولىدۇ، چەتئەلدىن ئۆگىنىپ ئىزدىنىشنىڭ ھاجىتى يوق، ھېچ بولمىغاندا ياراق-جابدۇق، ئاپتوموبىل ياكى باشقا ماشىنىلارنى ئىشلىتىشنى ئۆگەنسىلا بولار دەپ

تەشەببۇس قىلاتتى. چاھانگىرلىكنىڭ مەدەنىيەت تاجاۋۇزچىسى سىۋېن ھېدىن شىنجاڭغا ئارخېئولوگىك تەكشۈرۈش ئۈچۈن كەلگەندە ياڭزېڭشىن بىلەن كۆرۈشۈپ ئارخېئولوگىيەنىڭ مەخسۇس بىر پەن ئىكەنلىكىنى سۆزلىگەندە ياڭزېڭشىن كۈلۈمسىرەپ، ئىشخانىسىنىڭ ئۇزۇن ۋاقىت رېمونت قىلىنمىغان تۈرىسىنى كۆرسىتىپ: «سىز سەھرالارنى كېزىپ يۈرمەي، ئالدى بىلەن مېنىڭ بۇ ئۆيۈمنى تەكشۈرۈپ كۆرسىڭىز قانداق» دېگەن ئىكەن.

ياڭزېڭشىن شىنجاڭ خەلقىدىن ئىچكى ئۆلكىلەردە مىللىيتارىستلار ھاكىمىيەت تالىشىپ سوقۇشۇۋاتقان شارائىتتا باشقا ئىشلارغا ئارلاشمايدىغان مومىن خەلق بولۇشىنى، ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا ئۆمۈرۋايەت غەپلەتكە چۆككەن ھالدا نادان ئۆتۈشنى تەلەپ قىلاتتى. ئەمما ئۇ دەۋر چاقىنىڭ ئالغا بېسىۋاتقان ئىدىيەۋى ئېقىمىنى توساپ قالالمىدى، ئاخىر دەۋر چاقى ئاستىدا ھالاك بولدى.

## دەۋر دولقۇنى ئاستىدىكى ياڭزېڭشىن

ياڭزېڭشىن دەۋر چاقىنىڭ ئىلگىرىلىشى ئاستىدا ئىچكىرىدىن كەلگەن خارجى ئىشلار مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى پەنياۋنەننى كۈتۈۋالدى. ئىلگىرىلەۋاتقان دولقۇننىڭ تەسىرىدە، ئوتتۇرا مەكتەپ تەسىس قىلدى. ئۇنىڭ ئارقىدىن روسچە سىياسى قانۇن كۇرسى ئاچتى. شۇنىڭدىن كېيىن ياڭزېڭشىن شىنجاڭ خەلقىنى ئىدارە قىلىش ئۇستىدە ئويلۇنۇپلا قالماستىن، بەلكى تۈرلۈك يېڭى ئىشلار بىلەن كۆرەش قىلىشقا باش قاتۇردى.

شىنجاڭدىكى «ئەمەلدارلار سەھنىسى»دە پەنياۋنەن «زىرەك، قاۋۇل» دەپ ئاتالدى. ئۇنىڭ خارجى ئىشلار چەھەتتە ئۆز ئالدىغا ئالاھىدە تەشەببۇسى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى باشقا مەمۇرى



چەھەتلەردىمۇ ياڭزېڭشىنغا ئوخشىمايدىغان قاراشلىرى بار ئىدى. ئۇنىڭ شىنجاڭغا كېلىشى خۇددى جىم-جىت كۆلگە تاش ئېتىپ، چەمبىرەكسىمان دولقۇن پەيدا قىلغاندەك بولدى. شۇنىڭ بىلەن پەنياۋنەن ياڭزېڭشىن ئوتتۇرىسىدا كۆرەش باشلاندى.

شىنجاڭدىكى خۇنەن ۋە خۇبېيلىقلار پەيدىن-پەي پەنياۋنەن تەرەپكە ئۆتۈشتى. ھوقۇق تەسىرىگە قاراپ يان باسىدىغانلارمۇ ئاتالمىش «مەركەز»دىن ئەۋەتىلگەن كىشىگە يېقىنلىشىشنى خالايتتى. پەنياۋنەن ھەر يانغا يەنى مەمۇرىيەت، سودا تىجارەت، ھەربى، ئوقۇغۇچى ۋە ھەرمىللەت يۇقۇرى تەبىقىلىرى، دىنىي باشلىقلار ساھەلىرىگە قول ئۇزۇتاتتى.

ياڭزېڭشىن شىنجاڭ خەلقى ئالدىدا پەنياۋنەنگە بوش كەلمەيدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، خەلقىنىڭ كۈچى بىلەن ئىچكىرىدىن ئەۋەتىلگەن بۇ خارجى ئىشلار مەھكىمىسىنىڭ باشلىقىغا زەربە بېرىشكە باشلىدى. ئۇ ئۆزىگە قاراشلىق كۈچلەر بىلەن ئۇنىڭ ئارزۇلىرىنى چەكلىدى، ياكى قارشىلىق قىلدى. ھەتتا شۇ چاغدىكى ئاتالمىش «مەركەز»گە ئۇنى يوتكەپ كېتىشكە بىر قانچە قېتىملاپ پىكىر بەردى.

ياڭزېڭشىن ئۆزى ئوقۇتقۇچىلارنى يېتىشتۈرۈپ چىقىش ئۈچۈن بىر سىپەن (دارىلمۇئەللىمىن) مەكتىۋى قۇردى. چۈنكى، ئۇ شىنجاڭدا باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتتۈرگەنلەرنىڭ قولىدىن ئىش كەلمەيدىغانلىقىنى بىلىپ، مائارىپ ۋازارىتىنىڭ ئورتا مەكتەپ قۇرۇش توغرىسىدىكى تەكلىۋىنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇر بولدى. ئۇ يەنە ئىچكىرىدىن روسچە سىياسى قانۇن مەكتىۋىنى پۈتتۈرۈپ كەلگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئورتا، تۆۋەن دەرىجىلىك ئەمەلدار بولۇشقا ۋە سوۋېت چېگرالىرىدىكى چۆچەك كونسۇلخانىلىرىدا خارجى خادىملار بولۇشقا

لاياقىتى بولسىمۇ لېكىن ئۇ، بۇلار بەربىر شىنجاڭدا تۇرمايدۇ، خاتىرجەم ئىشلىمەيدۇ، شۇڭا گەپ ئاڭلايدىغان، مەن ئۈچۈن بىمالال ئىشلەيدىغان بىر تۈركۈم كىشىلەرنى تەربىيەلەپ چىقىشىم كېرەك، دەپ ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ بىرىنچى سىنىپىدا ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنى ئاساس قىلىپ، رۇسچە سىياسىي قانۇن مەكتىپىنى تەسىس قىلىپ، 4-5 يىل ئىچىدە «ئۈنۈم» كوردى. ئىككىنچى قارار ئوقۇش پۈتتۈرگەندە ئۆزشاگىرتلىرىنىڭ پۈتۈن شىنجاڭغا تارقالغانلىقى بىلەن غورۇرلاندى، ئۇ ئۆزىچە ئىلگىرىلەۋاتقان دەۋرنى زىيرەكلىك بىلەن ئويناپ، ئىلغار ئىدىيە ئېقىمىنى ئۆزىنىڭ غايىسىگە توغرى كېلىدىغان ئېرىقتا ئاققۇزغاندەك ھېس قىلدى.

بېيجىڭلىك رۇسچە سىياسىي قانۇن مەكتىپىنى پۈتتۈرگەن خۇنەنلىك جىيالىڭچۇڭشى پەن ياۋنەننىڭ مۇناسىۋەت قىلىشى بىلەن يوشۇرۇن ھالدا ئىچكىرىدىن شىنجاڭغا كېلىپ شىنجاڭدىكى رۇسچە سىياسىي قانۇن مەكتىپىگە ئىلمىي مۇدىر بولدى. بۇ پەن ياۋنەننىڭ پىلانىچە ياڭزېڭشىن بىلەن بولغان كۈرەشتە ياخشى ماڭغان بىر پىچىكىسى ئىدى. لېكىن ياڭزېڭشىن يېڭى كەلگەن بۇ ياشنىڭ سىياسىي دۈشمەنلىرى تەرىپىدىن كومۇپ قويغان قەرەللىك پارتلايدىغان بىر بومبا ئىكەنلىكىنى ئويلاپ يەتمىگەن ئىدى.

ياڭزېڭشىننىڭ 1919-يىلدىن كېيىن، نەچچە يىللىق ھۆكۈمرانلىق قىلىش جەريانىدا شىنجاڭ ھەر جەھەتتىن تىنىچ-خاتىرجەم بولدى. ھەر مىللەت خەلقى ئۆز-ئارا ئىناق ئۆتۈشتى، ئالتايمۇ شىنجاڭغا قوشۇلدى. شىنجاڭغا چىكىنىپ كەلگەن ئاق ئورۇسلارمۇ خاتىرجەم ئۆز ئۆۋقىتىگە كىرىشتى، قاپقىنىسى تاقالغان شىنجاڭدا ئىچكىرى ئۆلكىلەردىن كىشىلەرنىڭ بېرىپ كېلىشى بىلەن چاتاق چىقمايدۇ، دەپ ئويلىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ سىياسىي دۈشمىنى



پەن ياۋنەننىڭ باشقا بىر تەرەپتىن يوشۇرۇن ھازىرلىق كۆرۈۋاتقانلىقىغا دىققەت قىلمىغان ئىدى.

پەن ياۋنەن بىلەن جىيالىڭچۇڭشىنىڭ ياڭزېڭشىننى ئۆلتۈرۈش پىلانى بىر ئىككى كۈن ئىچىدە تەييار بولغان ئىش بولماستىن بەلكى خارجى ئىشلار مەھكىمىسىنىڭ ئارقا باغچىسىدا ئۇزۇندىن بېرى يوشۇرۇن مەسلىھەتلىشىپ، ئەتراپلىق ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئىش ئىدى. رۇسچە سىياسىي قانۇن مەكتىپىدىكى بارلىق خىزمەتچىلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ياڭزېڭشىن تەيىنلەپ ئەۋەتكەن كىشىلەر بولغاچقا بۇ يەردە پۇرسەت ئاز ئىدى. ياڭزېڭشىن بۇ مەكتەپكە تولا كەلمەيتتى، كەلگەن تەقدىردىمۇ، بۇ يەردە ئىش قىلىش تەس ئىدى. ياڭزېڭشىن بۇ مەكتەپنى ئۆزىنىڭ كادىر يېتىشتۈرىدىغان ئورنى دەپ ھېسابلايتتى. ئادەتتە بۇ مەكتەپكە كۆپ بارمىسىمۇ، لېكىن ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇراسىملىرىدا بېرىپ ئۆزى يېتىشتۈرۈپ چىققان كىشىلەر بىلەن كۆرۈشۈپ بىرەر يول-يورۇق بېرىشكە توغرا كېلەتتى.

پەن ياۋنەن ياڭزېڭشىننى ئۆلتۈرۈشتىن بۇرۇن كەلگۈسى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ھەيئەت ئەزالىرى ۋە نازىرلىرىنىڭ ئىسىملىكىنى تەييارلاپ مەسلىھەتداشلىرى بىلەن پىكىر ئالماشتۇرغانىدى. پەن ياۋنەن ياڭزېڭشىننى ئۆلتۈرۈش ئىشى چوقۇم مۇۋەپپەقىيەتلىك بولىدۇ، دەپ ئويلىغان، لېكىن ئۆزىنىڭ ئۆلۈپ كېتىدىغانلىقىنى، باشقىلارنىڭ غالىبىيەت مېۋىسىگە ئىگە بولۇپ قالىدىغانلىقىنى ئويلىمىغان ئىدى.

پەن ياۋنەن شىنجاڭدا ئەمەلدار بولۇپ ئىشلەپ ئىچكىرىگە قايتقاندىن كېيىن بېيجىڭدا خىزمەت قىلغان. 1917-يىلى شىنجاڭ ئاقسۇ ۋىلايىتىدە ۋالىيلىق ئورۇن بوش قالغاندا، ئىچكى ئىشلار ۋەزىرى جىياڭگۇگەننىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن ئۇنى شىنجاڭغا يەنە ئەۋەتمەكچى بولغان بول-

سىمۇ، مىنىستىر دىۋەن چىرۇي قوشۇلمىغان، كېيىنچە مىنىستىرنىڭ رازى- لىغى ئېلىنىپ شىنجاڭغا ئەۋەتىلگەندە ياڭزېڭشىن ئۇنىڭ بىلەن كورۇ- شۇشنى رەت قىلغان، پەن ياۋنەن شىنجاڭغا كېلىپ ھەركۈنى دىگىدەك كورۇ- شۇشنى ئارزۇ قىلغان. ئاردىن بىرەر ئاي ئۆتكەندە ئاندىن خىزمەتكە تەيىنلەنگەن. ياڭزېڭشىن پەن ياۋنەننىڭ خېلى قابىلىيەتلىك ۋە بىلىم- لىك ئىكەنلىگىنى، ياپونىيەدە ئوقۇغانلىغىنى نەزەردە تۇتۇپ ئۇنىڭ- غا ئۈرۈمچى ۋالىسى، خارجى مەھكىمە باشلىغى ۋە ھەربى ئىشلار نازىرى دەپ ئۈچ ئەمەل بېرىپ ئىشقا تەيىنلەيدۇ. پەن ياۋنەنمۇ ئىشىنىڭ ئېغىر- لىغىدىن زارلانماي ھەممە ئىشنى جايىدا ئورۇنلايدۇ. ياڭزېڭشىن كورۇنۇشتە ئۇنى ياخشى كورسىمۇ، ئەمىلىيەتتە يوشۇرۇن نازا- رەت قىلىدۇ. پەن ياۋنەننىڭ ئوتەۋاتقان ئىشى ئوزىنىڭ دىتىغا ياقماي، ئىچ- كىرىدىگە قايتىشنى تەكرار تەلەپ قىلغاندا ياڭ زېڭشىن رۇخسەت قىلمايدۇ. مىڭگو يىلىنىڭ 17 - يىلى بايراق ئوزگەرگەندە، ياڭزېڭشىننىڭ كورسەتكەن ھەيئەت ئەزالىرى ۋە نازىرلار ئىسمىلىكىدە پەن ياۋ- نەننىڭ ئىسمى بولمىغىنى ئۈچۈن ئۇ تېخىمۇ نارازى بولدى. ياڭزېڭشىن ھەيئەت تۈزۈمىنى يولغا قويسىمۇ، ئەمما ئوزىنىڭ مۇستەبىتلىگىنى تاشلىغىنى شۇنىڭ بىلەن يوق، پەن ياۋنەن بۇ ئىشتىن ئوزىگە خەۋپ بارلىغىنى سېزىپ، ئالدىن ۋەقە قوزغاش قارارىغا كەلدى. تۈرمىدىن چىقىرىل- غان بىر مەھبۇسنى تېپىپ، ياڭ زېڭشىننى ئولتۇرۇش ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىش - قىلالماسلىغىنى سورىغاندا، مەھبۇس ئادا قىلالايمەن دەپ قەتئى جاۋاپ بەردى. ھەمدە بىر نەچچە شايكىلىرىنى ئۇيۇش- تۇرۇپ ياڭزېڭشىننى ئولتۇرۇش كويىغا چۈشتى.

## ياڭزېڭشىننىڭ ئولتۇرۇلۇشى

1928 - يىلى 7 - ئاينىڭ 7 - كۈنى ياڭزېڭشىن، پەن ياۋنەنلەرگە ئۆلۈم، جىڭشۇرىنغا خوشاللىق كەلتۈرگەن بىر كۈن ھېسابلىنىدۇ.



بۇ كۈنى ئۈرۈمچىنىڭ شىمالىدىكى روسچە سىياسى قانۇن مەكتىۋىدە ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇراسىمى قىزىغان ئىدى. مۇراسىمغا ياڭزېڭشىن ۋە نازىرلارنىڭ ھەممىسى قاتنىشىپ، كاتتا داغدۇغىلىق زىيا- پەت بېرىلدى.

ئۈرۈمچى شەھىرىدە تۇرۇشلۇق ھەيئەت ئەزالار، نازىرلار، ھەربى - مەمۇرى ئەمەلدارلار ئوز مۇھاپىزەتچىلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ، ئارقىمۇ - ئارقا مەكتەپكە كېلىشتى، ياڭزېڭشىن ئىشتىراك قىلدى، سوۋېت كونسۇلىمۇ تەكلىپ بويىچە قاتناشتى، جىڭشۇرىن سىياسى ئىشلار نازارىتىنىڭ مۇھىم ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىش بانىسى بىلەن زىياپەتتىن ئاۋالراق قايتىپ كەتتى.

مۇراسىم ئېچىلىشتىن ئىلگىرى مەكتەپنىڭ ئىلمى مۇدىرى جىيالىڭچۇڭشى ئەمەلدارلارنى ساھىپخان سۈپىتىدە ھورمەت بىلەن كۈتۈۋالدى، ياڭزېڭشىننى زىيادە ھورمەتلىدى. پەن ياۋنەن ئەسلىدە ياڭزېڭشىننى رەسىمگە چۈشكەندە ئولتۇرۇشنى پىلانلىغان ئىدى. دۇلۇيجاڭ (بىرىگادا باشلىغى) غەيرى كىشىلەرنىڭ كۆپلىگىنى كورۇپ، جىيالىڭچۇڭشىدىن بۇ نىمە ئادەملەر دەپ سورىغاندا، جىيالىڭ ئوقۇغۇچىلار دەپ جاۋاپ بەرگەنمىش، شۇڭا قولايسىز بولۇپ مۇرا- سىمدىن كېيىن زىياپەتتە جايلىماقچى بولدى.

پەن ياۋنەن بىلەن جىيالىڭچۇڭشى ھەركەت باشلاشتىن ئىلگىرى ياڭ- زېڭشىننىڭ مۇھاپىزەتچىلىرىنى ناھايىتى ھورمەتلەپ ئايرىم بىر ئويدە كۈتۈۋالدى، پەن ياۋنەن ئۇلارغا ھاۋا ئىسسىق قۇراللارنى بىر تەرەپكە ئېلىپ قويۇپ ئازادە ئولتۇرۇپ تاماق يەڭلار دەپ تەكلىپ بەردى، قوغداش ۋەزىپىسىدىكى بۇ خادىملار خوشاللىنىپ ھەممىنى ئۇنۇتقان ھالدا ھاراق - شاراپقا كىرىشىپ كەتتى. ئۇلار تاماققا كىرىشكەن چاغدا ئوز خوجايىنىنىڭ ئوقتا ئۆلۈشنى ئويلىمىغان ئىدى.

مۇراسىمدىن كېيىن، ياڭزىيېڭشىن زىياپەتكە تەكلىپ قىلىنىدى، ياڭزىيېڭشىن ئوقۇشنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنى كوزدىن كەچۈرگەندىن كېيىن ناھايىتى خوشال - خورام ھالدا كىلىپ زىياپەتكە ئولتۇردى. 1932-يىلى مەن شىنجاڭغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن شۇ زىياپەتكە قاتناشقان ئەمرات نازىرى يەن يۈشەن ماڭا مۇنداق سۆزلەپ بەرگەن ئىدى: ئۇ كۈنى دەرسخانىغا 3 جوزا ھازىرلانغان، خەنزۇ تىلى مۇئەللىملىرى ياڭزىيېڭشىن، دولۇيجاڭ قاتارلىقلار بىلەن بىر جوزىدا ئولتۇردى، يەنە بىر جوزىدا سوۋيېت كونسۇلى ۋە ئۇنىڭ رەپىقىسى ئولتۇردى. بۇ جوزىدا يەنە پەن ياۋنەن بىلەن جىياڭچۈگشىمۇ بارئىدى. ئىككى تۈرلۈك سەي تارتىلغاندىن كېيىن، ياڭزىيېڭشىن ھەربى مەكتەپكە باردىغان ئىشىم بار دەپ سەينى چاپسان كەلتۈرۈشكە ئالدىراتتى، ئەمما سەيلەر ئاستا كېلەتتى، ياڭزىيېڭشىن بىرسى بىلەن «گاۋشىڭ①» ئويناپ ھاراق ئىچىۋاتقاندا، جىياڭچۈگشى بىردىنلا ئورنىدىن تۇرۇپ بىر پوتولكا ھاراقنى جوزىغا قاتتىق قويدى، كوپچۈلۈك چوچۇپ ھەيران بولۇپ، بۇ ھەجەپ ياڭزىيېڭشىننىڭ ئالدىدا ئەدەپسىزلىك قىلدىغۇ دەپ ئويلاشتى. كېيىن پەن ياۋنەن جىياڭچۈگشىدىن ھەممە ئىش تەييار بولدىمۇ دەپ سورىدى. جىياڭ تەييار بولدى، دەپ جاۋاپ بەردى. پەن ياۋنەن كونسۇل بىلەن رومكا ئۇرۇشتۇرۇش بىلەنلا سەي توشىغۇچى ناگانىنى چىقىرىپ ياڭزىيېڭشىننى ئاتتى. بىر پاي ئوق تەگىش بىلەن ياڭزىيېڭشىن ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ كوزىنى چەكچەيتىپ، نىمەگەپ بۇ؟ دەپ ۋاقىرىدى، جاۋابەن ئارقىمۇ-ئارقا 7 پاي ئوق ئېتىلدى، ياڭزىيېڭشىن ئولدى. زىياپەتتىكى كىشىلەر قورقۇپ قېچىشتى. كونسۇل رەپىقىسى بىلەن ھاجەتخانىغا كىرىپ موكۇۋالدى دولۇيجاڭمۇ ئېتىپ تاشلى

① خەنزۇ ئورۇپ ئادىتىدە ھاراق ئىچكەندە گاۋشىڭ دەپ تۇۋلاپ ئوينايدىغان قول ئويۇنى



ندى، نازىر يەن يۈشەن بىر پاي ئوقتا يىقىلدى، ئەمما ئۇ يالغاندىن ئولگەن بولۇۋېلىپ ياڭزىيېڭشىننىڭ يېنىدا جىم ياتتى. پەن ياۋنەن زالدىن چىقىش ئالدىدا ياڭزىيېڭشىننىڭ مەيدىسىگە يەنە ئىككى پاي ئوق ئاتتى. بۇ چاغدا يەن يۈشەننىڭ پۇتىغا يەنە بىر پاي ئوق تەگدى. كېيىن بىرسى ياڭزىيېڭشىننىڭ يېنىدىن ئاچقۇچلارنى ئاختۇرۇپ ئالدى. يەن يۈشەن زالدا ئادەم قالمىغاندىن كېيىن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ياتىقىغا كىرىپ موكۇۋالدى. مەكتەپ ئىچىدە مىلتىق ئاۋازى چىقىپ تۇردى، بىردەمدىلا ئەسكەرلەر يېتىپ كىلىپ، ئوقۇغۇچىلار ئىنقىلاپ قىلدى، دەپ مەكتەپنى ئوققا تۇتماقچى بولدى. يەن يۈشەن قايتا - قايتا چۈشەندۈرگەندىن كېيىن مەكتەپنى ئوققا تۇتمىدى. مەكتەپ قالايمىقان - پاتىپاراق بولۇپ كەتتى، ئۇرۇمچىنىڭ 4 دەرۋازىسى ئېتىلدى. خەلق ئۇركۇشتى، شۇنداق قىلىپ شىنجاڭ خەلقىغە 17 يىل ھوكۇمرانلىق قىلغان «پادىشا» ئاخىرى ھالاك بولدى.

پەن ياۋنەن، جىياڭچۈگشىلار 10 نەچچە ئادەملىرىنى باشلاپ «چاڭجۈن يامۇل»غا كىلىپ جىڭشۇرېننى چاقىردى. زىياپەتنىڭ ئالدىدا قايتىپ كەلگەن جىڭشۇرېن يورتىدىشى جىياڭپېيۋەننىڭ قىسمىلىرىنى باشلاپ «چاڭجۈن يامۇل»نى قورشاپ ئالدى. پەن ياۋنەن ئوز ئادەملىرىنىڭ ئازلىقىنى ھىس قىلىشىمۇ ئوق چىقىرىپ قارشى تۇردى. ئوقى تۈگىگەندىن كېيىن جىڭشۇرېننىڭ قولىغا چۈشتى. پەن ياۋنەن ۋەقە قوزغاپ قولغا چۈشكەنگە قەدەر جەمى 4 سائەتچە ۋاقىت ئوتتى. جاڭپېيۋەننىڭ ئادەملىرى پەن ياۋنەننى سوراق قىلدى. ئۇ ھىچ نىمىگە ئىقرار قىلمىدى، جىڭشۇرېننى تىللىدى. سوراقچىلار ئۇنىڭ تىلىنى كەستى، چېچىنى يۇلدى، كۆزىنى ئويۇپ تاشلىدى. ئاخىرى ئاتقا سۆرىتىپ ئولتۇردى. جىياڭچۈگشىنى قىلىچ بىلەن چېپىپ ئولتۇردى. بەزىلەر ياڭزىيېڭشىن ئادەملەرنى زىياپەتـ

تە ئولتۇرۇپ ئاھاڭلەنگەن ئىدى، ئەمدى ئۇزىمۇ زىياپەتتە ئولدى
پەن ياۋنەن ئاندىن قازانغا مۇنداق چۇمۇچ قىلدى، دېيىشتى.

يالڭزېكشىنىڭ ئولتۇرۇلۇشى شىنجاڭدا ئامبال بولۇشقا تەيىر
تاپقانلارنى ئۈمىتسىزلەندۈردى. روسچە سىياسىي قانۇن مەكتىۋىنىڭ
ئوقۇغۇچىلىرىمۇ زەربىگە ئۇچىرىدى. ئۇلارنىڭ ئىستىقبالى يالڭزې
شىن ۋاقتىدىكىدەك كوڭۇللۇك بولمايدىغانلىقى ئېنىق ئىدى. شۇنىڭدە
يالڭ زېكشىنىڭ تۇققانلىرى، يۇرتداشلىرى يولەنچىسىدىن ئايرىلى
هازىغا چۈشكەن ئىدى.

يالڭزېكشىن ئولگەندىن كېيىنمۇ، مەنچىڭ دەۋرىنىڭ ئاخىرقى دەۋرى
دىكى «تارخان مەمۇرى» قالدۇرۇپ كەتكەن قويۇق فېئوداللىق ئىد
يە ئەمەلدارلار ئىچىدە ئاۋۋالقىدەكىلا مۇھىم رول ئوينىدى
1932 - يىلى مەن شىنجاڭغا قايتىپ كەلگەندە شۇ ۋاقىتتىكى ئولك
لىك هوكۇمەت ھەيئەت ئەزالىرى، نازىرلار، ئامباللار ۋە بولۇ
باشلىقلىرى خېچىر قوشقان مەپىگە ئولتۇرۇپ، مۇھاپىزەتچىلىرىنى تـ
ئەگەشتۈرۈپ كېلىپ مەن بىلەن كورۇشتى، مەنمۇ ئۇلارنىڭ ئالق
شىغا ئىگە بولدۇم. چۈشتىن كېيىن سائەت 6 غا دەپ مېھمان چاق
رىلغان بولسىمۇ، كىشىلەر سائەت 9 – 10 لاردا كېلىپ بولۇشتى
بۇرۇن كېلىپ قالغانلار ئەپىيون چېكىپ ياتاتتى؛ ئەپىيون خۇمارى
يوقلار چاي ئىچەتتى. ئورۇنغا تەكلىپ قىلىنغاندا، هاراققا تەكلىپ
قىلىنغاندا، سەي قويغاندا مەرھەمەت دەيدىغان تەكەللۇپلەرمۇ كوپ
ئىدى. شىنجاڭدىكى ئەمەلدارلار ئىچىدە «لاۋيې»، «دارىن» دىگەن
سوزلەرمۇ كوپ ئېيتىلاتتى. بىر كۈنى ماگاپوچتىخانا باشلىقى (دانىيەلىك
كىشى) كۇلۇمسىرەپ تۇرۇپ: «شىنجاڭ خەلقى كوگزى بىلەن تە
لىشىپ قاپتۇ، ئەگەر يالڭزېكشىن يانا نەچچە يىل هايات بولغان بولسا
شىنجاڭ خەلقى جۇڭگونىڭ قەدىمقى كىشىلىرىدەك ئوزگۇرۇپ كېتە



ئىمكەن » دېگەن ئىدى. يالڭزېكشىنىڭ ئولتۇرۇلگەن خەۋىرى گومىنداڭ
نەنجىڭ رىماكسىئون هوكۇمىتىگە ئاڭلانغاندىن كېيىن تۇرلۇك غول-
غۇلا پەيدا بولدى، بەزىلەر مافوشاڭنى شىنجاڭغا ئەۋەتىش كېرەك،
چۈنكى ئۇ گەنسۇلۇق خۇيزۇ، شىنجاڭنىڭ ئەھۋالىنى بىلىدۇ، دېيىشتى
بەزىلەر بەي چۇڭشىنى ئەۋەتكەن ياخشى، چۈنكى ئۇ، مۇسۇلمان
ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەربىي ئادەم، چېگرا رايونغا مۇۋاپىق كېلىدۇ
دېيىشتى. بەزىلەرنىڭ يۇيشاڭنى ئەۋەتىش كېرەك، ئۇ غەربىي شىمالدا
كوپ تۇرغان، ئەھۋال بىلەن تونۇشىدۇ، دېيىشتى. شۇ ۋاقىتتا
غەربىي شىمالغا كوڭۇل بولىدىغان بەزى كىشىلەر ئوزلىرىنىڭ پىكىرىنى
بايان قىلىشقان بولسا بەزىلىرى مۇشۇ باھانىدا شىنجاڭغا كېلىپ بىرەر مەن-
سەپ بىلەن پۇل تېپىپ قايتىش كويىدا بولدى. مەن ئوز يۇرتىم
بولغىنى ئۇچۇن بېيجىڭ «سەھەر گېزىتى» ۋە «داگۇڭباۋ» گېزىتىدە
ماقالە ئېلان قىلىپ، ئوز پىكىرىمنى بايان قىلىپ يۇرتۇمنىڭ «قايتىسى
ئالماي » كۈندىن - كۈنگە ياخشىلىنىپ كېتىشىنى ئۈمىت قىلدىم.
ئالقىلىكىن، شىنجاڭ خەلقى يانا يالڭزېكشىندىنمۇ ئېشىپ چۈشۈدىغان
قابىلىيەتسىز مۇستەبىت جىڭشۇرېنغا يولۇقتى.

## خاتىمە

يالڭزېكشىن ئولگەندىن كېيىن شىنجاڭ خەلقىگە زادى نىمىلەر-
قالدۇردى؟ ئەتىيازلىقى ئۇرۇمچىنىڭ غەربىي كوچىسىدىكى پاتى-
قاققا توگە چوكۇپ ئولەتتى. سېپىلنىڭ تورت دەرۋازىسىنى ساقلاپ
تۇرغان ئەسكەرلەر ئەپىيون خۇمارىدىن چىقىپ ئاپتاپتا پىت بېقىپ
تەگۈلتۇراتتى......

يالڭزېكشىن ئولگەندىن كېيىن شىنجاڭ خەلقىگە زادى نىمە
قالدۇردى؟ شىنجاڭدىكى هەر مىللەت خەلقى ئۇنى كونكىرىت ئېيت

تېپ بېرالمىسىمۇ ئەمما ئۇنىڭ ئائىلىلىرى يۆتكەلگەندە ھارۋا - ھارۋىدا مال - مۈلۈك، دۇنيا - دەپىنە توشۇپ كېتىدىغانلىقىنى مىڭ بېشى، يۈز بېشىلار ئاۋۋالقىدەكلا قامچا ئوينىتىپ قالغانلىقىنى قۇمۇل ۋاڭلىرى كىشىلەرنى ھاشارغا مەجبۇر ھەيدىگەنلىكىنى خەنزۇلار جازانىخورلۇق قىلىپ؛ ئاخۇنلار نەزىر - چىراقلاردا ھە- يەپ ھەم ئېلىپ ھەتتا بەزى رىياكەش ئاخۇنلار كىشىلەرنىڭ خوتۇن - قىزلىرىنى ئاياق - ئاستى قىلىدىغان ياۋۇزلۇقلىرىنى ئۇنتۇپ قالغىنى يوق.

30 نەچچە يىل ئۆتۈپ كەتتى، پاكىتلار ياڭزېڭشىننىڭ دەۋر چاقىنى توسىيالمىغانلىقىنى ئىسپاتلىدى. ئىلغار - ئىدىيە ئېقىمىنى ئۆز كۆڭلىدىكى ئېقىندا ئاقتۇرالمىدى. ئەكسىنچە، ئازاتلىقتىن كېيىن شىنجاڭدا مىلليون - مىلليون مو يەر ئېچىلىپ، بوغداي، شال، پاختا تېرىلماقتا؛ مىڭلىغان - تۈمەن مىڭلىغان چارۋىلار ياپلاقتا ياپلىماقتا مىڭلىغان - تۈمەنلىگەن زاۋۇت تۇرخۇنلىرىدىن يۇقىرىغا ئىس چىقماقتا، ئاپتوموبىللار شىنجاڭنىڭ ھەممە يېرىدە چۈمۈلىدەك قاتناپ يۈرمەكتە؛ مىلليونلىغان ئىشچىلار يېڭى بىنا ۋە بالىخانىلاردا ئولتۇرماقتا ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار تۈركۈم - تۈركۈملەپ ئېھتىياجلىق ۋ ئورۇنغا تەقسىم قىلىنماقتا...... شىنجاڭدىكى دەل - دەرەخلەر يېشىلۋاشتىن كۆكەرمەكتە، ئەتىر گۈللەر ھەممە يەردە ئېچىلماقتا؛ جىگدە چېچەكلىرىنىڭ خوش پۇراقلىرى چېگرا جايلارغا چېچىلماقتا خەلقنىڭ خوشال - خورام ئاۋازى پەلەكلەرگە كۆتۈرۈلمەكتە......



# پەن ياۋنەننىڭ ياڭزېڭشىننى ئۆلتۈرۈشتىن ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى ئەھۋاللار

پەن زۇخۇەن

## I

گۇاڭشۈيىنىڭ 33 ۋە 34- يىللىرى (1907 - 1908يىل)شىنجاڭدا ئىچكى ئۆلكىلەرگە ئەگىشىپ تۈرلۈك يېڭى سىياسەتلەر يۈرگۈزۈلدى. سىياسىي قانۇن جەھەتتە «ئىمتىھان ئېلىش ئارقىلىق ئەمەلدار قوبۇل قىلىش ئورنى» قۇرۇلۇپ 5- دەرىجىدىن تۆۋەن كاندىدات ئەمەلدارلاردىن تەخمىنەن 50 نەپەر ئادەم قوبۇل قىلىنىپ، ئۇلارغا ئاۋروپا - ئامېرىكا سىياسىي قانۇنى، ئىلىمزىنىڭ ئەدەبىياتى،ۋە تارىخىدىن دەرس ئۆتۈلدى. كېيىن شىنجاڭ قانۇن باشلىقى رۇڭ پېي (مانجۇ)ئەمەلدار قوبۇل قىلىش ئورنىنى سىياسىي قانۇن مەكتىۋىگە ئۆزگەرتىپ، باشلىق، مۇئاۋىن باشلىق ۋە كاندىدات خادىملاردىن 40 نەپەر، ئىچكى ئۆلكىلەردىن كېلىپ شىنجاڭدا ئۇزۇن تۇرغان زىيالىيلاردىن 40 نەپەر، يەرلىك ۋە باشقا يۇرتلۇق زىيالىيلار ۋە ئوتتۇرا مەلۇماتلىقلاردىن 20 نەپەر، جەمئىي 100 نەپەر ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىپ تەربىيلىدى. ئۆتۈلگەن دەرسلەر: ھەر قايسى ئەللەرنىڭ سىياسىتى، ئاساسىي قانۇنى، خەلقئارا قانۇن، خەلقئارا ئايرىم قانۇن،

جىنايى ئىشلار قانۇن، خەلق ئىشلىرى قانۇنى، دولىتىمىزنىڭ ئانا تىلى، ۋە تارىخى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت ئىدى. ياپونىيىنىڭ ئىككى كىشى (ئىسمىنى ئۇنۇتتۇم) ۋە ياپونىيە ئىنستىتوتى قانۇن پاكۇلتېتىنى پۈتتۈرگەن يەن ياۋنەن، جاجىڭ، جياڭ يىكەي قاتارلىقلار ئوقۇتقۇچىلىققا تەيىنلىنىپ، دەرس ئوتتۇشنى ئۈستىگە ئېلىشتى. 3 يىل ئوقۇپ ئوقۇش پۈتتۈرگەنلەردىن شىنجاڭ تەپتىش ئىدارىسى ئىمتىھان ئېلىپ جەمئىي 18 نەپەر قانۇنچى 24 نەپەر كاتىپ تاللاپ ئالدى. شۈەنتۇڭ 3- يىلى (1911) باھاردا ئالدى بىلەن ئۈرۈمچىدە شىنجاڭ ئالىي سود ۋە تەپتىش نازارىتى ئۈرۈمچى يەرلىك سود ئىدارىسى (هازىرقى يوقورى سودنىڭ ئورنى) ۋە ئۈرۈمچى باشلانغۇچ سود ئىدارىسى قۇرۇلدى. يەنە جىنايەتچىلەرگە ھونەر ئوگىتىدىغان تورما قۇرۇپ جىنايەتچىلەرگە ھەر خىل قول ھونەرلىرى ئوگەتتى. بۇ ئورۇننى كەلگۈسىدە نەمۇنچى تورما قىلماقچى بولدى. ئولكە مەركىزىدە ھەر دەرىجىلىك سود ئىدارىلىرى قۇرۇلغاندىن كېيىن ئۈرۈمچى ناھىيىسىگە دەۋا قوبۇل قىلدۇردى. بۇندىن باشقا، قەشقەر، ئاقسۇ، ۋە ئىلى چۆچەك قاتارلىق ۋىلايەتلەردە يەرلىك سود ئىدارىسىنى قۇردى. ئولكە مەركىزىدىكى ھەر دەرىجىلىك سود ۋە تەپتىش نازارەتلىرىنىڭ مەسئۇللىرى: گۈيىڭ (ۋالى كانديداتى) شىنجاڭ ئالىي سودنىڭ نازىرلىقىغا تەيىنلەندى. جياڭ يىكەي ئالىي تەپتىش نازىرلىقىغا تەيىنلەندى. جاجىڭ ۋە يەن ياۋنەن ئۈرۈمچى يەرلىك سود ۋە تەپتىش باشلىقى بولدى. بۇ، يەن ياۋنەننىڭ بىرىنچى قېتىم شىنجاڭغا كەلگەن ۋاقتىدىكى ئىشى.

شۈەنتۇڭنىڭ 2- يىلى (1910-يىل) مەن شىنجاڭ ئالىي مەكتىۋىنى پۈتتۈردۈم. بىر نەۋرە ئاكام يەنزۈيۈ سىياسى قانۇن مەكتىۋىنى پۈتتۈردى. شۇ يىلى يازدا بىر كېچىسى ئۈرۈمچىدە ۋالگاۋ-



شىنىنىڭ شەھەر ئىچىدىكى شەرقى كوچا (هازىرقى خەلق مەيدانىنىڭ غەربىي تەرىپى) ۋە جەنۇبى كوچا (هازىرقى ئازات يولىنىڭ جەنۇبى تەرىپى)دىكى تەن جىنلىكلەرنىڭ دوكانلىرىغا ئوت قويۇش ۋەقەسى يۈز بەردى، «يۈەنتەيتالڭ» دىگەن دارە دوكىنىنىڭ بىرشىرىگى شۇ كېچىسى ۋالگاۋشىنى ئېتىپتا شىلدى. ئىككىنچى كۈنى، ھوكۈمەت ئوت قويغانلاردىن 8نى قولغا ئېلىپ جازا مەيدانىغا ئېلىپ چىقىپ ئاتماقچى بولدى. مەن بىر نەچچە ساۋاقداشلىرىم بىلەن كورگىلى كىتىۋېتىپ يولدا ئاكامنى ئۇچراتتىم، ئاكام يەن ياۋنەن بىلەن جازا مەيدانىنى تاماشا قىلغىلى كىتىۋاتقان ئىكەن. ئاكامنىڭ تونۇشتۇرۇشى ئارقىلىق مەن يەن ياۋنەن بىلەن تونۇشتۇم. يەن ياۋنەن ھېلىقى باغلىنىپ جازا مەيدانىغا ئېلىپ كىتىلىۋاتقانلارنىڭ كوكرەكلىرىنى كېرىپ راۋۇرۇس قەدەم تاشلاپ، قىلچىمۇ قورۇقماستىن كىتىۋاتقانلىقىنى كورۈپ، «ئوغۇل «باللار ئىكەن دىدى» مەن يەن ياۋنەن ياپونىيىدە كۆپ ئوقۇغان، ئۇنىڭ سۆزىدە ئىنقىلاۋى ئىدىيە بار ئىكەنلىگى بىلىنىپ تورۇدۇ، دەپ ئويلاندىم. كېيىن مەن بىر قانچە ساۋاقداشلىرىم بىلەن باتانىكا ئوقۇتقۇچىمىزنى كەتكۈزمەيمىز دەپ موپەتتىش ليۈجاۋلىنى مەجبورلىغان ۋەقەنى قوزغاپ قويۇپ ئوقۇشتىن ھايدالدىم. شۇ يىلى يازدا توقان يوقلاپ ئىلىغا كەتتىم. يۈەن داخۋانىڭ شىنجاڭ ئولكە ئەمىرى بولغانلىقىنى ئاڭلىدىم. خەلقلەر يېڭى قانۇننىڭ دەۋالىشىش تەرتىۋىنى بىلمىگىنى ئۈچۈن ئولكىلىك ھوكۈمەتكە بىۋاستە ئەرز يازغان ئىكەن، يۈەن داخۋا شىنجاڭ خەلقى نادان، مىللىتى مۇرەككەپ، تىل-يېزىق ۋە دىنى ئورپ-ئادەتلىرى ئوخشاش ئەمەس، مۇرەككەپ بولغان دەۋالىشىش تەرتىۋى بويىچە دەۋالىشىش ئىنتايىن تەس، دەپ ئۈرۈمچى ناھىيىلىك ھوكۈمەتكە ئاۋۋالقىدەك خەلق ئارىسىدىكى دە-

ۋالارنى قوبۇل قىلىشقا بۇيرىدى. ھەر دەرىجىلىك سوت ۋە تەپتىش ئىدارىلىرى ئىشتىن توختاپ قالدى. ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەت ئىدارىلىرىغا نازارەت، ئوبلاست ۋە ناھىيىلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ يېڭى بەلگۈلەنگەن جازالاش قانۇنى بويىچە ھۆكۈم قىلىنغان ئەنزىلىرىنى قانۇن باشلىقىنىڭ تەستىقلىشىغا يوللاپ بېرىش لازىم، دەپ ئومومى بۇيرۇق چۈشۈردى. شۇنىڭ ئۈچۈن پەن ياۋنەن ۋە جاجىڭلەر خىزمىتىدىن ئاجىرىلىپ ئىچكىرىگە كەتتى، جياڭ پىڭكەي شىنجاڭدىكى كاندىدات خادىمغا ئايلىنىپ قالدى، ئىچكى ئۆلكىگە كەتكەن كەتمىگەنلىكى ئېسىمدە يوق.

مىڭگونىڭ 5-يىلى (1916-يىل) مەن بېيجىڭدا ئوقۇۋاتقاندا، يۈەن شىكەي خان بولماقچى بولدى. ئۆلكىلەر تەرەپ-تەرەپتىن قارشى چىقتى، خانلىق تۈزۈمى مەغلۇپ بولغاچقا يۈەن شىكەي ئاچچىقىغا چىدىماي ئۆلىۋالدى، مۇئاۋىن زۇڭتۇڭ لى يۈەنخۇڭ زۇڭتۇڭ بولدى. پەن ياۋنەن زۇڭتۇڭ مەھكىمىسىدە خىزمەت قىلدى. مىڭگونىڭ 6-يىلى (1917-يىل) گوۋۇيۈەن پەن ياۋنەننى ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيلىقىغا تەيىنلىگەنلىكتىن، ئۇ ئىككىنچى قېتىم شىنجاڭغا كەلدى.

پەن ياۋنەن ئۈرۈمچىگە كەلگەندىن كېيىن ياڭ زېڭشىن كۆرۈنۈشتە ئۇنى بەك ھۆرمەتلىگەن بولۇپ ئاقسۇغا ماڭدۇرماي، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتتە ھەر كۈنى يېڭى قانۇن توغرىسىدا دەرس ئۆتۈشكە ئورۇنلاشتۇردى. پەن ياۋنەن بۇ ئىش بىلەن نەچچە ئاي ئاۋارە بولدى. ئىلاجى قىلالماي ئاخىرى بىللە ئېلىپ كەلگەن ئادەملىرىنى ئىچكى ئۆلكىگە ياندۇرىۋەتتى. ئەڭ ئاخىرىدا، ياڭ زېڭشىن نازارەت قىلىشقا ئاسان بولسۇن ئۈچۈن پەن ياۋنەننى ئۆز يېنىدا تۇرغۇزۇپ ئۈرۈمچى ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيلىقىغا تەيىنلەپ، بېيجىڭغا مەلۇم قىلدى. مىڭگونىڭ



7-يىلى (1918-يىلى) مەن بېيجىڭدىن شىنجاڭغا قايتىپ كەلسەم پەن ياۋنەن ياڭ زېڭشىننىڭ گۇمانخورلىقىنى تونۇپ، ئىچىدە نارازى بولسىمۇ ئامالسىز مادارا قىلىشىپ ئۆتۈپ تۇرغان ئىكەن.. مىڭگونىڭ 10-يىلى (1921-يىل) شىنجاڭ خارجى ئىشلار مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى جياڭ شاۋبەي شىنجاڭدا 20 يىلدىن ئارتۇق خىزمەت قىلىپ يۇرتنى سېغىنغاچقا بىر قېتىممۇ بارمىغانلىقتىن، بىر يىللىق رۇخسەت سوراپ يۇرتىغا بارماقچى بولدى. ياڭ زېڭشىن شۇ مەزگىلدىكى ۋەزىيەتنى پەن ياۋنەننىڭ قوشۇمچە بېجىرىپ تۇرۇشىغا بۇيرۇق قىلدى. مىڭگونىڭ 11-يىلى جياڭ شاۋبەي رۇخسەت ۋاختى توشۇپ شىنجاڭغا قايتىش يولىدا بېيجىڭغا بېرىپ زۇڭتۇڭ شۈيشىچاڭ بىلەن كۆرۈشتى. خارجى ئىشلار ۋازارىتى ئۇنى شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق خارجى ئىشلار ئەلچىسى قىلىپ تەيىنلىدى. بۇ ھال ياڭ زېڭشىننىڭ كۆڭلىگە گۇمان چۈشۈردى. جياڭ شاۋبەينىڭ بېيجىڭدە ھۆكۈمەتنىڭ كاتتىلىرى بىلەن بىۋاستە ئالاقە باغلىغانلىقىغا نارازى بولدى. شۇڭا ئۇ شىنجاڭغا قايتىپ كەلگەندە ئەسلىدىكى خىزمىتىگە قويۇلمىدى. پەن ياۋنەن خارجى ئىشلار مەھكىمىسىنىڭ خىزمىتىنى داۋاملاشتۇرىۋەردى. جياڭ شاۋبەي بىر يىلدىن ئارتۇق بىكار ياتتى. مىڭگونىڭ 13-يىلى ياڭ زېڭشىن ئۇنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ خارجى ئىشلار بۆلۈمچىسىگە باشلىق قىلىپ تەيىنلىدى. ئەسلىدىكى مەھكىمە باشلىقى ئەمدى بۆلۈم باشلىقى بولۇپ قالغان بولسىمۇ بويسۇنۇشقا مەجبۇر ئىدى. ئىككىنچى يىلى ئۇنى شىنجاڭنىڭ شەمەيدە تۇرۇشلۇق كونسۇلى قىلىپ تەيىنلىدى. لى يوڭنى ئۈرۈمچى ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيلىقىغا، پەن ياۋنەننى خارجى ئىشلار مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى قوشۇمچە ھەربى نازارەتنىڭ نازىرلىقى ھەم سىياسى قانۇن مەكتىۋىنىڭ مۇپەتتىشى قىلىپ تەيىنلىدى. پەن ياۋنەن نۇرغۇن ۋەزىيەتنى ئۆتەپ ياڭ زېڭشىنغا قەدىرلىك بولغان

بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ ئىدىيىسى يېڭىچە، ياڭنىڭ ئىدىيىسى كونىچە بولۇپ، ئىككىسىنىڭ كۆزقارىشى ئوخشىمايتتى. ياڭ زېڭشىننىڭ تەدبىرلىرى يەن ياۋزېنىڭ دىتىغا ياقمايتتى. كورۇنۇشتە ئېناق، ئەمەلىيەتتە زىت ئىدى. مىنگونىڭ 13 - يىلى يەن ياۋزېننىڭ تۇل ئانىسى خوبېيدە ئۆلدى. يەن ياۋزېن خۇبېيگە بېرىپ قارىلىق تۇتۇش ئۈچۈن رۇخسەت سوراپ تۇردۇۋالدى. ياڭ زېڭشىن ئۇنىڭ ئۆيىگە مالىيە نازارىتىدىن 10 مىڭ يۈەن پۇل ئاجرىتىپ ئەۋەتىپ بېرىپ ئۆزىنىڭ خۇبېيگە بېرىشىغا رۇخسەت قىلمىدى. ياڭ زېڭشىننىڭ بۇنداق قىلىشى، ئۇنى كەتكۈزۈپ قويۇشقا كۆزى قىيمىغانلىق ئەمەس بەلكى ئۇنىڭ شىنجاڭنىڭ ئەھۋالىنى ئىچكى ئولكىلەرگە يەتكۈزۈپ قويۇشىدىن ئەندىشە قىلىش ئىدى. شۇنداق قىلىپ ئۇ ياڭ زېڭشىننىڭ تەسىر دائىرىسىدىن چىقالمىغاچقا ياڭ زېڭشىنغا بولغان نارازىلىقى تېخىمۇ كۈچەيدى.

## II

دۇنياغا مەشھۇر شىۋىت «ساياھەتچىسى» سىۋېن ھېدىن گۋاڭشۇينىڭ 21 - يىلى ( 1895 - يىلى ) شىنجاڭدا جۇغراپىيەلىك تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن قەشقەرگە كېلىپ، 8 تۆگە سېتىۋالدى، ئۇ يغۇردىن بىر تۆگىچى، ئىككى ئىشچى، بىر يول باشلىغۇچى ياللاپ، ئۆزى ۋە رۇسىيەدىن ياللاپ كەلگەن خىزمەتچىسى ئىسلام باي بىلەن جەمئىي 6 كىشى، تۆگىگە ئوزۇق - تۈلۈك، سۇ، تەكشۈرۈش سايمانلىرى ۋە پول، مال، يوك - تاق، يەم - خەشەك ئارتىپ، شو يىلى 4 - ئاينىڭ 10 - كونى مارال بېشىنىڭ غەربى جەنۇبى تەرىپىدىكى بىر يېزىدىن شەرقى جەنۇپقا قاراپ قوزغۇلۇپ، تەكلىماكانىنى توغرى كېسىپ ئادەمزات ئاياق باسمىغان چاپلارنىڭ ئەھۋالىنى تەكشۈرمەكچى بولدى



ئەپتىشلارغا قارىغاندا دەسلەپكى بىر نەچچە كۈنلۈك يول ئاسان بولغانمىش، كېيىنچە قۇم بارخانلىرى بارغانچە كۆپىيىپ ھەم ئىگىزلەپ ئادەم ۋە ھايۋانلارنىڭ ميڭىشى قېينلاشقانمىش، شۇنداق بولسىمۇ ئۇلار 10 نەچچە كۈن يول ماڭغاندىن كېيىن ئىچىدىغان سۈيى تۈگەپتۇ، تۆگىلەر ئۇسساپ ئولۇشكە باشلىغاندا، ئېغىر يۈكلىرىنى تاشلاپ ماڭغان، تازا ئۇسساپ كەتكەندە ئېلىپ يۈرگەن قويلىرىنى بوغۇزلاپ قېنىنى ئىچكەن، ئاخىرى بولار بىر نەچچە قەدەم مېڭىپ بىر ئىككى سائەت يېتىپ ئارام ئېلىش ھالىتىگە چۈشۈپ قالغان. يولباشلىغۇچى بىلەن بىر ئۇيغۇر ئىشچى بىر قەدەممۇ ماڭالماس بولۇپ قالغاندا سىۋېن ھېدىن تۆگىلەرنى تاشلاپ بىر ئۇيغۇر ئىشچىسى بىلەن ئۆمىلەپ يەنە ئالدىغا ماڭغان. 5 - ئاينىڭ 4 - كۈنى ئىككىسى ھېرىپ چارچاپ، ئومۇلەشكىمۇ ھالى قالماي، كېچىسى قۇمغا كومۇلۇپ سالقىنلىغان. 5 - كۈنى سىۋېن ھېدىن يېراق بىر يەردە دەرەخلىكلەرنىڭ تۇرغانلىقىنى كورۇپ سۇ بار بىر يەرگە كېلىپ قالغانلىقىنى ھىس قىلىپ، جېنىنىڭ بېرىچە ئومۇلەپ بېرىپ ئاخىرى خوتەن دەرياسىغا يېقىن بىر كىچىك كول بويىغا چىققان. دۇم يېتىپ قانغىچە سۇ ئىچىپ ماغدۇرلانغاندىن كېيىن، قايتىپ بېرىپ تۆگىگە سۇ ئارتىپ كېلىپ، يېتىپ قالغان كىشىلەرگە يەتكۈزۈپ بېرىپ ئۇلارنىڭ ھاياتىنى قۇتۇلدۇرۇپ ئالغان بولسىمۇ ئۆزى ئاغرىپ قالغان. بەختىگە يارىشا يېقىن ئارىدىكى بىر قويچى ئۇنى كەپىسىدە ياتقۇزۇپ ساقايتقان، شۇنىڭ بىلەن سۋېن ھېدىننىڭ تەكلىماكانىنى تەكشۈرۈش پىلانى تامامەن مەغلۇپ بولغان.

مىنگونىڭ 16 - يىلى ( 1927 - يىلى ) سۋېن ھېدىن ئوزىنىڭ مەغلۇبىيىتىگە تەن بەرمەي، چوڭ كولەملىك تەكشۈرۈش ئومىگى تەشكىل قىلىپ، تەكلىماكانىي ئايرۇپىلاندا كېسىپ ئوتۇپ، ئۇنىڭ

ئۇنتۇرا قىسمىدىكى ئەھۋالنى تەكشۈرۈشنى پىلانلىدى. شۇ چاغدىكى گېرمانىيە يۇڭكېي ئايرۇپىلان زاۋۇدىنىڭ خوجايىنى سۋېن ھېدىنغا ئايرۇپىلان، لېيوتچىك ۋە تەكشۈرۈش خىراجەتلىرى بېرىپ، شىنجاڭنىڭ ھاۋارايى ۋە ئاۋىئاتسىيە شارائىتىنى تەكشۈرۈپ، گېرمانىيەدىن سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە شىنجاڭ ئارقىلىق جۇڭگونىڭ ئىچكى ئۆلكىلىرىگە بارىدىغان ياۋرو - ئازىيە ھاۋا يولىنى ئاچماقچى بولدى. سۋېن ھېدىن قېرىپ قالغان شۋېتسىيىلىك دوختۇر ھېمپېرنى بىللە ئېلىپ مېڭىپ، ئوسۇملۇك تورى ۋە ئېرقى تەكشۈرۈش يۈرگۈزمەكچى بولدى ۋە شۇ يىلى كوزدە باۋتۇدىن چىقىپ، مۇڭغۇلىيە يايلىقى ئارقىلىق يولبويى تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى. 1928 - يىلى 3- 4 - ئايلاردا ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلدى. ياڭ زېڭشىن ئۇلارنىڭ يەر ئۈستىدە تۇرلۇك ئىلمىي تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىشىغا رۇخسەت قىلسىمۇ، ھاۋا بوشلۇقىنى تەكشۈرۈشكە قەتئىي رۇخسەت قىلمىدى سۋېن ھېدىن ئىلاجى قىلالماي شۇ يازلىقى قايتىپ كەتتى. ئۇ داۋالىنىش ۋە خىراجەت تەييارلاش ئۈچۈن كەتكەن بولۇپ تەكشۈرۈش ئۆمەك ئەزالىرى ۋە دوختۇر ھېمپېر بۇ يەردە قالغان ئىدى. بۇ چاغدا ياڭ زېڭشىننىڭ باجىسى لىيو رېنشەن، ياركەن ناھىيىسىدە 9 يىل ئامبال بولۇپ، ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەلگەندە ئاغرىپ قېلىپ ئاقسۇ ۋالىيلىقىغا بارالماي قالغان ئىدى. ئۇ كىشى ھېمپېرنى تەكلىپ قىلىپ ئۆزىنى داۋالاتتى. مەن ئىنگلىزچە تەرجىمانلىق قىلىپ بەردىم. لىيونىڭ قارنىدىن سۇ ئېلىپ، دورا بېرىپ داۋالىدى. لىيو ئاستا - ئاستا ساقايدى. ياڭ زېڭشىن ئۆلتۈرۈلۈشتىن ئون كۈن بۇرۇن ھېمپېر بىلەن مەن لىيونىڭ ئۆيىدە غىزالاندۇق. ياڭ زېڭشىنمۇ لىيونى يوقلاپ كېلىپ بىز بىلەن بىللە تاماق يېدى. ھېمپېر ياڭ زېڭشىننىڭ خىزمىتى ئېغىر، بوغداغا چىقىپ دەم ئېلىشى كېرەك،



دەپ تەكلىپ بەردى. ياڭ زېڭشىن ئېنىق جاۋاپ بەرمىدى. ھېمپېر ئۆزى بوغداغا ساياھەت قىلىش توغرىسىدا رۇخسەت سورىدى، ياڭ بۇنى ماقۇل كوردى. ھېمپېر لىيو رېنشەننى داۋالاپ ساقايتىپ داڭقى چىقىپ قالغانلىقتىن، ئۇزۇن ئاغرىپ ياتقانلار ئۇنى تەكلىپ قىلىشقا باشلىدى. ئۇمۇ ئىزدەپ كەلگەنلەرنى رەت قىلمىدى. بۇ چاغدا پەن ياۋنەنمۇ جىم يۈرمىدى. مەن ھەر كۈنى ھېمپېرگە تەرجىمان بولۇپ خارجى مەھكىمىسىگە كىرىپ تۇرغاچقا پەن ياۋنەننى دائىم كۆرۈپ تۇراتتىم.

## III

1928 - يىلى 7- ئاينىڭ بېشىدا مەن دوختۇر ھېمپېر بىلەن بىللە ئاتلىق بوغداغا چىقتىم. پۇكاڭ ناھىيىسىدىن ئۆتكەندە ئامبال لىيو رېنشەن بىلەن كۆرۈشتۇق، بىزنى بىر كېچە مېھمان قىلدى. بىز تاققا چىقىپ 3- كۈنى، ئۈرۈمچىدىن ياڭ زېڭشىن ئۆلتۈرۈلگەن 7 - ئىيول ۋەقەسى يۈز بەرگەنلىكى ئۈچۈن، «خەلق پەرىشان بولماقتا، تېز قايتىڭلار» دېگەن خەۋەر كەلدى. بىز دەرھال قايتىپ ئەتىسى چۈش ۋاقتىدا ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلسەك، دۆڭمىڭ دەرۋازىسى بىر ئاز ئوچۇق ئىكەن، دوختۇر ھېمپېر سىپىلنىڭ سىرتى بىلەن نەنلىياڭ تەرەپكە كەتتى. مەن دەرۋازىدىن كىرسەم، ئۇ يەردە بىر پەي ئەسكەر پوستا تۇرۇپتۇ، مېنى كىرگۈزمىدى، ئۆزەمنى تونۇشتۇرۇپ يۈرۈپ، مىڭ تەستە كىرۋالدىم. ئۆيدە بىر ئاز ئارام ئالغاندىن كېيىن. ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە بېرىپ، جىڭ شۇرېنغا كۆرۈنۈش قىلدىم. جىڭ شۇرېن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت رەئىسى بولغان ئىكەن، يېنىدا جياڭ پېيۋەنلەر ئولتۇرۇپتۇ. ئۇ ماڭا پەن ياۋنەننىڭ سوئىقەستى توغرىسىدا قىسقىچە

سوزلەپ بەردى ۋە پوچتىخانىدىكى سىنزۇرچىلەر يەتكۈزگەن ئەنگى-
لىزچە — فىرانسۇزچە خەت - چەكلەرنى ئوبدان تەكشۈرۈشنى ماڭا
تاپشۇردى.

ياڭ زېڭشىن ئۆلتۈرۈلگەندە، سانائەت نازىرى يەن يۈشەنگىمۇ
ئوق تەككەن ئىكەن. ھېچبىر دوختۇرنى تەكلىپ قىلىپ ئۇنىڭ جارا-
ھىتىنى داۋالاتقۇزدۇم. ئۇ ماڭا تۆۋەندىكىچە سوزلەپ بەردى: 7-
ئىيول يەكشەنبە كۈنى روسچە سىياسىي قانۇن مەكتىۋىدە بىرىنچى
قارار ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇراسىمى ئوتكۈزۈلدى.
يەن ياۋنەن مەكتەپنىڭ مۇپەتتىشى سۈپىتىدە ئالاھىدە زىياپەت تەييار-
لاپ، ئولكە باشلىقى، نازىرلار ۋە بىرىگادا باشلىقى دۇفايۇڭلارنى
مۇراسىمغا تەكلىپ قىلدى. ئۇرۇمچىدىكى سوۋېت كونسۇلى ۋە ئۇنىڭ
رەپىقىسىمۇ قاتناشتى. مۇراسىم تاماملانغاندىن كېيىن ئىچكى ئىشلەر
نازىرى جىڭ شۇرېن، ئالدىراش ئىشىم بار دەپ زىياپەتكە توختۇ-
ماي بالدۇر كېتىپ قالدى، قالغانلار زىياپەتكە قاتنىشىپ بىر قاتار
سەي يەپ بولۇشقاندىن كېيىن، يەن ياۋنەن بىر قېتىم سىرتقا چىقىپ
ھاراق قۇيغۇچىلارنى چاقىرىپ قايتا ئورنىغا كەلگەندە قەدەھنى كو-
تۈرۈپ ئىشارەت قىلدى. پاكار بويلۇق بىر ئادەم ھاراق قۇيغان
بولۇپ، تاپانچىسىنى چىقىرىپ ياڭ زېڭشىننى ئاتتى. ياڭ زېڭشىن يەر-
گە يىقىلدى، دۇلويجاڭغىمۇ ئوق تېگىپ ئولدى. شۇ چاغدا ياڭ زېڭ-
شىننىڭ ئادىيۇتانتى گاۋلىيەندۇۋە باشقا ئادىيۇتانتلار باشقا بىر ئويدە
زىياپەت قىلىنىۋاتاتتى. مۇھاپىزەتچى ئەسكەرلەرمۇ مەكتەپنىڭ ئار-
قا ھويلىسىدا پولويەۋاتاتتى، قورااللار ھويلىدا تىزىقلىق تۇرغاندا،
باشقىلار ئېلىپ كەتكەن ئىكەن. گاۋيىڭجاڭ مىلتىق ئاۋازىنى ئاڭلاپ
دەرھال زالغا يۈگۈرۈپ كىرىپ ياڭ زېڭشىننىڭ يەردە ياتقانلىقىنى
كورۇپلا ياڭ زېڭشىننىڭ ئۈستىگە ئوزىنى تاشلاپ يىتىۋېلىپ قوغدىماق-



چى بولدى. ئارقىمۇ - ئارقا ئېتىلغان ئوقتا ئومۇ ئولۇپ تۈگەشتى.
مىلتىق ئاۋازى چىقىشى بىلەن، زىياپەتتىكىلەر ئۈركۈپ پىتراپ كەتتى.
ياردار بولغان يەن يۈشەن كونسۇلۋە كونسۇلنىڭ خوتونى بىلەن
ھاجەتخانىغا مۈكۈنىۋالدى. بۇچاغدا ئوقۇغۇچىلار، ياڭ زېڭشىننىڭ خا-
دەملىرى ۋە مۇھاپىزەتچىلىرىمۇ تەپ - تەرەپكە قېچىپ كېتىشتى. بىر
پەللە جىمىققاندىن كېيىن يەن يۈشەن ھاجەتخانىدىن چىقىپ ئويىگە قا-
راپ كېتىۋاتقاندا يولدا دۇلويجاڭنىڭ ئوغلى دۇڭوجى ئۇچرىدى.
ئوقۇغۇچىلار ئىسيان قىلىپ ياڭ زېڭشىننى ۋە ئاتام دولويجاڭنى ئول-
تۈرۈپتۇ، دىگەن گەپنى ئاڭلاپ ئوز ئەسكەرلىرىنى باشلاپ ئوقۇغۇ-
چىلارنى قىرغىن قىلغىلى كەلگەن ئىكەن. يەن يۈشەن ئۇنىڭغا بول-
غان ئەھۋالنى توندۇرغاندىن كېيىن ئۇ ئادەملىرىنى باشلاپ ئولكە
مەھكىمىسىگە قاراپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئوقۇغۇچىلار بولغۇسى قىر-
غىنچىلىقتىن قۇتۇلۇپ قالدى. ياڭ زېڭشىن ئادەتتە بەك ئېھتىيات قىلا-
تتى. ئۇ جاڭجۇنيامۇلنىڭ 3 - قەسىرىدىكى ( داتاڭ) ئىشخانىدا
ئىش باشقۇراتتى 3 - قەسىرنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا ئۈچ گەز ئىگىز-
لىكتە رىشاتكا ئورنىتىلغان، كوندۈزى دەرۋازا قولۇپلاغلىق بولۇپ
6 - 7 موھاپىزەتچى قوراللىق ساقلايتتى. كورۇشكىلى كەلگەنلەرنى
ئالدىن خەۋەر قىلىپ، رۇخسەت قىلىنغاندىن كېيىن كىرگۈزەتتى.
7 - ئىيۇل كۈندىكى زىياپەتتە ياڭ زېڭشىن ئولتۈرۈلگەندىن كېيىن،
يەن ياۋنەن ئىككى - ئۈچ ئادىمىنى باشلاپ، ئولكىلىك ھوكۈمەتكە
يۈگۈرۈشۈپ كېلىپ 3 - قەسرگە كىردى. ئۇ قوشۇمچە ھەربى ئىش-
لەر نازىرى بولغىنى ئۈچۈن موھاپىزەتچىلەر رىشاتكا ئىشىگىنى
ئېچىپ بەرگەن ئىدى. يەن ياۋنەن تۆردىكى ئويگە كىرىپ، ئالدى
بىلەن شۇ كۈنكى نۆۋەتچى ياڭ چىڭنەندىن تامغىنى تاپشۇرۇپ ئال-
دى. ئاندىن جىڭ شورىننى سوھبەتكە چاقىردى. ئۇ كۈنى يەكشەنبە

جىڭ شۇرېن زېدىيا پەتكەقاتناشماي قايتىپ كېلىپ يالغۇز ئۆزى خەت چەك ئالاقىلارنى كورۇپ ئولتۇراتتى. ئۇ يەن ياۋنەننىڭ قولىدا تاپانچا تۇتقان ھالدا بىر نەچچە ئادەم بىلەن چاپسان كىرگەنلىكىنى، ياڭ زېڭشىننىڭ قايتىپ كەلمىگەنلىكىنى كورۇپ كوڭلىدە گۇمان پەيدا بولدى. شۇڭا چاقىرغان سوھبەتكە چىقمىدى. دەل شۇ چاغدا دۇگۇجىمۇ ئولكىلىك ھوكۇمەت مەھكىمىسىگە يېتىپ كەلدى. مەكتەپتىن قېچىپ كەلگەنلەرمۇ ياڭ زېڭشىننىڭ ئولتۇرۇلگەنلىكىنى جىن شۇرېنغا يەتكۈزدى. جىن شۇرېن ھەربىي بولۇم باشلىقى جىياڭ پېيۋەن ۋە مەھكىمىدىكى موھاپىزەتچىلەرنى باشلاپ، ئوچىنچى قەسرگە بېسىپ كىرىپ توردىكى ئويگە ئوق ئاتتى، يەن ياۋنەنلەرمۇ قارشىلىق كورسۇتۇپ ئوق ئاتتى، لېكىن ئادەمى ئاز بولغانلىقتىن ئۇنىڭ موھاپىزەتچىلىرىگە ئوق تېگىپ ئولدى، شۇنداق قىلىپ يەن ياۋنەن بىلەن ياڭ چىڭخەن قولغا چۈشتى. دۇگۇجى باشلاپ كەلگەن بىر قىسىم ئەسكەرلىرى بىلەن مەھكىمىنى قوغدىدى. باش دەرۋازىنى چىڭ ئېتىپ ھېچكىمنى كىرگۈزمىدى. يەن ياۋنەن قولغا ئېلىنىپ سوراق قىلىنماستىنلا ئېتىلدى. ئۇلارنىڭ ئولۇكلىرىنى تامدىن ئارتىلدۇرۇپ تاشلىدى. ياڭ چىڭخەنمۇ يەن ياۋنەنگە سېتىلغان دېگەن گۇمان بىلەن ئېتىلدى. ئۇلارنىڭ ئولۇكلىرىنى تامدىن ئاتتىلدۇرۇپ تاشلىدى. ئىككىنچى كۈنى يەننىڭ ئويىدىكى خىزمەتچى ئايال (يەن خوتۇنى ئولگەندىن كېيىن 7، 8 ياشلىق قىزىنى بېقىشقا بىر ئايال خىزمەتچى ئالغان ئىدى) ئۇنى يەرلىكتە قويدى. يەن ياۋنەنىڭ ئورنىغا جىڭ جىشەننى تەيىنلىدى. رادىئو ئىدارىسىنىڭ باشلىقى لىيو باۋرۇ ۋە سىياسىي قانۇن مەكتىۋىنىڭ ئىلمىي مۇدىرى جىياڭ چۈڭشىلارنى يەن ياۋنەن بىلەن مۇناسىۋىتى بار دەپ قولغا ئېلىپ ئوزۇن ئوتمەي، ئولۇمگە ھوكۇم قىلدى. سىياسىي



قانۇن مەكتىۋىنىڭ قانۇن ئوقۇتقۇچىسى جىياڭ شەنجى جېمىنەي ناھىيىسىنىڭ ئامبىلى ئىدى. 7 - ئىيول ۋەقەسى يۈز بەرگەندە سوۋېت يېرى ئارقىلىق ئىچكى ئولكىگە قېچىپ كەتتى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا ئۇ، يەن ياۋنەننىڭ شايكىسىدا بار ئىكەنمىش.

ياڭ زېڭشىن ئولتۇرۇلگەن كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئۇرۇمچى ۋالىسى لى يوڭ، باشلىق بولمىسا ئىش ئاقمايدۇ دەپ، غۇلجىنىڭ سابىق ھەربىي باشلىقى ياڭفېيشانى ئولكە رەئىسى قىلىشقا مەسلىھەتلەشمەكچى بولغان ئىدى. لېكىن جىڭ شۇرېن ھېچكىم بىلەن كورۇشمەيمەن، دەپ ئۇقتۇرۇش چىقارغانلىقى ئۈچۈن بۇ مەسلىھەت بولۇنمىدى. ئارىدىن 3 كۈن ئوتكەندە جىڭ شۇرېن ھەرقايىسى نازارەت ۋە ئىدارە باشلىقلىرىنى مەھكىمىگە چاقىرىپ مەجىلىس ئوتكۈزۈپ خىزمەت ئۈستىدە كېڭەش قىلدى. ئىلگىرى جىڭ شورېن ۋە جىياڭ پېيۋەنلەر يوشۇرۇن كېڭەش قىلىپ، جىڭ شورېننى رەئىس تىكلەشكە بىرلىككە كېلىشىۋالغانلىقتىن، لى يوڭنىڭ ياڭفېيشەيانى رەئىسلىككە تىكلەش دېگەن پىكرى جىياڭ پېيۋەننىڭ قاتتىق رەددىيىسىگە ئۇچرىدى. جىڭ شۇرېن يەن ياۋنەننى يوقىتىپ ۋەزىيەتنى مۇقىملاشتۇرۇشتا خىزمەت كورسەتتى. ئولكە باشلىقى ۋە ئىدارە تامغىسىنى قولغا چۈشۈرۈپ ئالدى، رەئىسلىك ئەلۋەتتە جىڭ شۇرېنغا مەنسۇپ دېگەن پىكىرلەر چوشتى. شۇ چاغدا ھەربىي ئەمەلدارلارنىڭ كوپ قىسمى خېجولۇقلار بولۇپ، ھەممىسى دىگىدەك جىڭ شۇرېننى ھىمايە قىلاتتى. بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا مەجلىسكە قاتناشقۇچىلار قوشۇلۇشقا مەجبۇر ئىدى. شۇنداق قىلىپ غۇلجا ئىنقىلاۋىنىڭ غالىبىيەت مېۋىسىنى تارتىۋالغان ياڭ زېڭشىننىڭ 17 يى-

ملدق ھوكۇمرانلىقى جىڭ شۇرېننىڭ قولىغا ئاسانلا ئۆتۈپداق ئولتۇرۇشلاردا مەنمۇ كوپ بولاتتىم. پەنياۋنەن قىمار ئوي-
كەتتى. نىمايتتى، زىياپەتتە بىر ئاز ئولتۇرۇپلا چىقىپ كېتەتتى ئۇنىڭ
شۇ چاغدا، بىر تۇركۇم كىشىلەر 7 - ئىيول يەكشەنبە جىڭ شۇرېن بىلەن گەپلەشكەن ئەھۋاللىرىنى ئانچە كوپ ئۇچىرو-
كۇنى، جىڭ شۇرېن ئىش كوپ دېگەن بانا بىلەن زىياپەتكە قالمىدىم.
قاتناشماي كېتىپ قالدى. ئۇ ئەسلىدە پەن ياۋنەن بىلەن بىھەن پەنياۋنەن بىلەن بۇرۇنلا تونۇشاتتىم ئۇ ياڭ زېڭشىننى ئولتۇ-
مەسلىھەتتە ئىدى. ئەمما جىددى پەيتتە يۈز ئورىگەن، دەپ گۇرۇشتىن بۇرۇن ئۇنىڭ بىلەن كوپ بېرىشى-كېلىشى قىلدىم. بۇ
مان قىلىشتى. مېنىڭچە پەن ياۋنەننىڭ جىڭ شۇرېن بىلەن تىلچەريادا ئۇنىڭ جىڭ شۇرېن بىلەن بېرىشى كېلىشى قىلغانلىقىنى كور
بىر دىكتورۇشى مۇمكىن ئەمەس، ئۇنىڭ سەۋەبلىرى مۇنداق: بىرىنچىدىن ئىمىدىم؛ توتىنچىدىن : جياڭ شەنجى مەكتەپتە مۇئەللىملىك قىلغان چاغدا
مائارىپ نازىرى لىۋ ۋېنلوڭ سىرتقا كەتكەنلىكتىن سىياسى- پەنياۋنەن بىلەن بولۇپمۇ جياڭ جوڭشى ۋە لىپىي باۋرۇ بىلەن زىچ مۇ-
ئىشلار نازىرى جىڭ شۇرېن مائارىپ نازىرلىقىنى قوشۇمچە ئى- ناسۋەتلىشىپ تۇراتتى. مەنمۇ ئۇلار بىلەن دائىم بىرگە بولۇپ قالاتتىم،
لىپ بارغاچقا ھەقىقەتەن ئىشى كوپ ئىدى. شۇڭا، يەكشەنبە كۇنى ئەگەر جياڭ جوڭشى بىلەن لىپىي باۋرۇلار ياڭ زېڭشىننى ئولتۇرۇش
بېسىلىپ قالغان خەت-چەكلەرنى كوزدىن كەچۈرمەن دەپ سۇيىقەستتە بار دەپ ھېساپلىنىدىغان بولسا جياڭ شەنجىمۇ بۇ
زىياپەتكە قاتناشماي بالدۇر قايتىپ كەتكەن، بۇنىڭغا قارىغاند شايىكدا بولۇشى تەبىئى، شۇڭا پەنياۋنەننىڭ ئىشى مەغلۇپ
جىڭ شۇرېننى پەن ياۋنەن بىلەن تىل بىرىكتۇرگەن دەپ گۇ بولغاندىن كېيىن، ئۇ خىزمىتىنى تاشلاپ قېچىپ كەتتى. ئەگەر
مان قىلىشى توغرى ئەمەس. ئىككىنچىدىن جىڭ شۇرېننى يا
زېڭشىن ئوز قولى بىلەن يېتىشتۇرۇپ چىققان كىشى، ئون نەچچە جىڭ شۇردىن تەشكىلاتنىڭ قاتناشقۇچىسى بولسا ئىچكى ئولكىگە
چە يىل ئىچىدە توت قېتىم ئامبال بولۇپ، ساندۇقلىرى تو- شۇۋپاپتىقاندىن كېيىن نىمە ئۇچۇن پاشى قىلمايدۇ؛ بەشىنچىدىن:
كەتكەن، ئاخىرى نازىر بولغان. پۇلدىمۇ، نامدىمۇ شوھرەت قاياڭ زېڭشىننىڭ ئىستىبدات ھاكىمىيىتى شارايىتىدا ھاكىمىيەتنى سۇ-
زانغان بولۇپ، ياڭ زېڭشىندىن تولىمۇ مىننەتدار ئىدى. شۇڭا بىيقەست قىلىپ تارتىۋېلىشى ئىنتايىن خەۋپلىك بولغان بىر ئىنقى-
سۇيىقەستكە قاتنىششى مۇمكىن ئەمەس؛ ئۇچىنچىدىن ھەربىي نارارەبلاۋى ئىش. بۇنىڭ بىر-ئىككى كىشىنىڭ ھەرىكىتى بىلەن ۋۇجۇتقا
باشلىقلىرىدا فېئوداليزم ئىدىيىسى ئىنتايىن كۇچلۇق بولغاچقا، يېڭىلىۋچىقىشى مۇمكىن ئەمەس. ئەگەر جىڭ شۇردىن پەنياۋنەن بىلەن تىل
تەرەپدارى پەنياۋنەن بىلەن كىلىشەلمەيتتى. شۇڭا ئۇلارنىڭ بىرىكتۇرگەن بولسا شىنجاڭدىكى ھەربىلەرنىڭ ئۇلىسى خېجۇلۇق
رىش-كېلىشلىرىمۇ ئاز ئىدى. شۇ چاغلاردا ئەمەلدارلار ئارىسىدىكىن ئۇلاردىن بىرىنچىمۇ جىڭ شۇرېن بىلەن ئالاقە باغلىغان-
چاي زىياپەتلەر بولۇپ تۇراتتى، زىياپەتلەرده توپلىشىپ ئولتۇرۇپ تۇرلىغى مەلۇم بولمىدى. يوقۇرىدىكى ئەھۋاللارغا قارىغاندا جىڭ-
نىسپىتىنچە ماجاڭ ياكى قەغەز قىمىرى ئويناپ تارقىشاتتى، بۇنىشورېن پەنياۋنەن بىلەن تىل بىرىكتۇرمىگەن. ۋەقەدىن كېيىن

يەنە مۇنداق بىر سۆزمۇ تارقالدى: پەنياۋنەن سۈيقەستتىن بۇرۇ زەمبىرەكچى باتالىيون باشلىقى بىلەن يوشۇرۇن مەسلىھەتلەشكەن، سۇ قەست باشلانغاندا مەزكۇر يىگىجاڭ ئۆز ئادەملىرىنى باشلاپ شەھە ئىچىگە كىرمەكچى بولغان، لېكىن ياڭ زېڭشىن ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيى دوگۇجۇ بۇيرۇق چۈشۈرۈپ دەرۋازىلارنى چىڭ ئېتىۋالغانلىقتىن زەمبىرەكچى قىسىم ھەرىكەت قىلالمىغان. يەنە بەزەنلەر پەنياۋنە شۇ چاغدا گەنسۇدا تورۇشلۇق پىڭ يۈشياڭنىڭ قىسىملىرى بىلە تىل بىرىكتۈرۈۋالغان، تېلېگراممىلارنى تېلېگرام ئىدارىسىنىڭ باشلى لىيۇ باۋرۇ يەتكۈزۈپ تۇراتتى، دېگەن سۆزلەر تارقالدى.

سۆزلەرنىڭ ئاساسى يوق. قىسقىسى، پەنياۋنەن كوپ يىللارد بۇيان ياڭ زېڭشىننىڭ چەمبىرىكىدە ھېچياققا قىمىرلىيالماي، ئۈچە ـلىك ساقلاپ يۈرەتتى، نەنجىڭ گومىنداڭ رىياكسىيون ھۆكۈم قۇرۇلغاندا، پەنياۋنەن «ياڭ زېڭشىن مۇتەئەسسىپ، نەنجىڭ ھۆ مىتى بىلەن بىرلەشمەيدۇ» دەپ قارىغان ئىدى. لېكىن كۈتۈلمىگەن ياڭ زېڭشىن شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت رەئىسلىكىگە ۋە دۇبەنلىك تەيىنلىنىپ قالدى. پەنياۋنەن يەنە ئاۋۋالقىدەكلا قىستىلىپ قال شۇڭا ئۆلتۈرۈش قەستىگە چۈشكەن ئۇنىڭ ئارقا كورۇنۇشى تو سىدا ھەر خىل گەپلەر بار، لېكىن ئاساسى يوق. پەقەت گوما قىلىشقىلا توغرى كېلىدۇ.



# ياڭ زېڭشىن دەۋرىگە دائىر خاتىرىلەر

—— تۇگباۋ يېزىپ قالدۇرغان ماقالا ——

## سوز بېشى

شىنخەي ئىنقىلاۋىدىن كېيىن، ھاكىمىيەتنى يۈەنشىكەي قولىغا كىرگۈزۋالغاندىن تارتىپ جاڭ زولىن بېيجىڭدىن چېكىنىپ چىققانغا قەدەر، يەنى 1912 - يىلدىن 1928 - يىللارغىچە بولغان ۋاقىتلاردا، ئېلىمىزنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدا شىمالى مىلىتارىستلار ھۆكۈمىتىنىڭ ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋرى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. ياڭ زېڭشىن چىڭ خاندانلىقىنىڭ دەسلەپكى چاغلىرىدىكى شىنجاڭنىڭ مۇپەتتىشلىكىدىن 1912 - يىلى بىر سەكرەپلا ھوقۇقىنى ئىگەلەپ شىنجاڭ دۇدۇسى بولىۋالدى. 1927 - يىلى نەنجىڭ گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ قول ئاستىدىكى شىنجاڭ ئۆلكە رەئىسى بولدى. 1928 - يىلىغا كەلگەندە پەن ياۋنەن تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى. ئۇنىڭ 17 يىللىق ھۆكۈمرانلىق ھاياتى شىمالى مىلىتارىستلار ھۆكۈمىتى بىلەن بىرلا ۋاقىتتا ئاخىرلاشتى. بۇ گەرچە تەسادىپى ماس كېلىپ قالغان ئىش بولسىمۇ ئەمما تارىخنىڭ ئۆز ئارا مۇناسىۋەتلىرىنى بايان قىلىشىمىز ئۈچۈن بىر ئوخشاشلىق ئىش ھېساپلىنىدۇ.

ياڭ زېڭشىن ئىچكى ئۆلكىلەردىكى ھەرقايسى گورۇھلار بى-

لەن ئەينى زاماندا ئازدۇر - كوپتۇر باردى كەلدى قىلىشىپ تۇ
غان بولسىمۇ، لېكىن شىنجاڭنىڭ مۇستەقىللىق خاراكتېرى خېلى
چوڭ ئىدى، شۇڭا مەن ئاساسەن شۇ دەۋردىكى شىنجاڭ ئە
ۋالىنى ئەسلەپ ئوتىمەن. شۇ ۋاقىتلاردا شىنجاڭ كورۇنۇشتە
مالى مىللىتارىستلار ھوكۇمىتىنىڭ رەھبەرلىكىدە بولسىمۇ، ماھىيە
تتە، ياڭ زېڭشىن ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن ئىش قىلىپ، شىنجاڭ
17 يىل يەرلىك پادىشا بولدى.

شىنجاڭنىڭ ئايرىمچە تۇرالىشىغا ئاساسەن تۆۋەندىكى
خىل ئامىل سەۋەپ بولسا كېرەك:

1 - جۇغراپىيەلىك ئامىل: شىنجاڭ بىپايان يىراق چېگرا
چايىلاشقان بولۇپ، ئىچكى ئولكىلەر بىلەن بولغان قاتناش ئە
لىرى بەكمۇ ئەپسىز ئىدى. تاشقى مۇڭغۇلىيە يايلاقلىرى ئارقىلى
شىنجاڭغا كېلىدىغان كارۋان يولىنى گەرچە ئاسان دىگەن تەق
ىردىمۇ، يىلىغا ئارانلا بىر قېتىم بېرىپ كېلىشكە بولاتتى. يا
زېڭشىن تاكى ئولۇشكە ئاز قالغان ۋاقىتلاردا «داۋشىڭ بانكىسى
نىڭ جىڭلىسى بىر دانە كىچىك ماشىنا سوغا قىلدى. شۇنى
بىلەن ئۇرۇمچىدە ئارانلا بىر كىچىك ماشىنا پەيدا بولدى. قا
ماشىنىڭ قۇلايسىز بولۇشى ياڭ زېڭشىن ئۈچۈن شىنجاڭنى ئىچك
ئولكىلەردىن ئايرىپ تۇرۇشقا ئىمكانىيەت تۇغدۇرۇپ بەردى. شى
جاڭدىكى كىشىلەر ئۈچۈن ئېيتقاندا، بولۇپمۇ ھوكۇمەت خادىملىرى
ئىچكى ئولكىلەرگە بارماقچى بولسا، ياكى ئىچكى ئولكىلەردى
شىنجاڭغا كەلمەكچى بولسا، ئۇلارنى خۇددى دولەت چېگرىسىدى
ئوتمەكچى بولغانلارغا ئوخشاش قەستەن كاشىلا قىلاتتى. ياڭ زېڭ
ڭشىن ئۆز يامۇلىنىڭ چوڭ زالىغا مۇنداق بىر نەزىم يازغان. بىيەت
« جۇمھۇرىيەت قۇتۇلماقتا نادانلىقتىن ئەمدىلا، دورىمايمەن مۇخەل



تۇمزورلۇقنى ئەسلا. ئارىلاشمايمەن جۇڭگىيۇەندىكى ماجراغا، چېگ-
را ئولكەم خۇددى ئوخشار جەننەتتۇل مەئۋاغا، باشلىغايمەن
جەنۇپ مۇسۇلمانلىرى بىلەن شىمال مىللەتلىرىنى، كوندۇرىمەن
ئۇلارنى يۇۋاش مۇمىن بولۇشقا.» بۇ نەزىم ياڭ زېڭشىننىڭ
ئىدىيىۋى ئەھۋالىنى ناھايىتى ئوبدان چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

2 - شىنجاڭ ئولكە بولغاندىن بۇيان، ھوكۇمەت خىراجىتىنى
مەركەز ھەر يىلى ئىچكى ئولكىلەردىن زور مىقداردا پۇل ئاج-
رىتىپ بېرىپ تۇراتتى. بۇ پۇلنى ھەمكارلىشىپ بەرگەن ئايلىق
پۇل دەپ ئاتايتتى. شىڭخەي ئىنقىلاۋىدىن كېيىن بۇ پۇل
توختاپ قالدى. ياڭ زېڭشىن مالىيە جەھەتتە ئىچكى ئولكىلەرنىڭ
ياردىمىگە تايىنىشنى ئويلىماي قالمايتتى لېكىن باج سېلىق-
تىن كىرىم قىلىنغان 370 مىڭ يۇەن كىرىم، ھەمكارلىق پۇل 600
مىڭ يۇەننى تولەشكە يەتمىگەنلىكى ئۈچۈن مەزكۇر ھەمكارلىق
پۇلنى توختۇتۇپ قويۇشقا مەجبۇرى ماقۇل بولدى؛

3 - ئىچكى ئولكىلەردىكى قارانىيەتلەر شىنجاڭغا بولغان
ياۋۇز نىيىتىنى ھامان ئەسلىرىدىن چىقارمىغان بولسىمۇ، لېكىن 17
يىل ئىچىدە ئىچكى ئولكىلەردە مىللىتارىستلار ئوز - ئارا قالايمى-
قان ئۇرۇش قىلىدۇرۇپ غەرپكە قاراپ يۈرۈش قىلىشقا ھېچقايسى-
سىنىڭ چولىسى تەگمىدى. پىڭ يۇيشيانىڭ كۇچلۇك غەربىي -
شىمال ئارمىيىسى ياڭ زېڭشىننى يوقۇتۇش نىيىتىدە بولغان بو-
لسىمۇ ئىچكى ئۇرۇش تۇپەيلىدىن قولىنى بوشىتالمىدى.

4 - ياڭ زېڭشىن فېئودال ھوكۇمرانلىقىنى يولغا قويۇشتا
تەرىقەت تەلىماتلىرى قوللانغانلىقى ئۈچۈن، مىللىي، سىنىپىي زىددى-
يەتلەر ئانچىلا كەسكىنلىشىپ كەتمىدى. شۇڭلاشقىمۇ شىنجاڭ
مۇخەلقى ياڭ زېڭشىن ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇش يولىدا كەڭ كولەملىك

ئىنقىلاۋى ۋەقە چىقارمىدى. بۇ نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا
بەزى ئەكسىيەتچىل مەيداندا تۇرغان كىشىلەر، ياڭ زېڭشىننىڭ
«ئىدارە قىلىش نەتىجىسى»نى سېغىنىپ ئۇنى شۇ زاماندىكى شە
مالى مىلىتارىستلاردىن ئېشىپ چۈشىدۇ، دەپ ماختىشىدۇ.

ئىلىدا شىنخەي ئىنقىلاۋى بولغان يىللاردا مەن 12 ياش
ئىدىم. شۇڭا ياڭ زېڭشىن دەۋرىدىكى 17 يىلنى ئۆز بېشىمدىن
ئۆتكۈزگەنلىكىم ئۈچۈن بۇ ئىشلار ھازىرقىدەك ئېسىمدە بار. يا
زېڭشىن ھايات ۋاقتىدا «تۇۋە-ئىستىغپار خاتىرىسى»، «تۇۋە
ئىستىغپار خەتچەكلىرى» دېگەن ئەسەرلەرنى يازدى. ئۇ ئۆلگە
دىن كېيىن ۋاڭ شۇدەن ۋە جىڭ شۇرېنلار ياڭ زېڭشىنغا مەدھىيە
ئوقۇيدىغان تەزكىرىلەرنى يازغان ئىدى. بۇ ماقالىلار ئاساسە
ئۇنىڭ «يۇرۇقلۇق تەربىيە»گە بېغىشلانغان بولسىمۇ، تەھلىل قىلىش
ئىقتىدارىغا ئىگە كىتاپخانلار بۇنىڭدىن ئۇلارنىڭ ماھىيەت جەھە
تتىكى قالاقلىقى ۋە چىرىكلىكىنى كۆرەلەيدۇ. بۇ ماقالىدا با
يان قىلىنغان تارىخى پاكىتلارنى پەقەت تارىخ يەن تەتقىقاتچى
لىرىنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈنلا تەقدىم قىلىمەن.

## 1. ياڭ زېڭشىن تەختكە چىققاندىن كېيىن

يۈەن شىكەي قەشقەرنىڭ دوتەيى يۈەن خۇڭيۇنى شىنجاڭنى
تۇنجى قېتىملىق دۇدۇلىغا تەيىنلىدى. ئۇ ئۇرۇمچىگە كېلىش
خىزمەتنى ئۆتكۈزۈۋېلىش ئۈچۈن تەييارلىنىۋاتقاندا قەشقەردىك
گېلاۋخۇي ئۇيۇشمىسىنىڭ ئادەملىرى ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتتى. يۈە
شىكەي ئۇنىڭ ئورنىغا شىنجاڭنىڭ مۇپەتتىشى ياڭ زېڭشىننى دۇ
دۇلىققا تەيىنلىدى. ياڭ زېڭشىن بېيجىڭ ھوكۇمىتىنىڭ باشى ھوكۇ



مرانى (دازۇڭتۇڭى)نىڭ ئۆز ئەمرى بىلەن تەيىنلەنگەنلىكى ئۈ-
چۈن ئۇنىڭ سوزى ئىناۋەتلىك بولدى. شۇڭا تارباغاتاي ۋە غۇ-
لجا تەرەپنىڭ ۋەكىللىرى بىلەن تېچلىق سوھبىتى ئۆتكۈزۈپ مۇ-
ۋەپپىقىيەت قازاندى.

ياڭ زېڭشىن شۇ ۋاختىتا مافۇشىڭ باشچىلىغىدىكى خۇيزۇ
ئىسكەرلىرى بىلەن جاڭ سۇڭلىن باشچىلىغىدىكى يېشىل ئەسكەر-
لەردىن پايدىلاندى. مافۇشىڭ يۈننەنلىك بولۇپ ياڭ زېڭشىن بى-
لەن بىر يۇرتلۇق ھەمدە مۇسۇلمانلار بىلەن ۋە ئۇرۇمچىدىكى
خۇيزۇلار بىلەن مۇناسىۋەتتە يېقىن ھەربى ئادەم ئىدى. جېجىياڭدا
گۇنا قىلىپ قويغانلىغى ئۈچۈن ئەسكەرلىككە ئېلىنىپ شىنجاڭغا كە-
لگەن ۋە سەنداۋبا (مىچۈەن)دە دېخانچىلىق قىلغان ئىدى. بۇلار
ئۆز ئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈشەتتى. ياڭ زېڭشىن ئۇنىڭدىن پايدىلى-
نىپ ئۆزىنىڭ ھوكۇمرانلىغىنى مۇستەھكەملىدى. جىياڭ سۇڭلىن ياڭ
زېڭشىننىڭ يېقىن سىردىشى ئىدى. ياڭ زېڭشىن لەنجۇدا مۇئاۋىن
دوتەي بولۇپ تۇرغاندا، جىياڭ سۇڭلىن گەنسۇدا ھەربى ئەمەلدار
ئىدى. شۇ يەردە ئۇلار پىششىق تونۇشۇپ قالغان. ياڭ زېڭشىن
ھاكىمىيەتنى قولغا كىرگۈزۈۋالغاندىن كېيىن، بىرىنچى قەدەمدە
نوپۇزىنى تىكلەش يەنى «ماڭا ئەگەشكەنلەر ئامان قالسۇن، قا-
رشى چىققانلار ھالاك بولسۇن»نى يولغا قويدى. ياڭ زېڭشىن
ماۋە جىياڭلاردىن پايدىلىنىپ ئىنقىلاۋى پىرقە ۋەكىلى لاۋخۇي
ھەركىتىنى باستۇردى. ئۇزۇن ئۆتمەي ياڭ زېڭشىن ئۆزىگە يېقىن
دەپ ھىساپلىغان خۇيزۇ ئوفىتسېرلىرىنىڭ بولۇپمۇ يۈننەندىن
كەلگەنلەرنىڭ ھاكاۋۇرلىشىپ كەتكەنلىكىنى سېزىپ، بىر قېتىم
چاللاتلىق قىلىش رەزىل ئويۇنىنى ئويناپ چىقتى.

ياڭ زېڭشىن ئادەم ئۆلتۈرۈش يولى بىلەن ئۆز ھەيۋىسىنى

تىكلەشتە تۆۋەندىكى 3 خىل ئۇسۇلنى قوللاندى. ئۇ ئوزىگە قارشى تۇرغان ۋە ئوزىدىن كۈچلۈك بولغان كىشىلەرگە قارىتا پارچىلاش، ئالداپ تەسلىم قىلىش، ئاخىرىدا ئولتۈرۈش، ئوزىنىڭ يېقىنلىرىدىن بولۇپ ئوزىگە بويسۇنمىغانلارنى ھەتتا قارانىيەتتە بولغانلارنى باشقىلارنىڭ قولى بىلەن ئولتۈرۈش چارىسىنى قوللىنىپ يوقاتتى. كۈچى ئانچە چوڭ بولمىسىمۇ ئامان قالدۇرۇلسا زىيانلىق دەپ ھېسابلىغانلارنى مەخپىي تۈردە قەستلەپ ئولتۈرۈش ياكى ئۈشتۈمتۈت زەربە بېرىش چارىسىنى قوللاندى. تۆۋەندە بىر نەچچە كونكرېت مىسال كورسۈتۈمەن.

ئىلى شىنخەي ئىنقىلاۋىدىن كېيىن، قۇمۇل ئۇيغۇر دېھقانلىرى قوزغۇلۇپ ئاۋاز قوشقان ئىدى. شۇ جاينىڭ قوراي تېغىدىكى ئۇيغۇر تۆمۈر خەلپە كوپچۈلۈككە باشلامچىلىق قىلىپ قۇمۇل ۋاڭى شامەخسۇتقا قارشى چىققان. ياڭ زېڭشىن ئىلى ئىنقىلاۋى ئارمىيىسىدىن ئەل بولۇپ كەلگەن چەن گۇاڭخەننى ئاتلىق ئەسكەرلەرنى باشلاپ بېرىپ قوراي تېغىغا ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتتى. يەنە بىر تەرەپتىن ئۇيغۇر ئاخۇنلىرىنى قۇمۇلغا ئەۋەتىپ ياڭ زېڭشىننىڭ سىياسىتىنى تەشۋىق قىلدۇرۇپ، تومۇر خەلپەتنى ۋەز - نەسىھەتكە كوندۇرۇپ ئالداپ ئۈرۈمچىگە ئېلىپ كېلىپ، ئۈرۈمچىدە كالىسىنى كېسىپ ئاممىغا سازايى قىلدى. شۇنداقلا تۇرپانلىق بىر ئاخۇننىمۇ ئولتۈردى.

تارباغاتايدا كېلىشىم قىلىنغاندىن كېيىن، ياڭ زېڭشىن ئىنقىلابچىلار پارتىيىسىنىڭ كاتىۋاشلىرىنى ئالدى بىلەن ئورۇنلاشتۇردى. تارباغاتاي يېغىنىدا ئۇ، «پىلىك تېمىن بىلەن لى ياچۇەنلەرنىڭ ئىنقىلاۋى ئىرادىسى كۈچلۈك، تاقابىل تۇرۇش قىيىن» دەپ ھېس قىلىپ، كۆڭلىكېشىگىنى ئىلىغا بېرىپ ھەركەت



قىلىشقا ئەۋەتتى. كۆڭلىكېشىنىڭ شۇ جايدىكى گېلاۋخۇي باشلىقى يوغان بۇرۇن مادابىيزانى قولغا كەلتۈرۈپ، شۇنىڭ قولى بىلەن 1912 - يىلى قىشنىڭ بىر كۈنى يېرىم كېچىدە قوراللىق قوشۇنلىرى بىلەن بېرىپ پىلىك تېمىن بىلەن لى ياچۇەن ياتقان ئويىنى قورشىۋېلىپ، تاڭ ئاتارغا يېقىن ئۇلارنى ئولتۈرۈپ، بېشىنى كېسىپ، رەستىدىكى چوڭ دەرەخقە ئېسىپ قويدى. ئۇزۇن ئوتمەي غۇلجىدىكى چېگرا مۇداپىئە ئەلچىسى گۇاڭخۇ ئاغرىپ ئولدى. ياڭ زېڭشىن دەرھاللا ئوزىنىڭ يۈننەنلىك يۇرتدىشى ياڭفېيشيانى غۇلجىغا چېگرا مۇداپىئە ئەلچىسى قىلىش توغرىسىدا بېيجىڭ ھوكۇمىتىگە تەكلىپ سۇندى ھەمدە نيۇشىنى سەنمۇ جاڭلىققا كورسەتتى. ياڭ زېڭشىن يەنە ياڭفېيشاغا مادابىيزىنى يوقۇتۇۋېتىش توغرىسىدا مەخپىي بۇيرۇق بەردى.

گۆچۈڭ جەنۇبىلىك بىر مۇھىم جاي. ياڭ زېڭشىن ئىلىدىن بىر باتاليون قۇرۇقلۇق ئەسكەر يوتكەپ كېلىپ گۆچۈڭ يوەنخۇ ئەترابىنى قوغداشقا قويدى. بۇ باتاليون خۇبەي ئولكىسىنىڭ جەنۇبى مىللىتارىستلار ئارمىيىسىدىن يوتكەپ كېلىنگەن بولۇپ، ئۇلار ئىنقىلاۋى ئارمىيىنىڭ قوزغۇلىڭىغا قاتنىشىپ ئۇرۇشىمۇ قىلغان ئىدى. بۇ باتاليوننىڭ كوماندىرى خۇبەيلىك سوڭجىڭشەن ياڭ زېڭشىننىڭ ھوكۇمرانلىقىغا قارشى تۇرۇپ قوزغىلاڭ كوتۇرۇش قارارىغا كەلگەن ئىدى. ۋاھالەنكى ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى سومۇتۇڭ، تۇرچىن، سوچۇنبۇ قاتارلىق ئۈچ ليەنجاڭ ئۇنىڭغا قوشۇلمىدى. ياڭ زېڭشىن غۇلجىنىڭ دوتېيى شۇي گوچىن بىلەن شياۋچاڭ قاتارلىقلارنى گۆچۈڭگە ئەۋەتىپ بىر تەرەپتىن مانجۇ مىللىتىدىن بولغان بۇ ئۈچ نەپەر ليەنجاڭنى موكاپاتلىسا، يەنە بىر تەرەپتىن سوڭجىڭشەننى ئالداپ، قورال تاپشۇرسا

ئۇنى خۇبەيدىكى ئۆز يۇرتىغا قايتۇرىدىغانلىقىنى، ھاياتىغا كېپىللىك قىلىدىغانلىقىنى ئېيتقاندا، سوڭچكشەن قورال تاپشۇردى. لېكىن شۇ ئانىلا ئۇنى قولغا ئېلىپ ئېتىۋەتتى. ئۇ 3 نەپەر لىيەنجاڭدىن ئىككىسىنى ئامبال قىلىپ، بىرىنى باج ئىدارىسىنىڭ باشلىقى قىلىپ مۇكاپاتلىدى.

ياڭزېڭشىن مافۇشىڭنى خۇيزۇلارنىڭ كونا - يېڭى دىنى مەزھەپلىرى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتلەردىن پايدىلىنىپ، ماشاۋۋۇنىڭ قولى بىلەن ئۆلتۈردى.

ياڭزېڭشىن ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملىۋالغاندىن كېيىن، بۇ خىل قەبىھ ۋاستىلار بىلەن ئادەم ئۆلتۈرمەيدىغان بولدى. ئۇ بىر تەرەپتىن نادانلاشتۇرۇش سىياسىتىنى قوللىنىپ، شىنجاڭغا ھوكۇمرانلىق قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن مالىيە جەھەتتە مەركەزدىن بېرىلىدىغان ھەمكارلىق پۇل توختاپ قالغاندىن كېيىن، ھەقىقەتەن قىيىنچىلىققا دۇچ كېلىپ، ئەسكەرلىرىنى تۇزەشتۇرۇشكە قورالىنى ئىشقا سېلىشقا ئاجىزلىق قىلدى، شۇڭا ئۇ دەۋردىكى ئەسكەرلەر ئىنتايىن چىرىكلىشىپ كەتكەن ئىدى. ئۇ چاغدا ئۇنىڭ شىنجاڭدا قۇرۇقلۇق ئەسكەرلىرىلا بار ئىدى. ئۇ قوماندانلىقىدا نامدا 3 دىۋىزىيە ئەسكەر بار دەپ ھېساپلىناتتى، ئۇرۇمچى ئەتراپىدا چاڭ سۇگىلىنىڭ دىۋىزىيە شىتاۋى بولۇپ دەرۋازىسىغا «شىنجاڭ قورۇقلۇق ئارمىيە 1 - دىۋىزىيىسى» دەپ يېزىلغان ئۇزۇن بىر ۋىۋىسكا ئېسىلغان ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا ئىككى دىۋىزىيىنىڭ قەيەردىلىكىنى ۋە ئەسكىرىنىڭ قەيەردىلىكىنى كورگەن — بىلگەن ھېچكىم يوق.

رىۋايەتلەرگە قارىغاندا قالغان ئىككى دىۋىزىيىگە ياڭزېڭشىن ئۆزى شىجاڭ بولغانمىش. ھەر قايسى يىڭلاردا



بىر نەچچە ئوندىنلا ئەسكەر بار ئىدى. گازارمىنىڭ ئىچىدىكى ئۆيلەردە يىڭجاڭنىڭ خوتۇن، بالا - چاقىلىرى ئولتۇراقلاشقان بولۇپ كىشلەر بۇنداق لاگېرنى يىڭجاڭنىڭ يامۇلى دەپ ئاتىشاتتى. بۇنىڭ ئىچىدىكى ئەسكەرلەرنىڭ بەزەنلىرى يىڭجاڭنىڭ خانىملىرىغا خىزمەت قىلاتتى. شويې - خېنىملارنى كوتۇرۇپ باقاتتى. يىڭجاڭ سىرتقا چىقسا، بۇ ئەسكەرلەر ئۇزۇن مىلتىقلىرىنى ئېسىشىپ يىڭجاڭنىڭ ئارقىسىدىن ماڭاتتى. يىڭجاڭنىڭ ئېتىنى يېتەكلەپ ئۇنىڭ ھەيۋىتىنى ئاشۇراتتى - خالاس!

سوغاق چۇشەي دىگەندە ھەر قايسى گازارمىلارنىڭ ئىشكلىرىدىگە 3 بۇرجەكلىك سېرىق بايراقلارنى ئېسىپ، ئۇ بايراقلارغا يېڭى ئەسكەر قوبۇل قىلىمىز دىگەن خەتنى يېزىپ قوياتتى. بۇلارنىڭ ئالغان ئەسكەرلىرىنىڭ ھەممىسى قىشتىن چىقىشقا كوزى يەتمىگەن قېرى ئاجىز ئادەملەر ئىدى، تېنى ساغلاملىرى مەدىكارچىلىق قىلاتتى. ئۇلارنىڭ كىرىمى ئەسكەرلىكتىن ئالىدىغان مائاشتىن كوپرەك بولغاچقا ئۇلار ئەلۋەتتە بېرىپ ئەسكەر بولۇشنى خالىمايتتى. يېڭى ئەسكەرلەر گازارمىغا كىرگەندىن كېيىن، ئالدى بىلەن كۆلرەك ماتادىن تىكىلگەن ئىشتان- چاپان ۋە داتلىشىپ كەتكەن بىردىن مىلتىق بېرەتتى. ئۇلار مەشىق قىلمايتتى. سوۋەت — زەمبىل تۇقۇپ، سۇپۇرگە ياسايتتى. ھەممىلا يەرگە بېرىپ چىغ ئورۇپ، چىۋىق كېسىپ، قوشۇمچە ئىشلەپچىقىرىش قىلىپ، يېتىشمىگەن ئايلىقىنىڭ ئورنىنى تولدۇراتتى. ياڭزېڭشىن تۇرغان يامۇلنىڭ چوڭ دەرۋازىسى ئالدىدا بىر قېرى لاۋخەن تۇكى چۇشۇپ كەتكەن بىر ئىشتىنى بېقىپ، كېچىسى شۇ ئىشت بىلەن بىرگە ياتاتتى. ئەسكەرلەر

رويخېتىدە بۇ قېرىنىڭمۇ ئىسسىمى بار ئىدى. ياڭزېڭشىن ھامان بۇ قېرى ئەسكەرنى كۆرۈپ تۇراتتى. ئۇلار بىر مەھەل چىداپ تۇرسىمۇ ئاخىرى قېچىپ كېتىپ ئەپيۇن تېرىشقا كېتەتتى. ئو-فىتسېرلەرگە كەلسەك، ھەربى ئىشلاردىن خەۋىرى بولمىغان دىنى ساھەدىكى گېگەن، ئاخۇنلار بولۇپ ھارام يەپ ياتاتتى ، ياڭزېڭشىننىڭ مۇھاپىزەتچى ئەسكەرلىرىنىڭ كىيىم - كېچەكلىرى جۇل - جۇل ئىدى، سەپتىمۇ تۇرالمايتتى. ئەتىيازدا قار ئېرىپ يەر پاتقاق بولغاندا، ئەسكەرلەرنىڭ ئاياقلىرى پاتقاق-قا پېتىپ قېلىپ، ئايىغىنى چىقىرىۋالالماي يالىڭاياق قايتقان چاغلىرى دائىم كورۈلۈپ تۇراتتى. ياڭزېڭشىن مانا شۇنداق سانى ھەم ئاز ھەم كېرەكسىز ئەسكەرلەرنىڭ ئۆزى ئۈستىدە ئىنقىلاپ قىلمايدىغانلىقىدىن مەمنۇن بولۇپ ئولتۇراتتى.

ياڭزېڭشىننىڭ ئەشۇنداق ئەسكەر ساقچىلىرى ئاۋارە بولۇپ تۇرۇقلۇق، ھاكىمىيىتى قانداق قىلىپ 17 يىل ھوكۇم سۈرەلىدى؟

بۇنىڭدا ئىككى سەۋەپ بار:

ياڭزېڭشىن شىنجاڭغا كېلىپ ئۇزۇنغا قالماي سوۋېت ئوكتەبىر ئىنقىلاۋى غەلىبە قىلدى. روسىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ خىلمۇ - خىل تاجاۋۇزچىلىقلىرى توختىدى. باشقا جاھانگىر دولەتلەرمۇ دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ زەربىسىگە ئۇچراپ ئۆز ھالى بىلەن قالغاچقا، شىنجاڭ بىر مەھەل ئارام تېپىپ قالدى. ئىككىنچىدىن ياڭزېڭشىن چىڭ خاندانلىقىدىن قالغان فېئودال كۈچلىرىنى قوغداش، يېڭىغا تارتىش بىلەن پارچىلاپ زەربە بېرىشنى ئۆز ئارا بىرلەشتۈرۈش چارىسىنى قوللاندى. شۇڭا ھەر قايسى مىللەتلەر ئىچىدىكى ۋاڭ - گۇڭلار كونا ئەمەلدارلار،



لاما، ئاخۇن، شاگىۋ، بايلار ھەتتا زومىگەر لۈكچەكلەرمۇ ئۇنىڭ قولتۇقىغا كىرىۋالدى. ئاجىز پۇقرالارغا قارىتا باستۇرۇش بىلەن ئۆز مەيلىگە قويۇۋېتىشتەك چارىلارنى قوللاندى. ئۇ ھەر قايسى مىللەتلەرگە قارىتا كاشىلا چىقارمىسىلا، ئۆز ئەركىگە قو-يۇۋېتىش يەنە بىر تەرەپتىن توپىلاڭدىن مۇداپىئە كۆرۈش، توپىلاڭنى باستۇرۇش ئۇسۇللىرىنى قوللاندى.

ياڭزېڭشىن شىنجاڭ خەلقىنى «كوندۇرمەن ئۇلارنى يۇۋاش- مۆمىن بولۇشقا» دېگەن نىيەتكە كېلىپ، قولىدىن كېلىدىغان ھەممە ئەسكىلىكلەرنى ئىشقا سېلىپ، كونىلىقنى ئەسلىگە كەل-تۈرۈپ، دەۋر چاقىنى ھەدەپ ئارقىغا بۇراپ، بارلىق سىياسى ئىقتىسادى، مەدىنىيەت، مائارىپ قاتارلىق ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى كىشى تاقەت قىلىپ بولمايدىغان دەرىجىدە ئارقىغا چېكىندۇر-ۋەتتى. تۆۋەندە بەزى كونكرېت ئىشلار ئۈستىدە توختۇلىمەن.

## 2 - ياڭزېڭشىن دەۋرىدىكى سىياسى ۋە مەمۇرى ئىشلار

ياڭزېڭشىن بېيجىڭدىكى مەركىزى ھوكۇمەت ئېلان قىلغان قانۇن، نىزام، قائىدە، پىرىنسىپلەرگە نىسبەتەن ئالدىدا ئەمەل قىلغان بولۇپ، ئارقىدا خىلاپلىق قىلىپ، شىنجاڭدا ئۆزى بىلگەن كونا سەنەمگە ئۇسۇل ئويناپ، ھەممە ئورگانلارنى ئۆزى ئۈچۈن-لا خىزمەت قىلدۇرۇپ كەلدى. مەسىلەن: ئۇ ئولكۇلۇك ھوكۇمەت ئىچىدە باشقا بىر غەزىنە قۇرۇپ نەق پۇل كىرىم - چىقىم ئىشلىرىدا مالىيە نازارىتىنىڭ غەزىنە باشلىقىنى ئېيىم - بېرىم قىلىدىغان خىزمەتچى سۈپىتىدە كۆرۈپ، مالىيە نازارىتىنى ئولكۇلۇك ھوكۇمەتنىڭ ھىساۋاتىنى تۇتىدىغان بۇغالتىرى

قىلىنىۋالدى. يەنە بىر مىسال: ئۇ، روس تىلى سىياسى - قانۇن
مەكتىۋىنى قۇرماقچى بولدى. بېيجىڭ ھۆكۈمىتى ئوقۇتقۇچى
يېتىشمەيدىكەن دەپ بۇ مەكتەپنى قۇرۇشنى تەستىقلىمىدى. بۇ
ئۆزى «ئولكۇلۇك» دېگەن خەتنى قوشۇپلا قۇرۇۋالدى. شىنجاڭ-
نىڭ ھەر قايسى نازىر، ۋالىيلىرىنى قائىدە بويىچە مەركەزدىن
تەيىنلىشى لازىم ئىدى. ئەمەلىيەتتە ئۇ، ئۆزىنىڭ شەخسى ئادەم-
لىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇۋالدى. ھەتتا مەركەزدىن بەزى كىشىلەرنى
پالانى خىزمەتكە قويۇلسۇن دەپ تەيىنلىسە ياڭزېڭشىن ئۇنى
شۇ خىزمەتكە قويمىدى، دېمەك شۇ چاغدىكى چوڭ - كىچىك
ئەمەلدارلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆزى تەيىنلەپ، ئۆزى قالدۇرۇپ
كەلدى، ۋاھالەنكى ئۆتكەندە شىنجاڭدا تالانتلىق ئادەملەر ناھا-
يىتى كەم بولۇپ ئۇلار پانۇستەك ئۇياق - بۇياقتا يوتكۇلۇپ يۇرگەن
بولسىمۇ بەربىر يەنە شۇ ئازغىنە ئادەملەرلا ئىدى. بىزمىنگونىڭ دەس-
لەپكى يىللىرىدىكى شىنجاڭ بويىچە بارلىق خادىملارنى ۋە
كېيىنكى قوشۇلغان كىشىلەرنى ھېساپلىساق بۇلارنى سېلىشتۇرۇپ
كورگەندە، يېڭىسى بىلەن كونىسى، ئوز ئارا ئالماشقاندىن
تاشقىرى كورۇنەرلىك ئوزگۇرۇش كورۇلمەيتتى.

ياڭزېڭشىن دەۋرىدىكى ئۇرۇمچى ئەمەلدارلىرى ئىنتايىن
نامرات ئىدى. نازىر دەرىجىلىكلەرنىڭ ئالىدىغان مۇئاشىمۇ ئاز
ئىدى. ياڭزېڭشىن چەت ناھىيىلەردىن خىزمەت ئېلىشىنى كۇتۇپ
تۇرغان خادىملارنىڭ بىر قىسمىنى ئالدى بىلەن ئولكۇلۇك
ھوكۇمەتتە تۇرغۇزۇپ، بولۇملەرنىڭ خەت- ئالاقىلىرىنى كورۇش-
كە بۇيرۇيتتى. يەنە بىر قىسىملىرىنى ئوز ئىشخانىسىدا ئىشلىتىپ
سىناپ كورەتتى. ئوزىگە ياراپ قالسا، ئوزىگە سادىق ئىگە-
لىگەنگە كوزى يەتسىلا پالانى ناھىيىگە ئامبال قىلىپ تەيىنلەي-



تتى. ئايلىقى ئاز بولغان ئامباللىنىڭ تۇرمۇشى ئۇرۇمچىدىكى
چوڭ ئەمەلدارلاردىن ياخشىراق بولاتتى. ئايلىقى كوپرەك
بولغانلار ئۇستىدە گەپ قىلىشنىڭ ھېچمۇ ھاجىتى يوق. بۇ خىل
ئەھۋاللار چىڭ خاندانلىقىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدىكى بېيجىڭ ئەھۋالى
بىلەن ئوخشاپ كېتەتتى. ئېنىقراق قىلىپ ئېيتقاندا يالىڭاچراق
ئىدى خالاس. ئۇرۇمچىدىكى ئىش كۇتۇپ ياتقان ئەمەلدارلار-
نىڭ تولىسى سودىگەرلەر بىلەن ئالاقە قىلاتتى. ھەمىشە ئۇلار-
دىن قەرز ئېلىپ تۇرمۇشىنى قامدايتتى. سودىگەرلەرمۇ ئەمەلدار-
لارنىڭ سايىسىدا پۇل تېپىپ باي بولالايتتى. شۇ چاغلاردا
دې شىڭخې ناملىق چوڭ بىر سودىگەر بولۇپ، چوڭ ئەمەلدارلارغا
خوشامەت قىلىشقا بەك ئۇستا ئىدى. قانداقلىكى بىر ئەمەلدار ئۇ-
رۇمچىدە تۇرۇپ قالسا ئۇنىڭ پۇلى يوق بولغاچقا بۇ سودىگەر زور مىق-
تاردا قەرز بېرىپ تۇراتتى. بۇ ئەمەلدارغا ئەمەل تېگىپ ماڭ-
ماقچى بولغاندا، بۇ سودىگەر ئوزىنىڭ راسا پىشقان بىر ئادى-
مىنى تەيىنلەپ ئەمەلدارنىڭ لازىمەتلىك ھەممە نەرسىلىرىنى
جابدۇپ يولغا سالاتتى. دې شىڭخې يەنە ئۇ ئەمەلدارغا مالىيە
ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ئۇچۇن ئوزىنىڭ راسا پۇختا بىر كىشىسىنى
تونۇشتۇراتتى. ئەمەل قولغا چىققاندا مالىيە نازارىتىدىن ئالىدى-
غان ۋە تاپشۇرىدىغان بارلىق مالىيە ئىشلىرىنى سودىگەر ئوزى
بېجىرەتتى. سودىگەرلەر مالىيە نازارىتىنىڭ غەزىنىچىسىگە «بەك
ھورمەت قىلاتتى» ئۇلار ھەمىشە كاتتا زىياپەت ئوتكۇزۇپ، ئەفيۇن
سوغا قىلىپ، ماجاڭ ئوينۇتۇپ، خىزمەت كۇتۇپ ياتقان ئەمەل-
دارلار بىلەن بىللە مېھمان قىلاتتى. تاماشا قىلدۇراتتى. بۇ ئە-
مەلدارلار ئەمەلىدىن چۇشۇپ ئۇرۇمچىگە قايتقاندا سودىگەرلەر
يەنە داۋانچىڭغىچە ئادەم ئەۋەتىپ كۇتۇۋېلىپ، مېھمانخانىغىچە ئەپ-

كېلىپ ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپتى. ئۇلارنىڭ خەلقنى شۇلۇپ ئاا
غان پۇل - ماللىرىنى ئۆزىگە ئامانەت قويدۇرۇپ، ئۇلار ئۆچۈر
ئاز - ماز «نەپ» (ئۆسۈم) بېرەتتى. دې شىڭشى بۇ خىل ئۆسۈ
تاتلىق بىلەن ناھايىتى بېيىپ كەتكەن ئىدى. يېڭىدىن ئەمەلدا
بولغانلار خىيانەت قىلىش ئۇسۇلىنى ئانچىلا ياخشى ئەپلەشتۈ
رەلمەيتتى. دې شىڭشى پېر كاز چىكلىرى ئارقىلىق ئۇلارغا خىيانەت قىلىش
ئۇسۇللىرىنى ئۆگىتەتتى.

ياڭ زېڭشىن بۇ ئەھۋالنى بىلەتتىمۇ؟ ئەلۋەتتە بىلەتتى
ئۇ ئۆزىنىڭ يېقىنلىرىنى سىرتقا ئامبال قىلىپ ئەۋەتكەنلىگ
بىر تەرەپتىن ئۆزىنىڭ كەتمىنىنى چاپقانلىقىغا ھەق بەرگەنلىگ
بولسا، ئەڭ مۇھىمى ئۇنىڭ خەلقنى شۇلۇپ، باج - خىراج يىغ
ۋېلىشىغا، پۇخرالارنى باستۇرۇپ ئۆز ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەم
لىشىگە ياردەملەشتۈرۈشتىن ئىبارەت ئىدى. شۇڭا دې شىڭشىنى
مېھماندارچىلىق بىلەن ئۇلارنىڭ گېلىنى ياغلاپ ھەممىنى كوتۇر
ئېلىۋالغانلىقى ياڭ زېڭشىن ئۈچۈنمۇ پايدىلىق ئىدى. (شىڭ شىپەي
ئۈرۈمچىگە يېڭى كەلگەندە مەسلىھەتچىلەر باشقارمىسىنىڭ كېچاك
سۈپىتى بىلەن ھەممىسى دې شىڭشىغا بېرىپ ماجاڭ ئوينايتتى) ياڭ
زېڭشىن دەۋرىدە چەت ناھىيىلەرگە ئامبال بولغانلارنىڭ كۆپ
قىسمى سىياسىنى بىلمەيدىغان ھەربى ئەمەلدارلار ئىدى.

ياڭ زېڭشىن سىياسى جەھەتتە چېكىدىن ئاشقان تەكەب
بۇر ئىدى. «ئاسمان - زېمىننى ئالقىنىمدا كۆتۈرەلەيمەن» دە
ھىلە - مىكىر ئىشلىتىشكە ئامراق ئىدى. ئەڭ ئاخىرى ئۆزى ش
ھىلە - مىكىر ئاستىدا ئۆلدى. يەن ياۋنەن خۇبېيلىك بولۇپ، يا
يۈننىيدە زاۋداۋتىيەن (چىلگە شال) ئوقۇبۇرىستىنىدا قانۇن ئۆ
قۇغان، چىڭ خانىدانلىقىنىڭ ئاخىرقى يىللىرى شىنجاڭغا كەلگەن



لى يۈەنخۇڭ زوڭتۇڭ بولغان مەزگىللەردە ئاقسۇنىڭ
ۋالىسى دىگەن نام بىلەن 2 - قېتىم شىنجاڭغا كەلگەن. ياڭ زېڭشىن يەن
ياۋنەندىن ئېھتىيات قىلاتتى. شۇڭا ئۇنى ۋەزىپىسىنى تاپشۇرۇۋې-
لىشقا يول قويمىدى. شۇنىڭدەك يۇرتىغا قايتىشقىمۇ يول بەرمىدى.
ئۆزىگە يېقىنىدا قىلىۋېلىش مىكىرىنى قوللىنىپ، ئۇنى ئۆز يېنىدا
ئېلىپ قالدى. كورۇنۇشتە يېقىنچىلىق قىلغاندەك بولسىمۇ، ئەمە-
لىيەتتە ئۇنى نازارەت قىلاتتى. يەن ياۋنەننىڭ ۋاقىت ئۆزارغانسېرى
تاقىتى تاق بولدى. ئاخىر ئۇ روس تىلى سىياسى - قانۇن مەكتىۋى-
دىكى بەزى كىشىلەر بىلەن ئاستىرىتتىن ئالاقە باغلاپ 1928 - يىلى
7 - ئاينىڭ 7 - كۈنى مەزكۇر مەكتەپنىڭ 1 - قارارلىق ئوقۇغۇ-
چىلىرىنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇراسىمىدا ئوتكۇزۇلگەن زىياپەتتە
ياڭ زېڭشىننى ئېتىپ ئولتۇردى.

## 3 - ياڭ زېڭشىن دەۋرىدىكى مالىيە - پۇل مۇئامىلىسى ۋە پۇل تۈزۈمى

ياڭ زېڭشىن دەۋرىدە شىنجاڭنىڭ مالىيىسى ناھايىتى قىيىن
ئىدى. مەركەز ھەمكارلىق ياردىمى ھېساۋىدا بېرىدىغان ئايلىقنى
توختۇتۇپ قويغان، پۇل پاخاللىغى توپەيلىدىن باج كىرىمى ئۆز-
لىگىدىن كېمىيىپ كەتكەن ئىدى. ئەسلىدىكى ئاددى شارايىتتا
قاراپ ئىش كورۇپ خېلى قىسىپ باققان بولسىمۇ، يەنىلا يېتىشمىدى.
ئاخىرقى ھېساپتا ياڭ زېڭشىن باشقا مىللىتارىستلار ئىشلە-
تىپ ئادەتلىنىپ قالغان چارە بويىچە ئەپيۇن ئىمبارگوسىنى قو-
يۇۋېتىپ شەخسلەرنىڭ ئەپيۇن تېرىشىغا يول قويدى.
كىشىنىڭ كۈلكىسىنى كەلتۈرىدىغىنى شۇكى؛ ھەر يىلى ئەت-

يازدا شىنجاڭنىڭ ھەممىلا يېرىدە «ئەپيۇن تېرىش مەنئى قىلىن
دۇ. خىلاپلىق قىلغۇچىلار ئېتىلىدۇ» دېگەن ئېلان چىقىرىلاتتى
ئەمىلىيەتتە بۇ ئېلان «پەيت يېتىپ كەلدى. كۆكنارنى تېزرەك
تېرىۋېلىڭلار» دېگەندىن دېرەك بېرەتتى. بەزەن ئاچكوزلەر ئاشلىق
لىرىنى ھازىرلاپ قاچاق ئەسكەرلەر بىلەن بىرلىشىپ ئەپيۇ
تېرىشنىڭ تەييارلىقىنى كورۇپ قوياتتى، ئەپيۇن شىنجاڭنىڭ
مالىيەسى ۋە پۇل - مۇئامىلە ئىشلىرىدا ئوز رولىنى خېلى كور
سەتكەن ئىدى. چاروسىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ تەسىر كۈچلىرى گۇمرا
بولغاندىن كېيىن شىنجاڭ پۇلىنىڭ قىممىتى گەنسۇنىڭكىدىن ئورلە
كەتكەن بولسىمۇ شىنجاڭدا ئەپيۇن باھاسى گەنسۇنىڭكىدىن ئەر
زان ئىدى. ئىچكى ئولكىلەردىن شىنجاڭغا مال يوتكەيدىغان سو
دىگەرلەر ئەپيۇننى پۇل پېرېۋوتى ئورنىدا ئىشلىتەتتى يەنى نە
پۇل كوتۇرۇپ مېڭىش ئەپيۇن كوتۇرۇپ قايتقانغا نىسبەتەن كو
زىيانلىق ئىدى. ئىسمەدە قىلىشىچە: ئورۇمچى ئەتراپىدا لى با
سەن ئاتلىق چوڭ پومىشچىك بولۇپ ئەپيۇن سودىگەرچىلىك
بىلەن تاغ باغرىلىرىدىكى يەرلەرنىڭ ھەممىسىنى ئوزىنىڭ شە
سى مۇلكى قىلىۋالغان ئىدى. بۇ جايغا ئىككى فىرما ئورۇنلاش
تۇرغاندىمۇ يەر يەنە ئېشىپ قالاتتى. لى ئائىلىسىنىڭ زېمىنلىر
ۋە قورا - جايلىرى، دۇكانلىرى ناھايىتى كەڭ كورىكەملى
ئىدى. ھەتتا ئوت - چوپ دۇگىلايدىغان لاپاس ۋە ساماننىقلىر
مۇ تاش بىلەن قوپۇرۇلغان ئىدى.

باجنى ھوددىگە بېرىش ياڭزېڭشىننىڭ مالىيە كىرىمىنى
ئىككىنچى مەنبەئى ئىدى. بەزەن باج يىغىشنى سودىگەرلەرگ
ياكى بايلارغا ھوددە قىلىپ بېرەتتى. ھوددە قىلغۇچىلار ھە
قايسى بولۇك - پۇچقاقلارنى پوختا بىلەتتى. ئۇلار كوپرە



نەپ ئىگىلىدىغان باجلارنى ئوزلىگە قالدۇرۇپ ئوزلىرى بېجىرەت-
تى. ناچارراقلىرىنى يەنە باشقىلارغا كوتۈرە بېرەتتى. بۇ
خىلدىكى كوتۈرە بېرىش ئۇسۇلىدا ئېكسپىلاتاتسىيە قاتلام-مۇ-
قاتلام يورگۈزۈلۇپ بىر ياماقمۇ چۇشۇپ قالمايتتى. بۇ —
كىشىلەرگە بەكمۇ ئېغىر كېلەتتى. ئۇلاردا يەنە باج تاپشۇر-
مىدى دېگەن باھانە بىلەن جەرىمانە قويۇش ھوقۇقى بولاتتى.
جەرىمانە باجدىن نەچچە ھەسسە كوپ بولاتتى. يېزا دېھقان-
لىرى قوشۇمچە ئىشلەپچىقارغان نەرسىلەرگە مەسىلەن: تاغار،
ئاغامچا قاتارلىق نەرسىلەرنى بازارغا ئېلىپ بېرىپ ساتىسا، ئالدى
بىلەن باج تولەيتتى. نەرسە كېرەكلىرىنى سېتىپ بولۇپ شۇ پۇلغا
تۇرمۇشقا لازىمەتلىك نەرسىلەرنى سېتىۋالغاندىن كېيىن يەنە
بىر قېتىم باج تاپشۇراتتى. ئائىلىسىگە قايتىش يولىدا باج تو-
لىگەن - تولىمىگەنلىكىنى تەكشۇرىدىغان ئون نەچچە جازا بار
ئىدى، مۇبادا بىرسى يېپتىن تاغار توقۇغان بولسا ئۇنى
شەرققە ماڭدۇراتتى. بىرى ئىشتانبېغى توقۇغان بولسا غەربكە
ماڭدۇراتتى. ئىككى ئادەم بىۋاستە ئالماشتۇرۇشقان بولسا 4
قېتىم باج تولەشكە توغرا كېلەتتى. بۇ نېمە دېگەن زۇلۇم؟
شۇڭا تۇرمۇش بويۇملىرى ئاخىرقى ھېساپتا باينىڭ قولىغا ئوتۇپ
كېتەتتى. جەنۇبى شىنجاڭنىڭ بازارلىرىدىكى سودا ئىشلىرىنىڭ
ھەممىسىنى بايلار ئىگىلىۋالغان ئىدى. بايلارنىڭ چوڭلىرىدا
باجنى كوتۈرە ئېلىش ھوقۇقى بولاتتى. مەسىلەن: قەشقەردىكى
ئۆمەر باي، ئىبراھىمبايلار مۇشۇنداق يول بىلەن مال - مۇلكىنى
كوپەيتىۋالغان. بايلار بازارلاردا دېھقانلارنىڭ ئاشلىقلىرىنى
ياكى قولسانائەت بويۇملىرىنى ئالدىن سېتىۋالاتتى. شۇنىڭ
بىلەن باھانى كونترول قىلىۋالاتتى. نەرسە - كېرەكلەر ئۇلار-

نىڭ ئىلكىگە ئۆتۈپ بولغاندىن كېيىن، ئوزلىرى باج كۆتۈرە قىلغۇچىلار بولغاچقا باج تولىمەيتتى. ئەكسىنچە ئۈششاق سودىگەرلەرگە يۇقۇرى باھا بىلەن توپلاپ ساتاتتى. ئۈششاق سودىگەرلەر يەنە ئۈستىگە پايدا قوشۇپ تەنزىكەشلەرگە ساتاتتى. تەنزىكەشلەر كىرا، تاپان ھەققىنى قوشۇپ ئىستېمالچىلارغا ساتاتتى. شۇنداق قىلىپ ئېكسپىلاتاتسىيە قاتمۇ- قات بولاتتى. بۇ خىل باجنى كۆتۈرە بېرىش تۈزۈمى ھەقىقەتەن كىشىلەرنى قان چىقارماي ئۆلتۈردىغان بالايى ئاپەت ئىدى.

ياڭزىڭشىن بىر قولى بىلەن ئېغىر ئالۋاڭ - ياساقنى ئېشۇرىۋېلىپ، كەمبەغەللەرنى سېتىۋېلىش ئىقتىدارىدىن مەھرۇم قىلاتتى. نۇرغۇن كىشىلەر ئاچ - يالىڭاچلىقتا ئۆتەتتى. يەنە بىر قولىدا خەيرى - ساخاۋەت، سەدىقە قىلىپ «خەيرى - ئېھسان» ئىشلىرىنىمۇ قىلاتتى.

قەغەز پۇلنى كۆپلەپ تارقىتىش ياڭزىڭشىننىڭ ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىشتىكى 3 - ئۇسۇلى ئىدى. ئەمدى مىنگونىڭ دەسلەپكى چاغلىرىدىكى شىنجاڭ قەغەز پۇلىنىڭ ئەھۋالى ئۈستىدە توختۇلىمەن.

چىڭ خاندانلىقىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا ۋاڭشۇدەن بېيجىڭدا ئىككى ئەژدىھا بېشىنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن قەغەز پۇلدىن بىر مىليون سەر باستۇردى. پۇلنىڭ يۈزىدە بىر سەر كومۇشكە ئوتتى دېيىلگەن خەت بار ئىدى. يەنە بىر چىن فامىلىلىك كىشى بېيجىڭدا ئىككى يۈزمىڭ سەر قەغەز پۇل باستۇردى. بۇ خىلدىكى قەغەز پۇللارنى كىشىلەر ئەژدىھا پۇلى ياكى خاپياۋ (قەشقەر پۇلى) دەپ ئاتىشاتتى. چىڭ خاندانلىقىنىڭ ئالدىنقى يىللىرى غۇلجا چاڭجۇن مەھكىمىسىنىڭ پۇلخانىسى غۇلجا پۇلى باستۇرۇپ



تارقاتتى. كىشىلەر بۇنى «بىتيە» دەپ ئاتايتتى. پۇل ئۈستىگە مىڭ يارماق دەپ يېزىلغان (ئىچكى ئۆلكىدە باستۇرۇلغان) بۇنىڭدىن باشقا يەنە بىر خىل ياغ تىزا بار ئىدى. پۇل يۈزىگە 500 يارماق دەپ بېسىلغان (بۇ خىل پۇلنىڭ خەژلىنىش دائىرىسى كەڭ، قەغىزى ئاسانلا يىرتىلىپ كېتەتتى. شۇڭا ياغ قاچىلانغان لاتىغا پۇل بېسىپ ئىشلەتتى) يەنە بىر خىل قەغەز پۇل خاراكتېرىدىكى مىس تىيىن (تۇڭپۇر) بار ئىدى. دانىسى 100 يارماققا ئۆتەتتى. غۇلجىنىڭ كورە بازىرىدىكى قىمارخانىلاردا خەژلىنىدىغان تاردىشا پۇل بولۇپ، دانىسى 100 يارماق ئىدى. چاررۇسىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ داۋشىڭ بانكىسى غۇلجا، چۆچەك، قەشقەردە شۆبە بانكا تەسىس قىلدى. بۇ بانكىنىڭ شىنجاڭدا يۈرگۈزگەن قەغەز پۇلى سومما دەپ ئاتىلاتتى. بۇ پۇل رۇبلىنى بىرلىك قىلاتتى (داۋشىڭ بانكىسى پىرۋوت ئىشلىرىنى بېجىرەتتى. شىنجاڭنىڭ پۇلىنى مونۇ پۇل قىلاتتى) يوقۇرقىلار شىڭخەي ئىنقىلاۋىدىن بۇرۇنقى شىنجاڭدا خەشلەنگەن قەغەز پۇللارنىڭ ئەھۋالى.

ياڭزىڭشىن تەختكە چىققاندىن كېيىن مالىيە نازارىتى چاررۇسىيەدىن ئىمپورت قىلغان ئادەتتىكى ئاق قەغەزدىن پايدىلىنىپ ئەژدىھا پۇلىنىڭ نۇسخىسىغا ئوخشۇتۇپ، تاش باسمىدا پۇل بېسىپ، بىر سەر قەغەز پۇلنى 400 داچەنگە تىڭشىگىلى بولىدىغان ئۆلكە پۇلى چىقىرىشقا پەرمان چىقاردى. كېيىنكى چاغلاردا ئۆلكە پۇلىنىڭ تار قىلىشى بەك كۆپ بولۇپ كېتىپ، پۇلىنىڭ كۇرسى بارغانسېرى تۆۋەنلەپ 100 داچەنگە چۈشۈپ قالدى. چىڭ خاندانلىقىنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا تارقىتىلغان خاپياۋ (قەشقەر تېزىسى)نىڭ تارقىتىلىش مىقدارى بىر مىليون

200 مىڭ سەر بولۇپ ئىناۋىتى ياخشى ئىدى. ھەر بىر خاپىياۋ-نىڭ بىر سەرىگە 9 مىسقال ئەتراپىدا كومۇش پۇل تېگىشكىلى بولاتتى. (قەشقەر، خوتەنلەردىن يىللىق ئېلىنىدىغان باج تەخمىنەن 800 مىڭ سەر بولۇپ، تارقىتىلغان قەغەز پۇلنىڭ سانى بىلەن تەڭلىشىپ قالاتتى) ئولكە پۇلىنىڭ كۇرسى تۆۋەن-لەپ خاپىياۋ بىلەن پەرق پەيدا بولدى. ياڭزېڭشىن مەمۇرى بۇيرۇق بىلەن دەسلەۋىدە ئولكە پۇلىنىڭ 2 سېرى خاپىياۋنىڭ بىر سېرىگە «سۇندۇرۇلىدۇ» دەپ بەلگۈلىدى. شىمالى شىنجاڭنىڭ ئەھۋالى مۇرەككەپرەك ئىدى. غۇلجا تارقاتقان مىڭ يارماققا ئوتىدىغان بېيتيە پۇلنى ئولكە پۇلىغا 6 مىسقالغا سۇندۇرۇپ ئولكە غەزىنىسى يىغىۋالدى. ئالتاي بىلەن چۆچەكتىمۇ قەغەز پۇل تارقاتقان ئىدى. ئالتاي، چۆچەك شىنجاڭنىڭ باشقۇرۇشىغا ئوتكەندىن كېيىن، ياڭزېڭشىن ئولكۇلۇك غەزىنىگە 7 قاتلاش يولى بىلەن ئولكە پۇلى ئارقىلىق يىغىۋېلىشنى بۇيرۇق قىلدى. ئوكتەبىر ئىنقىلاۋىدىن كېيىن روسىيە ئىمپېرىيىسى ئاغدۇرۇلدى. رۇبلى پۇلى ئولدى. شىنجاڭلىقلارنىڭ قولىدىكى رۇبلىنىڭ ھەممىسى قۇرۇق قەغەزگە ئايلىنىپ قالدى. ياڭزېڭشىن بۇنى بىلسىمۇ قەستەن بىلمەسكە سېلىپ، كارى بولمىدى بىر ئولكىنىڭ قەغەز پۇلى تارقىتىلغاندىن كېيىن داچەن پۇلغا تېگىشىشكە باشلىدى. 400 سەرنى بىر سەر كومۇشكە ئالماشتۇردى. كېيىنچە كورسى تۆۋەنلەپ كېتىپ، بېجىڭ تەڭگىسىنىڭ 3 جياۋسىغا تەڭ بولۇپ قالدى. ئۇ خەلقنىڭ قولىدىن قانچىلىك تارتىۋال-دىكىن؟

ياڭزېڭشىن شۇلۇپ ئالغان نەق پۇللارنى ماتاردېپ نازىرى ليۇۋېنلوڭ تىيەنجىن، داليەن بېجىڭلەرگە يوتكەپ بەردى



ليۇۋېنلوڭ شىنجاڭنىڭ تېپىك تۆرىلىرىدىن ئىدى. ئۇنىڭ قەلىمى ياخشى بولغاچقا ياڭزېڭشىننىڭ مۇھىم ئالاقە ھۆججەتلىرى ليۇنىڭ قولىدىن ئۆتەتتى. يەنە بىر تەرەپتىن ئۇ يىڭفىڭيۇ سودا سارىيىنى قۇرۇپ ئۇنىڭغا خوجايىن بولۇپ چاي سودىگەرچىلىكى قىلدى. ليۇۋېنلوڭدا ھوقۇق، كۈچ، بايلىق، نام بولسىمۇ، يۈزى يوق شەرمەندە ئىدى.

### 4 - ياڭزېڭشىن دەۋرىدىكى سودا - سانائەت

ياڭزېڭشىن دەۋرىدە سانائەتتىن ئېغىز ئاچقىلى بولمايتتى. تەمىرات نازىرى يەن شۇشەن ئۈرۈمچىدە بىر سانائەت ئىدارىسى قۇردى. روسىيىلىك ۋاسىلوپ دېگەن بىر ئىنژېنېرنى تەكلىپ قىلىپ شۈيمىگودا زاۋۇت قۇرۇپ تۆمۈر ئېرىتكەن، ئېيتىشلارغا قارىغاندا ئوتقا چىدامىلىق ماتېرىياللار كەمچىل بولغانلىقتىن سۈپىتى تۆۋەنرەك تۆمۈر ئېرىتكەن بولسىمۇ، كېيىن بۇ زاۋۇت توختاپ قالدى. يەنزۇخۇەن، ۋاڭشياۋسەن دېگەننى چەنگىلىقتا تەكلىپ قىلىپ شىيىسەنىڭ ۋاڭجياگۇ دېگەن يېرىدە بىر نېفىت شىركىتى قۇردى. بۇرغۇلاش ئۈسكۈنىلىرى بولمىغاچقا ھارۋۇ بىلەن نېفىت لايلىرىنى توشۇپ كېلىپ، كېرىسىن ئىشلىگەن بولسىمۇ بازىرى بولمىغاچقا توختاپ قالدى. يەنزۇخۇەن يەنە روسىيىلىك دوبۇرنىۋسكى دېگەن بىلەن بىرلىشىپ سېرىدىقماي ئىشلەشنى سىناپ كوردى. مەھسۇلاتى خېلى ياخشى بولسىمۇ بازىرى بولمىغاچقا توختۇتۇپ قويدى. ئۈرۈمچى ناھىيىسىنىڭ ئامبىلى جياڭجىڭسەن شىيداچاۋ (چوڭ كوۋرۇك) تە روسىيىنىڭ كونا تۈگمەنلىرى شەكلىدە بىر تۈگمەن قۇردى. بۇ تۈگمەن

سۇ بىلەن ھەركەتلىنىپ ئۇزۇن تارتتى. شۇڭا بۇ تۈگمەننى ئەجنەبىيلەر تۈگمىنى دەپ ئاتاشتى. ئۇنىڭ يېنىدا 30 ئورچۇقلۇق بىر يىپ ئىگىرىش فابرىكىسى قۇردى. بۇ فابرىكىدىن چىققان مەھسۇلاتلارنى بازاردا كۆرمىدۇق. (مەن تەمرات نازارىتىدىكى ماۋسچۈەن دېگەن كىچىك ئارقىلىق بىر تاي يىپ ئېلىپ، غۇلجىغا ئېلىپ بېرىپ، قىزنەۋرىلىرىم بىلەن ئويۇشتۇرغان ئائىلەۋى پايپاق توقۇش كارخانىسىدا پايپاق توقۇتقان ئىدىم. (جىنىڭ شورىن ۋاقتىدا زاۋۇتنىڭ بىر قىسمى بۇزۇلۇپ كەتتى- شىڭشىسەي دەۋرىگە كەلگەندە باسمازاۋۇتىغا ئۆزگەرتىلدى) ئۇنىڭدىن باشقا يەنە چوڭ كۆۋرۈك، شۇيموگۇلاردا كاپىتالىستلا بىر مۇنچە تۈگمەن قۇردى. پۈتۈن شەھەرنىڭ ئاقئۇن، سۇمبىيى مۇشۇ يەرلەردە ئىشلەنگەن ئىدى.

ياكزېڭشىن دەۋرىدە چوڭراق بىنالار يوق ئىدى ياكزېڭشىن بىلەن ئېغىز - بۇرۇن يالىشىدىغان ئەمەلدارلا ئۆز - ئارا نەقپۇل ئىئانە قىلىشىپ، ياكزېڭشىن ئۈچۈن بىر قەۋرىستانلىق بىنا قىلدۇردى. يەنە بىردانە مىس ھەيكەل ئورناتتى مىس ھەيكەل شىڭشىسەي دەۋرىدە چېقىپ تاشلاندى

ياكزېڭشىن دەۋرىدىكى ئۈرۈمچىگە قارىغىلى بولمايتتى بۈگۈنكى بايى دالۇنىڭ ئورنى ئەينى زاماندىكى سېسىق بىر كۆلچەكى ئىدى. بۇنى ماختىشىپ نىلۇپەركۆلچىكى دېيىشەتتى بۈگۈنكى خەلق تىياتىرىنىڭ ئورنى ھەممە ئادەم ئەخلەت تۆكىدىغان ئەخلەتخانە ئىدى. ئەتىيازدا قار- مۇز ئېرىگەندە سېسىقچىلىقتىن نەپەس ئالغىلى بولمايتتى. ئۆلۈپ قالغان باللارنىمۇ تاشلىۋاتاتتى. نەنىڭ كوچىلىرىدىكى پاتقاق ئادەمنىڭ تىزىدىن ئاشاتتى خادىك ھارۋۇلار بولمىسا ئۆتۈۋېلىشمۇ قىيىن ئىدى. ئېيتىشلار



غا قارىغاندا ئەتىيازلىقى قار - مۇز ئېرىگەندە پاتقاقتا تۈگە چوكۇپ ئۆلۈپتۇ.. دېگەن گەپلەرمۇ بار ئىدى. پاتقاق ھەققە - تەن شۇ قەدەر قېلىن ئىدى.

ياكزېڭشىن دەۋرىدىكى سودا ئىشلىرى تەرەققى تاپماي ئىزىدا توختاپ قالغان ئىدى. سانائەتنىڭ قالاق بولۇشى تۈپەيلىدىن شىنجاڭغا ئېھتىياجلىق بولغان يىپنىك سانائەت بۇيۇملىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى چەتئەلدىن كەلتۈرۈلەتتى. رۇسىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ سودا دۇكانلىرى ئوكتەبىر ئىنقىلاۋىدىن كېيىن بارا - بارا چۈشكۈنلۈككە قاراپ ماڭدى، ئىچكىرىدىن كېلىدىغان تۈگە كارۋانلىرىنىڭ يوللىرىمۇ تاشقى موڭغۇلىيىنىڭ مۇستەقىل بولۇشى بىلەن توسۇلۇپ قالدى. تېخىمۇ مۇھىمى ياكزېڭشىننىڭ نادانلاشتۇرۇش سىياسىتى ۋە خىلمۇ - خىل ئېكسپىلاتاتسىيىسى تۈپەيلىدىن، پوخرالارنىڭ سېتىۋېلىش كۈچى بەك تۆۋەن ئىدى. مەسىلەن جەنۇبىي شىنجاڭدىكى بەزى چېكرا ناھىيىلەردە ئامبال ئۈچۈن لازىم بولغان ئاچچىقسۇ چاڭيۇلارنى باشقا ناھىيىلەردىن ئېلىپ باراتتى. ياكزېڭشىن ئۈچۈن سودىگەر- لەردىن ئالغان خۇتەن دۇفۇسىمۇ ئالاھىدە ئېتىۋارلىق ئىدى.

## 5 - ياكزېڭشىن دەۋرىدىكى مائارىپ

ياكزېڭشىن نادانلاشتۇرۇش سىياسىتىنى قوللىنىپ، كىشىلەر- نىڭ بىلىم ئېلىشنى خالىمايتتى. ئۇنىڭ مەكتەپ قۇرۇشتىكى مەخسىدى ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىق قىلىشىغا ئېھتىياجلىق بولغان ئادەملىرىنى يېتىشتۈرۈش ئىدى. رۇسىيە بىلەن دىپلوماتىيە مۇناسىۋىتىدە قول ئاستىدا ئىقتىدارلىق ئادەم بولمىغانلىقتىن ئامالسىز رۇسچە سىياسى

قانۇن مەكتىۋىنى قۇرغان ئىدى. ھەر قايسى ناھىيىلەردە بىر - ئىككىدىن ھەم كىچىك ھەم ئاددى باشلانغۇچ مەكتەپ بار ئىدى. دىنىي مۇناسىۋەتلەر تۈپەيلىدىن جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى ناھىيىلىرىدە مۇنداق مەكتەپلەردە ئوقۇيدىغان ئوقۇغۇچى تاپقىلىمۇ بولمايتتى. ئائىلە باشلىقلىرى بالىلىرىنى مەكتەپكە ئەۋەتمەيتتى؛ ياڭزېڭشىن ھەر قايسى يېزىلارغا ئوقۇغۇچى بېرىشكە ئالۋاڭ سالاتتى. بايلار ئىلاجىسىزلىقتىن كەمبەغەللەرنىڭ بالىلىرىنى ياكى يېتىم بالىلارنى ياللاپ ئېلىپ ئۆز پەرزەنتلىرىنىڭ ئور- نىغا تۇتۇپ بېرەتتى. بۇنداق غەلىتە ئىشلار قەدىمدىن جۇڭگو- دا ياكى چەت ئەللەردە كۆرۈلمىگەن بولۇشى مۇمكىن.

ياڭزېڭشىن دەۋرىدە شىنجاڭ ئۆلكىسى بويىچە ئالىي بىلىم يۇرتى ھېسابلىنىدىغىنى رۇسچە سىياسى - قانۇن تېخنىكو- مى ئىدى. بۇ مەكتەپنى ئۇ خېلى ئۇزۇن تەييارلىق قىلىپ، نۇرغۇن پۇل خەشلەپ، نۇرغۇن ئوڭۇشسىزلىقلاردىن كېيىن ئوقۇتقۇچى تەكلىپ قىلىپ ئاندىن ئاچقان ئىدى. ئەپ- سۇسكى ئارانلا سانى 40 كە يەتمىگەن بىر سىنىپ ئادەم ئوقۇش پۈتتۈردى. بىرىنچى قارار ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇراسىمى بولغان كۈنىنىڭ ئاخشىمى ئۆزى قەستلەپ ئۆلتۈرۈلدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ مەكتەپمۇ توختاپ قالدى.

ياڭزېڭشىن يەنە ئۈرۈمچىدە موڭغۇل - قازاق مەكتىۋى قۇردى، بۇ موڭغۇل، قازاق پەرزەنتلىرىنى ئوقۇتىدىغان مەكتەپ ئىدى، سەۋىيىسى ئوخشاش بولمىغاچقا، مەزمۇنى ھەم قالايمىقان رەتسىز ئىدى. ئوقۇتۇشتىن مەخسەت موڭغۇل قازاقلاردىن ئادەم يېتىشتۈرۈپ ئۆز ھاكىمىيىتىنى قوغداش، مىللىي ھېسسىياتىنى



ئالماشتۇرۇش جەھەتتە كۆۋرۈكلۈك رول ئوينىتىش ئىدى. شەرىپقان، ئاباۋ قاتارلىقلار مۇشۇ مەكتەپنى پۈتتۈرگەن (شەرىپقان شىڭشىسەي دەۋرىدە ئالتايغا ۋالى، گارنىزون سىلىڭى بولغان، ئاباۋ گوڭئەن گۆەنلىچۇنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولغان. ياڭزېڭشىن يېتىشتۈرگەن بۇنداق ئادەملەرنىڭ كۆپ قىسمى شىڭشىسەي دەۋرىدە تۈرمىدە ئۆلتۈرۈلدى).

ياڭزېڭشىن يەنە ئۈرۈمچىدە ئوتتۇرا مەكتەپ قۇردى. بۇنىڭ بىرى رۇسچە سىياسى - قانۇن تېخنىكومىنىڭ تەييار- لىق بۆلۈمى خاراكتېرىدىكى ئوتتۇرا مەكتەپ ئىدى. دەرسلىكلىرى ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپلەر بىلەن ئوخشايتتى، رۇس تىلى دەرسلىكىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرەتتى. يەنە بىرى دارىلمۇ- ئەللىمىن بولۇپ باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنى يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن قۇرغان ئىدى.

ياڭزېڭشىن دەۋرىدىكى مائارىپ ئاساسەن باشلانغۇچ مەك- تەپ ئىدى. ھەر قايسى ناھىيىلەردە بىر ئىككىدىن باشلانغۇچ مەكتەپ بولغاندىن تاشقىرى ئوتتۇرا دەرىجىلىك مەكتەپ- لەر يوق ئىدى. شۇڭا جەنۇبىي شىنجاڭدىكى بەزى ناھىيىلەر- نىڭ ئامباللىرى مۇشۇ باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتتۈرگەنلەردىن ئىدى. ھەر قايسى ناھىيە - رايونلاردىكى تەرجىمانلارنىڭ كۆپ قىسمىمۇ باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتتۈرگەنلەر بولغانلىقتىن ئۇلارنىڭ سەۋىيىسى بەك تۆۋەن بولغاچقا ئامبال سوراقخانىدا ئەنزە سوراق قىلغاندا ئىككى تەرەپنىڭ سۆزى ئەسلى سۆز بولماي تەرجىماننىڭ خىيالى بويىچە ئېيتىلغان سۆز بولۇپ قالاتتى. ناھىيە - رايونلاردىكى

تەرجىمان - تۇڭچىلارنىڭ شۇ چاغدىكى ئايلىقى ئارانلا و
مىسقال كومۇش ئىدى. بۇنى رۇسچە سىياسى - قانۇن كورسى
نىڭ رۇس ئوقۇتقۇچىسى مىدۇۋىتوۋ بىلەن سېلىشتۇرغاندا نەچ
چە يۈز ھەسسە پەرق قىلاتتى. تۇڭچىلارنىڭ تاپاۋەت قىلىدىغان
باشقا يوللىرىمۇ بار ئىدى. ئۇلار داۋاگەردىن ھەق ئالاتتى،
خەلقنى بىۋاستە ئېكسپلاتاتسىيە قىلاتتى.

ياڭزېڭشىنىڭ باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپى
دەل بىر توركۇم غالچىلارنى يېتىشتۇرۇشتىن ئىبارەت ئىدى.

## 6. ياڭزېڭشىنىڭ مافۇشىڭنى ئولتۇرۇشى

ياڭ زېڭشىن دەۋرىدە قاتىللىق ئەنزىلىرى بەك كۆپ
بولاتتى. بۇنىڭ ئىچىدە كىشىنىڭ دىققىتىنى قوزغايدىغىنى مافۇشىڭ
ئەنزىسى ئىدى. بۇھوكۇمرانلار سىنىپىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئى
تالاشقاندەك رەزىل ئويۇن ئىدى. قاتىل ياڭزېڭشىن قارا نىيەتلىك
ئادەم. ئولتۇرۇلگۇچى مافۇشىڭ ئەيش - ئىشرەت، كەيپى — سا
بىلەن ئۆتۈدىغان زالىم ئىدى، ئولتۇرۇش ئۇسۇلىدا ئۇرغۇن ئەسكە
يوتكەپ، دىنى زىددىيەتلەردىن پايدىلاندى. ئولتۇرۇلگەندىن كېيىن
ھەدەپ تەشۋىق قىلدى، شۇڭا بۇنى ئەسلەپ ئوتۇشكە ئەرزىيدۇ.

ياڭزېڭشىن بىلەن مافۇشىڭ يۇرتداش ئىدى. يەنە كېلىپ ب
خىزمەتتە ئىشلىگەنلىكتە ياخشى تونۇش ئىدى. ئىلى شىڭخەي ئىنقىلاۋى
يۈەن داخۇانىڭ ئەسكىرى يېتىشمىگەندە، ياڭزېڭشىنىڭ كورسۇتۇشى
بويىچە مافۇشىڭ خۇيزۇلاردىن ئەسكەر ئېلىپ كۈچ تەشكىل قىلدى

ياڭزېڭشىن بۇ كۈچتىن چىق پايدىلاندى. مافۇشىڭنى با
لىق قىلىپ ئۇنىڭ ھەربى كۈچىنى كېڭەيتتى. چوچەكتە كېلىش
ئۈزۈلگەندىن كېيىن، ياڭزېڭشىن ھاكىمىيىتى مۇستەھكەملەندى



كورسەتكەن خىزمىتىگە ھەق بېرىش يۈزىسىدىن مافۇشىڭنى قەش-
قەرگە تىتەي قىلدى. ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ كۆڭلىگە پۈكۈپ قويغان
باشقىچە مۇددىئاسى بار ئىدى. مافۇشىڭنىڭ قوبۇل قىلغان ئەس-
كەرلىرىنىڭ تولىسى ئۇرۇمچى ئەتراپىدىكى خۇيزۇلار ئىدى.
ئەگەر ئۇ ئۆز كۈچلىرىنى كېڭەيتىپ نىيىتىنى بۇزۇدىغان بولسا،
ئۇچاغدا ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇش قىيىن بولاتتى، جازالاشمۇ ئامال
بولمايتتى. قەشقەر بىلەن ئۇرۇمچىنىڭ ئارىسى يىراق، ئەگەر
ماتىتەي قەشقەردە توپۇلاڭ چىقارسىمۇ، ياڭزېڭشىن بۇ يەردە
ئۆزىنى ئوڭشاپ ئالالايتتى بولاتتى. ئىككىنچىدىن ياڭزېڭشىن جياڭسۇگ-
لىنىڭ بىر دۇۋزىيەسىگە ئىشىنەتتى ما بىلەن جياڭ ئىككىسى
ھەمىشە سوزتالىشىپ سوركۇلۇش پەيدا قىلىپ تۇراتتى. شۇڭا بۇ-
نىڭ بىرىنى سىرتقا يۆتكىگەندە ھەممىسى ئامان تاپاتتى. شۇ-
سەۋەپتىن ئۇنى قەشقەرگە تىتەي قىلىپ يولغا سالدى.

مافۇشىڭ قەشقەرگە بېرىپ ھاكاۋۇرلىشىپ كەتتى. بۇ
ئادەم ئەسلىدە ئوكتەم، زومىگەر بولۇپ قولىدىن ھەرقانداق
يامانلىق كېلىدىغان ئادەم ئىدى. قەشقەر پۇخرالىرىغا ئالۋاڭ
سېلىپ، ساۋغۇغا ئالاھىدە خان ئوردىسىغا ئوخشاش ھەشەمەتلىك
داچا سالدۇردى. مافۇشىڭ يەنە ھارافكەش، شەھۋەتپەرەست ئىدى.
ئۇنىڭ يۈننەنلىك خوتۇنىنى كىشىلەر يۈننەن خېنىم دەيتتى.
چېجياڭلىق خوتۇنىنى چېجياڭ خېنىم دەپ ئاتايتتى. ئۇيغۇرلاردىن
14 خوتۇن ئالدى. جەمى 17 خوتۇنى بار ئىدى. ئۇنىڭدىن تاشقىرى
ئىپپەت-نامۇسىغا تەككەن خوتۇن-قىزلارنىڭ ھېساۋى يوق ئىدى.
پۇخرالارغا ئادەتتىن تاشقىرى ۋەھشىلىك قىلىپ، كىشىلەرنىڭ
قولىنى كەسكەن، پېيىنى قىرقىغان، زەھەرلىك ۋاسىتىلار بىلەن
قىيىنىغان بولغاچقا خەلقنىڭ ئۇنىڭغا بولغان غەزىۋى بەك كۈچلۈك

ئىدى. ئۇنىڭ ئۇستىدىن خەلقنىڭ يازغان ئەرز خەتلىرى بەك كۆپ
بولسىمۇ ياڭزېڭشىن ئىتىۋار بەرمىدى. كېيىنكى چاغلاردا ماتىتەيىنىڭ
يۈردىگى تېخىمۇ يوغىناپ، ھەتتا ياڭزېڭشىننىڭ ئورنىغا دەسسەش
خىيالىدىمۇ بولدى. چېچىياگىلىق خوتۇنى بېيجىڭغا بېرىپ ساۋكوننىڭ يېنىدا
ھەرىكەت ئېلىپ باردى. بۇ ئىشنى بېيجىڭدە تۇرۇشلۇق
شىنجاڭ كېڭەشى ئەزالىرى بىلىپ ياڭزېڭشىنغا يوشۇرۇن
خەۋەر قىلدى. ياڭزېڭشىن شۇ سەۋەپتىن ئۇنى جايلىۋېتىش
قارارىغا كەلدى.

ياڭزېڭشىن بۇ مەخسەتكە يېتىش ئۈچۈن ئۈچتۇرپان ئاھ
بىلى ماشياۋۇۋنى تېلېگىرام بېرىپ ئۈرۈمچىگە چاقىردى. ئولكا
مەھكىمىسىدە مەخپىي ئىش تاپشۇرۇپ، ماشياۋۇۋنى باشقوماندانلىققا
تەيىنلىدى، شۇنىڭ بىلەن ماشياۋۇۋ ئاتلىق ئەسكەرلەرنى ئېلىپ
قەشقەرگە ماڭدى. كېيىن يەنە غۇلجا، سۈيدۈڭدىكى جاڭدېشىڭ
يېڭجاڭغا مەخپىي تېلېگىرام يوللاپ ئاتلىق ئەسكەرلىرىنى باشلاپ
ماشياۋۇۋنىڭ قوماندانلىقىدا قەشقەرگە بېرىشقا بۇيرۇق بەردى.
شۇنىڭدەك تورپاندىكى مافۇمىن (كىشىلەر ئۇنى ماداگازا دەي-
تى) نىڭ پۈتۈن لۈيىنى، قاراشەھەر، ئاقسۇ، كۇچار قاتارلىق
جايلاردىكى ھەربىلەرنىمۇ قەشقەر تەرەپكە ماڭدۇردى. ھەرقايسى
يوللاردىن كېلىۋاتقان ئەسكەرلەرنىڭ ھەممىسى ماشياۋۇۋنىڭ
قوماندانلىقىغا بويسۇناتتى. ماشياۋۇۋ بۇيرۇق بويىچە ئۈچتۇرپان
غا بېرىپ ئەسكەرلىرىنى قاقشال يولى بىلەن باشلاپ مېڭىپ
كۈتمىگەن يەردىن تۇيدۇرماي قەشقەرگە بېرىپ يېڭىشە
ھەرنى بېسىۋالدى. ماتىتەيىنى تۇتۇپ ئېتىپ ئۆلۈكىنى سازايى
قىلدى.
ماشياۋۇۋمۇ خۇيزۇ تۇرۇغلۇق نىمانچە پايپەتەك بولۇپ كەتتى



ئەسلىدە مافۇشىڭ ئىسلام دىنىنىڭ كونا مەزھىپىدە، ماشى-
ياۋۇۋ بولسا يېڭى مەزھەپنىڭ خەلىپىسى ئىدى. بۇ ئىككى مەز-
ھەپنىڭ زىددىيەتلىرى خېلى ئۇزۇندىن بار ئىدى. ياڭزېڭشىن بۇ
زىددىيەتتىن پايدىلاندى. ئۇ زىننىڭ قولى بىلەن ئۆزىنى ئۆلتۈر-
گۈزۈپ پايدا تاپتى. ماشياۋۇۋ يەۋنەنلىك بولۇپ مەدەنىيەت
سەۋىيىسى مافۇشىڭدىن يۇقۇرى بولغاچقا، ياڭزېڭشىن ئۇنى «كى-
چىك ئالىم» دەيتتى. 1937 - يىلى ماشياۋۇۋ شىڭشىسەي تەرىپى-
تىن تۈرمىغا ئېلىندى، ئاخىرى ئۆلتۈرۈۋېتىلدى. 1958 - يىلى گەنسۇ-
دىن باستۇرۇلغان ئەكسىلئىنقىلابچى ئونسۇر ماجۇڭۇ دەل مۇشۇنىڭ
ئىنىسى ئىدى.
يۇقۇرقىلار 1924 - يىلىدىكى ۋەقەلەردىن ئىبارەت، ياڭ-
زېڭشىن ماشياۋۇۋنى ئۆستۈرۈپ خوتەن ۋالىيسى كېيىنرەك قەشقەر
ۋالىيلىقىغا تەيىنلىدى، ماشياۋۇۋ يېڭى مەزھەپنىڭ باشلىقى سۈپە-
تىدە ئۆز مۇرىتلىرىنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولدى. ئۇنىڭ ئۆز
مۇرىتلىرىنى ئېكىسپىلاتاتسىيە قىلىپ تاپقان مال - مۈلكىلىرىمۇ
ئاز ئەمەس

## ئاخىرقى سۆز

ياڭزېڭشىن ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ 17 يىل ھۆكۈمرانلىق قىلدى.
بۇ ھەقتىكى تارىخىي ماتېرىياللار بەك كۆپ، بىراق ئىشىمدە قال-
غانلىرىنى ئەسلەپ بۇ خاتىرىنى يېزىپ چىقتىم. چۈشۈپ قالغان
ياكى خاتا جايلىرى بولۇشى مۇمكىن، كىتاپخانلىرىمىزنىڭ تۈزۈ-
تۈشىنى ئۈمىت قىلىمەن.

# شىنجاڭ ئۆلكىلىك روسچە سىياسى - قانۇ مەكتىۋىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇش

— ليۇدىيەن قالدۇرۇپ كەتكەن ماقالا —

مەن گۇچۇگلۇق مانجۇ، مىنگونىڭ 9 - يىلى (1920 - يىلى 6 - ئايدا شىنجاڭ ئۆلكىلىك ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ 1 - سىنىپىغا قۇشقا كىردىم. 1924 - يىلى ئوقۇش پۈتتۈرۈپ شىنجاڭ ئۆلكىلىك رۇسچە سىياسى - قانۇن كورسىغا ئەۋەتىلدىم. 1928 - يىلى ئوقۇ پۈتتۈرگەندە جىڭ شۇرېن تەختكە چىققان ئىدى. مەن شىنجا ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت خارجى ئىشلار بولۇمچىسىگە ئاسپىرانت لۇم ئەزاسى بولۇپ تەيىنلەندىم يەنە ۋاقىتلىق مائارىپ نازىر ليۇۋىنلۇڭنى رۇسىيە ئارقىلىق شىنجاڭغا باشلاپ كىلىش خىزم گە بەلگىلەندىم. يولبۇيى تەرجىمانلىق قىلدىم. كېيىن مىنى جى شۇرېن تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىگە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شەمەي تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسىنىڭ مۇئاۋىن كونسۇللىقىغا كورسەت مەن شەمەي، تاشكەنتلەردە مۇئاۋىن كونسۇل بولۇپ تۇردۇ شىڭ شىسەي ھاكىمىيەت بېشىغا چىققاندا جۇڭگونىڭ سوۋ ئىتتىپاقىدىكى ئەنجان كونسۇلخانىسى ۋە شەمەي كونسۇلخانىس خىزمەتكە باردىم. 8 يىللىق دىپلوماتىيە خىزمىتى جەريانىدا يا زېڭشىن، جىڭ شۇرېن دەۋرىدىكى دىپلوماتىيە خادىملىرى بىلە



بىرگە ئىشلىدىم، بولۇپمۇ ليۇۋىنلۇڭ بىلەن بولغان سوھبەتلىرى-مىز ئارقىلىق ياڭ زېڭشىننىڭ شىنجاڭدا رۇسچە سىياسى - قانۇن تېخنىكۇمىنى قۇرۇشتىكى مۇددىئاسى ۋە مەقسىدىنى ئازدۇر - كوپ-تۇر ئىگەللىگەن ئىدىم. ھازىر ئوز بىلگەنلىرىم بويىچە قىسقىچە تونۇشتۇرماقچىمەن.

ياڭ زېڭشىن ئوز ھوكۇمرانلىقىنى يۈرگۈزۈش جەھەتتە ئەڭ مۇشكۇل ھىس قىلغىنى دىپلوماتىيە ئەمەلدارلىرىنىڭ كامچىل بو-لۇشى بولۇپ، ئۇ بۇنىڭدىن قىينالغان ئىدى. ئۇ چاغدا شىنجاڭدا رۇسىيە (كېيىنكى سوۋېت ئىتتىپاقى) ئەنگلىيىلەر بىلەن چېتىشلىق ئەنزىلەر بەك كوپ ئىدى. دىپلوماتىيە خىزمىتى بىلەن شۇغۇللان-غۇچىلارنىڭ كوپ قىسمى چىڭ خاندانلىقىنىڭ ئاخىرقى يىللىد-ىردا رۇسچە مەكتەپلەرنى پۈتتۈرگەن؛ كېيىنكى چاغلاردا بېيجىڭدىكى رۇسچە مەخسۇس كورس ۋە رۇسچە سىياسى - قانۇن تېخنىكومىلىرد-نى پۈتتۈرگەنلەر ئىدى. بۇ كىشىلەر خەنزۇچە سەۋىيىگە ئىگە بولسىمۇ، لېكىن رۇسچە سوز قابىلىيىتى ئاجىز ئىدى. دىپلوما-تىيە سورۇنلىرىدا سوز تەرجىمە قىلىش جەھەتتە ئانچە ئەپلەش-تۈرۈپ كىتەلمەيتتى. باللىق چېغىدىنلا رۇسچە ئۆگەنگەن شىۋە-لەر، مەسىلەن: يىن دېشەن، چۇنباۋ قاتارلىقلارنىڭ سوزى راۋان بولسىمۇ، لېكىن خەنزۇچە سەۋىيىسى توۋەن ئىدى. دىپلوماتىيە خادىملىرىنى يېتىشتۈرۈش توغرىسىدا مائارىپ نازىرى ليۇۋىنلۇڭ مۇنداق دېگەن ئىدى: ياڭ زېڭشىن رۇسچە سىياسى - قانۇن تېخ-نىكومىنى ئېچىش قارارىغا كېلىپ پىلان تۈزۈپ مائارىپ مىنىستىرلىكىگە ئەنگە ئالدۇرۇشى ئۈچۈن يوللىغان ئىدى. مائارىپ مىنىستىرلىكى «شىنجاڭدا ئوقۇتقۇچى كامچىل، ئوقۇغۇچىلار يېتىشمەيدۇ.» دەپ تەستىقلىمىدى. ياڭ زېڭشىن «سەن تەستىقلى-

مسالەن مەيلى، مەن ئۆزەم دېگەننى قىلىشۇرىمەن» دەپ،مەكتەپ شكچۇ، ۋاڭ يۈنتەنلەر چىڭ خاندانلىقىنىڭ ئاتاغلىق كىشىلىرىدىن
نامىغا «شىنجاڭ ئۆلكىلىك» دېگەن تاجىنى كەيدۇرۇپلا مەكتەپ ئىدى. 4 - يىلى قانۇن - تۈزۈم، ئىقتىسات دەرسلىكلىرى قوشۇلۇپ،
ئېچىۋەدى، ئەمىلىيەتتە بۇ مەكتەپ ياڭزېڭشىننىڭ ئۆز ئالدىغا ئاچقا كېيىنكى سىياسىي - قانۇن مەكتىۋىدە قانۇن ئۆگۈنۈشكە ئاساس
خۇسۇسىي مەكتىۋى ئىدى. سېلىنىدى
1920 - يىلى ياڭ زېڭشىن ئۈرۈمچىدە 1 - قارار ئوتتۇرا 1924 - يىلى 1 - قارار ئۆلكىلىك مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئو-
ئوتتۇرا مەكتەپ قۇردى. بۇ ئوتتۇرا مەكتەپ رۇسچە سىياسىي قۇش پۈتتۈردى. ياڭ زېڭشىن ئۆزى كېلىپ پۈتۈن ئوقۇغۇچىلار
قانۇن تېخنىكومىغا تەييارلىق كورۇش مەخسىتىدە ئېچىلغان ئىدى بىلەن بىللە سۈرەتكە چۈشتى. ھەمدە ئالدىنقى 10 نەپەر ئوقۇ-
ئوقۇغۇچىلىرى ھەر قايسى ناھىيىلەردىن تاللاپ كەلتۈرۈلدى غۇچىغا «شىنجاڭ سىياھەت خاتىرىسى» توپلىمى دېگەن رەسمىي-
ياڭ زېڭشىن، ئائىلىسى كەمبەغەل بولسىمۇ تەربىيىلەنسە بولىدىغان تورپلامدىن بىر نۇسخە، لاۋزىنىڭ «ئەخلاق دەستۇرى» دىن
دەپ قارىغان ئوقۇغۇچىلارغا ئېتىۋار بەردى. ئۇلارنىڭ ئۇرۇ بىر نۇسخىدىن تەقدىم قىلدى. بۇنىڭدىن مەخسەت ئوقۇغۇچىلار-
چىگە كىلىش راسخوتىنى ھوكۇمەت بەردى. ئىمتىھان بېرىدىغا شىنجاڭنىڭ ئوتمۇشى ۋە ھازىرقى ئەھۋاللىرىنى تونۇشتۇرۇپ،
باڭ چىققانغا قەدەر تاماق - ياتاق چىقىملىرىنى مەكتەپ كوتە ئۆزىنىڭ «ئىدارە قىلالمايدىغىنى يوق» لىغىدىن ئىبارەت ھوكۇمە-
دى. بۇ قېتىمقى ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىشتا 49 نەپەر رەسمىي رانلىق نەزىرىيىسىنى چۈشەندۇرۇش ئىدى. ئوقۇش پۈتتۈرۈشتىن
ئوقۇغۇچى 20 نەچچە زاپاس ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىندى. كېيىنكىلىرى، ياڭ زېڭشىن رۇسچە سىياسىي قانۇن مەكتىۋىگە تەييار-
تولۇقلاپ ئىمتىھان ئېلىش ئارقىلىق يەنە 8 ئوقۇغۇچى قوبۇل لىق كورۇپ، مائارىپ نازارىتىنىڭ كېچاكى جاڭ جىنيۈگىنى تەي-
قىلدى. ئوقۇش باشلانغاندا ياڭ زېڭشىن ئۆزى كېلىپ ئىمتىھانى يارلىق خىزمىتىگە مەسئۇل قىلدى. بۇ ئادەم 40 دىن ئارتۇق
قەغەزلىرىنى تارقىتىپ يوقلىما قىلدى، بەلگۈلىمە بويىچە ئوقۇغۇچىلار ئۈستىدىن قاتتىق تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ ئۇنىڭدىن 33 نە-
پاس ئوقۇغۇچىلار تاماق راسخوتىنى ئۆزى تولىشى كېرەك ئىدى بۇ پەرنى قوبۇل قىلدى.
ئائىلىمىزدە قىيىنچىلىق بار دەپ كوللېكتىپ ئىلتىماس قىلىشقا ياڭ زېڭشىن بۇ قاراردىكى ئوقۇغۇچىلارغا خېلى ئېتىۋار
ياڭ زېڭشىن ئۇلارنىڭ خىراجىتىنىمۇ تەستىقلىدى. بەردى. پۈتۈن راسخوتلارنى ھوكۇمەت كوتەرگەندىن تاشقىرى
1 - قارار ئوتتۇرا مەكتەپتە ئادەتتىكى دەرسلىكلەردىن ھەر ئايدا يەنە 12 سەر ياردەم پۇلى بېرىپ تۇردى. (شۇ چاغ-
تاشقىرى، رۇس تىلى دەرسى كىرگۈزۈلۈپ، رۇسىيەنىڭ ئۇرۇمدىكى بازار باھاسى بويىچە 200 جىڭ ئاقئۇن سېتىۋېلىشقا بو-
چىدە تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسىنىڭ مۇئاۋىن كونسۇلى مى جىلاتتى) مەكتەپ راسخوتىغا سەنداۋبادىكى خانلىق يەرلەرنىڭ ئې-
دېنى ئوقۇتقۇچىلىققا تەكلىپ قىلدى. ھەر كۈنى ئىككى سائەت جارىسى سەرپ قىلىناتتى. ئوقۇلىدىغان دەرسلىكلەر: رۇسىيە جۇغ-
رۇس تىلى دەرسى ئوتۇلدى. خەنزۇ ئوقۇتقۇچىلاردىن سوراپىيىسى، كونا تارىخى كىلاسسىك ئەدەبىيات، جوڭگو - ياپون قۇشۇن

كومۇكانىدىكى دىپلوماتىيە تەنپەن خاتىرىسى (رۇسچە) رۇس گېزىتلەر تاللانمىلىرىدىن ئىبارەت ئىدى.

سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ هازىرقى زامان ئەدەبىياتى، ئىل ئىدىيىلىك دېرىرىتاتسىيەلەر قاتتىق چەكلىنەتتى. قانۇن دەرسلىك بېيجىڭ چاۋياڭ ئونىۋېرسىتېتىنىڭ كونسپېكتلىرى ۋوللۇنۇلاتتى شۇ چاغلاردا ئۇرۇمچىدىكى ئاتاغلىق ئەرباپلار بىلەن ئىچكى ئولكىلەردىن تەكلىپ قىلىنغان مەخسۇس كەسپىي خادىملار دەر ئوتەتتى. پىسخولوگىيە، قانۇن ئىلمى ئومۇمىي نەزىرىيىسى، ئاسا قانۇن، هەق تەلەپ قانۇنى، هەق تەلەپ داۋا قانۇنى، جىنايى ئىشلار قانۇنى، جىنايى ئىشلار داۋا قانۇنى، خەلقئا قانۇن، خەلقئارا شەخسىي قانۇن، دولەت تىلى قاتارلىق دەرسل ئوتۈلەتتى. دولەت تىلىدا كلاسسىك ئەدەبىيات تاللانغان ئىدى دولەت تىلى ئىمتىھانىغا ئادەتتە كونا دىنى كىتابلاردىن سۇئ چىقىرىلاتتى. هازىرقى قىلىشىمىزچە دولەت تىلى ئوقۇتۇشتىكى مەخس ماقالە يېزىشنى ئۆگۈتۈش بولماستىن، بەلكى ئاساسىغى ف داللىق ئىدىيىنى سىڭدۈرۈش ئىكەن.

مەكتەپ تەشكىلى ناهايىتى ئاددىي بولۇپ، بىر نەپەر ئ ـمى مۇدىرى ئوقۇتۇشقا نازارەت قىلاتتى. بىر نەپەر ئومۇمىي ئ لار مۇدىرى ئوقۇغۇچىلارنى باشقۇراتتى. خوجىلىق مۇدىرى ب كىشى بولۇپ، مەكتەپنىڭ بوغالتىرلىق ـ كاسسىرلىق ۋە باشقا پ چە ـ پۇرات ئىشلىرىنى باشقۇراتتى. مەكتەپ مۇدىرى يوق ئىدى بەزەنلەر «مۇدىرلىقنى ياڭ زېڭشىن قوشۇمچە ئوتەيدىكەن» د بەزىلىرى «لىۋۇۋىنلوڭ ئىدى» دەيدۇ. ئومۇمەن مەخسۇس مە تەپ مۇدىرى يوق ئىدي



بۇ مەكتەپنى قۇرۇشتا جاڭ جىنيۇڭ بىر ئاز جاپا تارتتى، رۇسچە مەخسۇس كورسلاردا ئوقۇغان ياكى بېيجىڭدە رۇس تىلى تېخنىكومىنى پۈتتۈرگەنلەردىن شىنجاڭغا كېلىپ خىزمەت قىلىۋاتقانلارنىڭ هەممىسى بۇ مەكتەپكە قارىتا ئىچى تارلىق قىلاتتى. چۈنكى ئۇلار ياڭ زېڭشىننىڭ رۇسچە سىياسىي ـ قانۇن مەكتىۋىنى ئاچقانلىقىنىڭ بىزگە پايدىسى يوق دەپ قاراپ، ياردەملىشىشنى خالىمايتى.

ئوقۇش باشلاش مۇراسىمىدا مائارىپ نازىرى لىيۇۋىنلۇڭ، ياڭ زېڭشىننىڭ مۇددىئاسى بويىچە ئوقۇغۇچىلارغا «هەممەڭلار مۇشۇ يەرلىك، كەلگۈسىدە ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن، ئامبال بولۇش سالاهىيىتىگە ئىگە بولىسىلەر. ياخشىراق ئوقۇڭلار» دېگەن سوزلەرنى قىلغان ئىدى. بەزى ئوقۇغۇچىلار بۇ سوزلەرنى ئاڭلاپ، مەيلى قانداقلا بولمىسۇن كەلگۈسىدە ئەمەلدار بولىدىكەنمىزغۇ، دەپ مەغرۇرلىنىپ دەرس ئوقۇماي، ئوزىنى ياساپ، هەق تەلەپ قىلىش بىلەنلا بولۇپ كېتىپ، ياخشى ئوقۇمىدى.

ياڭ زېڭشىن ئادەتتە مەكتەپكە كەلمەيتى. مەسئۇلىيىتىنى لىيۇۋىنلوڭغا تاپشۇرۇپ قويياتتى. لىيۇۋىنلوڭ چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە مۇئاۋىن ۋالىي بولغان، هازىر مائارىپ نازىرلىقىنى ئۈستىگە ئالغان بولسىمۇ، مائارىپ ساهەسىدىن خەۋىرى يوق ئىدى. ئۇ ئوزىنىڭ پۈتۈن زېهنى كۈچىنى شىنجاڭ بىلەن ئىچكى ئولكىلەر ئوتتۇرىسىدىكى پۇل پىرىۋوت ئىشلىرىغا يەنى تىجارەتكە سەرپ قىلاتتى. مەكتەپنىڭ بارلىق خىزمەتلىرىنى ئىلمىي مۇدىر جاڭ جىنيۇڭگە تاپشۇرغان ئىدى.

مەكتەپ مەشغۇلاتلىرى ئىنتايىن ئاددىي بولۇپ دەرسلىك كىتابلاردىن تاشقىرى پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى ۋە قىرائەتخانە

يوق ئىدى. ئوقۇغۇچىلارغا جانلىق تىلنى مەشىق قىلدۇردىغا
ھېچقانداق تەدبىرمۇ يوق ئىدى. شۇڭا ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا رۇس
چە تىلنى رەتلىك سوزلىيەلەيدىغانلاردىن ئاران بىر ئىككىسى ك
شىلا يېتىشىپ چىقتى. ليۇۋېنلۇڭنىڭ ماڭا ئېيتقىنىغا قارىغاند
ياڭ زېڭشىننىڭ قارىشىچە بۇ سىنىپتىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇيدىغا
دەرسلىرى ئاساسەن رۇسچە تىل - ئەدەبىيات ۋە قانۇندىنلا ئىبارە
بولۇشى كېرەك. ياڭ زېڭشىن ئوقۇغۇچىلارنىڭ رۇسچە جانلىق تى
سەۋىيىسىدە يېڭى دېڭشەندەك راۋان سوزلىيەلەيدىغان بولسا، قانۇ
بىلىمى جەھەتتە نىيى ۋېنتوڭغا ئوخشاش ئەترابلىق بولۇشى (بى
ئىككى كىشى ياڭ زېڭشىن دەۋرىدە «دىپلوماتىيە نوپۇزلۇقلىرى
بولۇپ بىرى ئالمۇتىدا ئوقۇغان، بىرى رۇسچە مەخسۇس ئوقۇ
نۇشى كۇرسىنىڭ ئەلا ئوقۇغۇچىسى ئىدى) نىلا تەلەپ قىلاتتى
رۇس تىلى ئىزقىزتقۇچىسى مىي جىيەدى خەنزۇچە ئوقۇغان رۇس
ئىدى، ئۇ ھەتتا خەنزۇچە كونا ئۇسلۇبتىكى شېئىرلارنى يازالايتتى.
ئادەمنىڭ بېيجىڭدىن تەكلىپ قىلىنغان رۇس تىلى ئوقۇتقۇچىلىر
قارىغاندا سەۋىيىسى كوپ يۇقۇرى ئىدى. بىزنىڭ ئوقۇش مۇد
دىتىمىز بېيجىڭ رۇسچە سىياسى - قانۇن مەكتىۋىنىڭكىدىن 3 يى
ئارتۇق بولغاچقا ئوقۇغۇچىلارنىڭ رۇسچە سەۋىيىسى ۋە قانۇ
سەۋىيىسى توغرىسىدا ياڭ زېڭشىن خاتىرجەم ئىدى. ئوقۇغۇچىلا
نى سىناپ كورمەيتتى، دولەت تىلىدىنلا سىناپ كورەتتى.
بىر قانچە قېتىم دولەت تىلى ئىمتىھان قەغەزلىرىنى كورگەن.

ئەڭ ئاخىرقى يىلى ياڭ زېڭشىن توساتتىن ئوقۇغۇچىلا
بىلەن كورۇشكۇسى كېلىپ قالدى. دوبەن مەھكىمىسىنىڭ
2 - ئىشخانىسىدا بىر - بىرلەپ قوبۇل قىلدى. جوزا ئۇستىدە قە
غەز، سىيا، قەلەم قويۇلغان ئىدى. ئالدى بىلەن ئوقۇغۇچىلىر



چاقىرىپ جەدۋەلدىكى ئىسمى، يېشى، يۇرتى دېگەن كاتەكچىلەر-
نى تولدۇرغۇزۇپ ئاندىن سوئال سورىدى. بۇ قېتىم نىمە ئۇچۇن بۇنداق
ئالاھىدە كورۇشىدىغاندۇ؟ ھەممەيلەن ھەيران قىلىشتۇق. بۇ تېپىشماقنى-
تاكى مەن ياڭ زېڭشىننىڭ ئادەۋېتانىتى (فۇگوەن) ۋاڭ خۇي قا-
تارلىقلار بىلەن ئىلپەت بولغاندىن كېيىنلا ئاندىن بىر ئاز بىلۋالدىم.
ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ياڭ زېڭشىن ئادەم ئىشلىتىشتە تالانتىغا
قارىغاندىن تاشقىرى، چىرايىغىمۇ قارايدىكەن ئۇ پوختا «سىنچى»
ئىدى. كىشىلەرنىڭ چىرايىغا، رەڭگى - رويىغا قاراپ بۇ ئادەمنىڭ
زېرەك، بەختلىك ياكى بەختسىزلىكىنى ھوكۇم قىلالايتتى. ئۇ ھە-
مىشە: «قابىلىيەت ھەقىقەتەنمۇ ئىش قىلىشنىڭ زورۇر شەرتى،
لېكىن چوڭ بەختىسى بار بۇزۇق ئادەم تېخىمۇ چوڭ ئەسكىلىك-
لەرنى قىلالايدۇ،» دەيتتى. مەن بۇ گەپنى ئاڭلىغاندىن كېيىن،
ئاندىن ياڭ زېڭشىننىڭ نىمە ئۇچۇن ئوقۇغۇچىلارغا قاتتىق تە-
كىلىپ قارىغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى چۈشەندىم.

بۇ سىنىپتا خەنزۇ، خۇيزۇ، مانجۇ، شىبە، ئۇيغۇر قاتارلىق
5 مىللەت ئوقۇغۇچىلىرى بار ئىدى. ئىمتىھاندىن ئوتكەن
ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئالدىنقى ئىككىسى خۇيزۇ ئىدى. ئالدىنقى 10
كىشىنىڭ ئىچىدە ئىككى نەپەر مانجۇ، ئىككى نەپەر شىبە، ئىك-
كى نەپەر ئۇيغۇر بار ئىدى. ئۇيغۇرلاردىن بىرىسىنىڭ ئىسمى
يۇۋېنبىڭ (يۇنۇسبەك) يەنە بىرسىنىڭ ئىسمى لايۇسى (ناسىر) بولۇپ
نەتىجىسى يامان ئەمەس ئىدى. 8 يىللىق ئوگۇنۇش داۋامىدا بۇ
ئىككى نەپەر ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىنىڭ تۇرمۇش ئادەتلىرىمۇ تەدرىجى ئوز-
گورۇپ خەنزۇچە كىيىنىدىغان بولۇپ كەتتى، يۇۋېنبىڭنىڭ خەنزۇچە سە-
ۋىيىسى بەك ياخشى ئىدى، سىياسى - قانۇن ئوقۇتقۇچىسى 4 يىلغىچە يۇ-
نۇسبەكنىڭ ئۇيغۇر ئىكەنلىكىنى پەرق ئېتەلمىگەن ئىكەن. 8 يىل

دائۋامدا مىللىي ھىسسىياتقا ئازار يەتكۈزىدىغان ئىشلارمۇ كۆرۈلمىگەن
ئىدى. ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇراسىمىغا ياڭ زىڭشىن بىۋاستە قات
ناشتى. يەنە ئىچكى ئۆلكىدىن كەلگەن چىيەن ئىسىملىك ۋەكىل
مۇ بار ئىدى. يىغىندا ياڭ زىڭشىن سىياسىي سۆزلەرنى قىلماس
لىقنى تەشەببۇس قىلدى. ئۆلكىلىك كېڭەش باشلىقى لى رۇڭ
سۆزلەۋېتىپ شىنجاڭدا 5 رەڭلىك بايراقنى نېمە ئۈچۈن ئېسىل
ۋېتىپ، كۆك ئاسمان ئاق كۈن بايرىقىنى ئاسقانلىقنىڭ سەۋەب
نى سۆزلىگەندە، ياڭ زىڭشىن دەرھال ئۇنىڭغا «سىياسىي گەپنى
قىلمايلى» دەپ خەت يېزىپ تۇتقۇزۇپ قويدى، لى رۇڭ شۇ مەي
داندىلا تۇتۇتۇلۇپ سۆزلەشتىن توختاپ قالدى. ئاخىردا ياڭ
زىڭشىن «ھەممەڭلار شىنجاڭلىق، ئەتىلا جەمئىيەتكە چىقىسلەر، ب
يەرنىڭ ئىشىنى يەنىلا يەرلىكلەر بېجىرىشى كېرەك. سىلە
كۆپ ئەمەس، بەلكى ئازلىق قىلىۋاتىسلەر، تەخسىم قىلىپ كەل
سەم يېتىشمەيۋاتىسلەر، مېنىڭ سىلەرگە دەيدىغان باشقا كۆپ
سۆزۈم يوق، يىغىپ ئېيتقاندا شۇ بىر جۈملە سۆز: بۇ جاينىڭ
ئىشىنى ھەرگىزمۇ بۇزۇپ قويماڭلار» دېدى. مېنىڭچە بۇ سۆ
مەخسەتلىك ئېيتىلغان، چۈنكى ياڭ زىڭشىن ئۆزىنىڭ بېرى شى
جاڭدىن كېتىش قارارىغا كېلىپ يۈرگەچكە بىر ئازئورۇنلاشتۇرۇماقچى
بولغان ئىدى. ئۇ ئىنقىلابنى يامان ئىش دەپ كورسۇتەتتى. ئوقۇ
غۇچىلارغا يەنىلا كونا تەرتىپلەرنى ساقلىشى، بيوروكرات فېئو
دال ھۆكۈمرانلىقنى قوغدىشى كېرەكلىكىنى تەۋسىيە قىلاتتى
يىغىپ ئېيتقاندا بۇ سىنىپ ئوقۇغۇچىلىرىنى ئۆزىگە تارتىپ ئال
داپ، ئۇلارنى ئۇستۇرۇپ، ئەمەل بېرىش ئىشلىرىنى ئېلىپ بار
دى. ئوقۇش پۈتتۈرۈشتىن سەل ئىلگىرى، 10 نەپەر ئوقۇغۇچىغا «تو
ئېستىقبال خاتىرىلىرى» تەقدىم قىلىش يولى بىلەن ياشلارنى ئ



دىيە جەھەتتىن چىرىتىپ، ئۆزىنى ئومۇرۋايەت قوغدۇتۇشقا ئۇرۇن-
غان ئىدى. شۇنداق قىلىپ جەمئىي 30 نەپەر ئوقۇغۇچى ئوقۇش
پۈتتۈردى. (دەسلەپكى 33 كىشىدىن 2 كىشى ئاغرىپ ئۆلدى.
بىرىسى مەكتەپتىن ھەيدالغان ئىدى)

ياڭ زىڭشىن بۇ مەكتەپتە ئوقۇغان ئوقۇغۇچىلارنى باشقى-
لارنىڭ «ئىنقىلاۋى پارتىيە» دەپ قىلىشىدىن بەك قورقاتتى.
ئۇنىڭ مىنگونىڭ 17 - يىلى (1928 - يىلى) 7 - ئاينىڭ 7 - كۈنى
رۇسچە سىياسىي - قانۇن تېخنىكومى 1 - قارار ئوقۇش پۈتتۈرۈش
زىياپىتىدە پەنياۋنەن تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلىدىغانلىقىنى كىم بىلسۇن؟

7 - ئىيول ياڭ زىڭشىننى ئۆلتۈرۈش ۋەقەسى يۈز بەرگەن-
دىن كېيىن، شۇ قارارىدىكى ئوقۇغۇچىلارغا چوڭ گۇمان پەيدا
بولدى. جىن شۇرېن ئىشلىتىشكە جۈرئەت قىلمىدى. شۇ سەۋەپ-
تىن ئوقۇغۇچىلار ئۆيلىرىگە قايتىپ باشقىچە كۈن كۆچۈرۈش يو-
لى تاپماقچى بولۇشتى. جىن شۇرېن بۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆز
ھۆكۈمرانلىقىغا زىيان يەتكۈزۈپ قويۇشىدىن قورقۇپ، ئۆچمەنلىك
قىلغان ئىدى. بۇنىڭ ئىچىدە يەنە بىر سەۋەپمۇ بار: سى-
ياسىي - قانۇن كۇرس ئوقۇغۇچىلىرى ئوقۇش پۈتتۈرۈش ھار-
پىسىدا يەكشەنبە كۈنى شىگوگيۈەندە بىرلەشمە كۆڭۈل ئېچىشنى
ئۆتكۈزۈش، ئۈچۈن باغچا مۇدىرى جۇ بىلەن كېلىشىپ قويغان ئىدى.
دەل شۇ كۈنى جىن شۇرېن (ئۇ چاغدا مەمۇرى ئىشلار نازىرى
ئىدى) باغچىغا مېھمان چاقىرغان ئىكەن. شۇڭا باغچا مۇدىرى
جۇ ئوقۇغۇچىلارغا «ئورۇن بوشۇتۇپ بېرىڭلار!» دەپ كەلدى؛
ئوقۇغۇچىلار ئۇنىمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئىككى تەرەپ جېدەللى-
شىپ قالدى. ئوقۇغۇچىلارنى ياڭ زىڭشىننىڭ يېقىنلىرىدىن يۇن-

نەنىڭ جاڭ شۇكۇك قوللايتى. جىڭ شۇرىن گەرچە قاتتىق - يۇم
شاق ئۇسۇللارنى قوللىنىپ كورگەن بولسىمۇ، لېكىن ئورۇن
بوشاتتۇرالمىدى. شۇڭا كوڭلىدە ئوقۇغۇچىلارغا ئوچمەنلىكى بار
ئىدى. ئەمدى ھاكىمىيەت بېشىغا چىققان جىڭ شۇرىننىڭ بۇ ئو
قۇغۇچىلارنى يامان كورىدىغانلىقىنى بىلگەن ئوقۇغۇچىلار: «بىز
گە ئىش بېرىڭ» دەپ ئىلتىماس قىلىشىمدى بەزىلەر جىڭ شۇ
رىنغا «بۇ ئوقۇغۇچىلارنى ھوكۇمەت چىق پۇل خەشلەپ 8 يىل
ئوقۇتتى. بۇلارنىڭ ھەممىسى يەرلىك، تولىسى كەمبەغەللەرنىڭ
باللىرى، ئەگەر ھوكۇمەت ئىشلەتمەسلىك قارارىغا كەلگەن بول
سا، مائارىپ نازارىتى مۇندىن كېيىن يەنە مەكتەپ ئاچامدۇ،
ئاچامدۇ؟» دەپ سورىغاندا جىڭ شۇرىن ئوچۇق جاۋاپ بىرە
مەي كورۇنۇشتە ئىشلىتىدىغان، ئاستىرتتىن سىقىپ چىقىرىدىغا
بىر چارىنى ئويلاپ تاپتى: «ئۇلارنىڭ ئىمتىھان قەغىزىنى ئا
ساس قىلغىلى بولمايدۇ، ئولكە باشلىقى قايتا ئىمتىھان ئالغا
دىن كېيىن قابىلىيىتىگە قاراپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرىدۇ.» دىدى
قايتا ئىمتىھان ئېلىش ئۇچۇن دولەت تىلى ۋە رۇسچىدىن خەنزۇچە
تەرجىمە قىلىش سۇئالى چىقىرىلدى. ئىمتىھان ئالغۇچى نىيە
ۋىتۇك ئىدى. ئىمتىھانغا ئۇرۇمچىدە ئائىلىسى بارلار ۋە ئائىلى
سى چەت ناھىيەلەردە بولسىمۇ قىيىنچىلىقى با
ئوقۇغۇچىلار قاتناشتى، بىر قىسمىلىرى قاتناش
مىدى. باڭ چىقىرىلغاندىن كېيىن پەقەت
ئىككى ئادەمنىلا قوبۇل قىلدى. ئۇنىڭ بىرى ماۋىنلىۋ يەنە بىرى
قايتا ئىمتىھاندا بىرىنچىلىكنى ئالغان ليۇدېئىن ئىدى. كېيىن
يەنە بىر نەچچە كىشىنى ئورۇنلاشتۇردى. مەسىلەن: پىڭ زۇۋىن
لى رۇتوڭ قاتارلىقلار.



بۇ ئوقۇغۇچىلار گەرچە جىڭ شۇرىننىڭ كەمسىتىشىگە ئۇچرىدىغان، ئالغان بىلىمى كوزلىگەن يېرىدىن چىقمىغان بولسىمۇ، ئۇلار قانداقلا بولمىسۇن، رۇسچىنى 8 يىل ئوقۇغان مەلۇم قانۇن بىلىمىگە، مەلۇم خىزمەت ئىقتىدارىغا ئىگە ئىدى. مەسىلەن: ئولكىلىك مەمۇرى ئىشلار نازارىتى خارىجى ئىشلار بولۇمىدە ئىشلەۋاتقان بىر نەچچە ئوقۇغۇچى بىر يىل ئوتمەيلا موھىم دىپلوماتىيە ئالاقىلىرىنى بېجىرالايدىغان بولدى. سوۋېت ئىتتىپاقى ئارقىلىق كىلىپ - كىتىپ يۇرگەنلەرگە تەرجىمانلىق قىلدى. ۋەزىپىلەرنىمۇ ئوڭۇشلۇق ئادا قىلدى. بۇ ئىشلار جىڭ شۇرىن ۋە ئۇنىڭ يېنىدىكى ئەربابلارنىڭ دىققىتىنى قوزغىدى.

جىڭ شۇرىن ھاكىمىيەت سەھنىسىگە چىققاندىن كېيىن نەنجىڭ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىدىگە يالاقچىلىق قىلىپ ياخشىچاق بولۇش ئۇچۇن، ئۇرۇمچىدە گومىنداڭنىڭ ئولكىلىك داڭبۇسىنى قۇرۇپ ( ئۇ چاغدا ئۇرۇمچىدە ئارانلا بىر نەپەر گومىنداڭ ئەزاسى بار ئىدى. ) بۇ ئەزانى نەنجىڭ مەركىزى پىرقىغە يوللاپ ئەنگە ئالدۇردى. سىياسى قانۇن مەكتىۋىنى پۇتتۇرۇپ چىقىپ ئىشقا ئورۇنلاشمىغان ئوقۇغۇچىلارنى قىسقا مۇددەتلىك پىرقە كۇرسىغا توپلاپ، سەنمىنجۇيىنى ئوگۇتۇپ، ئوقۇش تۇگىگەندىن كېيىن، ھەرقايسى ناھىيەلەرنىڭ پىرقە ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىش ھەيئىتى ياكى قابىلىيىتىگە قاراپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئۇچۇن ھەرقايسى ۋىلايەتلەرگە ئەۋەتتى.

### قوشۇمچە خاتىرە:

ياڭ زېڭشىن شىنجاڭدا 17 يىل ھوكۇمرانلىق قىلدى. ئۇ، كونىلىققا چوكىۋالغان فېئودال شەخس ئىدى. ئۇ، شىڭخەي ئىنقىلا-

ۋېدىن كېيىنكى سىياسىي داۋالغۇشلارنى، مىللىتارىستلارنىڭ ئۆز
ئارا قالايمىقان ئۇرۇشلىرىنى، ھەتتا ھەممىلا جايدا كۆتۈرۈلۈۋات
قان ئىنقىلاپ دولقۇنلىرىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ تۇرسىمۇ
ئۆز ئالدىغا سىياسىي تەشەببۇسلارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۇنى شىنجاڭدا
يۈرگۈزمەكچى بولدى. ياڭ زېڭشىن لاۋجۇاڭ پەلسەپىسىدە تەشەببۇس
قىلىنغان «دۆلەت كىچىك بولسا، پۇخرا ئاز بولىدۇ. ئىدار
قىلىشمۇ ئاسان بولىدۇ» نەزەرىيىسى بويىچە ئىش قىلدى. ئۆز
ىنىڭ «توۋە - ئىستىغپار خاتىرىلىرى» دېگەن كىتاۋىنىڭ 6 - تو
پلىمىدا «ئەۋلىيا - پەيغەمبەرلەر بىلەن كارى بولماسلىق، ئېقىل
ئىدرەك دېگەنلەردىن ۋاز كېچىش، ۋاپادارلىقنى تاشلاپ، ئىنسا
دېگەندىن ۋاز كېچىش كېرەك، يۇۋاش - مۇلايىم ئادەملەرگە ھۆر
مەت بىلدۈرۈش كېرەك» دەپ يازغان. بۇ دېگىنى قېدىمقى
ياۋشۇن، يۈي زامانلىرىغا قايتۇرۇش كېرەك دېگەنلىكتىن ئىبارە
بولۇپ بۇ ئەكسىيەتچىل پەلسەپە بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. شۇنداق
تارىخ قانۇنىيىتىگە قارشى ئىش قىلغانلىق بولىدۇ.

ياڭ زېڭشىن چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرى مىنگونىڭ
دەسلەپكى يىللىرىدىن ئىبارەت تارىخىي دەۋردە ياشىغان شەخس
بولغىنى ئۈچۈن، سىياسىي جەھەتتىكى چىرىكلىكىنى، جۇنفالارنىڭ
ھوقۇق تالىشىپ قىلىۋاتقان ئۇرۇشلىرىنى، شۇ سەۋەپتىن خەلقنىڭ
ھايات كەچۈرەلمەيدىغان قىيىن ھالغا چۈشۈپ، قىلىپ نامراتلىقتىن
قۇتۇلۇش ئۈچۈن شىددەتلىك ئىنقىلاۋىنى قوزغىغانلىقىنى ئۆ
كۆزى بىلەن كۆردى. شۇڭا ياڭ زېڭشىن «ئۆز مەيلىگە قويۇۋېتىش
ئىدارە قىلىش»، «قانداقلىكى ئىش قىلماق بولغانلار، پۇخرالى
رايىغا بېقىشى. ئۆز مەيلىگە قويۇۋېتىشى كېرەك.»، «پۇخرالا



مەيلىگە قويۇۋېتىش - ئىسلاھ قانۇنىغا بويسۇنغانلىق بولىدۇ.» دې-
يىلگەن تەشەببۇسلارنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇ شىنجاڭغا ھۆكۈمرا-
نلىق قىلغان 17 يىل ئىچىدە، ئىشنى ئۆزىنىڭ ئېقىشىغا قويۇپ
بېرىپ پۇخرالارغا ئاراملىق بەردى. يەرلەرنى ئۆلچەشنى سۇ قۇرۇ-
لۇشى قاتارلىق تەدبىرلەرنىمۇ قوللاندى. شۇڭا جەمئىيەت تەرتى-
ۋى بىر قەدەر مۇقىم بولدى. ئۇنىڭ مەخسىتى خەلقنى باي
قىلىش بولماستىن، بەلكى ئۆزىنىڭ فېئودالىق ھوكۇمرانلىقىنى
مۇقىملاشتۇرۇشتىن ئىبارەت ئىدى - خالاس. ياڭ زېڭشىن ئەسكەر
ئىشلىتىشنى تەشەببۇس قىلمايتتى. ھەربىي ئەمەلدارلارنى ئىشلەت-
مەيتتى. ئۇ مۇنداق دېگەن ئىدى: «ھەربىيلەرگە قەلەم ئىگىلىرى
قوماندانلىق قىلسا ئىدارە قىلىش ئاسان بولىدۇ. ھاكىمىيەت ئى-
شلىرىغا ھەربىي ئەمەلدارلار ئارىلىشىۋالسا جاھان چوقۇم قالايمى-
قانلىشىدۇ.» ھوكۇمرانلىق قىلىش ئۇسۇلى جەھەتتە «ئەخلاق»نى
تەشەببۇس قىلاتتى. «ئەخلاقلىق بولۇش كامالەت تاپسا، جاھا-
ننى ئىدارە قىلغىلى بولىدۇ. قورال كۈچىگە تايىنىش جاھاننى
چوقۇم قالايمىقانلاشتۇرىدۇ.» دېگەن ئىدى. ئۇ تەشەببۇس قىلغان
«ئەخلاق» فېئودالىزم ئەخلاقى بولۇپ، كىشىلەرنى ئىتائەت
قىلىش، ھېچقانداق قارشىلىق كۆرسەتمەسلىكنى تەلەپ قىلىشتىن
ئىبارەت ئىدى. ماھىيەتتە «پۇخرالار ئۆزىنى بىلىپ يولغا راۋان
بولسۇن، ھوكۈمەت ئىشلىرىغا ئارىلاشمىسۇن» دېيىدىغان خەلقنى
نادانلىقتا قالدۇرۇش سىياسىتى ئىدى. ياڭ زېڭشىن لاۋزىنىڭ
بىر سەپسەتىسىنى نەقىل كەلتۈرۈپ: «لاۋزى مۇنداق دەيدۇ-
لەركى: قېدىمدىن تارتىپ جاھاننى ئىدارە قىلىپ كەلگەنلەر
خەلققە بىر نەرسە بىلدۈرمەي، نادانلىقتا تۇتۇپ كەلگەنلەردۇر.
نادانلار چوقۇن كىلىدۇ. ئۇلارنى كۆڭگە ئوخشاتساق ئەمدىلا تاڭ

يورىغان ۋاختىدىكىگە ئوخشايدۇ. ئۇلارنى پەسلىگە ئوخشاتساق
ئەمدىلا باھار بولغان ۋاختىدىكىگە ئوخشايدۇ. ئۇلارنى ئادەمگە
ئوخشاتساق خۇددى گۈدەك چاغلىرىدىكىگە ئوخشايدۇ. ئۇلارنى
زىرائەتكە ئوخشاتساق خۇددى ئەمدىلا مايسا تارتقان ۋاختىدىكى
گە ئوخشايدۇ. ئۇقۇمۇشلۇقلار ھورۇن كىلىدۇ. ئۇلارنى كۈنگە ئو
خشاتساق، خۇددى چۈش ۋاختىغا ئوخشا
دۇ. ئۇلارنى پەسلىگە ئوخشاتساق خۇددى ياز ۋاختىغا
ئوخشاپ كىتىدۇ. ئۇلارنى ئادەمگە ئوخشاتساق خۇددى ياشانغان
( پىشقان ) ۋاقىتقا ئوخشاپ كىتىدۇ. ئۇلارنى زىرائەتكە ئوخشا
تساق خۇددى زىرائەت پىشىپ يىتىلگەن ۋاختىقا ئوخ
شايدۇ. »

لاۋزى جۇسۇلالىسنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا دۇنياغا كەلگەن
بولۇپ، مەدىنيەت، ئىلىم - مەرىپەتنىڭ گۈللەنگەن چاغلىرىنى
ئوز كوزى بىلەن كورگەندە بۇنى بىر ئىللەت دەپ بىلىپ، كىشى
لەرنى ئەينى زاماندىكى نادانلىق، ساددىلىق ھالىتىگە ( دەۋرىگە
قايتۇرۇپ ئىدارە قىلىش تۇزۇك دەپ قارايتتى: « ئائىلىنى تىرىشچان
لىق - ئىقتىساتچانلىق بىلەن باشقۇرغانلارنىڭ ئائىلىسى باياشات
بولىدۇ. دولەتنى ساددىلىق بىلەن ئىدارە قىلغۇچىلارنىڭ ھوكۇ
رانلىق قىلىش ۋاختى ئۇزۇنغا داۋام قىلىدۇ. بۇنىڭدىن قارىغا
دا ئۇقۇمۇشلۇق، مەدىنيەتلىك بولۇش قىممەتلىك بولماي بەلكى
كىشىلەرنى نادانلىقتا تۇتۇش قىممەتلىك بولىدۇ. ھەر ھالدا ئا
دەملەر بەك ئارتۇقچە ئەقىللىق بولۇپ كەتسە، ئوزىنىڭ ئەقىللى
لىقىدىن چوقۇم ياخشى ئاقىۋەتكە ئىرىشەلمەيدۇ. » دەيتتى.
بۇنىڭدىن شۇنى كورىۋالغىلى بولىدۇكى ياڭزىخىن فېئو



دالىدىمغا، كونىلىقتا يىپىشىۋالغان بىر شەخىس بولسىمۇ، گالۋاڭ،
دوت ئەمەس ئىدى. ئۇ ئامباللىقتىن ئورلەپ تاكى شىنجاڭنىڭ
ھەربى ئىشلىرىغا نازارەتچىلىك قىلىدىغان ئەرباپ بولغانغا قەدەر
بەزى ھەقىقى ئەھۋاللارنى كورگەن. شۇڭا ئۇ مەسىلىلەرنى ھوشى
يارلىق بىلەن كوزۇتۇپ، راسا ئويلۇنۇپ، بىر ياقلىق قىلالايدى
غان بولغان. ئۇ ئوزىنىڭ « توۋە - ئىستىغپار خاتىرىلىرى »دىمۇ
بەزىبىر پادىشا، ئافسۇگەك، تورىلەرنىڭ ۋە ئۇلارنىڭ ئەۋلاتلىرى
نىڭ ئەيشى - ئىشرەت كەيپى - ساپانىلا بىلىپ كىبىرەكسىز ئادەم
بولۇپ قالغانلىغىنى، ئەكسىنچە بەزى نامرات، كەمبىغەللەرنىڭ
ئىچىدە ھەرقانداق ئىش قولىدىن كىلىدىغان يارامىلىق كىشىلەر
نىڭ بارلىغىنى يازغان ئىدى.

# ياڭزېڭشىن ھوكۇمىتىنىڭ قىسمەن ئىشلىرى توغرىسىدا

لېـۇدېـخـى

## 1- ھەربى ۋە ساقچىلار ئەھۋالى.

ياڭزېڭشىن ئەسكەر تەربىيىلەشنى خالىمايتتى، «ئەسكا
كوپ بولسا، ئىش كوپ بولۇدۇ. خەلقنى قوغدىغىلى بولمايد
بەلكى خەلقلەرگە خاپىلىق تۇغدۇرۇدۇ» دەپ قارايتتى. شۇ
ئۇ ئۇرۇمچى شاۋشىزى ئەتراپىدا ساقچىلار بىلەن باشلىقلىرى ئارا
نلا بىر قانچە ئون كىشىدىن ئىبارەت بىر ساقچى ئىدارىسى قۇرد
باشقا ناھىيەلەردە ساقچى ئىدارىسى يوق ئىدى. (ناھىيىلى
ھوكۇمىتىدە ئاران بىر نەچچە مەمۇرى ساقچىلارلا بولاتتى.)
چاغدىكى ئەسكىرى چەھەتتە، دۇفارۇڭ لويىگە (بىردگادىسىغا
تەۋە 3 باتالىون ئەسكەر بولۇپ جۇگۋاگىمىن، جاڭفاڭزىلار ي
جاڭ (باتالىون كوماندىرى) ئىدى. يەنە بىر باتالىوننىڭ با
لىون كوماندىرلىقىنى دۇ ئوزى قوشۇمچە ئوتەيتتى. ئوفىتسې
چەكچىلەر بولۇپ 500 دىن كوپرەك ئادەمى بار ئىدى دۇلۇ
جاڭنىڭ ئوغلى دۇشادىپاچاق مۇستەقىل باتالىوننىڭ كوماندىر
بولۇپ 200 دەك ئەسكەر تۇتاتتى. يەنە ۋاڭداچىڭ باتالىو
دۇمۇخې باتالىونلىرى بار ئىدى. نەنلىياگدا بىر دۇۋىزىيە شىتا
بولۇپ يېمىشى 70 تىن ئاشقان جاڭ سۇگلىن شىجاڭ ئىدى. دۇۋ



دىيە قارىمىقىدا ئادىمى 200 گە يەتمەيدىغان 2 ليەن(روتا) ئەسكەر بار ئىدى.

ئولكىلىك ھوكۇمەت ئىدارىسىدا 200 كىشىگە يەتمەيدىغان مۇھاپىزەتچى ئەسكەرلەر بار ئىدى. ئادىيوتانت گاۋلىيەندۇ بۇ ئىككى ليەن ئەسكەرگە يېتەكچىلىك قىلاتتى. مۇھاپىزەتچى ئەس-كەرلەر ھوكۇمەت ئىدارىسىنى ساقلىغاندىن تاشقىرى، ياڭزېڭشىن سىرتقا چىققاندا مۇھاپىزەت قىلىپ 40-50 ئەسكەر بىللە باراتتى. ئۇ چاغلاردا ئەسكەرلەر ھەربى مەشىق قىلمايتتى، ئوفىتسېر-لەر قۇرۇق سانغا ئالغان مۇئاشنى چوڭ ئىشتىھا بىلەن يەيتتى. ئەسكەرلەرنىڭ مۇتلەق كوپ ساندىكىلىرى قېرى، ئاجىزلار بولۇپ، قىش كۇنلىرى سودىگەرلەرنىڭ ياكى بايلارنىڭ قارلىرىنى تازى-لاپ، ئەتىيازلىقى بازار كوچىلىرىدا پاتقاق لايلارنى تازىلاپ يۇرەتتى. ياكى زەمبىل توقۇش، سۇپۇرگە باغلاش قاتارلىق شەخسى ئوقەت بىلەن شۇغۇللىناتتى. نوچىراقلىرى 4 تىن-5 تىن بىر بولۇپ قىمارخانىلارغا بىرىپ پارچە- پۇرات چوتا، ھاۋزا ئېلىپ خىراجىتىنى ھەل قىلاتتى. ھەر يىلى كونا يىلنىڭ 10-ئايلىرىدا، ياڭزېڭشىن بىر قېتىم كورەك قىلاتتى. ھەمدە ئادەم ئەۋەتىپ يوقلىما قىلاتتى. لېكىن ياڭزېڭشىن ئوزى كورۇنمەستىن ئادەم ئەۋەتىپ قۇيۇپلا تۇگۇتەتتى. شۇ چاغلاردا ھەر قايسى قىسىم-لاردىكى كام سان بەك كوپ ئىدى. شۇڭا يوقلىما قىلغاندا كو-چىلاردا تىنەپ يۇرگەنلەرنى ياللىۋېلىپ ھىساپقا كىرگۇزۇپ، ساناقتىن ئوتكۇزىۋالاتتى.

ياڭزېڭشىن بەك گۇمانخور ئىدى. ئەگەر قايسى قىسىمنىڭ مەسئوللىرى ئەتىگەن ئاخشاملىرى ئەسكەرلەرنى ھەربى مەشىق قىلدۇرسا، كورۇنۇشتە ئۇلارنى تەقدىرلەپ ئەمەلە

يەتتە ئۈزۈنغا قالماي بانا تىپىپ خىزمىتىدىن ئېلىۋىتەتتى
ھەتتا بەزىلىرىنى سولاپ قويااتتى. چۈنكى ياڭ ئۇنداقلارنى
«نىيىتى ساغلام ئەمەس، باشقا غەرىزى بار» دەپ قارايتتى،
گەر قايسى قوشۇندىكى ئەسكەرلەر ھەربى مەشىق قىلمىسا، بىكا
يېتىپ يىسە، ئەسكەرلەرنى ئوقەت قىلىشقا قويىۋەتسە، يا
زېڭشىن بۇنداق قوشۇننىڭ مەسئۇللىرىنى كورگەندە ئۇلارغا كا
يىپ قويىسمۇ لېكىن جازاغا تارتمايتتى. چۈنكى مۇنداق قىلغا
لاردا ئۇنىڭچە باشقىچە غەرەز بولماسمىش. مەسىلەن: مۇھاپىزەتچ
قىسىملار بىلەن باشقا قىسىملاردىكى مىلتىقلارنىڭ چاقماقلىرىغا پا
تۈنلەي قىزىل لاتا ئوراپ قويااتتى. بۇ لاتىنى ئىختىيارى يېشىۋە
مەسلىك، كىمكى ئىختىيارى يېشىپ قويسا تۈزۈمگە خىلاپلىق قىلد
دەپ ئولۈمگە ھوكۇم قىلىدىغانلىقىنى تۈزۈم قىلىپ بېكىتكەن ئىدى
مۇھاپىزەتچى ئەسكەرلەر بىكارچىلىقتا قىزىل لاتىنى يېشىپ دا
لىشىپ كەتكەن چاقماقلارنى سۈرتۈپ تازىلىغىنىنى باشا
قىلار كورۇپ پاش قىلسا، يەڭگىل دىگەنلىرىنى باشقا قىسىملار
ئەۋەتەتتى. ئېغىر چارە كورسە سولاپ قويااتتى. ھەتتا ئالاھىدە
تۈرمىگە تاشلايتتى. ئۇ چاغدىكى ئالاھىدە تۈرمىلەرنى كىشىلە
قاراڭغۇ زىندان دىيىشەتتى. بۇ زىندان يامۇلنىڭ ئىچىگە قۇرۇلغا
بولۇپ، مەخپى ئورۇن ھىساپلىناتتى. يۇقۇرى دەرىجىلىك مە
سەپدارلارمۇ سۈرۈشتە قىلالمايتتى. ياڭزېڭشىن سۇيقەستكە ئۇ
راپ قېلىشتىن قورقۇپ، سىرتقا چىققاندا، مىلتىقلىق ئەسكەرلەر
ئوزىنى مۇھاپىزەت قىلدۇرۇپ ماڭغانلىقى ئاساسەن باشقىلار
قورقۇتۇش ئىدى.



## 2. مەدەنى- مائارىپ

ياڭزېڭشىن «ئىشكىنى تاقىۋېلىپ ئوزىنى قوغداش، خەلقنى نادانلاشتۇرۇش» سىياسىتى بىلەن خەلقنى باشقۇرغان ئىدى. شۇڭا مائارىپ ئىشلىرى بىلەن ئانچە كارى بولمايتتى. ئۇ چاغدىكى مائارىپ نازىرى ليۇۋىنلۇڭ ئىدى. ئۇنىڭ ئۇرۇمچىدە «يىڭفىڭ- يۇ سودا سارىيى» تىيەنجىن، بېيجىڭلەردە شۇبە سودا دۇكانلىرى بولۇپ دەسمايىسى كوپ ئىدى. مائارىپ نازارىتىنىڭ خىزمىتىنى بولۇم باشلىقلىرىغا تاپشۇرۇپ، ئوزى تاپاۋەت بىلەن شۇغۇللىناتتى. شۇڭا كىشىلەر ئۇنى «باققال نازىر» دەپ ئاتىشاتتى. ئۇ چاغدا شىنجاڭ بويىچە ئۇرۇمچىدە پەقەت رۇسچە سىياسى قانۇن مەكتىۋى ۋە ئۇنىڭغا تەييارلىق سىنىپىدىن بىرسىلا بار ئىدى

1920- يىلى ئوتتۇرا مەكتەپ قۇرۇلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇرۇمچىدە ئاران ئىككى سىنىپ سىياسى-قانون، 3 سىنىپ ئوتتۇرا مەكتەپ، 2 سىنىپ دارىلمۇئەللىمىن ۋە ئازىراق باشلانغۇچ مەكتەپلەر پەيدا بولدى. باشقا ناھىيەلەردە ئوتتۇرا مەكتەپلەر يوق ئىدى. تولۇقسىز ئوتتۇرىدىن يۇقۇرى مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ راسخودىنى ھوكۇمەت كوتۇرەتتى. تاماق تەمىناتىدىن باشقا يەنە قوشۇمچە ياردەم پۇل بىرەتتى. بۇنى بايلارنىڭ بالىلىرى پىسەن قىلمايتتى. نامراتلارنىڭ بالىلىرى بەك مۇھتاج ئىدى. سىياسى- قانۇن سىنىپ ئوقۇغۇچىلىرىغا ھەر بىر كىشىگە ھەر ئايدا 12 سەردىن كومۇش تەنگە ياردەم پۇل بىرەتتى. ئوتتۇرا مەكتەپ دارىلمۇئەللىمىن ئوقۇغۇچىلىرىغا ھەر ئايدا بىر كىشىگە ئىككى سەر ئەتراپىدا كومۇش تەنگە بىرەتتى. ئۇنىڭدىن باشقا چىراق، ماي، قەلەم،

سەييارا سخودى ئۈچۈن ھەر ئايدا بىر سەر ئىككى مىسقالدىن
پۇل بېرەتتى. قىشتا ھەر ئايدا (11- ئايدىن تارتىپ ئىككىن-
چى يىلىنىڭ 3- ئېيىغىچە) كونا چىگىدا 300 چىگىدىن كۆمۈر تار-
قىتىپ بېرەتتى. كىيىم - كېچەكلىرى بىر خىل بولسۇن ئۈچۈن مەك-
تەپ ئۆزى كىيىم تىكتۈرەتتى. كىيىم- كېچەكلەرنىڭ چىقىمىنى
ئايمۇ - ئاي ئوقۇغۇچىلارنىڭ قوشۇمچە ياردەم پۇلىدىن تۇتۇپ
قالاتتى. ھەر يىلى 2- ۋە 8- ئايلاردىكى ئايەم كۈنلىرىدە ئە-
لەمدارلار گۇۋەنمياۋ ئىبادەتخانىسىدا، قەلەمدارلار كۈڭزى ئىبا-
دەت خانىسىدا ئىبادەت قىلىشقا ماڭغاندا ئوقۇغۇچىلار رەتلىك
كىيىنىپ سەپكە تىزىلىپ بېرىپ ئىبادەت قىلاتتى.

ئوقۇغۇچىلار ئىچىدە چەت ناھىيىلەردىن كېلىپ ئىمتىھان بەر-
گۈچىلەرنىڭ يول راسخوتلىرىنى ھۆكۈمەت تۆلەيتتى. باشلانغۇچ مەك-
تەپلەردىمۇ قوشۇمچە ياردەم پۇلى ئالىدىغانلار بار ئىدى. مەسى-
لەن: گۇچۇڭ ناھىيىسىدىكى ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا، ئەگەر
مانجۇ بالىلىرى بولسا، ھەر ئايدا بىر بالىغا 30 چىگىدىن ئاق
تۈن بېرەتتى. تۈلۈكسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ياكى دارىلمۇئەللىمىن
ئوقۇغۇچىلىرى ئوقۇشنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، مەكتەپ ئوقۇتقۇچى-
لىرى قىزىل قەغەزگە غەلىبە خەۋىرى يېزىپ پوچتا ئارقىلىق
ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئائىلىسىگە ئەۋەتىپ بېرەتتى. ھەمدە ئۆيىنىڭ
ئالدىغا چاپلاتتۇرۇپ قوياتتى. ئۇرۇق- تۇغقان، ئەل ئاغىنىلىرى
بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن ئالاھىدە كېلىپ تەبرىكلەيتتى
ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇشنى پۈتتۈرگەنلىك باگلىرى مەكتەپتە ئېلان
قىلىنغاندىن كېيىن، نۇرغۇن ئادەملەر كېلىپ كۆرەتتى. بەزى-
لىرى قىزلىرىغا ياخشىراق كىيوغۇل تېپىش ئۈچۈن ئالدىنقى 3
ئوقۇغۇچىنىڭ ئائىلە ئەھۋالىنى سۈرۈشتۈرەتتى. سىياسى- قانۇن



تېخنىكوم ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرۈشى، شىنجاڭدا
تۇنجى قېتىملىق تەنتەنىلىك ئىش بولۇپ، خەلق ئىچىدە بۇنىڭ-
دىن چىققانلار ئامبال بولغىدەك دېگەن خەۋەر تارقالغانلىقتىن
ھەرساھەدىكى زاتلارنىڭ دىققەت ئېتىۋارىنى تېخىمۇ قوزغىغان
ئىدى. شۇ چاغدىكى جەمئىيەت ئەھۋالىدىن قارىغاندا، مەسىلەن:
ئۇيغۇر، خۇيزۇلارنىڭ ئۆز مەسچىتلىرى بار ئىدى. يەنە كونا
مەزھەپ، يېڭى مەزھەپ، يېڭى دىنچىلار دەپ بۆلۈنەتتى. ئۇي-
غۇر خۇيزۇلار بالىلىرىنى يېڭى مەكتەپكە بېرىشنى خالىمايتتى.
مەدرىسىگە ئەۋەتىپ ئاخۇن قىلىشنى خالايتتى. شۇڭا جەنۇبى
شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى ناھىيىلىرىدە مەكتەپ بەك ئاز ئىدى.
ئامباللار بەگلەرگە مۇسۇلمانلارنىڭ پەرزەنتلىرىنى مەك-
تەپكە ئوقۇشقا ئەۋەتىپ بېرىش توغرۇلۇق بۇيرۇق چۈشۈرسە
بەگلەر بۇ سىياسىتىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن نامراتلارنىڭ بالى-
لىرىنى سېتىۋېلىپ ئەۋەتىپ بېرەتتى. شۇ چاغدا بۇمۇ بىر «سە-
پىسە» ئىدى. خەنزۇلارغا كەلسەك ئۇلارمۇ بالىلىرىنى مەكتەپكە
بېرىشنى خالىمايتتى. ئەمەلدارلار مەكتىۋىدە ئەجنەبى كىتابلىرىنى
ئوقۇيدۇ. يەنى «ئادەم، قىلىچ، مىتىر» دېگەننىلا ئوقۇيدۇ، «ئىس-
تىقبالى يوق» دەپ قاراپ، بالىلىرىنى خۇسۇسىلار ئاچقان 3
خەتلىك دەستۇر، پەمىلىيە شەرھىسى 5 خەتلىك دەس-
تۇر، 4 كىتاب دېگەنگە ئوخشاشلارنى ئوقۇتىدىغان مەكتەپلەرگە
ئەۋەتىشنى خالايتتى. خۇسۇسىلار ئاچقان مەكتەپنىڭ چىقىملىرىنى
تامامەن ئوقۇغۇچىلار ئۆزلىرى تۆلەيتتى. ھېيت بايراملاردا يەنە
سوغا - سالام ئېلىپ باراتتى. شۇڭا كەمبەغەللەر ئادەتتە بالىلىرىنى ھۆكۈ-
مەت مەكتىۋىگە بېرەتتى. يۇقىرىدا بايان قىلىنغانلىرىمىز ياڭ زېڭشىن

شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋرلەردىكى مائارىپ ئەھۋالى. مەدەنىيەت ئىشلىرىغا كەلسەك بۇنىڭدىن ئېغىز ئاچقىلى بولمايتتى.

## 3 . ئەمەلدارلار ئارىسىدىكى رەڭگا - رەڭ ئىشلار

ياڭزېڭشىن دەۋرىدىكى مەمۇرى ۋە مائارىپ خادىملىرى ئارىسىدا مەشغۇلات تۈزۈمى دېگەن نەرسە بولمىغاچقا، خالىسا كېلىپ، خالىمىسا كېتەتتى. مەسىلەن: بەلگىلىمىدە ھەر كۈنى سائەت 9 دا ئىشقا كېلىش، كەچ سائەت 3 دە ئىشتىن چۈشۈش بەلگىلەنگەن بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئادەتتىكى خادىملار سائەت 10 لاردا بېرىپ چۈشتىن كېيىن سائەت 2 لەردە قايتىپ كېتەتتى. ھېيت بايرام ياكى ئالاھىدە زىياپەتلەر بولۇپ قالسا، باش لىڭشىتىپ قۇيۇپلا قويرىغىنى تىككۈۋېتەتتى. ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئەمەلدارلارغا كەلسەك مەسىلەن: بولۇم باشلىقى، كاتىپلارنىڭ كۆپ قىسمى بىر مەزگىل ئامبال بولۇپ قايتىپ كەلگەنلەر بولغاچقا تۈلىسى مەيدىگە چۈشۈپ، سائەت 11 لەردە ئىشقا كېلىپ چۈشتىن كېيىن سائەت بىرلەردە قايتىپ كېتەتتى. يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلار ئىشى بولسا كېلىپ بولمىسا ئۆيىدە ياتاتتى. ياكى سىرتلارغا چىقىپ ئوينايتتى. بىر كىچىككىنە ھۆكۈمەت خادىمىدىمۇ مەلۇم «ئادىمىگەرچىلىك» بولغاندىلا ئاندىن ئىشقا قويۇلاتتى. ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئەمەلدارلارنىڭ ئۆزىگە خاس تۇتقان يوللىرى بولاتتى. ئېھتىمۇ كۈلكىلىك بولغىنى شۇكى، ئامبال دېگەن «ۋۇشكا» ئېسىلغاندىن كېيىن ئالدى بىلەن بۇتخانىغا بېرىپ شاك يېقىپ قەسەم بېرەتتى. بۇ ئىشقا رىياسەتچىلىك قىلىش ئۈچۈن ياڭزېڭشىن ئۆزى نازارەتچى ئەۋەتەتتى.



بۇ چاغدا 8 چوڭ سودىگەر مەلۇم مۇناسىۋەتلىرى ئارقىلىق ئالاۋە باغلاپ، پۇل چىقىرىپ «ۋۇشكا» ئېسىلغان ئامبال ئۈچۈن مەپە ۋە سەپەر تەييارلىقلىرىنى قىلىشىپ بېرەتتى. سودىگەرلەر ئۆزلىگىدىن ئامباللارنىڭ ئىش بېجىرگۈچىلىرى بولىۋالاتتى. سودىگەرلەر ئۆزلىرىنىڭ ھەركىتى ئۈچۈن ۋاكالىتەن راسخوت ئالاتتى. ئامباللارغا ئېھتىياجلىق بولغان نەرسىلەرنى ئۇلار ۋاكالىتەن بېجىرىپ بېرەتتى ياكى ئامبال بىلەن بىرلىشىپ تىجارەت قىلاتتى.

ئامباللىق «ۋۇشكىسى» ئېسىلغاندىن كېيىن بۇتخانىدا قەسەم بېرىپ بولۇپ، مەپىگە ئولتۇرۇپ، خىزمەت ئورنىغا قاراپ يول ئالاتتى. ئەمەلدىن چۈشۈپ قايتقاندا، ئالدى بىلەن ياڭزېڭشىننىڭ ھۇزۇرىغا كېلىپ تەشەككۈر بىلدۈرەتتى. ياڭزېڭشىن ئۇنىڭغا «بۇ قېتىم ئىش جايىدا بولغاندۇر؟» دەيتتى. بۇ ئامبال ئەگەر «ئۇستازىمىزنىڭ غەمخورلىقى بىلەن سەپىرىمىز ياخشى بولدى. كېيىنكى ئۆمرىمىزگىچە يىتتىدۇ» دېسە ياڭزېڭشىن ئۇنى ئەيىپكە بۇيرۇمايلا قالماستىن بەلكى مەمنۇن بولۇپ، «كەلگۈسىدە پۇرسەت بولسا، قايتىدىن ئىشقا ئورۇنلاشتۇرىمەن.» دەيتتى. ئەگەر يۈز كۆرۈشكەندىلا نامراتچىلىقتىن قاخشاپ كەتسە ياڭزېڭشىن بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن كۆرۈنۈشتە ھەدەپ قويغان بىلەن كۆڭلىدە نارازى بولاتتى. ئۇنى يۇۋاشلىق قىلمىدى دەپ قارايتتى. ھەتتا ئۆمۈرۋايەت ئىش بەرمەسلىك خەۋپىمۇ بار ئىدى. ئۇ چاغلاردا ناھىيىنىڭ چوڭ- كىچىكلىكى، باي-نامراتلىقى ئوخشىمايتتى. لېكىن ياڭزېڭشىننىڭ ئۆز ھېساۋى بولاتتى. ئامبال بولۇشى بىلەنلا ئاز بولغاندىمۇ قانچىلىك نەپ ئالالايدىغانلىقىنى بىلەتتى. شۇڭا ئۇ چاغلاردا ھەربىي باشلىقلار، يوق ئادەمنىڭ مائاشلىرىنى يېسە مەمۇرى ئەمەلدارلار خىيانەتچىلىك پارىخورلۇق

قىلاتتى. مۇنداق ئىشلار ئاشكارا بولاتتى. ياڭزېڭشىن بۇ ئىشلارغا سۈكۈت قىلاتتى. ھەتتا ئامباللىق مەنسىۋى كىمگە بېرىلسە شۇ كىشىگە بېرىلگەن ھەق ھېساپلىناتتى. بىرەرسى بىرەر نەتىجە قازانغان بولسا، ئۇ ئامبال بولاتتى. قازانغان نەتىجىسى چوڭ بولسا چوڭ ناھىيىگە، ئازىراق بولسا كىچىك ناھىيىگە ئامبال بولاتتى. بۇ ئامباللار قايتقاندىن كېيىن، ئۆزلىرىنىڭ باشلىقلىرىغا ئەھۋالغا قاراپ، ئۆز باشلىقىنىڭ تۇغۇلغان كۈننى خاتىرىلەش، پاكى باللىرىنىڭ بۆشۈك تويى قاتارلىق تەبرىكلەش پائالىيەتلىرىدىكى پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، كاتتا سوغىلار تەقدىم قىلاتتى. ئۇ چاغدا خۇنەنلىكلەر كۆپ ئىدى. شۇڭا «خۇنەن پادىشاسى» بۇتخانىسىغا كىرگەندە بەزىلەر خۇنەن غەزەللىرىنى ئېيتىپ، زەپەر بىلەن قايتىپ كەلگەنلىكى ئۈچۈن ئىلاھىغا مىننەتدارلىق بىلدۈرەتتى. يەنە بەزىلىرى ئامباللىق ئورنىغا يېتىپ بېرىشتىن بۇرۇن ئالدى بىلەن خۇنەن غەزەللىرىنى ئېيتىپ بولۇپ ئاندىن خىزمەت ئورنىغا باراتتى.

ھەر يىلى ئەتىيازنىڭ ئاخىرلىرى ھەربىي مەمۇرىي خادىملارنىڭ ھەممىسى جىن يۈيسەن تېغىغا بېرىپ شۇيساۋ بۇتخانىسىدا سەيلە قىلىشاتتى. ھەر يىلىنىڭ 13-ماي كۈنى گۇەن دىمياۋغا بۇتخانا سەيلىسى قىلاتتى. ئىلاھىغا مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ ئويۇنلار قوياتتى. كاتتا زىياپەتلەر قىلاتتى. بۇنىڭ ھەممە چىقىملىرىنى ھۆكۈمەت كۆتۈرەتتى.

## 4-ئەپيۈن، قىمار ۋە بۇتخانا سەيلىسى

ياڭزېڭشىن شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلىشقا باشلىغاندىن كېيىن، ھەر يىلى ئەپيۈننى چەكلەيتتى. ھەر يىلى باھارنىڭ باش-



لىرىدا پۈتۈن شىنجاڭنىڭ ھەممە ناھىيىلىرىدە: «ئەپيۈن تېرىشنى مەنئى قىلىنىدۇ، خىلاپلىق قىلغۇچىلارغا ئولۇغ جازاسى بېرىلىدۇ» دېگەن 8 خەتلىك چوڭ ئېلان چاپلىناتتى. ھەر قايسى ناھىيىلەردە ئەپيۈننى مەنئى قىلىش ئەزالىرى ئامباللارغا ياردەملىشىپ، ئەپيۈننى مەنئى قىلاتتى. لېكىن ئەپيۈن تېرىشنى چەكلەپ، چەككەنلەر بىلەن، ھەتتا ئەپيۈن ساتقۇچىلار بىلەنمۇ كارى بولمايتتى. شۇڭا ئۇ چاغدىكى ھەر دەرىجىلىك دۆلەت خادىملىرىنىڭ كۆپ قىسمى ئەپيۈن چەككەش ئىدى. ئادەتتىكى پۇخرالار ئارىسىدىمۇ ئەپيۈن چەككۈچىلەر كۆپ ئىدى. شۇڭا ئەپيۈنخانىلار، ئەپيۈن دۇكانلىرى ئىنتايىن كۆپ ئىدى.

1928-يىلى ئەپيۈننى مەنئى قىلىش بۇيرۇقى يەنە بىر قېتىم بىكار قىلىندى. مەھەللىۋى دورىگەرلىككە جېرىمانە قويۇش ئىدارىسى قۇرۇلۇپ كىشىلەرنىڭ ئەپيۈن تېرىشىغا يول قويۇلاتتى. پەقەت ئەپيۈن سودىسىدا مەزكۇر ئىدارە تامغا بېسىپ قويۇپ، جېرىمانە پۇللىرىنى يىغىۋالاتتى. تامغا بېسىلمىغانلارنى خۇسۇسى ئەپيۈن دەپ قوشلاپ جېرىمانە ئالاتتى.

تېخىمۇ كۈلكىلىكى شۇكى ھەر يىلدىكى چاغاندا چوڭ دەرۋازا ئالدىدا ئۇچۇق ئاشكارا 3 كۈن قىمار بولاتتى. ھەممە يېمەكلىكلەر سېتىلاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ئۈچ كۈن ئىچىدە ھەممىلا يەرگە ياغاچ كارۋاتلار تىزىلىپ، كارۋات ئۈستىدە تاۋاق قويۇپ، چۈپ-تاق، شىشىخال دېگەنگە ئوخشاش رەڭگا-رەڭ قىمار ئويۇنلىرى ئوينىلاتتى. 3 كۈندىن كېيىن دېھقانلار كالىندارى بويىچە 1-ئاينىڭ 4-كۈنى چوڭ دەرۋازىغا ئىلگىرىكىگە ئوخشاشلا، «يېڭى يىل ئۆتۈپ كەتتى، قىمار ئويناش مەنئى قىلىنىدۇ. خىلاپلىق قىلغۇچىلار ئېغىر جازاغا تارتىلىدۇ» دېگەن

ئىلان چاپلىناتتى. بۇ چاغدا كارۋاتلار كەينى - كەينىدىن يۆت-
كەپ كېتىلىپ، ئۆز ئۆيلىرىدە قىمار قىلىنىپ، چوتار ئېلىش باش-
لىناتتى بەزەن ئەسكەرلەر بۇنداق ئۆيلەرنى سوراۋشتۇرۇپ بىرىپ
خىراجەت تاپاتتى. بۇ ئىشلار ھەر يىلى شۇنداق بولىۋىرىپ بىر
خىل ئادەتكە ئايلىنىپ قالغان ئىدى. ھاۋا چاھان ئىسسىغاندىن
كېيىن بۇتخانە سەيلىسى ئۈزۈلمەي بولاتتى. سەيلىدە قىمار ئوي-
نىلاتتى.

شۇ چاغدىكى ئاساسلىق بۇتخانە سەيلىلىرىدىن مەسىلەن:
دىنخانىلار يىلنامىسىنىڭ 2 - ئاينىڭ 4- كۈنىدىكى سىچۋەن خۇيگۇەن
بۇتخانىسىنىڭ سەيلىسى، 3- ئاينىڭ 18- كۈنىدىكى نىياڭ- نىياڭ-
مياۋ سەيلىسى، 4- ئاينىڭ 8 - كۈنىدىكى خۇگىسەنزۇي ئەۋلىيالار
ئىبادەتخانىسىنىڭ سەيلىسى، 5 - ئاينىڭ 5- كۈنى ۋە 6- ئاينىڭ
6 - كۈنى غەربى باغچىدىكى لۇڭۋاڭمياۋ سەيلىسى، 6- ئاينىڭ
15- كۈنى شۈيمۇگۇدىكى 8 چىراقلىق بۇتخانە سەيلىسى، 7- ئاي-
نىڭ 7- كۈنى لاۋخۇگمياۋ سەيلىسى، 7- ئاينىڭ 15- كۈنى
چىڭخۇاڭمياۋ سەيلىسى، ئۇلاردىن تاشقىرى ھەر قايسى كەسپلەر-
نىڭ ھەر قايسى ساھەدىكىلەرنىڭ مەسىلەن: تامچىلار، ياغاچچىلار
تۆمۈرچىلەر ۋە كومۇرچىلەر مۇلاۋجۇنمياۋ ئىبادەتخانىسىدا سەيلە
ئۇيۇشتۇراتتى. سەيلە بولغاندا ئادەتتە 3 كۈن ئويۇن قويۇلاتتى.
ۋاڭيېمياۋ سەيلىسىگە ئادەم بەك كوپ قاتنىشاتتى. چوڭراق بول-
دىغان سەيلىلەردىن مەسىلەن: خۇگىسەنزۇيدىكى سەيلە بىلەن غەر-
بى باغچىدىكى لۇڭۋاڭمياۋ سەيلىسى بولغاندا ھەر مىللەت ھەر ساھە-
دىكىلەردىنمۇ بىرىپ تاماشا كوراتتى، دولەت خادىملىرىمۇ ئىشنى
توختۇتۇپ باراتتى. سەيلىدە چوڭ يەپ ئىچىپ ئىسراپخور-
لۇق قىلىشاتتى



# بەيتىك ۋەقەسىنىڭ ھەقىقى ئەھۋالى ۋە جەريانى

سۇڭ شىلەن

1947 - يىلى 6 - ئاينىڭ 5 - كۈنى يۈز بەرگەن بەيتىك
ۋەقەسى بىرمەھەل زىلزىلە پەيدا قىلدى، شۇ چاغدا بىرمۇنچە
جۇڭگو ۋە چەتئەل مۇخبىرلىرى شىنجاڭغا كېلىپ، ھەر خىل
خەۋەر - ماقالىلارنى يازدى. شۇ مەزگىلدە كوپلىگەن كىشىلەر
بەيتىك ۋەقەسىنىڭ يۈز بىردىشى توغرىسىدا ھەر خىل قاراشلاردا
بولدى، بەزىلەر ئۇنى نوقۇل جۇڭگو - موڭغۇلىيە چېگرا ماجى-
راسى دەپ قاردى، بەزىلەر سوۋېت ئىتتىپاقى چاررۇسىيە
جاھانگىرلىگىنىڭ سىياسىتىگە ۋارىسلىق قىلىپ، شىنجاڭنى پەيدىن-
پەي ئىگىلەپ، جۇڭگودىن ئايرىپ سوۋېت ئىتتى-
تىپاقىنىڭ كونتروللىغىدا ئاتالمىش «شەرقى تۈركىستان جۇمھۇ-
رىيىتى» قۇرۇشقا ئۇرۇنىۋاتىدۇ، دەپ قاردى؛ بەزىلەر بولسا،
تاشقى موڭغۇلىيە قوشۇنلىرى ئالتاي رايونىدا ئۆزلىرى بىلەن
قارشىلىشىۋاتقان ئوسماننىڭ كۈچلىرىنى يوقىتىش مەقسىتىدە،
سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ كۈشكۈرتىشى بىلەن، ئىلى ۋەقەسى گۇروھ-
ىغا ماسلىشىۋاتىدۇ، دەپ قاردى. ئازاتلىقتىن كېيىن شائىخەي
گۈزەل سەنئەت نەشرىياتى تۈزگەن «بەيتىك بولۇتلىرى»

نامىلىق رەسىملىك كىتاپچىدا بولسا، بەيتىك ۋەقەسىنى ئامېرىكى-
نىڭ ئۈرۈمچىدىكى كونسۇلخانىسىنىڭ كۈشكۈرتىشى بىلەن ئۆزىمىز پەيدا قىلغان دەپ ئېيتىلغان ھەمدە شۇ چاغدا تېخى شىنجاڭغا كەلمىگەن ماكىننان ئىسىملىك بىر ئامېرىكىلىقنىڭ بۇ ۋەقەنىڭ مۇھىم پىلانلىغۇچىسى ئىكەنلىكىمۇ ئېيتىلغان (ماكىننان ئۈرۈمچىگە 1947 - يىل 7 - ئاينىڭ بېشىدا كەلدى، بەيتىك ۋەقەسى بولسا 6 - ئاينىڭ 5 - كۈنى يۈز بەردى. ئۇ، ئاۋال كونسۇلخانىدا كاتىپ بولۇپ، كېيىن مۇۋەققەت مائاۋىن كونسۇل بولغان، مەن ئۇنىڭ بىلەن بىر قېتىملا كۆرۈشكەن)، بۇنداق دېيىش تارىخىي پاكىتلارغا ئۇيغۇن ئەمەس.

مەيلى قانداق دېيىلسۇن، بۇ مەسىلە ھەققىدە ھازىر تېخى بىرەر يەكۈن چىقارغىلى، تاشقى موڭغۇلىيە قوشۇنلىرىنىڭ شۇ چاغدا بەيتىكتە تۇرۇشلۇق قوشۇنلارغا ھۇجۇم قىلىشتىكى ھەقىقىي مۇددىئاسىنى تېخى تەل - تۆكۈس ئايدىڭلاشتۇرغىلى بولمايدۇ.

شۇ چاغدا مەن گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭ گارنىزونىنىڭ باش قوماندانى ئىدىم، دېمەك مەن بەيتىك ۋەقەسىنىڭ مۇھىم بىر ھەقداسى. ئېلىمىزدە دىپلوماتىيە تەتقىقاتى ۋە تارىخ تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان خادىملارنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن، شۇ چاغدىكى ئەمەلىي ئەھۋالىنى يېزىپ چىقتىم، بۇ مېنىڭ ئۆتەشكە تېگىشلىك مەجبۇرىيىتىم.

## 1. بەيتىك ۋەقەسىنىڭ تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشى

1947 - يىلى 6 - ئاينىڭ 5 - كۈنى بەيتىك ۋەقەسى يۈز بەرگەن چاغدا، مەن گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدىكى قىسىملىرىنىڭ



باش قوماندانى ئىدىم، زىممەمدە زېمىننى قوغداش مەسئۇلىيىتى بار ئىدى. شۇڭا مەن تاشقى موڭغۇلىيە قوشۇنلىرىنىڭ چېگرا مۇداپىئە قىسىملىرىمىزغا يولسىزلىق بىلەن ھۇجۇم قىلغانلىقىدىن خەۋەر تاپقىنىمدا، بەيتىكتە تۇرۇشلۇق 1 - ئاتلىق دىۋىزىيەنىڭ ماشىنچىن لىيەنىگە ئۇلارغا قەتئىي قارشىلىق كۆرسىتىش توغرىسىدا قاتتىق بۇيرۇق بەردىم ۋە گۇچۇڭدا تۇرۇشلۇق 1 - ئاتلىق دىۋىزىيە 2 - تۇەنىنىڭ باشلىقى خەنفەنگە تۇەنىنىڭ ئاساسىي كۈچىنى باشلاپ ياردەمگە بېرىشىنى بۇيرۇدۇم. ئارىدىن كۆپ ئۆتمەي، موڭغۇلىيە ئارمىيىسىدىن غەنىمەت ئېلىنغان نەرسىلەر ئارىسىدىن موڭغۇلىيە چېگرا مۇداپىئە قىسىملىرى قوماندانىنىڭ بىر ئۇرۇش قىلىش بۇيرۇقىنى قولغا چۈشۈردۇق، بۇ بۇيرۇقنىڭ 1 - ماددىسىدىلا «بەيتىك — موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ زېمىنى، ئۇنى جۇڭگو قوشۇنلىرى بېسىۋالغان، جۇڭگو قوشۇنلىرىنى قوغلاپ چىقىرىپ، چېگرا مۇداپىيىمىزنى مۇستەھكەملەش — بىزنىڭ مۇقەددەس ۋەزىپىمىز» دېيىلگەن ئىدى. مەن بۇ ھۆججەتنى كۆرۈپ ھەيران قالدىم، چۈنكى مەن ئەزەلدىن بەيتىك تاشقى موڭغۇلىيە چېگراسىدىن خېلىلا يىراقتا، دەپ قاراپ كەلگەن ئىدىم؛ موڭغۇلىيە ئارمىيىسىدىكىلەر يۇقۇرقىدەك دېگەندىن كېيىن، بۇنى ئەستايىدىل تەتقىق قىلىپ كۆرۈشكە توغرا كەلدى، شۇڭا مەن شىنجاڭ بىلەن تاشقى موڭغۇلىيەنىڭ مۇناسىۋىتىنى ياخشى بىلىدىغان بەزى كىشىلەرنى (ئېسىمدە قېلىشىچە، خەنزۇ ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى ليۇشياۋلى، دىپلوماتىيە ۋەكىلى مەھكىمىسىنىڭ كېچاڭى شۈيجىدەن قاتارلىق كىشىلەرنى) يىغىپ ۋە بەزى ھۆججەت — ماتېرىياللارنى (مەسىلەن، ياڭزېڭشىن يازغان «سەۋەنلىكلىرىمدىن ساۋاقلار» قاتارلىقلارنى)

تۇپلاپ مەجلىس ئېچىپ بۇ مەسىلىسىنى مۇزاكىرىگە قويدۇم، مەن ماتېرىياللاردىن ۋە ئۇلارنىڭ سۆزلىرىدىن ئومۇمەن تۆۋەندىكى ئەھۋاللارنى ئۇقتۇم:

1. شىنخەي ئىنقىلاۋىدىن كېيىن، تاشقى موڭغۇلىيە گېگەنى چېبزۇن دامبا رۇسىيە جاھانگىرلىكىنىڭ قۇتۇرتىشى بىلەن كۈلۈن (ھازىرقى ئۇلانباتۇر)دە مۇستەقىللىق جاكارلاپ، 1912 - يىلى ئەتىيازدا ئەسكەر ئەۋەتىپ قوبدىغا ھۇجۇم قىلدۇرغان.

قوبدىدا چىڭ سۇلالىسى ۋاقتىدا يەرلىك ھەربىي - مەمۇرى ئىشلارنى باشقۇرۇشقا مەسلىھەتچى ئەمەلدار تۇرغۇزۇلغان، قوبدا مەمۇرى جەھەتتە مەركەزگە بىۋاستە قارىغان ئىدى. ۋەزىيەت ناھايىتى جىددىيلەشكەندە، بېيجىڭ ھۆكۈمىتى شىنجاڭ، ئىلى، ئالتايلارغا (ئۇ چاغدا ئىلىدا جىڭرا مۇداپىئە ۋالىسى، ئالتايدا ئىش بېجىرگۈچى ئەمەلدار تۇرغۇزۇلغان، ئۇلار مەركەزگە بىۋاستە قارىغان ئىدى.) قوبدىغا ئەسكەر ئەۋەتىپ ياردەم بېرىشتە توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرگەن، بىراق ياردەم بەرگۈچى قوشۇنلار توپلىنىپ بولغىچە، قوبدا 1912 - يىلى 8 - ئايدا قولدىن كەتكەن ئىدى. تاشقى موڭغۇلىيە قوشۇنلىرى قوبدىنى ئالغاندىن كېيىن يەنە 1913 - يىلى 7 - ئايدا ئالتاي رايونىدىن ساغانتوڭگۇگە 2 قېتىم ھۇجۇم قىلغان، ئىككىلا قېتىمدا شىنجاڭنىڭ دۇدۇسى (تۇتۇق بېگى) ياڭزېڭشىننىڭ شۇ يەردە تۇرۇشلۇق ئەسكەرلىرى تەرىپىدىن چېكىندۈرۈلگەن. بۇ قىسىملارغا لۇيجاڭ جياڭ سۈكىلىن، تۈەنجاڭ جاڭجيەنلەر قوماندانلىق قىلغان ئىدى. رۇسىيە جاھانگىرلىكى ھۆكۈمىتى ئۆزىنىڭ قوبدا بىلەن ئالتاينى يۇتۇۋېلىش مەقسىدىگە يېتەلمىگەندىن كېيىن، رۇسىيىنىڭ بېيجىڭدىكى باش ئەلچىسى ۋە ئۈرۈمچىدىكى كونسۇلى ئارقىلىق



ئېلىمىز ھۆكۈمىتىگە ۋە يەرلىك دائىرىلەرگە نوتا تاپشۇرۇپ: «جۇڭگو قوشۇنلىرى ئالتاي تېغىنىڭ شىمالىدىن ھەرگىز ئۆتمەسلىكى كېرەك، ناۋادا قوشۇنلار ساقسايغا يۆتكىلىدىغان بولسا، دۆلىتىمىز ناقابىل تۇرۇش چارىلىرىنى قوللىنىدۇ، ئالتاي ۋە سارسۇمبە (يەنى چىڭخۇا) قاتارلىق جايلارنى ئەسكەر ئەۋەتىپ ئىشغال قىلمايمىز دېيەلمەيمىز» دېگەن. شۇنىڭ بىلەن بىللە، رۇسىيە قوشمۇدۇندىن 5 مىڭ ئەسكەر ئەۋەتكەن، بۇ ئەسكەرلەر قوبدىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى خۇلۇنكۆل ۋە خادۇسۇنغا كىرىپ، تاشقى موڭغۇلىيە قوشۇنىنىڭ قوماندانى دەمبە زاڭزۇڭغا ماسلاشقان. رۇسىيە يەنە قەشقەر بىلەن ئىلىغىمۇ ئەسكەر كىرگۈزۈپ، شىنجاڭ دائىرىلىرىگە تەھدىت سالغان.

شۇ چاغدىكى بېيجىڭ ھۆكۈمىتى ئاجىز، قابىلىيەتسىز بولغاچقا يا ئەسكەر چىقىرىپ قارشىلىق كۆرسىتىشكە جۈرئەت قىلالماي، يا ھەقىقەتەن چىڭ تۇرۇپ مۇنازىرىلىشەلمەي، ۋەقە كېڭىيىپ كەتمىسۇن دەپ، بېيجىڭدە رۇسىيە ئەلچىسى بىلەن سۈلھ تۈزۈپ، مەسىلىنى مەركەز ۋە يەرلىك ئورۇن تەرىپىدىن دىپلوماتىيە يولى بىلەن تەڭلا ھەل قىلماقچى بولغان.

(1) مىنگونىڭ 2 - يىلى (1913 - يىلى) 11 - ئايدا جۇڭگونىڭ تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى بىلەن رۇسىيە باش ئەلچىسى: «تاشقى موڭغۇلىيە ئاپتونوم رايونى بۇرۇنقى چىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ كولۇندىكى ئىش بېجىرگۈچى ئەمەلدارى، ئۇلىياستاي جاڭجۈنى ۋە قوبدا مەسلىھەتچى ئەمەلدارى باشقۇرغان يەرلەر بىلەن چېگرالىنىشى كېرەك» دېگەن مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالغان شەرتلەر بويىچە بايانات ئىمزالىغان.

(2) مىنگونىڭ 2 - يىلى (1913 - يىلى) 12 - ئاينىڭ 21 -

كۆنى ئالتاينىڭ ئىش بېجىرگۈچى ئەمەلدارى پالتا، رۇسىيەنىڭ ئالتايدا تۇرۇشلۇق كونسۇلى كۇشىنكو بىلەن چىنخۇا (سارسۇمبە) دە جۇڭگو - موڭغۇلىيە ۋاقىتلىق ئۇرۇش توختۇتۇش ۋە قوشۇنلارنىڭ تۇرىدىغان چېگرىسى ھەققىدە شەرتنامە ئىمزالىغان، ئۇنىڭ 1 - ماددىسىنىڭ تولۇق تېكىستى مۇنداق: «جۇڭگو قوشۇنلىرى بىلەن خارخا قوشۇنلىرى مۇشۇ شەرتنامە كۈچكە ئىگە مەزگىلدە، ئالتايدىكى ئەڭ ئىگىز سۇ بولگۇچ پاسىللارنى يەنى سان - پېتىربۇرگ شەرتنامىسىنىڭ 8 - ماددىسىدا يېزىلغان كۈيتۈلڭ تېغىدىن باشلاپ شەرقتىكى جاڭغاشقىچە، ئۇ يەردىن بۇلغۇن دەرياسى بويلاپ جىرغىلاڭ دەرياسى ئېغىزىغىچە، ئۇ يەردىن يەنە شەرقى جەنۇپقا قاراپ ئىلگىرلەپ، ساغانتۇڭگۈنىڭ غەربى شىمالىدىكى توخانسەكەدىن ئۆتۈپ خارغىنتىئامانغىچە بولغان يەرلەرنى چېگرا قىلدى، ئىككى تەرەپنىڭ چېگرىدىن ئۆتۈشكە بولمايدۇ، بىر - بىرىگە ھۇجۇم قىلىشقا تېخىمۇ بولمايدۇ. لېكىن ساغانتۇڭگۇ ئەتراپىدا تۇرۇشلۇق جۇڭگو قوشۇنلىرى مەزكۇر شەرتنامە ئىمزالانغاندىن كېيىنكى 3 ئاي ئىچىدە يۈەنخۇ دېگەن يەرگە قايتىپ كېتىدۇ». ئۇلار يەنە: بۇ شەرتنامە ئىككى تەرەپنىڭ قوشۇنلىرى تۇرىدىغان جايغا قارىتىلغان، قوبدا بىلەن ئالتاينىڭ چېگرا مەسىلىسى بىلەن ھەرگىز ئالاقىسى يوق، دەپ بايانات ئېلان قىلغان. دەل شۇ مەزگىلدە، رۇسىيەنىڭ ئالتايدا تۇرۇشلۇق كونسۇلى قانداقتۇ: «قوبدىدىكى موڭغۇلىيە ئەمەلدارلىرىدىن كەلگەن خەتكە قارىغاندا، چېگرىنىڭ بولغۇن بويىدىكى قىسمىنى توغرا بولماپتۇ، دەپ، بەيتىكنى چېگرا قىلىش توغرىسىدا تەكلىپ بەردى» دېگەن. بۇنىڭدىن كورگىلى بولىدىكى، رۇسىيە چاھانگىرلىكىنىڭ پۈتكۈل ئالتاي رايونىنى يېسىۋېلىش



يولىدىكى قارا نىيىتى بايانات ئىمزالاش بىلەنلا يوقالمىغان.

كېيىنكى يىلى (1914 - يىلى) ياۋروپا ئۇرۇشى پارتلاپ رۇسىيە چاھانگىرلىگى پۈتۈن كۈچى بىلەن غەربتە ئۇرۇش قىلىۋاتقانلىقى ئۈچۈن، شەرقتە تاجاۋۇز قىلىشقا چولىسى تەگمىگەن، 1917 - يىلى رۇسىيەدە ئوكتەبىر ئىنقىلاۋى پارتلىغانلىقى ئۈچۈن، ئالتاي چېگرىلىرى 10 يىل تىنچ بولغان ئىدى.

تاشقى موڭغۇلىيە قوشۇنلىرى رۇسىيە چاھانگىرلىكىنىڭ كۈشكۈرتىشى بىلەن ئالتايغا تاجاۋۇز قىلغان چاغدا، ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ۋىلايەتلىرى بېيجىڭغا بىۋاستە قارىغان ۋە ھەر قايسى ئۆز تەۋەسىنى ئۆز ئالدىغا باشقۇرغان، شىنجاڭنىڭ دۇدۇسى ياڭزېڭشىن ۋەزىيەتنىڭ خەتەرلىكلىكىنى كوزدە تۇتۇپ، ئالتاينىڭ ئىش بېجىرگۈچى ئەمەلدارى پالتا ئىلىنىڭ مۇداپىئە ۋالىسى ياڭفېيشىيا قاتارلىق كىشىلەر بىلەن كوپ قېتىم مەسلىھەتلىشىپ، 1914 - يىلى ئىلى ئەلچىسىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ئۇنى چېگرا مۇداپىئە ۋالىسى دەپ ئۆزگەرتتى، 1916 - يىلى تارباغاتاي مەسلىھەتچىسىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ئۇنىڭ ئورنىغا تارباغاتاي ۋىلايىتىنى تەسىس قىلدى. 1918 - يىلى ئالتاينىڭ ئىش بېجىرگۈچى ئەمەلدارىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئالتاي ۋىلايىتىنى تەسىس قىلدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى شىنجاڭ ئولكىسىگە قاراشلىق بولدى.

2. تاشقى موڭغۇلىيەنىڭ ئالتايدىكى زېمىنىمىزنى بېسىۋالغانلىقىنىڭ جەريانى:

1922 - يىلى (مىنگونىڭ 12 - يىلى) تاشقى موڭغۇلىيە قوشۇنلىرى بولغۇنغا بېسىپ كىرىپ، بولغۇن ھاكىمىنى تۇتۇپ كەتكەن، يەرلىك موڭغۇل ئاھالىسىغا تەھدىت سېلىپ، ئۇلارنى

ئىتائەت قىلدۇرماقچى بولغان.

1933 - يىلى (مىنگونىڭ 22 - يىلى) شىنجاڭدا بىر قانچە جايدا قوزغىلاڭ كوتۇرۇلگەندە، تاشقى موڭغۇلىيە پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، چېگرىدىن ئەسكەر ئۆتكۈزۈپ، بولغۇن ناھىيىسى تەۋەسىگە كىرگۈزدى. 1935 - يىلى ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ ۋالىسى شا ×× (شارىپقان بولسا كېرەك) باش كاتىپ مەنكەي بىلەن قوبدىنىڭ مەمۇرى باشلىقى غومبۇنى كېڭەشتۈرۈش ئۈچۈن ئېرمەكتۇغا ئەۋەتكەن، ئۇلار كېڭىشىپ: «ئالتايدىكى ئاساسلىق سۇ بولگۇچ تاغنى پاسىل قىلىش، ئالتاي تاغلىرىدىن سۈيى شىنجاڭغا ئاقىدىغانلىرى شىنجاڭغا تەۋە بولۇش، قوبدىغا ئاقىدىغانلىرى تاشقى موڭغۇلىيەگە تەۋە بولۇش»نى قارار قىلغان. ئۇلانداۋان تېغىنىڭ جەنۇبىدىكى سۇلار بولغۇن دەرياسىغا قۇيۇلغاچقا، بۇ بەلگىلىمە بويىچە، تاشقى موڭغۇلىيە ئۆزى ئىشغال قىلىۋالغان بولغۇن ناھىيىسىنىڭ بازىرىنى شىنجاڭغا قايتۇرۇپ بېرىشى كېرەك بولسىمۇ، لېكىن قوبدا دائىرىلىرى بەلگىمىنى ئىجرا قىلماي، ئۆزلىرى ئىشغال قىلىۋالغان بولغۇن ناھىيىسىنىڭ تەۋەسىنى قايتۇرۇپ بەرگىلى ئۇنىمىغان.

1938 - يىلى (مىنگونىڭ 27 - يىلى) 6 - ئاينىڭ 20 - كۈنى قوبدا چېگرا ساقلىغۇچى قىسىملىرى ئۇشتۇمتۇت بومبۇتۇ دېگەن يەرنى ۋە ئۇنىڭ يېنىدىكى قارا بالچىق بويلىرىنى بېسىۋېلىپ، چېگرا ساقلىغۇچى ئەسكەرلىرىمىزنى چېكىنىشكە مەجبۇر قىلغان، چىڭگىلدىكى مىتالچىلىق ئىدارىمىزنىڭ باشلىقى گوپۇڭلۇڭ ئۆزى بىۋاستە بومبۇتۇغا بېرىپ، تاشقى موڭغۇلىيىنىڭ چېگرا ساقلىغۇچى ئەمەلدارى سېرىن بىلەن كورۇشۇپ، تاشقى موڭغۇلىيە قوشۇنلىرىنىڭ ئىشغال قىلىۋالغان يەرلەردىن چىقىپ كېتىشىنى



تەلەپ قىلغان. سېرىن يولسىز ئۆكتەملىك قىلىپ: «بومبۇتۇ، يېرىنچى، قارچىخات، قارا بالچىق قاتارلىق جايلارنىڭ ھەممىسى تاشقى موڭغۇلىيەگە تەۋە، جۇڭگونىڭ چېگرا ساقلىغۇچىسى دۈيى ھازىر تۇرۇۋاتقان قارا بالچىق قاتارلىق جايلارمۇ تاشقى موڭغۇلىيەگە تەۋە، ئۇ يەرلەردىن تېز چىقىپ كەتمىسەڭلار كېرەك» دېگەن. گوجۇيجاڭ ئۇنىڭغا جاۋابەن: «قوبدا بىلەن ئالتاينىڭ بۇرۇنقى چېگرىسى شىمالدا ئۇلانداۋانغىچە، «شەرقىي شىمالدا مىنكېخېرگىن قارلىق تېغىغىچە بولۇپ، ئالتاينىڭ ئاساسلىق سۇ بولگۇچ تاغلىرىنى پاسىل قىلغان، تاشقى موڭغۇلىيە بولغۇن ناھىيىسى تەۋەسىدىكى يەرلىرىمىزنى قايتۇرۇپ بېرىش ئورنىغا، تېخى يەنە ساغان دەرياسى بويىدىكى يەرلىرىمىزنىمۇ ئىشغال قىلىۋالدى، بۇ، ياخشى خوشنىدارچىلىق ئەمەس، بۇنىڭغا سەۋر قىلىپ تۇرغىلى بولمايدۇ» دېگەن. تاشقى موڭغۇلىيەنىڭ چېگرا ساقلىغۇچى ئەمەلدارى سېرىن گەپ تاپالماي: مەن ھوكۇمىتىمىزنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن چېگرا ساقلاۋاتىمەن، چېگرا مەسىلىلىرى ئۈستىدە سۆزلىشىش قولۇمدىن كەلمەيدۇ، ئىككى تەرەپ ئۆز ھوكۇمىتىمىزگە تېلېگرامما بېرىپ، ھوكۇمەتلىرىمىزنىڭ ۋەكىل ئەۋەتىپ مەجلىس ئېچىپ ھەل قىلىشىنى كۈتەيلى، ھازىرچە ئىككى تەرەپ ھوكۇمەتلىرىمىزنىڭ تېچلىق ئارزۇسىغا خىلاپلىق قىلماسلىق ئۈچۈن، ھازىرقى ئورنىمىزدا توقۇنۇش قىلماي تۇرايلى، يەنى موڭغۇلىيە قاراۋۇللىرى بومبۇتۇدا، جۇڭگو قاراۋۇللىرى قارابالچىقتا تۇرايلى، دېگەن.

كوپ ئۆتمەي، گېرمان - سوۋېت ئۇرۇشى پارتلىغان، تاشقى موڭغۇلىيە ئارمىيىسى ياپونىيىنىڭ كانتۇن ئارمىيىسىدىن مۇداپىئە كورۇشى بىلەن بەنت بولۇپ كېتىپ، ئالتايغا تاجاۋۇز

قىلىشقا چۆلىسى تەگمىگەن، شۇڭا غەربىي شىمال رايونىمىزدىكى مۇھىم قورغان - ئالتاي ۋاختىنچە تىچ بولغان ئىدى.

سوۋېت ئىتتىپاقىدا 1940 - يىل نەشىر قىلىنغان خەرىتىدە ئالتاي تاغلىرىنىڭ جەنۇبىدىكى بارلىق ئېدىرلىق جايلار سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن تاشقى موڭغۇلىيەنىڭ تەۋەسى قىلىپ كۆرسىتىلگەن، چېگرا سىزىقى بەيتىك ۋە يۇەنخوغىچە سىزىلغان، دېمەك نەچچە تۈمەن كىۋادرات كىلومېتىر يەر بېسىۋېلىنغان، بۇ يەرنىڭ كۆلىمى شۋېتسارىيە، لىيۇكسىمبۇرگ، بېلگىيە، گوللاندىيەلەرنىڭ ئومۇمىي يەر كۆلىمىدىنمۇ چوڭ. بۇ، كىشىدە، سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى رۇسىيە چاھانگىرلىگىنىڭ ئالتاينى بېسىۋېلىشىنى قەستلىگەن سىياسىتىگە ۋارىسلىق قىلىۋاتىدۇ دېگەن تۇيغۇنى پەيدا قىلماي قالمايدۇ.

## 2 . ئوسماننىڭ بەيتىككە چېكىنىشى

شىنجاڭ - ئېلىمىزنىڭ غەربىي شىمالىدىكى كەڭ زېمىنى، ئۇنىڭ جەنۇبىدىن شىمالىغىچە 2 مىڭ 200 كىلومېتىر، شەرقىدىن غەربىگىچە 2 مىڭ 500 نەچچە كىلومېتىر بولۇپ، يەر كۆلىمى 1 مىليون 600 مىڭ كىۋادرات كىلومېتىردىن كۆپرەك كېلىدۇ. ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىدىن تىيانشان تېغى كېسىپ ئۆتىدۇ، جەنۇبىدا كۇئىنلۇن تېغى قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ، خېلى كۆپ قىسمى قۇملۇق - چۆللەردىن ئىبارەت. ئازاتلىقتىن بۇرۇن ئۆلكە بويىچە ئۇيغۇر، قازاق، خەنزۇ، خۇيزۇ، مانجۇ، موڭغۇل، قىرغىز، تاتار، ئۆزبېك، تاجىك، رۇس، شىبە، داغۇردىن ئىبارەت 13 مىللەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 5 مىليوندىن كۆپرەك ئاھالە بار ئىدى. بۇ



مىللەتلەر ئىچىدە ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز، تاجىك، تاتار، ئۆزبېكلەر تۈركىي تىل سىستېمىسىدىكى مىللەتلەر بولۇپ، ئىسلام دىنىغا ئېتىقات قىلىدۇ، خۇيزۇلارمۇ ئىسلام دىنىغا ئېتىقات قىلىدۇ. شىبەلەر بىلەن داغۇرلار مانجۇلارنىڭ شاخلىرى. ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇسى ئەڭ كۆپ بولۇپ، ئاھالىنىڭ 75 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ. ئۇيغۇرلاردىن قالسا، قازاقلارنىڭ سانى كۆپ، تەخمىنەن 400-مىڭدىن سەل ئاشىدۇ. ئۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى تىيانشاننىڭ شىمالىدىكى غۇلجا، تارباغاتاي، ئالتاي ۋىلايەتلىرىدە ياشايدۇ. مۇقىم ئولتۇراقلىشىپ دېھقانچىلىق ياكى سودىگەرچىلىك قىلىدىغان ئاز بىر قىسمىنى ھېساپقا ئالمىغاندا، شىنجاڭدىكى قازاقلارنىڭ كۆپ قىسمى چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. ئۇلاردا قەبىلە تۈزۈمى يەنىلا مەۋجۇت. بىر مۇنچە قەبىلىلەر مۇقىم ئولتۇراقلاشماي، دائىم كۆچۈپ يۈرۈپ، يازنى يايلاقتا ئۆتكۈزۈشنى ياخشى كۆرىدۇ. چۈنكى يايلاقنىڭ ھاۋاسى سالقىن، سۈيى ئەلۋەك، ئوت-چۆپى مول بولۇپ، مال بېقىشقا ۋە ماللارنى كۆپەيتىشكە مۇۋاپىق. قىش كىرگەندە قىشلاققا كۆچىدۇ. قازاق قەبىلىلىرى ئادەتتە نۇرغۇن چارۋا مالغا ئىگە بولۇپ، ئۇلاراق كالا - قوي گۆشلىرىنى يەپ، قىمىز سۈت ئىچىپ، قېدىمدا ئېيتىلغاندەك «گۆشنى نان، سۈتنى چاي قىلىپ ياشايدۇ.» ھازىر ئۇلارنىڭ تولىسى نان بوغۇرساقنى ئاساسىي ئوزۇقلۇق قىلىدىغان بولدى. ئۇلار يەنە ناھايىتى قۇۋۋەتلىك ۋە قۇرساقتا تۇرىدىغان قۇرۇت - ئىرىمچىكلەر بىلەنمۇ ئوزۇقلىنىدۇ. قازاقلار ھەمىشە تاغ - دالىدا ياشىغانلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە، يېگەن نەرسىلىرى ناھايىتى قۇۋۋەتلىك بولغانلىقى ئۈچۈن، ئومۇمەن ناھايىتى قاۋۇل - بەستلىك كېلىدۇ، ئەر-

ئايال، چوڭ - كىچىك ھەممەيلەن ئات مىنىشكە ماھىر، ئوۋ قىلىشنى ياخشى كۆرىدۇ، مەرگەن كېلىدۇ، ئۇلار قەھرىمانغا چوقۇنىدۇ، قەھرىمان، ئۇرۇشقا ماھىر كىشىلەرنى «باتۇر» دەپ ئاتايدۇ.

ئوسمان ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ كوكتوقاي ناھىيىسىدە تۇغۇلغان بولۇپ، قازاقلارنىڭ مولقا قەبىلىسىنىڭ باشلىقى ئىدى، ئۇ جۈرئەتلىك، ئات مىنىشكە ماھىر، مەرگەن، شەخسىي قەھرىمانلىق ئىدىيىسى ناھايىتى كۈچلۈك ئادەم ئىدى. ئوسمان 1937 - يىلىدىن باشلاپ شېڭ شىسەينىڭ دىكتاتۇرىسىغا قارشى تۇردى. دەسلەپتە ئاران 7 لا ھەمراسى بار ئىدى. كېيىن ئالتاي ۋىلايىتىدىكى كۆپچىلىك قازاقلارنىڭ ھىمايىسىگە ئېگە بولۇپ «باتۇر» دەپ ئاتالدى. شېڭ شىسەي ئۇنى يوقۇتۇشقا بىر نەچچە قېتىم ئەسكەر ئەۋەتكەن بولسىمۇ، ئوسمان يەر شارائىتى بىلەن تونۇش بولغانلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە شۇ چاغدا تاشقى موڭغۇلىيەنىڭ ياردىمىگە ئېرىشكەنلىكى ئۈچۈن (دەسلەپتە تاشقى موڭغۇلىيە ئۇنىڭغا ياردەم بەرگەن، كېيىن نىمىشكىدۇر مۇناسىۋىتى ئۈزۈلدى) شېڭ شىسەي ئۇنى يوقىتالمىغان ئىدى. 1944 - يىلى 11 - ئاينىڭ 7 - كۈنى غۇلجا ۋەقەسى پارتلىغاندىن كېيىن، ئوسمان بۇ ھەرىكەتكە قاتناشتى. 1945 - يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا، غۇلجا، تارباغاتاي ۋە ئالتاي قاتارلىق جايلار ئارقا - ئارقىدىن گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن قۇتۇلدى. 1945 - يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا ئۈچ ۋىلايەت ئارمىيىسى ئارقا - ئارقىدىن جىڭ، شىخولارغا ھۇجۇم قىلدى، 9 - ئاينىڭ 3 - كۈنىدىن باشلاپ، دۆلەت تەۋەلىكى ئېنىق بولمىغان ئايروپىلانلار شىخو بىلەن جىڭنى بومباردىمان قىلدى، غۇلجا تەرەپ ئارمىيىسى ئېغىر تىپتىكى زەمبىرەك، كۆيدۈرگۈچ بومبا قاتارلىق قوراللار



بىلەن كېچە - كۈندۈز توختىماي ھۇجۇم قىلغاچقا جىڭنى ساقلاۋاتقان بىر دىۋىزىيە ئەسكەر پۈتۈنلەي تارمار بولدى، شىخونى ساقلاۋاتقان قوشۇنلار قاتتىق ھۇجۇمغا ئۇچرىدى. 9 - ئاينىڭ 5 - كۈنى شىخو قولدىن كەتتى، شىخونى ساقلىغان قوشۇنلارنىڭ كۆپ قىسمى يوقۇتۇلدى. شۇ چاغدا ئۈچ ۋىلايەت ئارمىيىسى ئۆلكە مەركىزى ئۈرۈمچىگە 140 نەچچە كىلومېتىرلا كېلىدىغان ماناس دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغىقىغا يېتىپ كەلدى. جەنۇبىي شىنجاڭدىمۇ بىر قىسىم قوشۇن بىلەن ھۇجۇم قىلدى. شۇنىڭ بىلەن پۈتۈن ئۆلكە داۋالغۇپ، پاراكەندىچىلىك ئىچىدە قالغان ئىدى.

شۇ چاغدا گومىنداڭنىڭ ئۈرۈمچىدىكى 8 - ئۇرۇش رايونىنىڭ قوماندانى جۇشاۋلياڭ جياڭ جېشىغا جىددىي تېلېگرامما يوللاپ «ئەھۋال ئېغىر، ئىستىقبال تۇتۇق، دۆلەت ئۈچۈن قۇربان بولۇشتىن باشقا يول يوق» دېگەن ئىدى. جياڭ جېشى تېلېگراممىنى كۆرگەندىن كېيىن، قاتتىق بىئارام بولۇپ، دەرھال سىياسىي ۋازارەتنىڭ ۋازىرى جاڭ جىجۇڭنى بۇ قېتىمقى ۋەقەنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىنى ئېنىقلاپ، مەسىلىنى ھەل قىلىشتا پايدىلىنىش ئۈچۈن بىر دوكلات تەييارلاشقا ئۈرۈمچىگە ئەۋەتتى. جاڭ جىجۇڭ 9 - ئاينىڭ 13 - كۈنى ئۈرۈمچىگە كەلدى (شۇ چاغدا مەن شىنجاڭدىكى 9 - شوبە مەكتەپنىڭ مۇدىرلىقىغا تەيىنلىنىپ، جاڭ جىجۇڭ بىلەن ئۈرۈمچىگە بىر ئايروپىلاندا كەلگەن ئىدىم) جاڭ جىجۇڭ 14 - كۈنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق مۇۋەققەت باش كونسۇلى يېشىپېف بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇنىڭ پىكرىنى ئالدى. يېشىپېف: «بۇ جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشى، سوۋېت ئىتتىپاقى جۇڭگو-

نىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلاشمايدۇ. مېنىڭچە بۇ ۋەقەنى ئەڭ ياخشىسى، بىر ئامال قىلىپ تېچ ھەل قىلىش كېرەك» دېدى. جاڭ جېجۇڭ ئۇنىڭ پىكرىگە قوشۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى ھەمدە ئىنكى تەرەپنىڭ ۋەكىل ئەۋەتىپ سوھبەت ئۆتكۈزۈشكە ئاسان بولسۇن ئۈچۈن، ئۈرۈمچىدىن غۇلجا تەرەپكە ئالدى بىلەن ھەربىي ھەرىكەتنى توختۇتۇش توغرىسىدا گەپ يەتكۈزۈشنى ئۆتۈندى. پېشىپىڭ جاڭ جېجۇڭنىڭ پىكرىنى موسكۋاغا يەتكۈزۈشكە ماقۇل بولدى ۋە ئۆزىنىڭ خالىس ياردەم بېرىشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. جاڭ جېجۇڭ گومىنداڭنىڭ ئۈرۈمچىدىكى ھەربىي كۈچىنىڭ ئاجىزلىقىنى، ئادەملەرنىڭ دېككە-دۈككىگە چۈشۈپ قالغانلىقىنى، مەسىلىنى تېچ ھەل قىلىشتىن باشقا يولنىڭ يوقلىقىنى بىلىپ، جياڭ جيېشىغا مەسىلىنى دىپلوماتىيە يولى بىلەن تېچ ھەل قىلىشقا كىرىشىش توغرىسىدا تەكلىپ بېرىپ تېلېگرامما يوللىدى ھەمدە ئەھۋالنى جياڭ جيېشىغا دوكلات قىلىش ئۈچۈن 16-كۈنى ئۈرۈمچىدىن چۇڭچىڭغا باردى. جاڭ جېجۇڭ چۇڭچىڭغا بېرىپ ئۇزۇن ئۆتمەي، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى پېتروف گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىگە بىر ئەسلەتمە خەت (مېموراندوم) تاپشۇردى، ئۇنىڭ تولۇق تېكىستى تۆۋەندىكىچە:

سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ غۇلجىدا تۇرۇشلۇق كونسۇلىنىڭ سوۋېت ھۆكۈمىتىگە مەلۇم قىلىشىچە، ئۆزلىرىنى شىنجاڭدا قوزغىلاڭ كۆتەرگەن خەلقلەرنىڭ ۋەكىلى دەپ ئاتىغان بىر قانچە ئۇيغۇرلار كونسۇلدىن روسىيەلىكلەرنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىپ ۋاستە بولۇپ، ئۆزلىرى بىلەن جۇڭگو دائىرىلىرى ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن



توقۇنۇشنى توختۇتۇش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئېلىشنى ئىلتىماس قىلغان ۋە ئۇ ھەقتە بېشارەت بەرگەن؛ ئۇلار يەنە: قوزغىلاڭ كۆتەرگەن خەلقلەر جۇڭگودىن ئايرىلىش نىيىتىدە بولغان ئەمەس، ئۇلارنىڭ مەقسىتى ئۇيغۇرلار كۆپ سانىنى تەشكىل قىلىدىغان شىنجاڭدىكى ھەر قايسى جايلاردا، مەسىلەن، ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي، قەشقەر قاتارلىق رايونلاردا ئاپتونومىيە يۈرگۈزۈشتىن ئىبارەت، دېگەن. بۇ ۋەكىللەر يەنە بۇرۇن شىنجاڭ ئۆلكىسى دائىرىلىرىنىڭ ئۇلارغا سالغان خىلمۇ-خىل زۇلۇملىرىنى ساناپ كۆرسەتكەن. سوۋېت ھۆكۈمىتى ئۆزىنىڭ شىنجاڭ بىلەن تۇتىشىدىغان يەرلىرىنىڭ تېچ ۋە تەرتىپلىك بولۇشىغا كۆڭۈل بۆلگەچكە، جۇڭگو ھۆكۈمىتى خالىسا، شىنجاڭدا يۈز بەرگەن ۋەزىيەتنى توختۇتۇش ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ ئىلىدا تۇرۇشلۇق كونسۇلىغا جۇڭگو ھۆكۈمىتىگە مۇمكىن بولغان ياردەملەرنى كۆرسىتىشنى تاپشۇرۇشقا تەييار.

گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بىر نەچچە قېتىم مۇزاكىرە قىلغاندىن كېيىن، جاڭ جېجۇڭنى مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە ئىلى ۋەكىلى بىلەن سوھبەت ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن ئۈرۈمچىگە ئەۋەتىشنى قارار قىلدى ھەمدە سوۋېت ھۆكۈمىتىگە مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ جاۋاپ قايتۇردى.

جاڭ جېجۇڭ 1945-يىلى 10-ئاينىڭ 14-كۈنى چۇڭچىڭدىن ئايروپىلان بىلەن ئۈرۈمچىگە كەلدى، لياڭخەنساۋ، پېڭ جاۋشەن، چۇيۋۇ، جاڭجىيۇ، دېڭ ۋېنيى، ليۇمېڭچۈن، ۋاڭ زېڭشەن قاتارلىق كىشىلەرمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىللە كەلدى.

ئىلى تەرەپ 3 ۋەكىل ئەۋەتتى، ئۇلار: رەھىمجان سابىرھاجى، ئوبۇلخەيرى تۆرە، ئەخمەتجان قاسىمى ئىدى.

بۇ قېتىمقى سوھبەت ئىككى باسقۇچقا بولۇپ ئۆتكۈزۈلدى، 1 - باسقۇچى 1945 - يىلى 10 - ئاينىڭ 17 - كۈنىدىن 1946 - يىلى 1 - ئاينىڭ 2 - كۈنىگىچە داۋام قىلىپ، دەسلەپكى قەدەمدە كېلىشىم ھاسىل قىلىندى، بۇ باسقۇچلۇق سوھبەتتە ئاساسەن شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنى ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلىش ۋە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ تەشكىلى نىزاملىرى ھەم بەزى مۇھىم ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش پىروگراممىلىرى مۇزاكىرە قىلىندى؛ 2 - باسقۇچى 1946 - يىلى 4 - ئاينىڭ 7 - كۈنىدىن 6 - ئاينىڭ 6 - كۈنىگىچە داۋام قىلىپ، ئاخىرقى كېلىشىم ھاسىل قىلىندى. بۇ باسقۇچلۇق سوھبەتتە ئاساسەن ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسىنى ئۆزگەرتىپ تۈزۈش ۋە ئۇلارنىڭ تۇرىدىغان جايلىرى قاتارلىق مەسىلىلەر مۇزاكىرە قىلىندى.

1946 - يىلى 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى يېڭىدىن شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت قۇرۇلدى، جاڭجىجۇڭ غەربىي شىمال مەمۇرىي مەھكىمىسىنىڭ مۇدىرى سۈپىتىدە شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسى بولدى، ئىلى تەرەپتىن ئەخمەتجان مۇئاۋىن رەئىس بولدى، بورھانمۇ مۇئاۋىن رەئىس بولدى. سەيپىدىن مائارىپ نازارىتىنىڭ نازىرى، ئابباسوف مۇئاۋىن باش كاتىپ، رەھىمجان خەلق ئىشلار نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى بولدى. ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ 25 ھەيئىتى ئىچىدە ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ۋىلايىتىدىن 8 كىشى بار ئىدى (پۈتۈن شىنجاڭ ئۆلكىسى جەمئىي 10 مەمۇرىي رايونغا بۆلۈنگەن ئىدى)، ئوسمان ھەيئەتلەرنىڭ بىرى، قوشۇمچە ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيسى بولدى.

جاڭجىجۇڭ 1946 - يىلى 4 - ئايدا غەربىي شىمال مەمۇرىي مەھكىمىسىنىڭ مۇدىرلىقىغا تەيىنلەندى، مەن سەنمۇچاڭلىقىغا تە-



يىنلەندىم، 9 - شۆبە مەكتەپنىڭ مۇدىرلىقىنى يەنىلا قوشۇمچە ئۆتەۋەردىم. تاۋسىيۈي شىنجاڭ گارنىزونىنىڭ باش قوماندانى ئىدى. ئۇ 1946 - يىلى 11 - ئاينىڭ بېشىدا غەربىي شىمال ھەربىي مەھكىمىسىگە مۇئاۋىن مۇدىر بولۇپ يۆتكەلگەندىن كېيىن مەن ئۇنىڭ ئورنىغا شىنجاڭ گارنىزونىنىڭ باش قوماندانى بولدۇم. بۇرۇن شىنجاڭدا ھەربىي، سىياسىي ۋەزىپە ئۆتىگەن جۇشاۋلياڭ، گوجىچاۋ، ۋۇجۇڭشىن قاتارلىق كىشىلەرنىڭ ھەممىسى باشقا ۋەزىپىلەرگە يۆتكىلىپ، شىنجاڭدىن كەتتى.

ئۇ چاغدا بىز ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ۋىلايەتلىرىنىڭ ئىچكى ئەھۋالىنى ناھايىتى ئاز بىلگەچكە، ئۇلارنى بىر پۈتۈن گەۋدە دەپ كەلگەن ئىدۇق، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت قۇرۇلۇپ كۆپ ئۆتمەي، يەنى 8 - ئايدا ئوسمان ئۈرۈمچىگە رەئىس جاڭجىجۇڭ بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن ۋەكىل ئەۋەتتى، جاڭ جىجۇڭ ئاۋال باش كاتىپ ليۇمېڭچۈننى ئوسماننىڭ ۋەكىلىنى قوبۇل قىلىشقا ئەۋەتىپ، ئۇنىڭ نېمە ئۈچۈن كەلگەنلىكىنى ئۇققاندىن كېيىن، ئوسمان ئالتاينىڭ ۋالىيسى، ئىلى تەرەپنىڭ بىر تەركىۋى قىسمى، ئۇنىڭ بىلەن ئايرىم كۆرۈشسەم ئەخمەتجان قاتارلىق كىشىلەر گۇمانلىنىپ قېلىشى مۇمكىن دەپ، مۇئاۋىن رەئىس ئەخمەتجان ۋە بۇرھان شەھىدىلەر بىلەن ئوسماننىڭ ۋەكىلىنى بىللە قوبۇل قىلىشقا تەكلىپ قىلدى. بۇ ۋەكىل شۇ يەردىلا ئوسماننىڭ خېتىنى تاپشۇردى، خەتتە، ئالدى بىلەن، تېچلىق بىتىمى ئىمزالانغاندىن كېيىن ئالتاي ۋىلايىتى بىلەن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئوتتۇرىسىدا ئالاقە بولمىغانلىقى، شۇڭا سالامغا ۋەكىل ئەۋەتكەنلىكى ئېيتىلغان. ئاندىن كېيىن، قازاقلارنىڭ ئۈرۈمچىدىكى نوپۇزلۇق كىشىلىرىدىن

ئەلەن ۋاڭ، جانىمقان (شۇچاغدا مالىيە نازارىتىنىڭ نازىرى ئىدى) سۇلايمان قاتارلىق كىشىلەرنى ئالتايغا قايتۇرۇش تەلەپ قىلىنغان. خەتنىڭ 3-مەزمۇنىدا تىنچلىق بىتىمىدىكى مەزمۇنلارنىڭ تولۇق چۈشەندۇرۇلۇشى ئۈمىت قىلىنغان. 4-مەزمۇنىدا ئۆز يېرىدىكى تۇرلۇك قىيىنچىلىقلارغا ياردەم بېرىش ئىلتىماس قىلىنغان. ئاخىرىدىكى ئەڭ مۇھىم بىر ماددىسىدا چېگرا مۇداپىئەسى مۇھىم، چېگرىدا تۇرۇشقا ئەسكەر ئەۋەتىلسە، دېيىلگەن.

تىنچلىق بىتىمى ئىمزالانغان ۋە ئۆلكىلىك ھوكۇمەت قايتا تەشكىل قىلىنغاندىن تارتىپ، ئىلى تەرەپ جاڭ جىجۇڭنىڭ ئۈچ ۋىلايەتكە ھەر قانداق ئادەمنى ئەۋەتىشىنى ئىزچىل رەت قىلىپ كەلگەنلىكتىن، بۇ مەسىلە ئۆلكىلىك ھوكۇمەتنىڭ خىزمىتىدە دائىم تالاش-تارتىش قوزغايدىغان مەسىلە بولۇپ قالغان ئىدى. بىز ئوسماننىڭ ۋەكىل ئەۋەتكەنلىكىدىن ئۇلار بىلەن ئىلى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا چوڭ ئىختىلاپ بارلىقىنى، ئەخمەتجان قاتارلىق كىشىلەرنىڭ ئۈچ ۋىلايەتنى تامامەن كونتۇرۇل قىلىپ كېتەلمەيدىغانلىقىنى چۈشەندۇق.

جاڭ جىجۇڭ مۇئاۋىن رەئىس ئەخمەتجان، بۇرھان شەھىدىلەر بىلەن بىرلىكتە ئوسماننىڭ ۋەكىلىنى ئاشكارا قوبۇل قىلغاندىن كېيىن بۇ ۋەكىل، جاڭ جىجۇڭ تەرىپىدىن كۈتۈشكە مەسئۇل قىلىنغان كىشىگە، رەئىس جاڭ جىجۇڭنىڭ ئۆزىگە دەيدىغان مەخپى گېپىم بار، دەيدۇ، بۇنى ئۇققاندىن كېيىن، جاڭ جىجۇڭ ئۇنىڭ بىلەن مەخپى سوھبەتلىشىش ئۈچۈن يەنە ليۇ مېڭچۇننى ئەۋەتتى. ليۇ مېڭچۇننىڭ ماڭا دېيىشىچە، بۇ قېتىمقى كورۇشۇشتە، ئوسماننىڭ ۋەكىلى ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ بەزى ئەھۋاللىرىنى ئېيتقاندىن باشقا، ئاساسەن مۇنداق ئىككى



ئىشنى: 1. سوۋېت ئىتتىپاقى شىڭ شىسەي بىلەن ئىمزالىغان شەرتنامىنى بانا قىلىپ، كوكتوقاي ناھىيىسىگە بىر توپ ئادەم ئەۋەتىپ، ۋولفىرۇم كانلىرىنى ئېچىۋاتىدۇ، يۈزگە يېقىن ماشىنا كېچە-كۈندۈز ئۈزۈلمەي رودا توشۇۋاتىدۇ، ئوسمان بىزنىڭغا قارشى، ئۇ ئۇلارنى قورال كۈچى بىلەن قوغلاپ چىقارماقچى؛ 2. چېگرا ساقلىغۇچى قىسىملار دېگەن نام بىلەن دەرھال ئالتايغا ئەسكەر ئەۋەتىپ ياردەم بېرىلسە ۋە قورال-ياراق ياردەم قىلىنسا دېدى

جاڭ جىجۇڭ تاۋسىيۇي، ليۇ مېڭچۇن بىلەن مېنى چاقىرىپ، بۇ مەسىلىنى مۇزاكىرىگە قويدى، مەن ۋە ليۇ مېڭچۇن ئۇلارنىڭ زىددىيىتىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، ئۇلارنى بولۇپ پارچىلاشنى، ئوسماننىڭ قورال-ياراقلىرىنى ۋە باشقا زورۇر لازىمەتلىكلىرىنى ئىمكان قەدەر تولۇقلاپ بېرىشنى تەشەببۇس قىلدۇق، لېكىن ئارىلىق يىراق بولغاچقا، تەمىنات يەتكۈزۈپ بېرىشنىڭ ئاسانغا چۈشمەيدىغانلىقىنى كوزدە تۇتۇپ، ئالتايغا ئەسكەر كىرگۈزۈشنى قۇۋەتلىمىدۇق. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۇ يەردە ۋولفىرۇم كانلىرىنى ئاچقانلىقى توغرىسىدا دىپلوماتىيە يولى بىلەن سالماقلىق ھالدا ئىش كورۇشنى تەشەببۇس قىلدۇق، ئوسماننىڭ ئۇلارنى قورال كۈچى بىلەن قوغلاپ چىقىرىش توغرىسىدىكى پىكىرىدىگە قارشى تۇردۇق. شۇ چاغدا جاڭ جىجۇڭ ئەنە شۇنداق قىلىشقا پىرىنسىپ جەھەتتىن قوشۇلدى، ئەمما ئۇلار يەنىلا غۇلجا تەرەپ بىلىپ قالسا سۈركۈلۈش بولۇپ قالار مىكىن دەپ، بىر مۇنچە مەسىلىلەرنى مۇزاكىرە قىلىپ ھەل قىلىش قۇلايسىز بولدى، شۇڭا ئۇ سەل ئىككىلىنىپ قالدى. ئاخىرىدا،

ئوسمانغا بىر ئاز ئۇق - دورا ۋە كۇندۇلۇك لازىمەتلىكلەرنى بېرىپ، ئۇنى ھېلىقى ۋەكىلىدىن ئەۋەتىۋېتىش توغرىسىدا كورسەتمە بەردى ۋە لىيۇمېڭچۈنگە ئوسمان ئوتتۇرىغا قويغان ئىككى سوئالغا مۇنداق جاۋاپ قايتۇرۇشنى تاپشۇردى:

بىرىنچى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئادەم ئەۋەتىپ كوكتوقاي-داۋولغىرۇم كانى ئاچقانلىقىنى سوۋېت تەرەپكە ئېيتىشىمىز مۇمكىن، بىراق بۇنى جۇڭگو — سوۋېت ئىقتىسادى ھەمكارلىق سوھبىتى مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشكەندىن كېيىنلا دېيىشكە توغرا كېلىدۇ، كۇتۇلمىگەن جېدەللەردىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ئوسمان ھەرگىز قوراللىق ھەركەت قوللانماسلىقى كېرەك.

ئىككىنچى، چېگرا ساقلىغۇچى قىسىملار مەسىلىسى، تېپىلىق بېتىم بويىچە، ئۈچ ۋىلايەتكە تەئەللۇق مەسىلىلەرنىڭ بىر قىسمى، ئۇنى ئۈچ ۋىلايەت ئارمىيىسىنى ئۆزگەرتىپ تۈزۈش مەسىلىسى بىلەن بىللە ھەل قىلىشقا توغرا كېلىدۇ، چېگرا ساقلىغۇچى قىسىملارنى ھازىرچە ئەۋەتەلمەيمىز.

ئوسماننىڭ ۋەكىلى جاۋاپ ئېلىپ ۋە بىر قىسىم ئوق — دورا ماددى ئەشيالارنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، 8 - ئاينىڭ 28 - كۇنى ئۇرۇمچىدىن ئالتايغا يۇرۇپ كەتتى. 9 - ئاينىڭ 3 - كۇنى ئوسمان ئەۋەتكەن لاتىپ ئىسىملىك ئىككىنچى ۋەكىل كەلدى. ئۇ، بىرىنچى قېتىم ئەۋەتىلگەن ۋەكىل كېتىپ ئۇزۇنغىچە خەۋەر كەلمىگەچكە، يەنە مېنى ئەۋەتتى، يولدا قايتىپ ماڭغان ۋەكىل ئۇچرىمىدى، دېدى. لاتىپ ئوسماننىڭ خېتىنى ئېلىپ كەپتۇ، بۇ خەت ئىلگىركى ۋەكىل ئېلىپ كەلگەن خەتتىنمۇ كونكرېت بولۇپ، ئاساسى مەزمۇنى مۇنداق ئىدى:



بىرىنچى، ھوكۇمەت دەرھال ئالتايغا ھەربى قوشۇن ئەۋەتسە؛

ئىككىنچى، ھوكۇمەت مىڭتالدىن ئىككى مىڭ تالغىچە مىلتىق ياردەم قىلسا؛

ئۈچىنچى، ئالتايدا دائىم تۇرىدىغان ۋەكىل ۋە تېلېگراپ ئاپپاراتى ئەۋەتسە؛

تۆتىنچى، ھوكۇمەت ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ راسخودىنى بىۋاستە ئاجرىتىپ بەرسە؛

بەشىنچى، ئۆلكىلىك ھوكۇمەت ئاشلىق، رەخ، چاي قاتارلىقلارنى يەتكۈزۈپ بەرسە.

ئوسمان نېمە ئۈچۈن جاڭجىجۇڭ بىلەن كۆرۈشۈشكە ئارقا - ئارقىدىن ۋەكىل ئەۋەتىدۇ؟ مەن 1947 - يىلى قىشتا ئوسمان بىلەن گۇچۇڭدا كورۇشكەن ۋاقىتتا، بۇنىڭ سەۋەبىنى ماڭا ئۇ تەپسىلى سوزلەپ بەرگەن ئىدى. ھازىر ئۇنىڭ سوزىنىڭ ئېسىمدە قالغان ئاساسي مەزمۇنى تۆۋەندىكىچە:

«بىز شىنجاڭدىكى قازاقلار بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىدە ياشايدىغان قازاقلار ئەزەلدىن قانداش، سوۋېت ئىتتىپاقى ئىنقىلاپتىن كېيىن رۇسىيە تەۋەسىدىكى قازاقلارنى دەھشەتلىك باستۇردى، بىر مۇنچە كىشىلەر قىرىلدى، مال-مۇلكى مۇسادىرە قىلىندى، دىنى ئېتىقاتتىن مەھرۇم قىلىندى، ھازىر شىنجاڭدا ياشاۋاتقان بەزى قازاق قەبىلىلىرى رۇسىيەدىن قېچىپ كەلگەن، شۇڭا بىز قازاقلار سوۋېتتىن بەك قورقىمىز ۋە سوۋېتكە بەك ئۆچ. (مېنىڭ بىلىشىمچە، ئوكتەبىر ئىنقىلاۋىدا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى رۇسىيە تەۋەسىدىمۇ دەھشەتلىك سىنىپى كۆ-

رەشى بولغان، ئاز سانلىق مىللەت ۋەكىللىرىنىڭ باشلىقلىرى ۋە
بەزى دىنىي باشلىقلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ سىنىپىي مەنپەئەتىنى كۆز-
لەپ، بۇ ئىنقىلاپقا قارشى تۇرۇشى ۋە ئۇنىڭدىن قورقىشى تە-
بىئىي). 1944 - يىلى غۇلجا ۋەقەسى يۈز بەرگەندە، مەن غۇل-
جىدىكى قازاقلارنىڭ باشلىقى ئېلىخان بىلەن، بىرىنچىدىن، جۇڭ-
گو زېمىن پۈتۈنلىكىنى ساقلاش، شىنجاڭنى جۇڭگودىن ئايرىدى-
غان ھەر قانداق قەستلەرگە قارشى تۇرۇش؛ ئىككىنچىدىن، دى-
نىي ئېتىقادنى قەتئىي قوغداش توغرىسىدا مەخپىي پۈتۈشكەن ئى-
دىم. بۇ ئاساسلىق ئىككى پىكىرگە ئېلىخان قوشۇلغاندىن كې-
يىنلا غۇلجا ۋەقەسىگە قاتنىشىپ، ئۇلارنىڭ قوللىغۇچىسى بول-
دۇم، بىراق ۋەقە يۈز بېرىپ ئۇزۇن ئۆتمەي، ئېلىخان گۇ-
رۇھىدىكى بەزى مۇھىم مەسئۇل كىشىلەردىن بەزىلىرىنىڭ سوۋېت-
لىك ئىكەنلىكىنى، بەزىلىرىنىڭ سوۋېت تەۋەلىكىگە ئۆتكەنلىكىنى
تۇيۇپ قاپتۇ، مەسىلەن، ھەربىي قوماندان ئىسھاقجان سوۋېتلىك
قىرغىز بولۇپ، سوۋېت ئارمىيىسىدە كوماندىر بولغان ئىكەن؛
ئەخمەتجاننى ئالساق، ئۇ گەرچە غۇلجىدا تۇغۇلغان ئۇيغۇر بول-
سىمۇ، لېكىن كىچىكىدىلا سوۋېتتە ياشىغان، بۇرۇنلا سوۋېت تە-
ۋەلىكىگە ئۆتۈپ بولغان ئىكەن، باشقا بىر مۇنچە كىشىلەرمۇ يا
ئۇزاق ۋاقىت سوۋېتتە تۇرغان، يا سوۋېتتە ئوقۇغان بولۇپ، تۇ-
لىسى سوۋېت تەۋەلىكىگە ئۆتكەن ئىكەن. ئۇلار سوۋېت ئىتتى-
پاقىنىڭ غۇلجىدىكى كونسۇلخانىسىنىڭ قوماندانلىقىنى قوبۇل قى-
لىدىكەن، ئۇلار ۋەقە قوزغاپ، «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى»
نى قۇرۇشتا شىنجاڭنى جۇڭگودىن ئايرىپ، تاشقى موڭغۇلىيىگە ئوخشاش
بىر دۆلەتكە ئايلاندۇرۇشنى مەقسەت قىلغان ئىكەن، بىز قازاقلار مۇنداق



ھۆكۈمرانلىق ئاستىدا ياشاشنى خالىمايمىز. ئېلىخان ۋە غۇلجا ئەت-
راپىدا ياشايدىغان قازاقلارنىڭ بەزى باشلىقلىرى ئۇلارنىڭ شۇن-
داق قىلىشىغا قوشۇلمىغان ئىدى، تۈلىسى ئۇلار تەرىپىدىن قولغا
ئېلىندى. ئەخمەتجان قاتارلىق كىشىلەر مېنىڭ ئېلىخان بىلەن
بولغان مۇناسىۋىتىمنى ئۆزلىرىنىڭ تەشەببۇسىغا ھېسداشلىق قىلماي-
دىغانلىقىمنى بىلگەندىن كېيىن، مېنى بىزنىڭ قوماندانلىقىمىزنى
قوبۇل قىلمايدۇ دەپ ئويلاپ، جايلىۋەتمەكچى بولدى، ئۇلار ئال-
تاي ۋىلايىتىدىكى قازاقلارنىڭ يەنە بىر باشلىقى دەلىلقاننى ماڭا
سېلىپ، ئۇنى ئورنۇمغا دەسسەتمەكچى بولدى، شۇڭا مەن مەركى-
زىي ھۆكۈمەتتىن ياردەم تەلەپ قىلدىم، مەن چوقۇم ئۇلار بىلەن
ئاخىرىغىچە ئېلىشىمەن.»

ئوسمان ئىككىنچى قېتىم ئەۋەتكەن ۋەكىل لاتىپ ئوتتۇرى-
غا قويغان كونكرېت تەلەپلەرنى جاڭجىجۇڭنىڭ رىياسەتچىلىكىدە
بىر نەچچە قېتىم مۇزاكىرە قىلدۇق، بەزىدە مۇزاكىرە كېچە سا-
ئەت 1 - 2 گىچە داۋام قىلدى، ئاخىرىدا، جاڭجىجۇڭ ئىككى-
لىنىپ قالغان پوزىتسىيىسىنى ئۆزگەرتىپ، ئوسماننى ئىمكان قە-
دەر قوللاش قارارىغا كەلدى. ئۇ ليۇمېڭچۈنگە ئالتاي ۋالىمەھ-
كىمىسىنىڭ مەمۇرى خىراجىتىنى ئەمدى غۇلجا تەرەپ ئارقىلىق
ئەمەس، بىۋاستە ئاجرىتىپ بېرىش، ئالتاي مەمۇرى رايونىنىڭ
ۋالىلىق تامغىسىنى ۋەكىلدىن ئەۋەتىپ بېرىش ۋە ئالتاي ۋالى-
مەھكىمىسىگە بىر قىسىم ئاشلىق، رەخ، چاي ۋە باشقا كۈندۈلۈك
لازىمەتلىكلەر يەتكۈزۈپ بېرىش توغرىسىدا يوليورۇق بەردى.
بۇ تەدبىرلەر ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت يىغىنىدا ئاشكارا جاكالاندى.

چاڭجۇجۇڭ يەنە تاۋسىيۇي بىلەن ماڭا ئوسماننىڭ ئەسكەرلىرىگە 400 تال مىلتىق (300 تال بولۇشىمۇ مۇمكىن، ئېنىق سانى ئېسىمدە يوق)، 10 نەچچە يېنىك پىلىموت ۋە زۇرۇر ئوق - دورىلار بېرىش توغرىسىدا يوليورۇق بەردى ھەمدە ھەربىي باشقارما (بۇھەربىي باشقارماھەربىي سىيستېمىدىكى ئىشپىيونلۇق ئورگىنى بولۇپ، نامدا شىنجاڭ گارنىزونى سىلىڭ-بۇسىنىڭ بىر باشقارمىسى بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە، غەربىي شىمال مەمۇرى مەھكىمىسى ئۈرۈمچى ئىشخانىسىنىڭ بىۋاستە رەھبەرلىكىدە ئىدى) باشلىقى يۈي ۋەنگە ئوسماننىڭ يېنىدا ئىشلەش ۋە ئۇ يەرنىڭ ئەھۋالىنى ھەر ۋاقىت مەلۇم قىلىپ تۇرۇش ئۈچۈن بىر تېلېگراف ئاپپاراتى ئاجرىتىپ، ئۇنى لاتىپتىن ئەۋەتىپتىش (ئېسىمدە قىلىشچە، بۇ تېلېگراف گورۇپپىسىدا ئۈچ ئادەم كەتكەن ئىدى) توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى. چاڭجۇجۇڭ يەنە مەن بىلەن تاۋسىيۇيگە بۇ خىزمەتنى مۇتلەق مەخپىي ئېلىپ بېرىش، ئەخمەتجان قاتارلىق كىشىلەرگە ھەرگىز بىلدۈرۈپ قويماسلىق توغرىسىدىمۇ يوليورۇق بەردى. بىز ئالتاي ۋىلايىتىگە ھەربىي قىسىم ئەۋەتىش توغرىسىدىمۇ ئەستايىدىل مۇزاكىرە قىلدۇق، قىسىم ئەۋەتىشنى خالىمىغانلىقىمىز ئۈچۈن ئەمەس بەلكى شۇ چاغدا ھەربىي كۈچىمىز چەكلىك بولغانلىقى بولۇپمۇ تەمىنات يەتكۈزۈپ بېرىش قىيىن بولغانلىقى ئۈچۈن بۇ ئىشنى قويۇپ تۇرۇشقا مەجبۇر بولدۇق.

چاڭجۇجۇڭ نېمە ئۈچۈن بۇ مەسىلىنى بىر تەرەپ قىلىشتا باشتىكى ئىككىلىنىپ قالغان پوزىتسىيىسىنى ئۆزگەرتتى؟ بۇنىڭ ئاساسىي سەۋەبى شۇكى، چاڭجۇجۇڭ بىلەن ئەخمەتجان



بىر - بىرىگە زادىلا ئوخشىمايدىغان 2 خىل سىياسى مەيدانغا ۋەكىللىك قىلاتتى. چاڭجۇجۇڭنىڭ مەقسىدى غۇلجا تەرەپنى ئۆزى بىلەن ھەمكارلاشتۇرۇپ، مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى كەمسىتىشنى پەيدىن - پەي تۈگۈتۈپ، مىللەتلەرنى بىللە ئىناق ياشايدىغان قىلىپ، نەنجىڭ گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبەرلىكىدە شىنجاڭنى ئۇزلىرى داۋراڭ سالغاندەك ئاتالمىش «سەنمىنجۇيىلىق يېڭى شىنجاڭ» قىلىپ قۇرۇپ چىقىش؛ ناھىيىدىن تۆۋەن يەرلىك ئاپتونومىيىنى پەيدىن - پەي يولغا قويۇپ، شىنجاڭدا ئىقتىسات، مەدەنىيەت، قاتناش - ترانسپورت ۋە مائارىپنى ئومۇملاشتۇرۇش قاتارلىق ئىشلارنى راۋاجلاندۇرۇش؛ غۇلجا، تارباغاتاي، ئالتاي ۋىلايەتلىرىنىڭ قوراللىق كۈچلىرىدىن ئۆزگەرتىپ تۈزۈشنى قوبۇل قىلىشنى تەلەپ قىلىش؛ ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ئالاھىدە بولۇۋېلىشنى بىكار قىلىش؛ شىنجاڭنىڭ دۆلەت مۇداپىئە ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىشقا پۈتۈنلەي مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ شىنجاڭدىكى ھەربىي قوماندانلىق ئورگىنىنى مەسئۇل قىلىش ئىدى. ئەخمەتجان قاتارلىق كىشىلەرنىڭ مەقسىتى بولسا، گومىنداڭ ئارمىيىسىنىڭ شىنجاڭدىن چىقىپ كېتىشىنى، ۋەشقەر، ئاقسۇ قاتارلىق جايلاردا مىللى قىسىم قۇرۇشنى، مەركىزىي ھۆكۈمەتكە بىۋاستە قاراشلىق ئورگانلارنىڭ ھەممىسىنى ئۇلىكىلىك ھۆكۈمەت قارمىقىغا ئۆتكۈزۈشنى، غۇلجا، تارباغاتاي، ئالتاي ۋىلايەتلىرىدىن باشقا 7 ۋىلايەتنىڭ مەمۇرى ۋالىيسىنى ئالماشتۇرۇپ، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ناھىيىلەردە ھاكىم قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتەيدىغان كىشىلەرنى ئۆز ئادەملىرىدىن كورسۇتۇشنى تەلەپ قىلىش ئىدى ......، ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ئالاھىدە بولۇۋېلىشنى بىكار

قىلىش ۋە ئۈچ ۋىلايەتنىڭ قوراللىق كۈچلىرىنى ئۆزگەرتىپ تۈزۈشكە ئوخشاش مەسىلىلەردە بولسا، ئۇلار تۈپتىن رەت قىلىش پوزىتسىيىسىنى تۇتتى ھەمدە ئۈرۈمچىدىكى ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنى مەركەز قىلىپ، ھەمىشە بىر توپ ئادەمنى نامايىش قىلىشقا، ئۆلكىلىك ھوكۇمەتكە بېرىپ ھەر خىل تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا، ئۇيۇشتۇردى، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى بەزى رايونلاردىمۇ نامايىشقا ئوخشاش ھەر خىل ئىشلار دائىم بولۇپ تۇردى. جاڭجىجۇڭ جەمىيەتنىڭ تەرتىۋى ۋە ئامانلىقىنى كۆزلىگەن ئىدى، ئەخمەتجان قاتارلىق كىشىلەر ھەر قايسى ئاز سانلىق مىللەتلەرنى قۇتۇرتۇپ، گومىنداڭ ھوكۇمىتىنىڭ شىنجاڭدىكى كۈچلىرىنى قوغلاپ چىقارماقچى ۋە يوقاتماقچى بولدى.

ئىككى خىل مەيدان، ئىككى خىل مەقسەت مۇرەسسە قىلغىلى بولمايدىغان زىددىيەتكە ئايلاندى.

غۇلجا تەرەپنىڭ تەلىۋى بەك كۆپ بولغانلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە، بەزى نىگىزلىك زور مەسىلىلەر (مەسىلەن: گومىنداڭ ئارمىيىسىنىڭ شىنجاڭدىن چىقىپ كېتىشىنى تەلەپ قىلىشقا ئوخشاش مەسىلىلەر)گە بېرىپ تاقالغانلىقى ئۈچۈن، جاڭجىجۇڭ تاقابىل تۇرالمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، غۇلجا تەرەپنى ئوسمان ئارقىلىق پارچىلاپ ۋە بەنت قىلىپ، ئۆزىگە چۈشۈۋاتقان بېسىمنى يەڭگىللەتمەكچى بولدى، جاڭجىجۇڭ بۇنداق تەدبىرنى شۇ چاغدا نەنجىڭ ھوكۇمىتى مەيدانىدا تۇرۇپ ۋە ئۆزىنىڭ جانجان مەنپەئەتىنى كوزدە تۇتۇپ، مۇقەررەر سۈرەتتە قوللانغان ئىدى.

جاڭجىجۇڭنىڭ ئوسمانغا خىراجەت ۋە ماددى-ئەشيا



قاتارلىق نەرسىلەرنى بىۋاستە بەرگەنلىكى ئىلى تەرەپنىڭ قاتتىق نارازىلىقىنى قوزغىدى. ئوسمانغا يوشۇرۇن ھالدا مىلتىق، ئوق دورا ۋە تېلېگراف ئاپپاراتى ياردەم بېرىشمۇ غۇلجا تەرەپكە مەلۇم بولماي قالمايتتى. غۇلجا تەرەپ ئوسماننىڭ ئۆزلىرىنىڭ سىياسىي تەشەببۇسىغا قوشۇلمىغانلىقىدىن ۋە ئوسماننىڭ زورلۇق-زومبۇلۇق قىلىپ يۈرگەنلىكىدىن بۇرۇنلا نارازى ئىدى، ئۇلار دەللىقان ئارقىلىق ئوسماننى ئاجىزلاشتۇرماقچى ۋە تىزگىنلىمەكچى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۇنى ئۆزىگە تارتماقچى ۋە ئۇنىڭ بىلەن ئىتتىپاقلاشماقچى بولۇپ يۈرگەن ئىدى. ئوسمان ئۈرۈمچىگە ئىككى قېتىم ۋەكىل ئەۋەتكەن ۋە جاڭجىجۇڭنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەندىن كېيىن، ئۇلار ئوسماننى دۈشمەن دەپ قاراپ، يوقاتماي بولمايدۇ دىگەن تونۇشقا كەلدى.

1947 - يىل 2 - ئايدا غۇلجا تەرەپ غۇلجا، چۆچەك قاتارلىق جايلاردىن ئۈچ ئاتلىق پولك توپلاپ ھەم ئۇلارغا زەمبىرەكچى قىسىملارنى قوشۇپ، ئىسھاقجاننىڭ قوماندانلىقىدا ئالتايغا ھۇجۇم قىلدى، ئوسماننىڭ ئاران مىڭدىن كۆپرەكلا ئادىمى بولغانلىقى ئۈچۈن، قارشىلىق كورسۇتۇشكە تەبىئى ھالدا جۈرئەت قىلالماي، بىز ئالتايغا ئەۋەتكەن تېلېگراف ئاپپاراتى ئارقىلىق ياردەمگە ئەسكەر ئەۋەتىشىمىزنى قايتا - قايتا تەلەپ قىلدى، بىز كۆپ قېتىم مۇزاكىرە قىلىپ، ئازراق ئەسكەر ئەۋەتسەك، ئىلى تەرەپكە تەڭ كېلەلمەيدۇ، بەلكى يوقۇتۇلۇشىمۇ مۇمكىن؟ كۆپرەك ئەسكەر ئەۋەتسەك (بىرەر ئاتلىق دىۋىزىيە ئوپچورىسىدە كۈچ ئەۋەتسەك)، ئەمەلىيەت يەتكۈزۈپ

بېرىشى چوڭ مەسىلىگە ئايلىنىدۇ، دەپ قارىدۇق. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئىلى تەرەپ يەنە كۆپرەك ئەسكەر ئەۋەتسە، تىنچ ۋەزىيەت بۇزۇلىدۇ، دەپ ئويلاپ، ئوسماننىڭ تەلىۋىگە ماقۇل بولمىدۇق. شۇ چاغدا بىز يەنە ئوسماننىڭ كۈچلىرى ئىلى تەرەپتىن يوقۇتۇلسا، ياكى قوغلاپ چىقىرىلسا، ئىلى تەرەپ كۈچلىرىنىڭ ئالتايدىن جەنۇبقا قاراپ ئىلگىرىلەپ، گۇچۇڭ ئەتراپىغا ھۇجۇم قىلىشىدەك خەۋىپ تۇغۇلىدىغانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، ھەر ئېھتىماللىققا قارشى دەرھال گۇچۇڭدا تۇرۇشلۇق 1 - ئاتلىق دىۋىزىيەگە (بۇ قىسىم چىڭخەيدىكى مابۇفاڭغا قارايتى، 1945 - يىلى قىشتا شىنجاڭغا كىرگەن، دىۋىزىيە باشلىقى خەنيۈۋېن ئىدى) مۇداپىئە كۆرۈشى ئۈچۈن بەيتىككە بىرلىيەن ئەسكەر ئەۋەتىش، ئىلى قوشۇنلىرىنىڭ ھەرىكىتىنى رازۋېتكا قىلىش ۋە پۇرسەت تېپىپ ئوسماننىڭ قىسىملىرى بىلەن ئالاقە باغلاش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردۇق.

ئوسمان ئىلى تەرەپ ھەربىي كۈچلىرىنىڭ قىستىشى بىلەن، 1947 - يىل 2 - ئايدا ئالتاي ناھىيىسىدىن چېكىنىپ چىقىپ، چىڭگىلنىڭ شىمالىدىكى ئۇندۇرقارانىڭ يېنىدا ئىلى تەرەپنىڭ كۈچلىرى بىلەن بىر مەزگىل تىركەشتى، كۈچ پەرقى كۆپ بولغاچقا، خېلى كۆپ چىقىم تارتىپ، 3 - ئايدا نائىلاج كورتۇغا قېچىپ كەلدى، ئىلى تەرەپنىڭ كۈچلىرى داۋاملىق قىستاپ كەلگەچكە 4 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا يەنە چوقبارتاس ۋە ئولاڭبۇلاق ئەتراپىغا چېكىندى. بۇ ئىككى يەر بەيتىكنىڭ غەربىي چېتىدە بولۇپ، ئاتلىق 1 - دىۋىزىيىنىڭ ماشىجىن باشچىلىقىدىكى لىيەنى تۇرۇۋاتقان ئېستىھكامغا 20 نەچچە كىلومېتىر كېلەتتى.



مەن دەرھال مالىيەنجاڭغا ئوسمان بىلەن قويۇق ئالاقە قىلىش ۋە زورۇر ياردەملەرنى بېرىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرۈپ تېلېگرامما ئەۋەتتىم. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئوسماننىڭ قىسىملىرىدا ئىشلەشكە ئەۋەتىلگەن خادىملىرىمىزغا ئوسماننىڭ قىسىملىرىدىن ھال سورايدىغانلىقىمىزنى ئوسمانغا يەتكۈزۈپ قويۇشنى ئۇختۇردۇم، ھازىرچە بەيتىكنىڭ يېنىدا دەم ئېلىپ ئۆزىنى ئوڭشىۋېلىشنى، قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتۈشكە ئالدىرىماسلىقىنى، كېرەكلىك ئاشلىق ۋە زورۇر لازىمەتلىكلەرنى تىز يەتكۈزۈپ بېرىدىغانلىقىمىزنى ئېيتتىم ھەمدە ئوسمانغا ئىلى تەرەپنىڭ ھەربىي ھەرىكەتلىرىنى ئىمكان قەدەر رازۋېتكا قىلىپ، ۋاقتى - ۋاقتىدا تېلېگرام ئارقىلىق مەلۇم قىلىپ تۇرۇشنى تاپىلىدىم.

ئوسمان بەيتىك يېنىغا چېكىنگەندىن كېيىن، ئۇرۇمچى مەمۇرى مەھكىمىسىنىڭ ۋالىيسى خادىۋاڭ (ئەلەن ۋاڭنىڭ خوتۇنى)غا بىر پارچە خەت ئەۋەتتى. بۇ خەت پۈتۈن مەملىكەتتىكى قېرىنداشلارغا ۋە مۇسۇلمانلارغا قارىتىپ يېزىلغان بولۇپ، ئۇنىڭدا مۇنداق جۈملىلەر بار ئىدى:

«بىز قازاقلار دىموكراتىيە، ئەركىنلىك ۋە تىنچلىققا ئېرىشىش ئۈچۈن، ئىنقىلاپ بايرىقىنى ئەڭ ئاۋال كۆتۈرۈپ چىققان ئىدۇق، مەن ئوسمان 8 يىل بۇرۇنلا مۇنەۋۋەر قازاق ياشلىرىغا باشچىلىق قىلىپ، شېڭشىسەينىڭ چاھالەتلىك سىياسىتىگە قارشى كۆرەش قىلغان ئىدىم، كۆرەشنى ھازىرغىچە داۋام قىلدۇرۇۋاتىمەن. بىز تىنچلىق بىتىمى ئىمزالانسا، دىموكراتىك شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت قۇرۇلسا، ئىنقىلاۋىمىزنىڭ مەقسىدى يېرىم ئىشقا ئاشقان بولىدۇ، ئۇ چاغدا بىز مەقسىد-

ىمىزنىڭ قالغان يېرىمىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىمىز يەنى تېچلىق تەمىن ئېتىلگەن ئەھۋال ئاستىدا تۆرلۈك قۇرۇلۇش بىلەن شۇغۇللىنىمىز، دەپ ئويلىغان ئىدۇق. ئىنقىلاۋىمىزنىڭ مۇشۇ ۋاقىتتا ئوزگۈرۈپ كېتىشىنى نەدىن بىلەيلى، ئىنقىلاپ ئۈچۈن جان تىكىپ كورەش قىلغان قازاق قېرىنداشلار ئەمدىلىكتە تازىلاش ئوبيېكتى بولۇپ قالدى. نەدىن كەلگەنلىكى نامەلۇم بولغان ۋە نامى بولمىغان قۇدرەتلىك قوراللىق كۈچلەر بۇ يىل 2-ئاينىڭ 1-كۈنىدىن باشلاپ بىزنىڭ ئالتاي ۋىلايىتىمىزگە ھۇجۇم قىلىۋاتىدۇ، مەن دېموكراتىك شىنجاڭ ئولكىلىك ھوكۈمەت تەيىنلىگەن ئالتاينىڭ ۋالىيسى، دولەتنىڭ ئەمەلدارى، مېنىڭ زىمىننى قوغداش مەسئۇلىيىتىم بار، مەن تېچلىق بىتىمىنى ئىجرا قىلىش، ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش پىراگراممىسىغا ئەمەل قىلىش، دولەت زىمىنىنى قوغداش ئۈچۈن، رەئىس جاڭجىجۇڭنىڭ يېڭى شىنجاڭ قۇرۇش توغرىسىدىكى سىياسى تەشەببۇسىنى ھىمايە قىلدىم، ئالتاي ۋىلايىتىدىكى بىز قازاق قېرىنداشلار دولەتنىڭ بىرلىكىنى بۇزىدىغان، دىنىنى يوقىتىدىغان بارلىق ياۋۇز كۈچلەرگە قەتئىي تۈردە قاتتىق زەربە بېرىمىز ...... پۈتۈن مەملىكەتتىكى قېرىنداشلارنىڭ بولۇپمۇ مۇسۇلمان قېرىنداشلارنىڭ مەيلى ماددى جەھەتتە بولسۇن ياكى مەنىۋى جەھەتتە بولسۇن، بىز قازاق قېرىنداشلىرىغا ئەڭ زور ياردەملەرنى بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.»

بۇ خەت تەرجىمە قىلىنىپ جاڭجىجۇڭغا بېرىلدى، جاڭجىجۇڭ ئۇنى ئېلان قىلدۇرمىدى، چۈنكى ئۇ ئىلى تەرەپنىڭ ئۇغىسىنى قايىنتىپ قويۇشتىن، تېچلىقنىڭ بۇزۇلۇشىغا



سەۋەبچى بولۇپ قېلىشتىن قورققان ئىدى. شۇنىڭدەك سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۇغىسىنى قايىنتىپ قويۇشتىن تېخىمۇ قورققان ئىدى، چۈنكى خەتتىكى «نەدىن كەلگەنلىكى نامەلۇم بولغان ۋە نامى بولمىغان قۇدرەتلىك قوراللىق كۈچلەر» دېگەن سۆز سوۋېت ئىتتىپاقىغا دارىتىلغاندەك تۇيۇلاتتى.

### 3. جوڭگو — موڭغۇلىيە قوشۇنلىرىنىڭ بەيتىكتە جەڭ قىلىش جەريانى

بەيتىك تېغىنىڭ ئورنى شىمالى پاراللېل 45.3 گرادۇس، شەرقىي مېرىدىيان 91.1 گرادۇسقا توغرا كېلىدۇ، دېڭىز يۈزىدىن 1500 مېتىرچە ئېگىز، گۈچۈڭدىن 200 نەچچە كىلومېتىر يىراقلىقتا بولۇپ، ئۈرۈمچى، ئالتاي ۋە قۇمۇل رايونلىرى ئوتتۇرىسىدىكى مۇھىم جاي. بەيتىكنىڭ شىمالىي تەرىپىدە موڭغۇلىيە — شىنجاڭ چېگرىسى بولغان ئالتاي تاغلىرى بار، غەربىي جەنۇبىي جۇڭغار ئويمانلىقى بىلەن تۇتىشىدۇ. گۈچۈڭدىن چىڭگىل، كوكتوقاي قاتارلىق ناھىيىلەرگە بېرىشتا بۇ يەردىن ئوتۇشكە توغرا كېلىدۇ. تاغنىڭ غەربىدە چارۋىچىلار سودا-سېتىق قىلىدىغان دابىسۇن دېگەن بىر كىچىك بازار بار، ياڭ زېڭشىن، جىن شۇرېن زامانلىرىدا، تاغنىڭ شىمالىدىكى قازاقلارنىڭ گۈچۈڭ قاتارلىق جايلارنى پاراكەندە قىلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن شۇ يەردە ئەسكەر تۇرغۇزغان. شېڭ شىسەي دەۋرىدە ئۇ يەردە ساقچى پەيچۇسى قۇرۇپ سوچاكلارنىڭ تولىسى قازاقلاردىن قويۇلغان ئىدى. 1940-يىلى ئالتاي تاغ-

لىرىنىڭ شەرقىدە ۋە چىققاندىن كېيىن، بەيتىكنىڭ ئورنى تېخىمۇ مۇھىم بولۇپ قالدى. 1941 - يىلدىن كېيىن شىڭ شىسەي ئالتاي تاغلىرىنىڭ شەرقىي قىسمىنى تىزگىنلەش ۋە چىڭگىل، كوكتوقاي قاتارلىق جايلارغا ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن، گۇچۇڭدىن شىمالىي تاغنىڭ يېنىدىكى جاڭجۈن چۆلىنىڭ شەرقىدىن قارا تۆڭكىگە بارىدىغان تاشيول ياسىغاندىن كېيىن، بەيتىك مۇھىم بېكەتكە ئايلاندى. 1944 - يىلى قىشتا ئوسمان ئادەم توپلاپ ئالتاي ۋىلايىتىدە ئىسيان كوتەرگەندىن كېيىن، ناھايىتى تېزلا كوكتوقاي، چىڭگىللارنى ئالدى ۋە بەيتىكنىڭ شىمالىدىكى ساقچى پەيچۇسىنى ۋەيران قىلدى. بەيتىك تېغى شەرقتىن غەربكە تەخمىنەن 30 چاقىرىم، جەنۇبتىن شىمالغا تەخمىنەن 20 چاقىرىم كېلىدۇ، تاغ ئۈستى قويۇق ئىمپىندائى ئورمان، تاغ باغرى ئوتلاق بولۇپ، بۇلاق ناھايىتى كۆپ. بەيتىكنىڭ ھاۋاسى پات - پاتلا ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ، قىشتا قار ناھايىتى قېلىن بولىدۇ، ياز كۈنلىرى ئاخشىمى - ئەتىسى تاغدا جۇۋا كىيىپ يۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ.

گۇچۇڭدىن بەيتىككە بارىدىغان 200 كىلومېتىرچە يولنىڭ ئىككى تەرىپى ئادەمزاتسىز بىپايان چۆل.

بەيتىكتىن شەرقىي شىمالغا قاراپ ماڭغاندا، موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ چېگرىسىغا ئەڭ يېقىن بولغان جاي ساغانتۇڭگوغا بېرىش ئۈچۈن، جۇڭگودا چىققان «شىڭباۋ» گېزىتى نەشرىياتى نەشر قىلغان خەرىتىنىڭ ماسشتابى بويىچە ھېسابلىغاندا، 400 نەچچە چاقىرىم يول يۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. شىنجاڭنىڭ بۇ-



رۇنقى ھوكۇمرانلىرى بەيتىكنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى بولغۇندا ئىدارە تەسىس قىلىپ كەلگەن ئىدى.

ئوسمان 1947 - يىل 4 - ئاينىڭ 15 - كۈنى بەيتىكنىڭ يېنىغا چېكىنگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئالتاي قازاقلىرى ئارىسىدىكى ئابرويىنىڭ تەسىرى ئارقىسىدا، ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلغۇچىلار كۈندىن كۈنگە كوپىيىپ، بۇرۇنقى مىڭ كىشىدىن 3 مىڭ نەچچە يۈز كىشىگە يەتتى، مۇنچىۋالا ئادەمنىڭ يەيدىغان ئوزۇقى چوڭ مەسىلە بولۇپ قالدى، قۇتقۇزۇش تەلەپ قىلىنغان تېلېگراممىلار ئۈزۈلمەي كېلىشكە باشلىدى، جاڭ جىجۇڭ ئولكىلىك ھوكۇمەتكە ۋە شىنجاڭ تەمىنات ئىدارىسى (بۇ ئىدارە ھەربىي سېپتىمىغا قارايتتى) غا ئاشلىق ۋە باشقا ماددى نەرسىلەرنى يەتكۈزۈپ بېرىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردۈدى ئىلى تەرەپ نارازىلىق بىلدۈردى. ئۇلار ئوسماننى ئەكسىيەتچى، ئوغرى، باندىت دەپ سوكتى، ئوسماننى ئالتاينىڭ ۋالىلىقىدىن ئېلىپ تاشلاپ، ئورنىغا دەلىلقاننى ئەۋەتتى، شىنجاڭ ئولكىلىك ھوكۇمەت مەسىلىنىڭ ھەقىقى ئەھۋالىنى بىلىپ كىلىش ئۈچۈن، ئولكىلىك ھوكۇمەت يىغىنىنىڭ قارارىغا بىنائەن مۇئاۋىن رەئىس بۇرھان شەھىدى، ئامانلىقنى ساقلاش سىلىڭبۇسىنىڭ مۇئاۋىن قوماندانى داڭبىڭاڭ قاتارلىق كىشىلەرنى 4 - ئاينىڭ 4 - كۈنى ئايروپىلان بىلەن ئالتايغا ئەۋەتتى، ئۇلار ئالتايدا بىر نەچچە كۈنلا تۇرۇپ قايتىپ كەلدى، ئاڭلىشىمچە، يەرلىك ئاھالىلارنىڭ ئوسمان ئۈستىدىن شىكايەت قىلغانلىقىغا دائىر بەزى ھوججەتلەرنى ئالغاچ كەپتۇ ۋە ئولكىلىك ھوكۇمەتكە ئەھۋالدىن دوكلات قىپتۇ، تەپسىلى ئەھۋالنى ئېنىق ئەسلىيەلمىدىم.

ئوسمان مەغلۇبىيەتكە تەن بەرمىدى، بەيتىك يېنىغا چېكىن-
گەندىن كېيىنمۇ چىڭگىل ئەتراپىغا بېرىپ توختىماي پارتىزانلىق
قىلىپ، ئالتايغا تەھدىت سالىدىغان، سەل قاراشقا بولمايدىغان
كۈچكە ئايلاندى، شۇڭا ئىلى تەرەپ ئۇنىڭدىن يەنىلا قاتتىق
پەخەس بولۇپ كەلدى. كوپ ئۆتمەي بەيتىك ۋەقەسى يۈز بەر-
دى، شۇ چاغدا بەزىلەر «داگۇڭباۋ» ، «شىنگباۋ» گېزىتلىرىدە بۇ
ۋەقەنى بايان قىلىپ يازغان ماقالىلىرىدا؛ ئىلى تەرەپ تاشقى
موڭغۇلىيە قوشۇنلىرىنىڭ قولى بىلەن ئوسماننى يوقاتماقچى، دې-
يىشتى. بۇ گەپنىڭ قانچىلىك راسلىقىنى تەكشۈرۈپ ئىسپاتلاشقا
توغرا كېلىدۇ.

شۇ چاغدا مەن بەيتىكتە مۇداپىئە كورۇشكە ئەۋەتكەن ما-
شىنجىيېنىڭ لىيەنىسى ئىشغال قىلىپ تۇرغان ئىستىھكاملار، بەيتىكنىڭ
ئەڭ ئېگىز چوققىسى - ئالتۇنئوبا بىلەن شىمالىي قاپتالدىكى قوش
چوققا - چالتاي، چوڭ - كىچىك قۇجۇرتاي ئەتراپىدا بولۇپ ئۇلار
تاش ۋە ياغاچلار بىلەن خېلى مۇستەھكەم ئىستىھكاملارنى ياسى-
غان ئىدى.

1947 - يىلى 6 - ئاينىڭ 2 - كۈنى تاشقى موڭغۇلىيە چېگرا مۇدا-
پىئە قىسىملىرى ماشىنجىيېن لىيەنجاڭ بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن،
بەيتىككە ئىككى كىشىنى ۋەكىل قىلىپ ئەۋەتتى (ئۇلار ھەربى-
چە كىيىنمەي، ئادەتتىكى پۇخرالارچە كىيىنگەن ئىدى)، ئۇلار
ماشىنجىيېن قىسىملىرى تۇرغان جايلارنى موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرى-
يىتىنىڭ زېمىنى دەپ، ماشىنجىيېنىڭ لىيەنىدىن 28 سائەت ئىچىدە
چېكىنىپ كېتىشنى تەلەپ قىلغان، مالىيەنجاڭ ئۇلارغا: «بىز تۇر-



ۋاتقان يەر تاشقى موڭغۇلىيە چېگرىسىدىن كوپ يىراق، مەن بۇ يەر-
لەرنىڭ سىلەرگە تەۋەلىكىنى زادىلا ئاڭلىمىغان، بىزنىڭ لىيەنى-
مىز بۇ يەرنى بۇيرۇققا بىنائەن ساقلاۋاتىدۇ، بىزنىڭ زېمىننى
قوغداش مەسئۇلىيىتىمىز بار، يۇقۇرىنىڭ بۇيرىقى بولمىسا، بىز
چېكىنىپ كەتمەيمىز» دەپ جاۋاپ بەرگەن. ئىككى تەرەپ ئۇزاق-
قىچە تالاش - تارتىش قىلغان، مالىيەنجاڭ ئىككى ۋەكىلگە: سى-
لەر توختاپ تۇرۇڭلار، يۇقۇرىغا تېلېگرام بېرىپ يوليورۇق سو-
راپ باقاي، دېگەن. ئۇ تاشقى موڭغۇلىيە چېگرا مۇداپىئە قى-
سىملىرىنىڭ ئەلچىنى تامامەن يولسىز دەپ قاراپ، بۇ مەسىلى-
گە تازا كوڭۇل بولمەي، ئادەتتىكى ئىش قاتارىدىلا بىر تەرەپ
قىلغان. ئۇنىڭ يوليورۇق سوراپ ئەۋەتكەن تېلېگراممىسى ئۆزلە-
رى قاراشلىق دىۋىزىيە شىتاۋى، كورپۇس شىتاۋىدىن ئوتۇپ
كەلگۈچكە ھەممىلا گارنىزوننىڭ باش سىلىڭبۇسىغا تۇقۇنۇشى يۈز
بېرىپ بىر نەچچە كۈن ئوتكەندىن كېيىن تەگدى. راستىنى ئېيت-
قاندا، تاشقى موڭغۇلىيە قوشۇنلىرىنىڭ چېگرىدىن ئوتۇپ تۇيۇقسىز
ھۇجۇم قىلىشىنى ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىمۇ زادىلا ئويلاپ كورمىگەن
ئىدى.

1947 - يىلى 6 - ئاينىڭ 5 - كۈنى تاڭ سەھەردە تاشقى
موڭغۇلىيە قوشۇنلىرىنىڭ بىر يېگى ۋە زەمبىرەكچىلەر لىيەنى
ماشىنجىيېنىڭ لىيەنىگە تۇيۇقسىز شىددەتلىك ھۇجۇم قىلدى. بىزنىڭ
ئىستىھكاملىرىمىزنى توپچىلار ئوت كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ توپ-
قا تۇتۇپلا قالماستىن، بەلكى قىزىل بەش يۇلتۇز بەلگىسى بار
5 ئايروپىلانمۇ بومباردىمان قىلدى ۋە پەس ئۇچۇپ ئوققا تۇتتى،
بۇ ئايروپىلانلار يەنە ئوسماننىڭ ئادەملىرى تۇرۇشلۇق جوقبار-

تاس، ئۇلانبۇلاق ئەتراپىغىمۇ نۇرغۇن بومبا تاشلىدى. ماشىنىچىنىڭ لىيەنىدىكى كوماندىر-ئەسكەرلەر باتۇرانە قارشىلىق كۆرسەتتى، ئۇلار ئىستىھكاملىرىغا تايىنىپ قاتتىق مۇداپىئە كوردى، تاشقى موڭغۇلىيە قوشۇنلىرى ھۇجۇمغا ئۆتۈپ ئىستىھكامغا يېقىن كەلگەندە، نۇرغۇن قول بومبىسى تاشلاپ، تاشقى موڭغۇلىيە قوشۇنلىرىنى چىقىمغا ئۇچرۇتۇپ، ئۇلارنىڭ ھۇجۇمغا پەشۋا بەردى، شۇنداق قىلىپ، تاشقى موڭغۇلىيە قوشۇنلىرىنىڭ بىر قانچە ھۇجۇمىنى چېكىندۇردى، ئۇرۇش گۇگۇم چۈشكەندە ئاندىن پەسەيدى. تاشقى موڭغۇلىيە قوشۇنلىرى ئەسلىدە ماشىنىچىنىڭ لىيەنىنى بىر ھۇجۇم بىلەنلا يوقىتىمىز دەپ ئويلاپ، مۇنداق جەسۇرانە قارشىلىققا ئۇچرايدىغانلىقىنى خىيال قىلغىمۇ كەلتۈرمىگەن ئىكەن. شۇ كۈنكى جەڭدە، ماشىنىچىنىڭ لىيەنىدىن 10 نەچچە ئەسكەر ئۆلدى ۋە ياردار بولدى، بىر قانچە ئات ئۆلدى، تاشقى موڭغۇلىيە قوشۇنىدىن ئۆلگەن ۋە ياردار بولغانلار بىزنىڭكىدىن كۆپرەك.

مالىيەنجاڭ شۇ كۈنى كەچتە ئۆزىنىڭ جۇنجاڭى ماچىڭشىياڭ (5-ئاتلىق كورپۇسنىڭ جۇنجاڭى)غا جىددىي تېلېگرامما بېرىپ، تاشقى موڭغۇلىيە قوشۇنلىرىنىڭ ئۆزلىرىگە تويۇقسىز ھۇجۇم قىلغانلىقىنى، جەڭنىڭ جەريانىنى ۋە ئۆلۈم-يېتىم ئەھۋالىنى مەلۇم قىلدى، تېلېگراممىدا ھېلىقى 5 ئايرۇپىلاننىڭ سوۋېت ئايرۇپىلانى ئىكەنلىكى ئېنىق ئېيتىلغان ۋە ياردەمگە ئەسكەر ئەۋەتىش تەلەپ قىلىنغان ئىدى؛ ماچىڭشىياڭ 6-ئاينىڭ 6-كۈنى سەھەردە تېلېگراممىنى كۆرۈپ، ئەھۋالنى ماڭا مەلۇم قىلغىلى كەلدى، مەن بۇنى چوڭ مەسىلە دەپ قاراپ، دەرھال سەنمۇجاڭ شېڭ



جىنىڭ، مۇئاۋىن سەنمۇجاڭ لوكەيجىيا، تەمىنات ئىدارىسىنىڭ باشلىقى شىيارىچاڭ، تەمىنات ئىدارىسىنىڭ سەنمۇجاڭى بەي ۋېنشەن ۋە باشقا بىر قىسىم شتاب خادىملىرىنى چاقىرىپ مەجلىس ئاچتىم، مەجلىستە تاقابىل تۇرۇش تەدبىرلىرىنى مۇزاكىرە قىلىپ، مۇنداق قارار چىقاردۇق:

1. گۇچۇڭدا تۇرۇشلۇق 1-ئاتلىق دىۋىزىيە 2-تۇەنىنىڭ تۇەنجاڭى خەن فەن مەزكۇر تۇەنىنىڭ ئاساسى كۈچىنى باشلاپ (بىر لىيەنى گۇچۇڭنىڭ شىمالىدا مۇداپىئە كۆرۈشكە قالدۇرۇپ)، بەيتىككە ياردەم بېرىش ئۈچۈن ئاتلانسۇن.

2. تەمىنات ئىدارىسىنىڭ سەنمۇجاڭى لۇۋېنشەن بەيتىك قىسىملىرىغا تەمىنات يەتكۈزۈپ بېرىش ئىشلىرىغا مەسئۇل بولۇش ئۈچۈن گۇچۇڭغا ئەۋەتىلسۇن، بۇ جەھەتتىكى ترانسپورت ئىشلىرى ئۈچۈن بىر ئاپتوموبىل لىيەنى (تەخمىنەن 10 نەچچە ئاپتوموبىل) ۋە بىر توگە كارۋىنى ھەم شۇ يەردىكى بىر قىسىم ھارۋىلار ئاجرىتىلسۇن.

3. 5-ئاتلىق كورپۇسنىڭ ئۈرۈمچى يېنىدا تۇرۇشلۇق قىسىملىرى فوكاڭغا بېرىپ گۇچۇڭ تەرەپكە ياردەم بېرىشكە تەييار تۇرۇش ئۈچۈن دەرھال بىر تۇەن ئەۋەتسۇن

4. ئىلى تەرەپ بىلەن موڭغۇلىيەنىڭ تىل بىرىكتۈرۈپ بىزگە كەلگۈلۈكتە ھۇجۇم قىلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ھەرقايسى قىسىملارغا ھوشيارلىقنى ئۆستۈرۈپ، مۇداپىئەنى كۈچەيتىش توغرىسىدا دەرھال بۇيرۇق بېرىلسۇن.

5. ئەھۋالنى چۈشۈنۈش ۋە گۇچۇڭدىن بەيتىككىچە بولغان ئارىلىقتىكى جايلارنىڭ ھەربىي جۇغراپىيىۋى ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش

ئۈچۈن بېيجىڭگە بىر مەسلىھەتچىلەر گۇرۇپپىسى (باشى شىتاپ ۋە 5 - ئاتلىق كورپۇسنىڭ شىتاپ خادىملىرىدىن تەركىب تاپقان) ئەۋەتىلسۇن.

6. ۋەتەن تۇپرىقىنى باتۇرلۇق بىلەن قوغدىغان ماشىجىڭ-نىڭ لىيەنى مۇكاپاتلانسۇن، بۇ لىيەندىكى كوماندىر- ئەسكەرلەرگە مۇكاپات پۇلى بېرىلسۇن.

7. تاشقى موڭغۇلىيە قوشۇنلىرىنىڭ بىزگە تاجاۋۇز قىلغان-لىقىغا دائىر ئەھۋاللار تېلېگىراممىا ئارقىلىق نەنجىڭ دولەت مۇ-داپىئە مىنىستىرلىكىگە ۋە لەنجۇدىكى غەربىي شىمال مەمۇرىي مەھ-كىمىسىگە مەلۇم قىلىنسۇن.

مەن جىددىي تەدبىرلەرنى تۈزۈپ بولۇپ، دەرھال شىندا-لۇغا بېرىپ جاڭجىجۇڭ بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇنىڭغا بېيتىك تە-رەپتە بولغان ئەھۋالنى ۋە ئۆزەم چىقارغان بىر نەچچە مۇھىم قارارنى دوكلات قىلدىم، ئۇ بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ قاتتىق ھەيران بولدى ۋە دەرھال مۇئاۋىن سەنمۇجاڭ ليۇرېن بىلەن باشقا تىپ ليۇمېڭچۈننى چاقىرتىپ كەلدى، بىز بىر نەچچەيمىز بىر پەس مەسلىھەت قىلدۇق، تاشقى موڭغۇلىيە قوشۇنلىرى ھەركىتىنىڭ چېگرا ماجىراسىغا ياتىدىغان مەسىلە ئىكەنلىكىنى ھېچكىم ئويلاپ باقمىغان ئىكەن، شۇڭا ئىككى خىل قاراش شەكىللەندى:

بىرىنچى خىل قاراشتىكىلەر، ئىلى تەرەپ بىلەن موڭغۇ-لىيە ئوسماننىڭ كۈچلىرىنى يوقۇتۇش مەقسىدىدە ماسلىشىپ ھەرى-كەت قىلىۋاتىدۇ، دەپ ھىساپلىدى.

ئىككىنچى خىل قاراشتىكىلەر: چوڭراق قەستى بولىشى مۇم-



كىن، ئاۋال ئوسماننىڭ ئادەملىرىنى يوقۇتۇپ، بېيتىكتىن چە-نۇپقا قاراپ ئىلگىرىلەپ، بىزنىڭ گۇچۇڭ، باركۆل، يەتتە قۇ-دۇق ئەتراپلىرىدىكى يەرلىرىمىزگە ھۇجۇم قىلىپ، لەنجۇغا بارى-دىغان يولىمىزنى ئۈزۈپ تاشلىشى، ئاندىن كېيىن ماناس دەر-ياسىدا ئۇدۇلدىن ھۇجۇم قىلىپ، بىزنى ئىلى تەرەپ ئوتتۇرىغا قويغان شەرتلەرگە كونۇشكە قىستاپ، ئاخىرىدا گومىنداڭ قوشۇن-لىرىنى شىنجاڭدىن قوغلاپ چىقىرىپ، ئۆزلىرىنىڭ «شەرقى تۈر-كىستان جۇمھۇرىيىتى» قۇرۇش مەقسىدىگە يېتىشىنى كۆزلىگەن بو-لۇشى مۇمكىن، دەپ ھىساپلىدى.

جاڭجىجۇڭ بىرىنچى خىل قاراشقا مايىل بولدى، مەن بىلەن ليۇرېن ئىككىنچى خىل قاراشقا مايىلراق بولدۇق.

جاڭجىجۇڭ مەن چىقارغان جىددىي قارارلارغا قوشۇلدى ھەمدە كېيىنكى ئەھۋاللارنى ئۆزىگە ۋاقتى - ۋاقتىدا مەلۇم قىلىپ تۇرۇشۇمنى تاپىلىدى.

تاشقى موڭغۇلىيە قوشۇنلىرى بىرىنچى قېتىملىق ھۇجۇمى مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، 6 - ئاينىڭ 6 - كۈنى ئۆزلىرىنى بىر كۈن تەرتىپكە سېلىپ ۋە تەييارلىق قىلىپ، 7 - كۈنى ئەتىگەن سائەت 8 دە ئاۋال بىزنىڭ ئىستىھكاملىرىمىزنىڭ ئۈستىدە ئايروپىلان بىلەن رازۋېتكا قىلدى، ئاندىن كېيىن بومبا تاشلاپ بومباردىمان قىلدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، توپچى قىسىملىرىمۇ ئوت كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ، بىزنىڭ ئىستىھكاملىرىمىزنى بىر سائەتتىن كۆپرەك توپقا تۇتتى، ئاندىن كېيىن ئۇلارنىڭ پىيادە ۋە ئاتلىق ئەسكەرلىرى ئىستىھكاملىرىمىزغا يېقىنلىشىشقا باشلىدى، ئۇدۇل تەرەپتىكى تاغ قاپتىلىدا، ئۇلارنىڭ ئېغىر پىلىموتلىرى

ئۆزلىرىنىڭ زەربىدار قىسىملىرىنىڭ ئىلگىرلىشىنى كۈچلۈك ئوت كۈچى بىلەن قوغداپ تۇردى، بىزنىڭ ئەسكەرلىرىمىز تەمكىنلىك بىلەن ئۇرۇش قىلىپ، ئۇلارنىڭ ھۇجۇمىنى كەينى-كەينىدىن چېكىندۇردى. ماشىجېن ئۆزىنىڭ بىر مۇئاۋىنىنى ئوسمان بىلەن ئالاقە باغلاش ۋە ئۇنىڭغا تاشقى موڭغۇلىيە قوشۇنلىرىنىڭ ھۇجۇم قىلغانلىقىغا دائىر ئەھۋاللارنى مەلۇم قىلىش ئۈچۈن چوقبار تاسقا ئەۋەتتى، ئوسمان ئۇنىڭغا: «مەن تاشقى موڭغۇلىيە قوشۇنلىرىنىڭ ئەھۋالىنى بىلىمەن، ئۇلارنىڭ قولىدىن ھېچنېمە كەلمەيدۇ، ئۇلار يەنە ھۇجۇم قىلسا مەن سىلەرگە ياردەم قىلىمەن، ئۇلارنى چوقۇم يېڭىمەن» دېگەن، ئۇ بۇ سۆزنى تازا ۋە ئىشەنچلىك دېگەن ئىدى. 6 - ئاينىڭ 7 - كۈنى تاشقى موڭغۇلىيە قوشۇنلىرى ماشىجېننىڭ لىيەنگە قايتا ھۇجۇم قىلغاندا، دېگەندەك، ئوسمان ئۆزلىگىدىن ئادەملىرىنى باشلاپ كېلىپ ئۇرۇشقا قاتناشتى، ئاۋال بەيتىكنىڭ شىمالىدىكى قاپتالدا تاشقى موڭغۇلىيەنىڭ ئاتلىق قىسىملىرى بىلەن كەسكىن جەڭ قىلدى، شۇنىڭ بىلەن، ماشىجېننىڭ سولقانىتىنى قوغداپ قالدى. ئوسمان 100 نەچچە ئاتلىق ئەسكىرىنى باشلاپ تاشقى موڭغۇلىيە قوشۇنلىرى بىلەن بىر نەچچە سائەت قاتتىق ئېلىشقاندىن كېيىن، تاشقى موڭغۇلىيە قوشۇنلىرىنىڭ پىلىموت ئىستىھكامىغا ئۆزى يالغۇز ئوقتەك چېپىپ بېرىپ، ئىككى پىلىموتچىنى چېپىپ تاشلاپ، بىر ئېغىر پىلىموتنى ئېلىپ تېز قايتىپ كەلدى.

6 - ئاينىڭ 7 - كۈندىكى جەڭ خېلى قاتتىق بولدى. تاشقى موڭغۇلىيە قوشۇنلىرىدا جەزمەن غەلىبە قىلىمىز دېگەن خىيال بولغاچقا، 5 - چېسلادىكىدىن شىددەتلىكرەك ھۇجۇم قىلىپ، بىز-



نىڭ ئىستىھكاملىرىمىزغا بىر نەچچە قېتىم بوسۇپ كىردى، لېكىن ماشىجېن لىيەندىكى كوماندىر - ئەسكەرلەر بولۇپ 100 نەچچە كىشى ئىستىھكامدىن بىر قەدەم ئايرىلسا، جان قويغىدەك يەر تاپالمايدىغانلىقىنى، قىلچە ئىككىلىنىشكە بولمايدىغانلىقىنى بىلگەنلىكى ئۈچۈن، ئۆلسىمۇ ئىستىھكامدىن ۋەتىي ئايرىلمايدىغان نىيەتكە كەلدى، شۇڭا ئۇلارنىڭ كۈرەش ئىرادىسى ناھايىتى ئۈستۈن بولدى، شۇنىڭدەك ئۇلار ياردەم بەرگۈچى قىسىملارنىڭ تېز يېتىپ كېلىدىغانلىقىنى، بىر نەچچە كۈن بەرداشلىق بەرسىلا بولىدىغانلىقىنى بىلەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، شۇ كۈنى ئوسماننىڭ ئەسكەرلىرى ياردەم بەردى، شۇڭا ئۇلار جەڭنى گۈگۈم چۈشكىچە داۋاملاشتۇرۇپ، ئاخىرى تاشقى موڭغۇلىيە قوشۇنلىرىنىڭ كوپ قېتىملىق ھۇجۇمىنى چېكىندۈرۈپ، ئەسلىدىكى ئىستىھكاملىرىنى ساقلاپ قالدى. 8 - چېسلا چۈشتىن بۇرۇن تاشقى موڭغۇلىيە قوشۇنلىرى يەنە ئايروپىلان، زەمبىرەكلەرنىڭ ھىمايىسىدا 2-3 قېتىم زەربىدارلىق بىلەن ھۇجۇم قىلغان بولسىمۇ، بىزنىڭ ئەسكەرلىرىمىز تەرىپىدىن چېكىندۈرۈلدى، بۇ چاغدا ياردەم بەرگۈچى قىسىملىرىمىزدىن ئاتلىق 2 - پولكنىڭ ئادەملىرى ئارقا- ئارقىدىن يېتىپ كەلدى. شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن بىزنىڭ قىسىملىرىمىز قايتارما ھۇجۇمغا ئۆتۈشكە باشلىدى، تاغ ئېتىكىگە يىغىلغان تاشقى موڭغۇلىيەنىڭ ھۇجۇمچى قىسىملىرى ۋەزىيەتنىڭ ئۆزلىرىگە پايدىسىز ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، شىمالىدىكى ئىگىز تاغقا قاراپ چېكىندى.

بۇ بىر نەچچە كۈنلۈك جەڭدە بىزنىڭ قىسىملىرىمىزدىن 20 نەچچە ئادەم ئۆلدى ۋە يارىدار بولدى، 10 نەچچە ئېتىمىز

ئولدى، تاشقى موڭغۇلىيە قوشۇنلىرى بىزنىڭ ئېستىھكامىمىزنىڭ تۇۋىدە 30 نەچچە ئادىمىنىڭ جەسىدىنى قالدۇرۇپ كەتتى، ئۇلارنىڭ ياردار بولغان ئادەملىرى ئولگەن ئادەملىرىدىن 2-3 ھەسسە كوپ بولۇشى مۇمكىن.

بىزنىڭ ئەسكەرلىرىمىز تاشقى موڭغۇلىيە قوشۇنلىرىدىن بىر كىچىك زەمبىرەك، 3 يېنىك پىلىموت، 20 نەچچە مىلتىق، ئىككى تاپانچا، بىر رادىيوگرامما، بىر نەچچە ھەربى باياق ۋە ھوججەت- خەرىتە قاتارلىق نەرسىلەرنى غەنىمەت ئالدى، ئوسمانىنىڭ غەنىمەت ئالغان نەرسىلىرى بۇنىڭ سىرتىدا.

ئېتىپ ئولتۇرۇلگەن تاشقى موڭغۇلىيە ئەسكەرلىرىنىڭ جەسەدى ئارىسىدىن كاپىتان دەرىجىلىك بىر ئوفىتسېرنىڭ جەسىدى تېپىلدى، ليەنجاڭ بولسا كېرەك، خەرىتە سومكىسىدىن ئۇرۇش قىلىش بۇيرۇغى قاتارلىق ھوججەتلەر چىقتى، مەن بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ماجۇنجاڭغا ھوججەتنى مەخسۇس ئادەم بەلگىلەپ ئۇرۇمچىگە ئەۋەتىپ بېرىشنى تاپىلىدىم، ھوججەتنى تەرجىمە قىلىپ كورسەك (مەن ئۇ ھوججەتنىڭ ئەسلى تېكىستىنى كورگەن ئىدىم، ئۇ مەن ئادەتتە كورگەن موڭغۇل يېزىقىدا ئەمەس، رۇس يېزىقىدا يېزىلغان ئىدى)، تاشقى موڭغۇلىيە چېگرا مۇداپىئە قىسىملىرىنىڭ بىر پودپولكوۋنىكى × × (ئىسمى ئېسىمدە يوق) چۇشۇرگەن بۇيرۇق ئىكەن. ھوججەتكە يەنە بۇ قىسىمنىڭ تۇزىلىشىنى كورسۇتىدىغان بىر جەدۋەل ۋە ھۇجۇم ئورۇنلاشتۇرۇشىغا دائىر بىر مۇھىم خەرىتە قوشۇمچە قىلىنغان ئىدى. ئېسىمدە قېلىشىچە، بۇ قىسىم ئۇمۇمەن پىيادە ۋە ئاتلىق ليەن، بىر ئېغىر پىلىموت ليەنى، بىر كىچىك زەمبىرەك پەيي (دىيامېتىرى 2 سانتى-



تىمېتىر كېلىدىغان 2 كىچىك زەمبىرەك بار ئىدى)، بىر خەۋەرلىشىش بەنىدىن تۇزۇلگەن ئىدى، ئۇلارغا يەنە بىر تاغ زەمبىرىكى ليەنى (4 زەمبىرىكى بار ئىدى) قوشۇپ بېرىلگەن ئىدى. دېمەك، بەيتىكتىكى ماھىجىنىنىڭ ليەنىگە ھۇجۇم قىلغان تاشقى موڭغۇلىيە قوشۇنلىرى تەخمىنەن كوپەيتىلگەن بىر يىڭغا باراۋەر ئىدى، ھەپ ھوكۇم قىلىشقا بولىدۇ.

بۇ ئۇرۇش قىلىش بۇيرۇغىنىڭ بىرىنچى ماددىسىدا: «بەيتىك موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ زېمىنى، ئۇنى جۇڭگو قوشۇنلىرى بېسىۋالغان، جۇڭگو قوشۇنلىرىنى قوغلاپ چىقىرىپ، چېگرا مۇداپىئەمىزنى مۇستەھكەملەش - بىزنىڭ مۇقەددەس ۋەزىپىمىز» دېيىلگەن، قالغان ماددىلىرىدا ھەر قايسى ئورۇنلارغا جەڭ ۋەزىپىسى تاپشۇرۇلغان ئىدى. بىز بۇ ئۇرۇش قىلىش بۇيرۇغىغا دائىر ھوججەتنى كورگەندىن كېيىنلا، بۇ قېتىمقى توقۇنۇشنىڭ ئاتالمىش چېگرا مەسىلىسىدىنمۇ دېرەك بېرىدىغانلىقىنى ئۇقتۇق. مەن ماقالىنىڭ «بەيتىك ۋەقەسىنىڭ تارىخي ئارقا كورۇنۇشى» دېگەن قىسمىدا بۇ ئاتالمىش چېگرا ۋەقەسىنىڭ پەيدا بولۇشىدىكى سەۋەبلەرنى بايان قىلىپ ئوتكەن ئىدىم، ئۇنىڭدىن كورۇشكە بولىدۇكى، تاشقى موڭغۇلىيە قوشۇنلىرىنىڭ بەيتىككە قىلغان ھۇجۇمى پۇتۇنلەي يولسىز، ئۇ تامامەن موڭغۇلىيە خەلق جۇمھورىيىتىنىڭ بىر خىل تاجاۋۇزچىلىق ھەركىتى.

بىز تاشقى موڭغۇلىيە قوشۇنلىرىنىڭ بەيتىككە ھۇجۇم قىلغانلىقى ۋە سوۋېت ئايروپىلانلىرىنىڭ چېگىرىدە ئۇلارغا ياردەملەشكەنلىكىگە دائىر ئەھۋاللارنى تېلېگرامما ئارقىلىق نەنجىڭدىكى دولەت مۇداپىئە مىنىستىرلىكىگە مەلۇم قىلدۇق، گومىنداڭ ھوكۇمىتى بۇ ۋەقەدىن پايدىلىنىپ ھەدەپ تەشۋىقات ئېلىپ باردى: «مەر-

كەزىي گېزىتى»، «تېچلىق گېزىتى» قاتارلىق ھۆكۈمەتكە تەۋە گېزىتلەرنىڭ ھەممىسى بۇ ۋەقەنى بىرىنچى بەتكە چوڭ خەتلىك سەرلەۋھە بىلەن باستى، شۇنىڭ بىلەن بىللە قايتا - قايتا باش ماقالا ئېلان قىلىپ، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن تاشقى موڭغۇلىيەنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىنى ئەيىپلىدى؛ گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ھەر قايسى پالاتا، مىنىستىرلىكلىرىمۇ بۇ ۋەقەگە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلدى، قانۇن پالاتىسى بىلەن مەمۇرىي پالاتا بۇ ۋەقەنى مەجلىس ئېچىپ مۇزاكىرە قىلدى؛ گومىنداڭنىڭ مەركىزىي ئورگىنى جايلاردىكى ئاتالمىش «خەلقنىڭ ئىرادىسى» بويىچە ئىش كۆرىدىغان ئورگانلار — «مەدەنىيەت تەشكىلاتلىرى» قاتارلىقلار ئارقا - ئارقىدىن ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش چىقىرىش، پۈتۈن مەملىكەتتىكى قېرىنداشلارغا ۋەقەگە كۆڭۈل بۆلۈشنى مۇراجەت قىلىش ۋە مەركەزنىڭ قاتتىق دىپلوماتىيە سىياسىتى قوللۇنۇشنى قەتئىي قۇۋۋەتلەش توغرىسىدا يوليورۇق بەردى. ياشلار پارتىيىسىنىڭ ئەكسىيەتچى باشلىقى زېڭچى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىنى ئەيىپلەپ سۆھبەت بايان قىلغاندىن باشقا، شاڭخەي، نەنجىڭدىكى بەزى چوڭ گېزىتلەردە ھەر خىل شېئىرلەرمۇ ئېلان قىلىندى،

بۇنداق قىلىشتىن مەقسەت، ماھىيەتتە، كوممۇنىزمغا قارشى تۇرۇش ئىدى. گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ئەزەلدىن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قورالى دەپ ئەيىبلەپ كېلىۋاتاتتى، ئۇلار سىياسىي كېڭەش قارارىنى يىرتىپ تاشلاپ، كەڭ - كۆلەملىك ئىچكى ئۇرۇش قوزغىغان ۋە خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسىنىڭ زەربىسىدە ۋەتۆۋەردىكى چىقىپ، ھەربىي كۈچ جەھە-



تتە كۈندىن - كۈنگە ئاجىزلىغان ئىدى؛ جياڭ جېشى ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان رايونلاردىكى كەڭ خەلقمۇ «ئىچكى ئۇرۇشقا قارشى تۇرۇش، زۇلۇمغا قارشى تۇرۇش، ئاچارچىلىققا قارشى تۇرۇش» يولىدا قەھرىمانانە كورەش قىلىپ، ئۇلارنىڭ تازا ئەدىۋىنى بەرگەن، ۋەزىيەت ئۇلارغا كۈندىن - كۈنگە پايدىسىز بولۇپ قالغان ئىدى. شۇڭا ئۇلار بۇ ۋەقەدىن پايدىلىنىپ، سوۋېتكە قارشى دولقۇن قوزغاپ، خەلقنىڭ دىققەت نەزىرىنى بۇرىماقچى ھەم جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە زەربە بەرمەكچى بولغان ئىدى.

بەيتىك ۋەقەسى يۈز بەرگەندىن كېيىن، گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى سوۋېت ئىتتىپاقىغا ۋە موڭغۇلىيە خەلق جۇمھورىيىتىگە قاتتىق نارازىلىق بىلدۈردى، سوۋېت ھۆكۈمىتى 6 - ئاينىڭ 21 - كۈنى ئۆزىنىڭ جۇڭگودىكى باش ئەلچىخانىسىنىڭ مەسلىھەتچىسى دېلىن ئارقىلىق تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىمىزگە جاۋاپ قايتۇرۇپ، سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ بەيتىك ۋەقەسىگە قاتناشقانلىقىنى ئىنكار قىلدى. موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتى 6 - ئاينىڭ 22 - كۈنى ئۆزىنىڭ مۇسكۋادىكى ئەلچىسى ئارقىلىق گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى فۇچىڭچاڭغا جاۋاپ قايتۇرۇپ، بەيتىك موڭغۇلىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ چېگىرىسى ئىچىدە، جۇڭگو قوشۇنلىرىنىڭ موڭغۇلىيە تەۋەسىگە بېسىپ كىرگەنلىكى ھەربىي توقۇنۇشنى كەلتۈرۈپ چىقاردى دېگەنگە ئوخشاش گەپلەردە چىڭ تۇردى. شۇنىڭدەك، ئامېرىكا ئاخبارات ئاگېنتلىقىنىڭ 6 - ئاينىڭ 16 - كۈنى لوندوندىن بەرگەن تېلېگراممىسى خەۋىرىدە، موسكۋا رادىيوسىنىڭ موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتى تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ

بايا ناتىنى ئاڭلىتىپ: جۇڭگو قوشۇنلىرى موڭغۇلىيە تەۋەسىگە بېسىپ كىرگەنلىكى ئۈچۈن، موڭغۇلىيە چېگرا مۇداپىئە قوشۇنلىرى ئايروپىلانلارنىڭ ھىمايىسى ئاستىدا ئۇلارغا زەربە بېرىشكە مەجبۇر بولدى دېگەنلىكى ئېيتىلغان. بۇ رادىيو جۇڭگو تەرەپنىڭ موڭغۇلىيە جۇڭگو چېگرىسىغا ھۇجۇم قىلدى، دېگەن گەپلىرىنى ئىنكار قىلغان ۋە بۇ گەپنى قۇتراتقۇلۇق رولىنى ئوينايدىغان ئويدۇرما ۋەھاكازا دەپ سۆككەن. بۇ رادىيو 6 - ئاينىڭ 5 - كۈندىكى ۋەقەنىڭ ھەقىقى ئەھۋالىنى مۇنداق ئاڭلاتقان: جۇڭگو قوشۇنلىرىنىڭ بىر تارماق ئەتردى موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ چېگرىسىغا بېسىپ كىرىپ، مىردىنگور دەرياسى بويىدىكى چېگرىدا 16 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا ئىستىھكام ياساپ ئاكوپ كولىدى ۋە موڭغۇلىيە چېگرىسىدىكى قاراۋۇللارغا ھۇجۇم قىلغان چېغىدا ياردەمگە ئەسكەر يېتەكەپ كەلدى، موڭغۇلىيە چېگرا مۇداپىئە قىسىملىرىنىڭ قوماندانى جۇڭگو قىسىملىرىنىڭ باشلىقى بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن ئادەم ئەۋەتىپ، موڭغۇلىيە تەۋەسىدىن چىقىپ كېتىشىنى تەلەپ قىلغاندا، ئۇلار بۇ تەلەپنى رەت قىلدى ۋە ئەلچىنى قاماپ قويدى، شۇڭا موڭغۇلىيە چېگرا مۇداپىئە قىسىملىرى تاجاۋۇزچىلارنى چېكىندۈرۈش تەدبىرلىرىنى قوللىنىشقا مەجبۇر بولدى. چېگرا مۇداپىئە قىسىملىرىنىڭ بىر باتالىيونى موڭغۇلىيە ھاۋا ئارمىيىسىدىكى بىر نەچچە ئايروپىلاننىڭ ھىمايىسى ئاستىدا تاجاۋۇزچىلارنى موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتىدىن چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر قىلدى. موڭغۇلىيە چېگرا مۇداپىئە قىسىملىرى بۇ ھەرىكەتلەرنى قوللانغىنىدا، جۇڭگو تەۋەسىگە بېسىپ كىرمىدى. جۇڭگو قوشۇنلىرى چېكىنگەندىن كېيىن،



6 - ئاينىڭ 9 - كۈنى جۇڭگو قوشۇنلىرىنىڭ لاگېرىدا موڭغۇلىيە قىسىملىرىنىڭ ئەلچىلىرى بىلەن چېگرا مۇداپىئە قىسىملىرىدىكى 4 ئەسكەرنىڭ جەسەدى تېپىلدى، جەسەتلەردە قاتتىق قىيناشتىن قالغان جاراھەت ئىزلىرى بار ئىدى. موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتى جۇڭگو ھوكۇمىتىگە قاتتىق نارازىلىق بىلدۈردى ھەمدە جۇڭگو ھوكۇمىتىدىن جىنايەتچىلەرنى قاتتىق جازالاشنى ۋە موڭغۇلىيە تارتقان زىيانلارنى تولەپ بېرىشنى تەلەپ قىلىش ھوقۇقىنى ساقلاپ قالدى.

موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتى ھوكۇمىتىنىڭ بۇ گەپلىرى، روشەنكى، ئۆزلىرىنىڭ تاجاۋۇزچىلىق ھەرىكەتلىرىنى يوشۇرۇش مەقسىتىدە پاكىتنى بۇرمىلاپ، ئاقنى قارا قىلىپ ئېيتىلغان گەپلەر ئىدى، چۈنكى بىز شۇ چاغدا بەيتىككە مۇداپىئە كۆرۈش ئۈچۈن بىرلا ئاتلىق ئەسكەر لىيەننى ئەۋەتكەن ئىدۇق، بۇ لىيەن ئۆزىنىڭ ئارقا سەپ بازىسىدىن 200 نەچچە كىلومېتىر يىراقلىقتا تۇرسا قانداق قىلىپ موڭغۇلىيە چېگرىسىغا بېرىپ، موڭغۇلىيە چېگرا مۇداپىئە قىسىملىرىنىڭ قاراۋۇلىغا ھۇجۇم قىلالىسۇن ؟ مەن بەيتىككە ئەھۋالنى تەكشۈرۈشكە ئەۋەتكەن مەسلىھەتچى ماشىجېننىڭ لىيەندىكى كوماندىر - ئەسكەرلەردىن بەيتىكتىن شىمال تەرەپكە بېرىپ ھەرىكەت قىلغان ئىشلار بولدىمۇ - يوق دەپ سۈرۈشتۈرگەندە، ئۇلار ئۇنداق ئىش بولمىدى دەپ قەتئىي جاۋاپ بەرگەن، ئاكوپ ۋە ئىستىھكاملارنىڭ ھەممىسى بەيتىكتە ياسالغان، موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ جۇڭگو ھوكۇمىتىگە جاۋابەن بىلدۈرگەن نارازىلىقىدا بەيتىك تاشقى موڭغۇلىيە تەۋەسىدە دېيىلگەن؛

تاشقى موڭغۇلىيە چېگرا مۇداپىئە قىسىملىرى قوماندانىنىڭ ئۇرۇش قىلىش بۇيرۇقىدا، بەيتەك موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ زېمىنى، ئۇنى جۇڭگو قوشۇنلىرى بېسىۋالغان، بىزنىڭ ۋەزىپىمىز جۇڭگو قوشۇنلىرىنى قوغلاپ چىقىرىش، دېيىلگەن. بۇ، جۇڭگو قوشۇنلىرى ئەمەس، بەلكى موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتى قوشۇنلىرىنىڭ ھۇجۇم قىلغانلىقىنى تولۇق چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. تاشقى موڭغۇلىيە قوشۇنلىرى كۆپ قېتىم ھۇجۇم قىلىپ مەقسىتىگە يېتەلمەي، بىزنىڭ ئىستىھكامىمىزنىڭ تۆۋىدە بىر مۇنچە جەسەتلەرنى قالدۇرۇپ كەتكەن ۋە 6 - ئاينىڭ 8 - كۈنى كەچتە ئەسكەر ئەۋەتىپ جەسەتلەرنى ئېلىپ كەتكەن ئىدى، ھەرگىزمۇ ئۇلار ئېيتقاندەك «جۇڭگو قوشۇنلىرى چېكىنگەندىن كېيىن، جۇڭگو قوشۇنلىرىنىڭ لاگېرىدا موڭغۇلىيە قىسىملىرىنىڭ ئەلچىلىرى بىلەن چېگرا مۇداپىئە قىسىملىرىدىكى ئەسكەرلەرنىڭ جەسىدى تېپىلغان» ئەمەس. بىراق تاشقى موڭغۇلىيە قوشۇنلىرى ئەۋەتكەن ئىككى ئەلچى توغرىسىدا ماچېڭشياڭ جۈنجاڭ: ئۇلار (ماشىجىننىڭ لىيەنى دېمەكچى) بۇ ئىككى ئادەمنى جاسۇسمىكىن دەپ گۇمان قىلىپ قاپتۇ، دېگەندەك قىلغان ئىدى، شۇڭا جەڭ داۋامىدا ئۇلار بۇ ئىككى ئادەمنى بەلكىم ئۆلتۈرۈۋەتكەن بولۇشى مۇمكىن، بۇ ئىككى ئادەم زادى قانداق بىر تەرەپ قىلىندى؟ بۇ جەھەتتىكى ئەھۋال ئېنىق ئېسىمدە قالماپتۇ، سوۋېت ئايروپىلانلىرىنىڭ جەڭگە قاتناشقانلىقىغا كەلسەك، شۇ چاغدا شىنجاڭدىكى قىسىملارنىڭ كوماندىر - ئەسكەرلىرى موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ دۆلەت بايرىقىنى ۋە ئايروپىلانلىرىنىڭ بەلگىسىنى بىلمىگەنلىكى ئۈچۈن بەشيۇلتۇزلۇق قىزىل بايراقنىڭ سۈرىتىلا بولسا سوۋېتنىڭ دەپ قارايتتى. ماشىجىننىڭ تېلېگراممىسى شىنجاڭ گارنىزون قىسىملىرىنىڭ باش شتاۋىغا يېتىپ كەلگەندە، بىزمۇ سوۋېت ئايروپىلانى مەسىلىسىنى مۇزاكىرە قىلىپ، ئاھالىسى بىر مىليونغىمۇ يەتمەيدىغان موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ نەدىمۇ ھاۋا ئارمىيىسى بولسۇن دەپ قارىغان ئىدۇق. ئۇ چاغدا بىز موڭغۇلىيە ئەمەلىيەتتە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ قالدى، ئۇنىڭ ھەقىقى مۇستەقىللىقىدىن سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ، دەپ قارايتۇق. شۇڭا بىز بۇ ئايروپىلانلارنى سوۋېتنىڭ دەپ قەيت قىلىپ، بۇ ھەقتىكى پىكىرىمىزنى دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىكىگە يوللىدۇق.

ئوسماننىڭ ئەسكەرلىرى بەيتەكنىڭ يېنىغا چېكىنگەندىن كېيىن، بەزى قازاقلار بىر مەزگىل موڭغۇلىيە تەۋەسىگە بېسىپ كىرىپ، موڭغۇللارنىڭ چارۋا ماللىرىنى بۇلاپ، ئادەملىرىنى تۇتقانلىقى ئۈچۈن بۇ توقۇنۇش يۈز بەردى. دېگەن گەپلەرمۇ بولغان ئىدى. لېكىن كېيىن مەن ئوسمان بىلەن كۆرۈشۈپ ئۇنىڭدىن بۇ ھەقتە سورىغىنىمدا، ئۇ بۇنداق ئىشنىڭ بولغانلىقىنى قەتئىي ئىنكار قىلدى. مۇشۇنداق ئىش بولغان تەقدىردىمۇ، بۇنى تاشقى موڭغۇلىيە چېگرا مۇداپىئە قوشۇنلىرى قوللانغان قوغدىنىش ھەرىكىتى دەپ قاراشقا بولمايتتى، چۈنكى تاشقى موڭغۇلىيە قوشۇنلىرىنىڭ قوماندانى ماشىجىننىڭ لىيەنگە بەيتەكتىكى ئىستىھكاملىرىدىن 24 سائەت ئىچىدە چىقىپ كېتىشنى شەرت قىلىپ قويغان، ئاندىن كېيىن ئۆزىنىڭ ئۇرۇش قىلىش بۇيرۇقىدا يەنە: بەيتەك موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ زېمىنى، ئۇنى جۇڭگو قوشۇنلىرى بېسىۋالغان......» دەپ ئېنىق يازغان ئىدى. دېمەك مەسىلە ناھايىتى ئاددى، ئەگەر ئۇلار بەيتەكنىڭ دۆلىتىمىزگە تەۋە زېمىن ئىكە-

نىلگىنى ئېتىراپ قىلسا، تاشقى موڭغۇلىيە قوشۇنلىرىنىڭ بەيتىككە ھۇجۇم قىلغانلىقى بىر خىل تاجاۋۇزچىلىق ھەركەت بولۇپ قالىدۇ - دە، بۇ ئىشنىڭ ماھىيىتىنى باشقا سەۋەپلەر بىلەن يوققا چىقارغىلى ۋە يوشۇرغىلى بولماي قالىدۇ.

بەيتىك ۋەقەسىدىن كېيىن جىياڭ جېشىنىڭ كەيپىياتى مۇرەككەپ ۋەزىيەتلىك بولدى. ئۇ تەۋەككۇل قىلىپ ئىچكى ئۇرۇش قوزغىغاندىن كېيىنكى بىر يىلغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە ناھايىتى كوپ زىيان تارتىپ، ھەربى جەھەتتە ئۈستى - ئۈستىلەپ مەغلۇپ بولغان، ۋەزىيەت كۈندىن - كۈنگە پايدىسىز بولىۋاتقان ئىدى، بۇنىڭ ئۈستىگە، ئەمدى بەيتىك ئۇرۇشى پارتلىغان ئىدى، جىياڭ جېشى ئىلى تەرەپ بىلەن موڭغۇلىيە بىرلىشىپ، ئۇرۇمچى، قۇمۇلغا ھۇجۇم قىلسا، ياردەم بەرگىدەك كۈچىمىز بولمىغاچقا، شىنجاڭ جەزمەن قولدىن كېتىدۇ، ـــ ھوكۇمرانلىق ئورنۇم تېخىمۇ لىڭشىپ قالىدۇ، دەپ ئويلاپ، قاتتىق قايغۇردى؛ يەنە بىر تەرەپتىن، بۇنى بىر پۇرسەت دەپ قاراپ، گومىنداڭنىڭ تەشۋىقات ئورگانلىرىنى ئىشقا سېلىپ، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن تاشقى موڭغۇلىيىنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىنى كۈچەپ تەشۋىق قىلىپ، خەلقنىڭ دىققەت نەزىرىنى بۇرىماقچى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە زەربە بەرمەكچى بولدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە دولەت مۇداپىئە مىنىستىرى بەيچۇڭشىنى بەيتىك ۋەقەسىنى تەكشۈرۈش ۋە شىنجاڭدىكى گومىنداڭ ئارمىيىسىنى كوزدىن كەچۈرۈش ئۈچۈن ئالاھىدە شىنجاڭغا ئەۋەتىپ، بۇ ۋەقەنى تېخىمۇ كېڭەيتىش يولى بىلەن ئامېرىكا جاھانگىرلىكىنىڭ ۋە خەلقارادىكى سوۋېتكە قارشى بارلىق كۈچلەرنىڭ ھېسداشلىقىنى ھەم ياردىمىگە ئېرى-



شىشى قارارىغا كەلدى.

جىياڭ جېشى 6 - ئاينىڭ 12 - كۈنى بەيچۇڭشىنى شىنجاڭغا ئەۋەتىشنى ۋە 13 - كۈنى ئايروپىلان بىلەن يولغا چىقىشىنى بەلگىلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە بۇنى تېلېگىراممىا ئارقىلىق جاڭجىجۇڭغا ئۇختۇردى. جاڭجىجۇڭ 6 - ئاينىڭ 12 - كۈنى يېرىم كېچىدە جىياڭ جېشىنىڭ تېلېگىراممىسىنى ئالغاندىن كېيىن قاتتىق بىئارام بولۇپ، دەرھال نەنجىڭغا ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون بەردى. بىراق تېلېفوندا سوزلىشەلمەي جىياڭ جېشى بىلەن بەيچۇڭشىغا: بەيچۇڭشى ھەرگىز كەلمىسۇن، ئۇنىڭ كېلىشى شىنجاڭ ۋەزىيىتىگە ئىنتايىن پايدىسىز، دىگەن مەزمۇندا جىددى تېلېگىرام بەردى. جاڭجىجۇڭ تېلېگىراممىا يوللىۋېتىپ، كېچىچە ئۇخلىماي نەنجىڭدىن خەۋەر كۈتتى. 6 - ئاينىڭ 13 - كۈنى ئەتگەن سائەت 8 لەردە بەيچۇڭشىنىڭ يوك - تاقى ئايروپىلانغا قاچىلىنىپ بولغان، ئۇنىڭ ھەمرالىرى ۋە ئۇزاتقۇچىلارمۇ ئايرودورۇمغا كېلىپ بولغان ئىكەن، بەيچۇڭشى پىكاپ بىلەن ئايرودورۇمغا ماڭاي دەپ تۇرغىنىدا، جاڭجىجۇڭنىڭ تېلېگىراممىسىنى تاپشۇرۇۋېلىپ خاپا بوپتۇ، شۇنداق بولسىمۇ جاڭجىجۇڭ ئۇنىڭ يولىنى توسۇپ تېلېگىراممىا بەرگەچكە، جىياڭ جېشىغا دەپ بېقىشقا مەجبۇر بوپتۇ، جاڭجىجۇڭنىڭ تېلېگىراممىسىنى جىياڭ جېشىمۇ تاپشۇرۇپ ئالغان ئىكەن، شۇڭا ئۇ بەيچۇڭشىغا سەپەردىن يالتىيىشىنى تاپىلاپتۇ. مەن 1948 - يىلى ئەتىيازدا نەنجىڭغا باردىم، بەيچۇڭشى بىر كۈنى مېنى ئويىگە مېھمانغا چاقىردى. بىزنىڭ پارىڭىمىز بۇ ئىشقا يېتكەلگەن چاغدا، بەيچۇڭشى ماڭا غەزەپ

بىلەن مۇنداق دىدى: «ۋىيبەي (جاڭجىجۇڭنىڭ لەقىمى) سوۋىتنىڭ چىشىغا تىگىشتىن قورقۇپ، مىنى شىنجاڭغا كەلمىسۇن دەپتۇ، بۇ زادىلا ئاڭلاپ باقمىغان غەلىتى ئىش، شىنجاڭ جۇڭگونىڭ زىمىنى، مەن دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرى سۈپىتىدە، ئۆز دۆلىتىمىزنىڭ تۇپرىقىدا ساياھەت قىلىش ۋە خىزمەتلەرنى كۆزدىن كۆچۈرۈش ئۈچۈنمۇ سوۋىتنىڭ تەستىقىنى ئالامتىم؟ ... ...» جاڭجىجۇڭ بەيچۇڭشىنىڭ شىنجاڭغا كىلىشىنى نىمە ئۈچۈن توسىدۇ؟ ئۇ ماڭا «بەيچۇڭشى سوۋىتكە، كوممۇنىزىمغا قارشى تۇرۇش بىلەن داڭ چىقارغان ئادەم، ھازىر بەيتىك ۋەقەسى سوۋىت ئىتتىپاقىغا چىتىلىۋاتىدۇ، ئۇ كەلسە جەزمەن سوۋىت تەرەپنىڭ قاتتىق نارازىلىقىنى قوزغايدۇ، ئەخمەتجان قاتارلىق كىشىلەرۋەكىللىك قىلىۋاتقان ئىلى كۈچلىرىنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشى بارلىقى سىزگە مەلۇم. ھازىر بىز ئىلى تەرەپ بىلەن جىددى ۋە نازۇك باسقۇچتا تۇرۇۋاتىمىز، بەيچۇڭشى مۇشۇنداق پەيتتە شىنجاڭغا كەلسە، ئوتقا ياغ چاچقاندەك ۋەزىيەتنى تىخىمۇ يامانلاشتۇرۇۋىتىدۇ ... ...» دىدى. شۇنىڭدەك جاڭجىجۇڭ، مەن غەربىي شىمال تەرەپتىكى مەسئۇل ئەرباب، بۇنداق ئىشلارنى بەيچۇڭشى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن شىنجاڭغا كەلسە يۈزۈمگە سەت بولمامدۇ، دىگەن ئويدىمۇ بولغان ئىدى.

بەيتىكتىكى قوشۇنلىرىمىز 6 - ئاينىڭ 8 - كۈنى تاشقى موڭغۇلىيە قوشۇنلىرىنىڭ ھوجۇمىنى قايتۇرغاندىن كىيىنمۇ ئۇرۇش توختىمىدى، ئۇلار جۇڭگو قوشۇنلىرىنى قوغلاپ چىقىرىش مەقسىتىدە يىتەلمىگەنلىكىگە يەنىلا تەن بەرمىدى. ئۇلارنىڭ ئايروپىلانلىرى 6 - 7 ئايلاردا دائىم دىگۈدەك بەيتىكنىڭ ئۈستىدە ئاي-



لىنىپ ئۇچۇپ رازۋېتكا قىلدى، تىخى 2 - 3 قېتىم كۈچلۈك ئاتىشىدىمۇ رازۋېتكا قىلدى، 6 - ئاينىڭ 15 - 17 - 20 - كۈنلىرى ئۇرۇش كىچىك كۆلەمدە داۋام قىلدى. 6 - ئاينىڭ 26 - 27 - كۈنلىرى تاشقى موڭغۇلىيە قوشۇنلىرى كەڭرەك كۆلەمدە يەنە ھوجۇم قىلدى، ئۇلارنىڭ ئايروپىلانلىرى بىزنىڭ ئىستىھكاملىرىمىزغا ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىغا خېلى جىق بومبا تاشلىدى. بۇ ئىككى كۈندىكى جەڭ كەسكىنلىگى جەھەتتە 6 - ئاينىڭ 7 - 8 - كۈنلىرىدىكى ئۇرۇشتىن قېلىشمىدى، ھېلىمۇ ياخشى مۇداپىئە كورگۇچى ئەسكەرلەرنى كۆپەيتكەنلىگىمىز، ئىستىھكاملارنى تاغدىكى چوڭ دەرەخلەر بىلەن دالدىغا ئېلىپ زور دەرىجىدە مۇستەھكەملىگەنلىگىمىز ئۈچۈن، قارشى تەرەپنىڭ كىچىك بومبا ۋە زەمبىرەك ئوقلىرى ئىستىھكاملىرىمىزنى بۇزۇۋەتەلمىدى، شۇڭا تاشقى موڭغۇلىيە قوشۇنلىرىنىڭ ھوجۇمى بىزنىڭ مۇداپىئە قىسىملىرىمىز تەرىپىدىن يەنە بىر قېتىم تارمار قىلىندى. بۇ قېتىم بىزنىڭ ئەسكەرلىرىمىزدىن 7، 8 ئادەم ئۆلدى ۋە ياردار بولدى، تاشقى موڭغۇلىيە قوشۇنلىرىدىن 30 نەچچە ئادەم ئۆلدى ۋە ياردار بولدى، بەيتىكنىڭ شىمالىدىكى خۇجىرت دىگەن تاغ ئېتىگىنىڭ يېنىدا تاشقى موڭغۇلىيە قوشۇنلىرى 10 نەچچە جەسەتنى قالدۇرۇپ كەتتى، ئۇلارنىڭ 4 ئېتىمۇ ئۆلگەن ئىدى. 7 - ئاينىڭ 3 - كۈنى يەنە بىر قېتىم قاتتىق جەڭ بولدى، ئۇلارنىڭ ئايروپىلانلىرى خېلى كۆپ بومبا تاشلىدى. شۇ چاغدا بىرىنچى ئاتلىق دىۋىزىيىنىڭ باشلىقى بولۇپ ئىشلىگەن خەنيۈۋېن (ھازىر شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ ھەيئىتى)، نىڭ شۇ چاغدىكى ئەھۋالىنى ئەسلەپ يازغان خېتىگە قارىغاندا، 6 - ئاينىڭ 5 - كۈنى توققۇنۇشى يۈز بېرىشتىن بۇرۇن ۋە ئۇنىڭدىن

كېيىن 20 نەچچە قېتىم چوڭ - كىچىك جەڭ بولغان، ئۇرۇش پەقەت 1948 - يىل 9 - ئايدىن كېيىنلا توختىغان.

ئوسماننىڭ قەبىلىسىدىكى 2 - 3 مىڭچە ئادەم 1948 - يىل 4 - ئايدا بەيتىك يېنىدىكى چوقبارتاس، ئۇلانبۇلاق ئەتراپىدىن جەنۇپقا قاراپ مېڭىپ گۇچۇڭنىڭ يېنىغا كىلىپ چۈشتى. مەن تاشقى موڭغۇلىيە قوشۇنلىرىدىن غەنىمەت ئېلىنغان ھۆججەت، خەرىتە، بايراق قاتارلىق نەرسىلەرنى مەخسۇس ئادەمدىن نەنجىڭدىكى دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىكىگە ئەۋەتتىم، بۇ نەرسىلەر گومىنداڭ ھۆكۈمىتى تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ تاشقى موڭغۇلىيەنىڭ بەيتىكتىكى قوشۇنلىرىمىزغا ھۇجۇم قىلغان تاجاۋۇزچىلىق ھەرىكىتىدىن تېنىۋېلىشىغا رەددىيە بېرىشتە كۈچلۈك دەلىل بولۇپ قالدى.

بەيتىك ۋەقەسى يۈز بەرگەندىن كېيىن، 1947 - يىل 6 - ئايدىن 9 - ئايغىچە ئامېرىكا خەلقارا ئاخبارات باشقارمىسىنىڭ مۇخبىرى روبېرتسون، ئامېرىكا بىرلەشمە ئاگېنتلىقىنىڭ مۇخبىرى ماستېرسون، نيۇ - يورك كۈندۈلۈك خەۋەرلەر گېزىتىنىڭ ئايال مۇخبىرى پاركېر، نيۇ - يورك پېشۋالار مۇنبىرى گېزىتىنىڭ مۇخبىرى راند، فرانسىيە ئاخبارات ئاگېنتلىقىنىڭ مۇخبىرى سالۋاۋپىلى قاتارلىق كىشىلەر مۇخبىرلىق قىلىش ئۈچۈن ئۈرۈمچىگە كەلدى، بەزىلىرى بەيتىككىمۇ باردى.

ئەسكەرتىش: بۇ ماقالىنى يېزىشىمغا، ھازىر تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ مەسلىھەتچىسى بولۇپ ئىشلەۋاتقان ليۇ زېيۇڭ (ئۇ ئۆز ۋاقتىدا شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق پەۋقۇلئاددە دىپلوماتىيە ۋەكىلى ئىدى)، شۇ چاغدا 1 - ئاتلىق دىۋىزىيىنىڭ باشلىقى بولۇپ ئىشلىگەن خەن يۇۋېن ۋاقىت، ئورۇن، ئادەم ئىسىملىرى ۋە باشقا ماتېرىياللار جەھەتتە ياردەم بەردى).



# ئوسمان ۋە بەيتىك ۋەقەسى

لۈيچى

تارىختىكى قۇلدارلارنىڭ جۇملىدىن چوڭ پومېششىك ۋە بارلىق ھاماقەت فېئوداللارنىڭ ئەمگەكچى خەلقنى ئېزىشتە قوللىنىدىغان ھىلە - نەيرەڭلىرى ئوخشىمايدۇ. لېكىن بۇ نەيرەڭلەر ئىچىدە ئۇلار دائىم قوللىنىدىغان بىر ئورتاق نەيرەڭ بار يەنى ئۇلار (خەلقنىڭ) ئىدىيىسىنى چۈشەپ، ئۇلارنى قۇل قىلىش ئۈچۈن، ئۆزلىرىنى ئىلاھلاشتۇرۇشقا تىرىشىدۇ. فېئودال دوتلەرنىڭ پۇشتى بولغان ئوسمان بۇ نوقتىغا ناھايىتى ئوتتۇقلۇق ۋارىسلىق قىلدى. ھەتتا شىنجاڭنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدا ئۆتكەن چوڭ مۇستەبىت شېڭ شىسەيمۇ ھەر يىلى قىشتا كەڭ كۆلەمدە مۇداپىئە كورۇشى تۇغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرەتتى، بۇ مۇداپىئەنىڭ بىر مۇھىم نوقتىسى ئوسماندىن مۇداپىئە كورۇشى ئىدى. شېڭ شىسەي 1944 - يىلى تەختتىن چۈشۈشتىن بۇرۇن مەن بىلەن قىلغان بىر سوھبىتىدە، ئوسماننى «ياۋا كالا» دەپ تىللىغان ئىدى، 1947 - يىلى بەيتىك ۋەقەسى يۈز بەرگەندىن كېيىن، ئوسمان، مەن بىلەن قىلغان بىر سوھبىتىدە: « مەن خۇدانىڭ ئەمرى بىلەن

ئالتۇن دەۋرنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن مۇشۇ تومۇر دەۋردە تۇغۇلدۇم!» دەپ دونكىخوتقا ئوخشاش گەپ قىلغان ئىدى. بىراق ئۇ «ئالتۇن دەۋر» قايسى؟ ئۇ بۇنى دونكىخوتقا ئوخشاش ئاڭقىرالمايتتى، ئۇنىڭ دىگىنى «ھەممىنى ئىستائەت قىلدۇرۇش» بولسا كېرەك.

مېنىڭ بىلىشىمچە، ئوسمان 30 - يىللاردا ئاساسەن ئوز قەبىلىسىنىڭ بىر تۇغما نوچىسى سۈپىتىدە يېنىغا ئادەم توپلاپ، قاتىللىق، بۇلاڭچىلىق ۋە زومىگەرلىك بىلەنلا شۇغۇللىنىپ كەلگەن. بۇ جەرياندا گەرچە چوڭ خەنزۇچى فېودال كۈچلەرگە قارشى يۇقۇرى بېسىملىق ھەركەتلەرگە ئالاقىدار ئىشلارنى قىلغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ ئىشلار ئۇنىڭ ئۈچۈن ئېيتقاندا يېتەكچى ئورۇندا تۇرالمايتتى. ئەنە شۇنداق ئىشلارنى قىلغاندىمۇ ئۇنىڭدىن خۇددى ئۇنىڭ ئۆزى ھەمىشە «خۇدا ئۈچۈن تەرىقەت يۈرگۈزۈۋاتىمەن» دەپ ئىشتىياق بىلەن سۆزلىگىنىدەك، ئاممىنى قوزغاشتا ۋىۋىسكا سۈپىتىدىلا پايدىلىناتتى، خالاس. 1944 - يىلى ئەتىيازدا ئوسمان ئىگەللەپ تۇرغان ئالتاي تاغلىرىدىكى قازاق چارۋىچىلىرى گومىنداڭنىڭ قاتتىق زۇلمىغا چىدىيالماي، خېلى كەڭكۆلەمدە ئىسيانچىلىق مىللىي ھەركەت دولقۇنىنى قوزغىدى، بۇ دولقۇندا ئوسمان ئەڭ ئاخىرقى قېتىم ئەنە شۇنداق ۋىۋىسكا سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقتى — بۇنى پەقەت ئەڭ ئاخىرقى قېتىم دېيىشكىلا بولىدۇ.

1944-يىلى نويابىردا ئىلىدا كوتۈرۈلگەن ھەيۋەتلىك قوراللىق قوزغىلاڭنىڭ شىددەتلىك ئوتى بىر نەچچە ئايغا يەتمەيلا ئىلىسى، تارباغاتاي، ئالتاي ۋىلايەتلىرىنى قاپلىدى، «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى»



قۇرۇلدى، گومىنداڭچە چوڭ خەنزۇچىلىققا قارشى تۇرۇشنى ئاساس قىلغان بۇ ھەيۋەتلىك مىللىي ئىنقىلاۋى ھەركەتكە دوچ كەلگەن ئوسمان ئەقىل - ئىدرەك، ھېس - تۇيغۇ جەھەتتە مۇرەككەپ ۋە زىددىيەتلىك ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى، ئۇ گەرچە كىشىلەرگە: بۇ ئىنقىلاپ مېنىڭ «بۇرۇن قىلغان ئىنقىلاپلىرىمغا ئۇيغۇن» دەپ پو ئاتقان بولسىمۇ، لېكىن بۇنى ئايرىشتا ئۇنىڭ ئاغزى ئەمەس، بەلكى ھەرىكىتى مۇنازىرىدىن ئۈستۈن بولۇپ كەلدى.

ھەيران قالغىدەك ۋە كىشىنىڭ كۈلكىسىنى كەلتۈرگىدەك نادان گومىنداڭ ئەمەلدارلىرىمۇ شۇ يىللاردا ئوسماننى «ئىلى ۋەقەسى» دىكى ئاساسى شەخس دەپ قاراپ كەم دىگەندە، ئۇنى دەللىلقان ۋە ئەخمەتجان قاتارلىق كىشىلەر بىلەن تەڭ ساناپ كەلدى.

1945 - يىلى — گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدىكى كۈچلىرى ئۈچۈن ئەڭ ئوسال بىر يىل بولدى، كوممۇنىزىمغا قارشى مۇتەخەسسىس خۇزۇڭنەننىڭ 30 مىڭ كىشىلىك زور قوشۇنى مەغلۇپ بولۇپ چېكىنىپ، ماناس دەرياسى بويىغا كىلىپ قالغان، بەرداشلىق بەرگىدەك دەرمانى قالمىغان ئىدى، جۇشاۋلياڭ نېمە قىلارىنى بىلەلمەي قالدى. ۋۇجۇڭشىننىڭ «سىياسى تونى» مۇكارغا كەلمىدى. غۇيۇلداپ شامال چىقىپ تۇرغان 10 - ئاي كۈنلىرىدە چۇڭچىن، جاڭجىجۇڭ بىلەن مەسئوت قاتارلىق كىشىلەرنى تېچلىق تەنپەنى ئوتكۈزۈش ئۈچۈن ئەۋەتتى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈرۈمچىدىكى باش كونسۇلىنىڭ كېلىشتۈرۈشى بىلەن، بىر نەچچە ئايدا مەسىلىنى تېچ ھەل قىلىش لايىھىسى ئاساسي

چەھەتتىن تۈزۈپ چىقىلدى، ئۇلكىلىك مىللى بىرلەشمە ھوكۇمەت
تەشكىل قىلىنىدىغان بولدى، شۇنىڭ بىلەن، ئىلى ۋەقەسى بىر
مەزگىل ھەل بولغان بولدى. شۇ زامان، شۇ ماكان ئۈچۈن ئېيت-
قاندا، تىنچ ھەل قىلىش پىرىنسىپلىرى بويىچە تۈزۈلگەن ھاكى-
مىيەت يۈرگۈزۈش پىروگراممىسى بىلەن تىنچلىق توختامنى «ئۈچ
ۋىلايەت» تىكى ھەر مىللەت خەلقى بىردەك، ۋاقتىنچە تىنچلىق
ئورنىتىمىز، دەپ قارىدى. لېكىن ئۆزىنى قالتىس چاغلىغان ئوس-
مان بۇنىڭغا قوسىقىدا غۇم ساقلاپ كەلدى. ئۇ ئۆزىنى كەم دى-
گەندە ئولكىلىك مىللى بىرلەشمە ھوكۇمەت قۇرۇلغاندىن كېيىن
گېپىم گەپ بولىدىغان بىردىن بىر باشلىق بولىمەن دەپ قارىغان
ئىدى. بىراق ئۇنىڭ بۇ شىرىن خىيالى كۆتكەن يېرىدىن چىقمى-
دى، 1946 ـ يىلى يازدا ئولكىلىك مىللى بىرلەش-
مە ھوكۇمەت رەسمى قۇرۇلغاندىن كېيىن ئوسمان ئىشىك سىرتى-
دا ئايلىنىپ يۈرگەن بىر لۈكچەك ھىساپلىنىپ قالدى، پەقەت
1947 - يىلىدىكى بەيتىك ۋەقەسىنىڭ ئالدى - كەينىدىلا ئۇ-
ئاندىن سانىنى توشقۇزۇش ئۈچۈن ئولكىلىك ھوكۇمەت ھەيئەتلى-
رى قاتارىغا كىرگۈزۈلدى ۋە ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ مەمۇرى تەپ-
تىش ۋالىسى ھەم ئامانلىق ساقلاش سىلىڭى قىلىپ تەيىنلەندى.
مەسئوت جۇشى بولغان چاغدا ئوسماننى چوڭ ئىشلار ئۈستىدە
مەسلىھەتلىشىشكە بىر نەچچە قېتىم تەكلىپ قىلغان بولسىمۇ، ئۇ
«ۋاقتىم يوق» دەپ سەۋەپ كورسۈتۈپ كەلمىدى. غەربىي شىمال
مەمۇرى مەھكىمىسىنىڭ مۇدىرى جاڭجىجۇڭ ئۇنى ئولكىگە سوھ-
بەتكە كېلىشكە بىر نەچچە قېتىم تەكلىپ قىلغاندا، ئۇ: «بارى-
دىغان بولسام، نەنجىڭگە جياڭجېشى بىلەن كورۈشكىلى بارىمەن»



دەپ جاۋاپ بەردى. بەيتىك ۋەقەسىدىن بىر ئاي كېيىن گومىن-
داڭ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كاتىپى ئەربايېلىرىدىن
پېڭشويفېي (مەمۇرى كېڭەشنىڭ ئون چوڭ ھەيئىتىنىڭ بىرى)
مەخسۇس ئايروپىلان بىلەن ئالدىنقى سەپنى كوزدىن كوچۈرگىلى
كەلگەندە، ئوسمان ھەتتا ئۇنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن كىگىز ئۆي-
دىنمۇ چىقىپ قويمىدى. ئۇنى پەقەت بىرلا ئادەم كىگىز ئۆيىدىن
چىقىپ كۈتۈۋالدى. ئۇ بولسىمۇ شۇ چاغدىكى گومىنداڭنىڭ
شىنجاڭ گارنىزونىنىڭ باش قوماندانى سۇڭشىليەن يەنى ئوس-
ماننىڭ نەزىرىدىكى «سۇڭ باتۇر» ئىدى. ئوسماننىڭ نەزىرىدە،
جۇڭگودا ھەقىقى باتۇرغا لايىق بىر نەچچىلا ئادەم بار ئىمىش،
ئۇنىڭ ئوزى شۇلارنىڭ بىرى ئىمىش. ئەگەر سىز ئۇنى باتۇر
دەپ ئاتىماي، «ھەيئەت» «ۋالى» دەپ ئاتىسىڭىز، پەرۋامۇ قىلمايتتى،
مەن 1947 - يىلى سەددىچىنى سىپىلىنىڭ سىرتىدا كەم كو-
رۈلىدىغان كوزنىڭ تۇمانلىق كۈنلىرىنىڭ بىرىدە، ئۇنى بوغدا
بارگاھىدا زىيارەت قىلدىم، تەلىيىمگە ئۇنىڭ سىرىنى ئالدىن-
ئالا بىلىۋالغانلىقىم ئۈچۈن، «ياخشىمۇسىز، باتۇر»دېگەن بىرگەپ
بىلەنلا يولىنى ئېچىۋالدىم، ئۇ مېنى قوبۇل قىلدى. مەندىن سەل
بۇرۇن دۇنيانىڭ ئۇ چېتىدىن كەلگەن ئامېرىكا مۇخبىرى بىلەن
نەنجىڭنىڭ ھەربى مۇخبىرى ئۇنى زىيارەت قىلغانلىقىنى بىلەتتىم،
ئۇ مېنىڭ بۇ قېتىم زىيارەتكە كەلگەنلىكىمدىن زېرىككەندەك
قىلدى، مەن ئۇنىڭ يوغان بەستىنى كورۈپ ھەيران قالدىم، ئۇ-
نىڭ بېلى كىم دېگەندە مېنىڭ بېلىمدەك ئىككى ياكى ئىككى
يېرىم كېلەتتى. قاشلىرى قۇيۇق كوزلىرى يوغان بولۇپ، بۇرنى
پىيازغا ئوخشاپ كېتەتتى، ئەتلىك يۈزىنى قاپ - قارا ساقال باس-

قان ئىدى، گەپ قىلغاندا ئاۋازى بوغۇلداپ چىقاتتى، كۈلسىمۇ غەزەپلەنگەندەك تۇيۇلاتتى. ئۇ گەپ قىلىۋېتىپ يېرىم مېتىرچە كېلىدىغان ياستۇققا يانپاشلىغاندا، كىگىز ئۆينىڭ يېرىمىنى دېگىدەك ئىگەللەپ ئالاتتى. ئۇ كىگىز ئۆينىڭ ئىشىگىدىن كىرىپ چىققىچە، ئۆيىنى ئوردىۋەتمەي دېگەندەك قىلىپ، ئىڭىشىپ ھەم يانچە بولۇپ كىرىپ چىقاتتى. ئۇنىڭ ئىككى خوتۇنى بار ئىدى. بىرى بوي بەستى جەھەتتە ئوسماندىن قېلىشمايتتى؛ يەنە بىرى ئوسمان بىلەن روشەن سېلىشتۇرما بولۇپ قالغان ئىدى، ئۇ ناھايىتى ئورۇق بولسىمۇ كىشىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، ئايال باتۇر ئىكەن. ئات مىنىشكە كەلگەندە، ئوسماننى بېسىپ چۈشسە چۈشىدىكى ئۇنىڭدىن قېلىشمايدىكەن، ئوسمان ھەر قېتىم شىددەتلىك جەڭگە كىرگەن چاغدا بۇ خوتۇن ئۇنىڭ بىلەن ھوجۇمدىمۇ، چېكىنگەندىمۇ بىللە بولىدىكەن، ئوسمان بىر نەچچە قېتىم قاتتىق مۇھاسىرىگە چۈشۈپ قالغان خەتەرلىك پەيىتتە، بۇ خوتۇن باتۇرلۇق بىلەن بوسۇپ چىقىپ يول ئېچىپ ئوسماننى خەۋپتىن قۇتۇلدۇرغان ئىكەن.

ئۆيى ھەققىدە گەپ بولغاندا، ئۇ «شىمالدا ئېرتىش ۋادىسىدىن تارتىپ غەربتە غۇلجا ۋادىسىغىچە بولغان يەرلەرنىڭ ھەممىسى مېنىڭ ئۆيۈم. كىمكى مېنىڭ چارۋىلىرىمغا، ئوت - چۆپلىرىمگە چېقىلىدىكەن، مەن ئۇنىڭ ئىبلىس قولىنى كېسىپ تاشلايمەن. شېڭشىسەي مېنىڭ ئالتۇنۇمغا چېقىلغان ئىدى (شېڭشىسەينىڭ ئالتايدا ئالتۇن كان ئىدارىسىنى قۇرۇپ ئالتۇن كولاتقانلىقىنى دېمەكچى)، مەن ئۇنىڭ بىلەن ئون يىل ئېلىشتىم، تېخى يەنە ئېلىشىمەن» دېدى ۋە ياستۇقنىڭ ئاستىدىن بىردىنلا كەپتەر تۇخۇمىدەك بىر پارچە ئالتۇننى ئېلىپ، ئالقىنىدا ئوينۇتۇپ تۇرۇپ سوزىنى



داۋام قىلدى: «مانا مەن بۇنىڭدىن دۇبۇلغا (جەڭدە كىيىدىغان باش كىيىمى) ياساپ باللىرىمغا (ئۇ ئۆزىگە قاراشلىق ئەسكەرلەرنى باللىرىم دەيتتى)، جەڭگە كىرگەندە كىيىڭلار، دەپ بىردىن بىرىمەن».

ئۇ بارلىق فېئودال — ئەزگۈچى سىنىپلارغا ئوخشاش بۇغداينىڭ نەدىن كېلىدىغانلىقىنى بىلمىسىمۇ لېكىن ئۇ نەچچە 10 يىلدىن بۇيان ئەسكەرلىرى تەقدىم قىلغان ئېرىمچىك - قۇرۇت، گۆش ۋە باشقا بارلىق ئەڭ قۇۋۋەتلىك يېمەكلىكلەرنىڭ مېغىزىنى چېقىپ كەلگەن ئىدى. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، تۇخۇمدەك قۇرۇتتىن ئىككىنى يەۋالسا بىركۈن قورسىقى ئاچمايدىكەن. ئۇ مۇشۇنداق نەرسىلەرنى يەپ ئاتلىق جەڭگە كىرىپ، مىڭ چاقىرىملاپ يول يۈرسىمۇ، ھارغىنىنى بىلمەيكەپتۇ. «سىز، — دېدى ئۇ مېنى كورسۇتۇپ تۇرۇپ، — قۇرۇتنىڭ يېرىمىنى يېسىڭىز بىركۈن تاماق يېمەي يۈرۈۋېرىسىز.»

ئۇ ئۇرۇشقا دائىر ئىشلار ھەققىدە سوزلەشنى ئەڭ ياخشى كورىدىكەن، بۇ ھەقتە گەپ باشلىۋالسا توختىماي سوزلەپ كېتىدىكەن. بىز قوراللارنىڭ نەدىن كەلگەنلىكى توغرىسىدا سوزلىشىپ قالدۇق. ئۇ «قوراللارنىڭ ھەممىسىنى مېنىڭ بىلەن ئېلىشقان كىشىلەر ئالدىمغا ئەكىلىپ بەرگەن. بۇ دولەتنىڭمۇ بار، ئۇ دولەتنىڭمۇ بار، ئەمدى مەن ئۇ نەرسىلەرنى خالىمايدىغان بولۇپ قالدىم، مېنىڭ خالايدىغىنىم مانا ماۋۇ، — دېدى - دە، يېنىدىن ئامېرىكىدا ياسالغان «بېلانىنىن» ماركىلىق بىر تاپانچىنى چىقاردى، — بۇنى ماڭا سۇڭ باتۇر تەقدىم قىلدى.» ئۇ سۇڭشىلىيەن يېقىندا ئۇنىڭغا خىزمەت قىلىش ئۈچۈن ئەۋەتكەن مەسلىھەتچىلەر

بىلەن تولۇق ئامپىردىكىچە تېلېگراف ئاپپاراتلىرىنىڭ كۆن بويى ئۇ-
زىنىڭ ئەتراپىدا ئىشلەۋاتقانلىقىدىن ناھايىتى مەمنۇن بولۇپ، باشى
بارمىقىنى چىقىرىپ: «ياخشى، سۆك باتۇرنىڭ بالىلىرى ئاھايىتى
يۇۋاش ئىكەن، ئاپپاراتلىرىمۇ گەپ ئاڭلايدىكەن، مەن ئۇلارنىڭ
ياردىمى بىلەن خالىغان ۋاقىتىمدا سۆك باتۇر بىلەن سۆزلىشىپ
تۇردۇۋاتىمەن» دېدى.

مەن چاگجۇن گوبىنىڭ شىمالىدىكى چولدە ياتقان ئولۇكلەر (ئىسكىلىتلىرى) توغرىسىدا گەپ ئېچىپ، بەزى ئولۇكلەر داتلىشىپ كەتكەن «سەنبا» مىلتىقلىرى بىلەن بىللە تۇرغانلىقى ھەققىدە گەپ باشلىۋىدىم، ئۇ: «ئوتكەن 2 يىلدىكى قىشتا (1944-1945- يىللارنى دېمەكچى) سىلەر تەرەپتە،— ئاڭلىسام، بىر قاپاقباش چاگجۇن بار ئىكەن (خۇزۇڭنەننى دېمەكچى)، مەن بىلەن ئېيتىش-شقىلى ئەسكەر ئەۋەتكەن ئىكەن، مەن تېخى بىر پاي ئوق چىقار-مايلا، خۇدايىم ئۇلارنى بورى يېسۇن دەپ چولدە توڭلۇتۇپ ئولتۇردى، ئۇ ئىسكىلىتلار ئەنە شۇلارنىڭ سۆڭەكلىرى، ھازىر بۇنى سوزلەشكۇڭۇلسىز ...» دېدى.

ئۇ ماگا ئوزىنى ئىلاھلاشتۇرىدىغان «رىۋايەتلەر»نى، مە-سىلەن: خۇدايىم مېنى تەرەققەت يۇرگوزۇشكە ۋەكىل قىلىپ ئەۋەت-تى دېگەنگە ئوخشاش گەپلەرنى ئوزلىگىدىن ئەڭكوپ سوزلەپ بەردى. ئۇ ئوزىنىڭ بىر قانچە يىلدىن بۇيان تىيانشان ۋە ئالتاي تاغلىرىدىكى مۇھىم يوللاردا قاتىللىق، بۇلاڭچىلىق قىلغانلىقىنى پۇتۇنلەي خۇدا يولىدا تەرەققەت يۇرگۇزگەنلىك دېدى. ئۇ تۇر-غان يەرگە يامغۇر ياغماسىمىش. ئوسمان دۇشمەنلەرنىڭ پۇتۇنلەي مۇھاسىرىسىگە چۇشۇپ قالغان چاغدا، خۇدا قۇتقۇزۇپ قالغانلە-



غىنى ئىسپاتلاش ئۇچۇن، ئوزى ئەسلىيەلمىگەن بىرەر يۇز چوڭ-كىچىك جەڭدىن بىر مۇنچە «مىسال» كەلتۇردى. ئۇنىڭ 2 قە-دىناس باتۇرى بولۇپ، ھەر ئىككىلىسى ناھايىتى مەرگەن ئىكەن، ئەگەر ئۇلار سول كوزۇڭنى ئاتماقچى بولسا، ھەرگىز ئوڭ كوزۇڭنى ئېتىپ قويماي، چەنلىگەن يېرىگە تەككۇزىدىكەن، ئەينى ۋاقىتتا گومىنداڭنىڭ قۇمۇلدىكى ۋالىسى يولۋاسمۇ ئۇنىڭ قەدىناسلىرىدىن ئىكەن. بىراق ئوسمان ئۇنى دېگەندەك باتۇر ئەمەس «يولۋاس-نىڭ قۇرۇق ناملا بار!» دەپ ياراتمايدىكەن. ئوسمان ئوزىنىڭ ئات ئۇستىدە جەڭ قىلىشىپ ئۇخلىيالايدىغانلىقىنى، بىر ئۇخلىسا ئۇدا بەش- ئون كۇن ئۇخلايدىغانلىقىنى، ئوتكەن بىر نەچچە يىلدا شىڭشىسەي ئۇنى تەرەپ- تەرەپتىن ئىزدەپ يۇرگەندە شىڭشىسەينىڭ كىناللىسىنى ئېلىپ ئىتقا تاشلاپ بەرگەن دەپ ئىككى قېتىم ئورۇمچىگە كەلگەنلىكىنى ئېيتتى.

ئوسمان قەبىلىسىنىڭ ئەھۋالىنى سورىۋىدىم، ئۇ ئۇيالماستىن: «پۇتۇن شىنجاڭدىكى قازاقلارنىڭ ھەممىسى مېنىڭ قەبىلەم، بىر تۇمەن ئويلۇكتىن ئاز ئەمەس (ئۇنىڭ نەزىرىدە بىر تۇمەن دېگەن سان ناھايىتى كوپ سان ئىدى)، مېنىڭ بالىلىرىم شەرقتىكى ئولاستاي (موڭغۇلىيەنىڭ غەربىي ئولكىسى)دىن تارتىپ غەرپتىكى ئالمۇتا (سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى قازاقىستان)غىچە بولغان ھەممە يەردە بار، مەن ئۇلارنى نەگە بۇيرىسام شۇ يەرگە بارىدۇ...» دېدى. ئۇ سوزلىگەنسېرى يىراقلاپ كەتتى، مەن گەپنى يوتكەپ، ئۇنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىنى سورىۋىدىم، دەرھال گەپ تاپالماي قالدى.

مېنىڭ بىلىشىمچە، 1944 - يىلدىن 1945 - يىلغىچە بولغان

ۋاقىت ئۇنىڭ ئەملى كۈچى تازا ئۇلغايغان ۋاقىت ئىدى. شۇ يىلى ئۇنىڭ ئاساسلىق تايانچ بازىسى چىڭگىل دەرياسىنىڭ يۇقۇرى ئېقىمىدىن باردىكولنىڭ جەنۇبىغىچە ئاز كام 600 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا سوزۇلغان، ئۇنىڭغا قورقۇپ ئەگەشكەن قازاقلار تەخمىنەن 4 مىڭ 500گە يەتكەن ئىدى. چىڭگىل دەرياسى ۋادىسىدىكى تۇرغۇن - بولغۇن ئەتراپىدا ياشايدىغان قەبىلە بولسا، ئەملىيەتتە ئۇنىڭ خوردىگىنى ئوستۇرگەن مەركىزى قەبىلە ئىدى، بۇ قەبىلە كوكتوقايغا بېرىپ، كانىنى (ئالتۇن كانىنى) قوغداش ۋەزىپىسىنى ئوتەيدىغان خۇزۇگىنەنگە قاراشلىق قۇرۇقلۇق قىسىملار بىرلەشمە بىرگادىسى بىلەن كوپ قېتىم ئۇرۇش قىلدى. 1945 - يىلى يازدا بولغان ئاخىرقى قېتىمقى ئۇرۇشتا مەزكۇر بىرگادىنىڭ 2 - تۇەنى تەرىپىدىن ئەرتەي يېنىدىكى قازاق بېيىت (قازاق مازىرى) دىگەن يەردە قورشاۋېلىنىپ، ھەممە نىشانلىرىنى ئاشكارىلاپ قويغان ئىدى، ئۇلارنىڭ ئادىمى 500 دىن ئاشمايتتى، ئۇنىڭ ئىچىدە موڭغۇللارمۇ بار ئىدى (دەرۋەقە، تاشقى موڭغۇلىيە تەۋەلىگىدىكى موڭغۇللار بىلەن قازاقلارمۇ بار ئىدى). شۇۋاقىتتا خۇزۇگىنەن قىسىملىرىنىڭ ئالدىنقى سەپ باتالىونىنىڭ باشلىغى (يىڭچاڭ) چېن جىكەي مەن بىلەن شۇچاغدىكى تارىخي پاكىتلار توغرىسىدا سۆزلەشكەندە، ھەرھالدا ناھايىتى سەمىمى سوزلەپ بەرگەن ئىدى.

بەيتىك ۋەقەسى (1947 - يىلى) دىن بۇرۇن ئوسماننىڭ ئىچكى قىسمىدا ساقلىنىپ كېلىۋاتقان توپ زىددىيەت مۇقەررەر يوسۇندا پارتلىدى، بۇ ئەھۋال يات قەبىلىلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنىڭ ئۈزۈلىشى ۋە يامانلىشىشىدا كونكرېت ئىپادىلەندى،



موڭغۇللار بىلەن قازاقلار ئارقا - ئارقىدىن ئايرىلىشقا باشلىدى، شۇنىڭدىن باشلاپ، ئۇنىڭ ئازۋاقىت كۈچەيگەن ئەملى كۈچى خۇددى يىلى چىقىپ كەتكەن توپتەك بىراقلا زەئىپلىشىشكە باشلىدى.

يەنە بىر سورۇندا، 5 - ئاتلىق دىۋىزىيە (بۇ دىۋىزىيە بۇرۇنقى 5 - ئاتلىق كورپۇستىن ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلىنغان ئىدى) 7 - لۇي 1 - تۇەنىنىڭ تۇەنجاڭى خەن گوپەننىڭ (ئۇ 1947 - يىلى بەيتىكنى قوغدىغانلارنىڭ بىرى) شۇ يىلى ماڭا ئاشكارىلاپ قويۇشىچە، ۋەقە يۈز بېرىشتىن × ئاي بۇرۇن (دەل ۋاقتى ئېسىمدە يوق) ئوسمان بىلەن تاشقى موڭغۇلىيەنىڭ چېگرا مۇداپىئە قىسىملىرى ئوتتۇرىسىدا تازا ئېنىق بولمىغان سەۋەپ تۈپەيلىدىن يۈز بەرگەن توقۇنۇشتا، ئوسماننىڭ ئاساسى قەبىلىسى تارمار قىلىنغان ئىكەن. قاتتىق چەكىدىن ئوسمان ئاران ئۆزىنىڭ ئاتلىق خوتۇنى بىلەن يەنە بىر قەدىناس باتۇرى (ئىسمى يادىمدا يوق) نى ئېلىپ قېچىپ چىقىپتۇ، ئۇلار ئۇچەيلەن قازاق بېيىتقا قېچىپ كەلگەندىن كېيىن بىر - بىرىگە قاراپ ھەسرەت چېكىپ يىغلىشىپتۇ. ئوسماننىڭ سۇڭشىلىيەن ئەۋەتكەن مەسلىھەتچىلەر ئالدىدا ئىقرار قىلىشىچە، بۇ ئۇنىڭ ئومرىدە بىرىنچى قېتىم يىغلىشى ئىكەن. ئۇ كوزىگە ياش ئالغان ھالدا يىراقتىن بەيتىك چوققىسىغا قاراپ تۇرۇپ، پەيتى كەلگەندە ئىنتىقام ئېلىش توغرىسىدا قەسەم ئىچكەن ئىكەن. جاھاننى چۈشەنمەيدىغان، چېنىدىن تويغان ئوسمان باشقا جايلاردا قانچىلىك يالغان گەپلەرنى قىلغانلىقى بىزگە نامەلۇم بىراق ئۇنىڭ بۇ قېتىمقى دەرت - ئەلەملىك يىغىسى كېيىنكى كىشىلەرنى دەل بەيتىك يالقۇنىنىڭ يوشۇرۇن يىپ ئۇچى بىلەن

ئەمەلىدى. شۇ يىللاردا گومىنداڭ مەمۇرلىرىنىڭ، بەيتىك ۋەقەسى شۇنداق ئېغىر ۋەقەكى «غەربىي‌شىمالدىكى 18 - سىنتەبىر» ۋەقەسى دېيىشكە بولىدۇ، دەپ بولىشىچە تەرغىپ قىلغىنىغا كىم ئىشىنىدۇ؟ (1947 - يىلى 6 - ئاينىڭ 9 - كۈنىدىن باشلاپ قورچاق مەركىزى ئاخبارات ئاگېنتلىقى شۇنداق دەپ ياساپ تەرغىپ قىلغان) مەن گومىنداڭنىڭ ھوكۈمەت تەرەپ مۇخبىرى سۈپىتىم بىلەن بەيتىك ۋەقەسىنى چورەدىگەن ھالدا ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ 20 مىڭ خەتكە يېقىن خەۋەر يازدىم، بۇنىڭ ئىچىدىكى يۇزەكى قاراشلىرىمىنىڭ كوپ قىسمى شۇ يىللاردا شائىخەي، نەنجىڭلاردا چىقىدىغان گېزىتلەردە ئېلان قىلىندى، پەقەت «بەيتىك تاغلىرىنىڭ ئەڭ ئىگىز چوققىسىدا» دىگەن بىر ماقالامىلا گومىنداڭنىڭ سېنزوردىن ئوتەلمەي، مۇشتىرىلار بىلەن يۈز كورۇشەلمىدى. مەن بۇ ماقالىنى يېزىپ چىقىش ئۇچۇن خېلى ئۇزاق تەكشۇرۇش ۋە سېلىشتۇرۇش ئېلىپ بارغان ئىدىم. ۋاقىت جەھەتتە چىڭ سۇلالىسىنىڭ چىيەنلۇڭ، جياچىڭ، داۋگۇاڭ يىللىرىدىكى ئالاقىدار كىتاپلاردىن ۋە مىنگودىن بۇيانقى ئالاقىدار مەمۇرى رايون ماتىرىياللىرى ھەم ئىلگىرىكى كىشىلەرنىڭ خاتىرىلىرىدىن پايدىلىنىپ، بەيتىكنىڭ جۇغراپىيىلىك ئالامەتلىرىنى ئىنچىكىلەپ تەكشۇرۇپ، ئەنئەنىۋى، ئادەتلىنىپ قالغان چېگرا سىزىقى بىلەن سېلىشتۇرۇپ چىققان ئىدىم. ئىشەنگىمدەك تارىخى پاكىتلارغا يەنىمۇ ئىگە بولالمىغىچە، شۇ يىللاردىكى كوزقاراشلىرىمنى ھېلىھەم ساقلاپ قالىمەن. 1947 - يىل 6 - ئاينىڭ 9 - كۈنى مەركىزى ئاخبارات ئاگېنتلىقى ئېلان قىلغان خەۋەردە ۋە بىركۈن كېيىن تاشقى ئىشلار بولىسىنىڭ باياناتچىسى ئېلان قىلغان سوھبەتتە تاشقى موڭغۇلىيە قوشۇنلىرى



4 سوۋېت ئايروپىلانىنىڭ ھىمايىسىدا بەيتىك تاغلىرىغا ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلىپ، جۇڭگو زىمىنىغا 200 ئېنگلىز مىلى ئىچكىرىلەپ كىردى، دىگەن گەپلەر، قۇيۇن چىقىرىپ دولقۇن پەيدا قىلىش ئۇچۇن ئېيتىلغان؛ شۇ ئاينىڭ 15 - كۈنى موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ تاشقى ئىشلار بۇسى جاكالىغان ئېلاندا؛ بەيتىك تېغى موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ تەۋەسىدە بولۇپ، جۇڭگو - موڭغۇلىيە چېگرىسى بىلەن بولغان ئارىلىقى تەخمىنەن 15 كىلومېتىر كېلىدۇ، دېيىلگەن. بۇ سوز بىلەن ئوبىكتىپ ئەمەلىيەت ئوتتۇرىسىدىمۇ پەرق بار.

بەيتىك تاغلىرى شەرقتىن غەربكە شىنجاڭ - موڭغۇلىيە چېگرىسىنى بويلاپ تەخمىنەن 300 نەچچە كىلومېتىر يەرگىچە سوزۇلغان بولۇپ، تەخمىنەن 4 تىن بىر قىسمى موڭغۇلىيە تەۋەسىدە، 4 تىن 3 قىسمى شىنجاڭ تەۋەسىدە، ئۇنىڭ ئاساسى چوققىسى ئالتۇنئوبا شىنجاڭ چېگرىسى ئىچىدە بولۇپ، ئۇنىڭ شىنجاڭ - موڭغۇلىيە ئوتتۇرىسىدىكى ئەنئەنىۋى ئادەت چېگرىسى بىلەن بولغان ئارىلىقى 110 كىلومېتىر كېلىدۇ. 1947 - يىلى 6 - ئاينىڭ 5 - كۈنى بەيتىك ۋەقەسى ئەشۇ چوققىنىڭ غەربىدىكى ئۇچ قىز چوققىسىنىڭ ئىگەرسىمان قاپتىلىدا يۈز بەردى، بۇيەرنىڭ ئاساسى چوققا بىلەن بولغان ئارىلىقى 40 كىلومېتىرچە كېلىدۇ. ئىگەرسىمان قاپقاقنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالى ئېتەكلىرى ئەزەلدىن قازاق چارۋىچىلىرى ياخشى كورىدىغان يايلاق ۋە قىشلاق ئىدى، تاشقى موڭغۇلىيە جۇڭگوغا تەۋە «يەر» ھىساپلانغان چاغلاردا ۋە 1924 - يىلى خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىنكى 20 نەچچە يىل ئىچىدە تاشقى موڭغۇلىيە

چارۋىچىلىرى ھەممىشە بۇ يەرلەرگە كېلىپ مال بېقىپ تۇراتتى. ياڭزېڭشىن شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلىپ تۇرغان مەزگىلدە «ساغانتۇڭغۇتتا موڭغۇلىيەدىن مۇداپىئە كۆرۈشكە دائىر ھەربىي ئىشلار»دا مۇشۇ يەر مۇھىم نۇقتا قىلىناتتى. قوبدا شىنجاڭنىڭ «قوبدا مەمۇرىي ئىشلار ئەمەلدارى» تەرىپىدىن باشقۇرۇلغان مەزگىلدىمۇ ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى ئەنشۇ يەردىكى يول بىلەن دائىم ئۆتۈپ تۇراتتى. ئادەتتىكى تىنچ زامانلاردا بۇ يەردىمۇ كۆپ مۇھىم بولغان جايلار ۋەتەندىكى كىشىلەرنىڭ يادىدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتكەن يەردە، دۇنيانىڭ بىر چېتىدە تۇرغان بۇ قاقاس تاغ كىشىلەرنىڭ تېخىمۇ ئېسىدىن چىقىپ كەتكەن ئىدى. گومىنداڭ ھۆكۈمىتى مۇشۇ بىر قىسىم جايدىكى چېگرا مەسىلىسىگە ئەزەلدىن ئېتىۋار بەرمىدى، تاشقى موڭغۇلىيە مۇستەقىل بولغاندىن كېيىنكى 25 يىلدا جىياڭجېشى خاندانلىقى جۇڭگو - موڭغۇلىيە چېگرىسىنى ھېچقاچان رەسمىي تەكشۈرۈپ بېكىتىپ چىققىنى يوق. مۇشۇ ئوبيېكتىپ مەۋجۇدىيەتنى كۆزدە تۇتقىنىمىزدا، كېيىنكى جېدەل - ماجىرالارنىڭ سەۋەبىنى ئاسان چۈشىنەلەيمىز، بۇ يەردە گەپ ۋەقەنىڭ ئىچكى ئەھۋالىنى قانداق قىلىپ زامان، ماكان شارائىتىدىن كۆرۈشكە باغلىق.

1947 - يىلىنىڭ ياز پەسلى گومىنداڭ خەلققە قارشى ئومۇمىي ھۇجۇم بۇيرۇقى چىقارغان پەسىل ئىدى، ئەكسىيەتچىلەر ئۆزلىرىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا، كوممۇنىزمغا قارشى سۇيىقەستىنى بازارغا سېلىش ئۈچۈن، سىياسىي ھابداللارنى بانا پەيدا قىلىش مەقسىتىدە پېرىم يىل بۇرۇنلا تەرەپ - تەرەپكە ئەۋەتتى. ئىش ئۈگىدىن كېلىپ قالدى، خېلىدىن بېرى قورسىقى



كۆپۈپ يۈرگەن شۇ، چاغدا خېرىدارسىز قېلىپ بېشى قېتىۋاتقان ئوسمان سىياسىي ھابداللارنىڭ مەجۇناتلىرىنى يەپ تازا مەس بولغاندىن كېيىن قوللىرىنى پۇلاڭلىتىپ تۇرۇپ، پالانى - پۇستانى دۆلەتلەر ۋەتىنىمىزنىڭ چېگرا رايونىغا تاجاۋۇز قىلدى دېگەن مەزمۇندا كىشىنى قايمۇقتۇرىدىغان ۋەقەلەرنى توقۇپ چىقتى، ئەمەلىيەتتە ئۇ «ۋەتەن»نىڭ نېمىلىكىنى بىلمەيتتى. «ۋەتەن» دېگەن سۆز ئۇنىڭ كاللىسىدا تېخى بىر مۇجمەل چۈشەنچە ئىدى. مۇشۇنداق باردى - كەلدىلەر ئارقىلىق ئۇ ئۆزىنىڭ سۆڭ باتۇرىغا ناھايىتى تېزلا باغلىنىپ قالدى. تېخى يېقىندىلا ئىت - مۈشۈك بولۇپ يۈرگەن بۇ ئىككەيلەن ئەمدى بۇرۇنقى كونا ئاداۋەتلىرىنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ كەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن، ئوسمان خېرىدارغا ئىگە بولدى، سۆڭشىليەن خىزمەت كۆرسىتىشكە دەسمايە تاپتى، مەركەز ئامبىرىدىن ياردەم تىلەشكە بانا تاپتى، شۇنىڭ بىلەن، كىشىنى ھەيران قالدۇرغان بەيتىك ۋەقەسىنىڭ پىلانىنى ئاستىرتتىن تەييارلاندى.

شۇ يىلى 5 - ئاينىڭ ئاخىرىدا، جاڭجۈن گوبىغا قاپسىلىپ قالغان ئوسمان، ئەسكەرلىرىنى بەيتىكنىڭ شەرقىي ئېتىكىگە بېرىپ ئۇ يەردىن بۇلغۇن سازلىقىنى كېسىپ ئۆتۈپ، بۇلغۇن دەرياسىنى بويلاپ شىمالغا يۈرۈش قىلىشقا بۇيرۇپ، تاشقى موڭغۇلىيە چېگرا مۇداپىئە قىسىملىرى بىلەن يەنە بىر قېتىم توقۇنۇش پەيدا قىلماقچى بولدى. ئۇ، ئىشتىن بۇرۇن سۆڭشىلەننىڭ پىلانى بويىچە، بەيتىك ئېتىكىدە تۇرۇۋاتقان 5 - ئاتلىق دىۋىزىيەنىڭ 7 - بىرىگادىسىغا قاراشلىق خەنگوفەنىنىڭ

پولكى بىلەن ئالاقە باغلاپ، ماسلىشىپ ھەركەت قىلماقچى بولدى. ئوسماننىڭ ئەسكەرلىرى ئايلىنىپ يۈرۈپ چېكىنىپ، ئالدىدىن بەلگىلەنگەن بەيتىكتىكى توقۇنۇش لېنىيىسىگە كەلدى، تاشقى موڭغۇلىيەنىڭ چېگرا مۇداپىئە قىسىملىرى چارلىغاچ ئىلگىرىلەپ كىتىۋاتقان خەنگوفەن تۈەننىڭ ماشىجىن لىيەنى بىلەن ئۇدۇلمۇ-ئۇدۇل تۇتۇشۇپ قالدى، ۋەقە شۇنىڭدىن باشلاندى.

ۋەقە يۈز بەرگەندىن كېيىن، موڭغۇلىيە تەرەپ 3 كىشىنى سوزلىشىشكە ئەۋەتىپ، ماشىجىن قىسىملىرىنىڭ بەيتىكتىن چېكىنىشىنى تەلەپ قىلدى. (بەيتىك تېغىنى موڭغۇلىيە تەۋەسىدە دىدى). سوزلىشىشتىن نەتىجە چىقمىغاندىن كېيىن، ئۇلار 6-ئاينىڭ 5-كۈنى سەھەردە موڭغۇلىيەنىڭ 4 ئايروپىلانىنىڭ ھىمايىسىدا ماشىجىن بىلەن ئېتىشتى. موڭغۇلىيە قوشۇنلىرىنىڭ ئالدىدىن يۈرەر قىسىملىرى تاغ ئۈستىگە چىقىۋالدى، كەينىدىكى قىسىملىرى ئۆزلىرىدىن ئىگىزرەك يەردىكى ماشىجىن قىسىملىرىنىڭ ھۇجۇمى بىلەن چېكىندۇرۇلدى، ھەر ئىككى تەرەپتىن چىقىم بولدى.

ۋەقە يۈز بەرگەندىن كېيىن، بۇ ۋەقەنىڭ چاپارمىنى بولغان ئوسمان ۋە باشقا سىياسىئونلارنىڭ ئۆز خوجايىنىغا ئىنئام تىلەپ قول سۇنۇشىغا ئىمكانىيەت تۇغۇلدى. ئامېرىكىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق مۇئاۋىن باش كونسۇلى ماكېننان ۋەقەدىن كېيىن ئەڭ ئاۋال ئالدىراپ-تېنەپ بەيتىك ئالدىنقى سېپىگە بېرىپ، ئۆزىگە كېرەكلىك ئاخباراتلارنى توپلىدى. ئۇ زادى نىمىلەرنى توپلىدى؟ بۇ بىزگە نامەلۇم. بىراق ئۆزىنى ئىزچىل تۈردە يىراق شەرقشۇناس دەپ ئاتاپ كەلگەن مارشاللىل



كېيىنرەك ۋەقە توغرىسىدا ئېيتقانلىرى ئانچە «قىزىقارلىق» ئەمەس؟ بىر مەھەل ئىنتايىن ئېغىر ۋەقە دەپ داۋراڭ سېلىنغان بەيتىك ۋەقەسىنىڭ يالقۇنى كوپ ئوتمەيلا ئۆچۈپ قالدى. ئوسماننىڭ شىرىن چۈشى سۇ ئۈستىدىكى كوپۈكتەك ئۆزلىكىدىن يوققا چىقتى.

1964-يىل 6-ئاينىڭ 2-كۈنى

# سوۋېت ئىتتىپاقىدا تۇرۇشلۇق بەش كونسۇلخانىنىڭ دەسلەپكى باسقۇچتىكى ئەھۋاللىرى

لىيۇ دېئېن يېزىپ قالدۇرغان ماقالا

جۇڭگونىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى قازاقستاندا شەمەي، ئالمۇتا، زەيساندا تۇرۇشلۇق ئۈچ كونسۇلخانىسى، سوۋېت ئىتتىپاقى ئۆزبەكستاندا تاشكەنت ۋە ئەنجاندا تۇرۇشلۇق ئىككى كونسۇلخانىسى بار ئىدى. بۇ بەش كونسۇلخانا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭغا يېقىن چېگرا - رايونلىرىغا جايلاشقان. بەلكى بۇ بەش كونسۇلخانىنىڭ تەسىس قىلىنىشى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭدا بەش كونسۇلخانا قۇرۇشىغا رۇخسەت قىلىشىنى شەرت قىلاتتى، شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ بەش كونسۇلخانىنىڭ شىنجاڭ بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ناھايىتى قويۇق ئىدى.

يۇقۇرقى بەش كونسۇلخانىنىڭ قۇرۇلۇشىدىن تارتىپ ئېلىپ تاشلانغىچە بولغان جەريانىنى ئۈچ دەۋرگە بولۇش مۇمكىن. قۇرۇلغاندىن تارتىپ شېڭ شىسەي سوۋېت پەرەس سىياسەت يۈرگۈزۈشنىڭ ئالدىدىكى ۋاقىتلار - دەسلەپكى دەۋر ھېسابلىنىدۇ،



شىنجاڭلىقلار بۇنى ياڭ زېڭشىن، جىن شۇرېن دەۋرى دەپ ئاتايدۇ. شېڭ شىسەي سوۋېت پەرەس سىياسەت يۈرگۈزگەندىن تارتىپ، گومىنداڭ ئاغدۇرۇلغانغىچە بولغان ئوتتۇرا دەۋر، بۇ دەۋردە ئەھۋاللار بىر قەدەر مۇرەككەپ ئىدى. ئۇنى يەنە تەخمىنەن ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى پارتلاشتىن ئىلگىرى ۋە كېيىنكى دەۋر دەپ ئىككى باسقۇچقا بولۇش مۇمكىن؛ 1949 - يىلى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن كونسۇلخانىلار ئەمەلدىن قالغىچە بولغان ۋاقىت ئاخىرقى دەۋر ھېسابلىنىدۇ.

مەن 1930 - يىلدىن 1938 - يىلغىچە بۇ بەش كونسۇلخانىدا 8 يىل خىزمەت ئىشلىدىم. شەمەيدە مۇئاۋىن كونسۇل، تاشكەنتتە مۇئاۋىن كونسۇل، ئەنجاندا كونسۇل، شەمەيدە كونسۇل قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن ئىدىم. 1930 - يىلدىن ئىلگىرى ئىككى قېتىم ئىچكى ئۆلكىلەرگە كاماندىروپكىغا بارغىنىمدا، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شەمەي دېگەن جايىدىن ئۆتكەن ئىدىم. 8 يىل جەريانىدا ئالمۇتىغا كۆپ قېتىم باردىم. زەيسانغا بىر قېتىم باردىم. شۇنىڭ ئۈچۈن شىنجاڭ چېگرىسىدا تەسىس قىلىنغان بەش كونسۇلخانىنىڭ دەسلەپكى باسقۇچتىكى ئومۇمىي ئەھۋاللىرىنى بىر قۇر ئەسلەپ چىقىشىم زۆرۈر، چۈنكى بۇ جەريانلارنى مەن ئۆز بېشىمدىن كەچۈرگەن ئۇنىڭ ئۈستىگە دەسلەپكى باسقۇچتا كونسۇل بولغانلارنىڭ ھەممىسى ئۆلۈپ كەتتى. بىراق بۇ 30 يىل مۇقەددەم بولغان ئىشلار بولغاچقا، ئېسىمدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتكەن ۋە ياكى خاتا ئەسلەپ قويغان جايلىرىم بولۇشى مۇمكىن. كىتابخانلارنىڭ تۈزۈتۈش بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمەن

بەش كونسۇلخانا تەسىس قىلىنىشتىن ئىلگىرىكى ئەھۋال ۋە تەسىس قىلىنىش جەريانى

ئوكتەبىر ئىنقىلابىدىن ئىلگىرىكى چار پادىشا ھۆكۈمىتىنىڭ جۇڭگو ھۆكۈمىتى بىلەن تۈزگەن شەرتنامىلىرىنىڭ ھەممىسى تەڭسىز شەرتنامىلار ئىدى. 1860 - يىلى (شيەنفېڭنىڭ 10 - يىلى يەنى مايمۇن يىلى) چاررۇسىيە جۇڭگونى شىنجاڭنىڭ ئۈرۈمچى، غۇلجا، قەشقەر، چۆچەك، ئالتايدىن ئىبارەت بەش شەھەردە رۇسىيە كونسۇلخانىسىنى قۇرۇشقا يول قويۇشقا مەجبۇر قىلدى. 1860 - يىلدىن ئىلگىرى، جۇڭگو بىلەن رۇسىيە ھەر - ئىككى تەرەپ چېگرا رايونلىرىدا ئۆز - ئارا كونسۇلخانا قۇرۇشمىغان ئىدى. 1860 - يىلدىن تارتىپ چاررۇسىيە ھۆكۈمىتى ئاغدۇرۇلغانغا قەدەر، رۇسيىلىكلەر ئۆز ئالدىغا جۇڭگونىڭ شىنجاڭ رايونىدا بەش جايغا كونسۇلخانا قۇرۇۋالدى. جۇڭگو مۇھاجىرلىرى رۇسىيىنىڭ چېگرا رايونلىرىدا گەرچە ناھايىتى كۆپ بولسىمۇ، جۇڭگو تەرەپ رۇسىيىنىڭ چېگرا رايونلىرىدا كونسۇلخانا قۇرالمىغان ئىدى. بىرىنچى جاھان ئۇرۇشىنىڭ دەسلەپكى باسقۇچلىرىدا، رۇسىيىنىڭ قاراكول دېگەن يېرىدە توپىلاڭ كۆتۈرۈلۈپ، جۇڭگو مۇھاجىرلىرىنىڭ ھاياتى ۋە مال - مۈلكى ناھايىتى زور زىيانغا ئۇچرىدى. قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ دوتەيى چاڭيۇڭچىڭ 1916 - يىلى شىمالىي مىلىتارىستلار ھۆكۈمىتىگە ئىلتىماس سۇنۇپ، رۇسىيە تەرەپ بىلەن ئالاقىلىشىپ، رۇسىيىگە تەۋە ئەنجان قاتارلىق جايلاردا جۇڭگو كونسۇلخانىلىرى قۇرۇشنى تەلەپ قىلدى. بۇ تەكلىپنى شىنجاڭنىڭ باش مۇپەتتىشى ياڭ زېڭشىن ماقۇللاپ مەركەزگە يوللىغان



بولسىمۇ، لېكىن مەركەزدىن جاۋاپ كەلمىدى. ئۇنىڭ سەۋەبى شۇ زامانلاردا ياۋروپادا ئۇرۇش مەزگىلى بولغاچقا، جۇڭگو تەرەپتىن دۋەنچى رۇي ھۆكۈمىتى گېرمانىيىگە ئۇرۇش ئېلان قىلغان، رۇسىيە تەرەپ دەل ئوكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ ھارپىسىدا تۇرغان پەيت ئىدى. بۇ چاغدا جۇڭگو بىلەن رۇسىيە تەرەپنىڭ بۇ ئىشلارغا چولىسى تەگمەيتتى. 1917 - يىلى ئوكتەبىر ئىنقىلابى مۇۋەپپەقىيەت قازىنىپ، چار پادىشا ھۆكۈمىتى ئاغدۇرۇلدى. چاررۇسىيىنىڭ شىنجاڭدىكى بەش كونسۇلخانىسىمۇ ئۇزۇن ئۆتمەيلا تاقالدى. رۇسىيىنىڭ باش كونسۇلى ۋەزىپىسىدىن ئايرىلىپ كېتىش ئالدىدا ئۈرۈمچىدىكى كونسۇلخانىنىڭ ئۆي - ئىمارەت، مال- مۈلۈك مەنقۇلاتلىرى، ئارخىپلىرىنى جۇڭگونىڭ دىپلوماتىيە ۋالىسىنىڭ ساقلاپ بېرىشى ئۈچۈن ساناپ ئۆتكۈزۈپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن چاررۇسىيىنىڭ شىنجاڭدىكى بەش كونسۇلخانىسى (يەنى تاجاۋۇزچىلىق قىلىشتا قوماندانلىق ئورنى) غا خاتىمە بېرىلگەنلىگى جاكالاندى. 1922-يىلى سوۋېت ھاكىمىيىتى بارغانسېرى مۇستەھكەملەندى. بۇ ۋاقىتتا جۇڭگو بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى تېخى دىپلوماتىك مۇناسىۋەتنى ئەسلىگە كەلتۈرمىگەن ئىدى. سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپ شىنجاڭغا ۋەكىل ئەۋەتىپ ياڭ زېڭشىن بىلەن سودا كېلىشىمى ئىمزالاش توغرىسىدا سۆھبەت ئۆتكۈزۈشنى ئوتتۇرىغا قويدى. ھەمدە شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق بەش كونسۇلخانىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى تەلەپ قىلدى. ياڭ زېڭشىن بۇ تەلەپكە قوشۇلدى، لېكىن تەڭ باراۋەر بولۇش پرىنسىپى ئاستىدا، سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى جۇڭگونىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى چېگرا رايونلىرىدا بەش كونسۇلخانا قۇرۇشقا قوشۇلۇشى لازىم دەپ كۆر-

ھۆكۈمىتى خىزمەتكە تەيىنلىنىشى، كونسۇلخانا راسخوتلىرىنى شىنجاڭ ھۆكۈمىتى زىممىسىگە ئېلىپ، ئەمەلى چىقىمىنى مەركەزگە رەسمى ھۆججەت (ئاكت) تەرىقىسىدە يوللاش؛ كونسۇلخانىلارنىڭ تەش-كىلى قۇرۇلمىسى بىلەن ۋەزىپە جەھەتتە، مەركەزنىڭ بەلگىلى-مىسىگە ئاساسەن تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى رەھبەرلىك قىلىش؛ شىنجاڭ ئۆلكىلىك-ھۆكۈمەت بىلەن زىچ ئالاقىلىشىپ تۇرۇشنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇنىڭغا بېيجىڭ ھۆكۈمىتى قوشۇلغان ئىدى.

مىلىتارىست تۆرىلەر ئىش قىلسا ھامان ئالدى بىلەن ئۆز مەنپەئەتىنى كۆزلەيدۇ. ياڭزېڭشىن بەش كونسۇلخانا مەسىلىسىدە ئۆز مەنپەئەتىنى كۆزلەپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شاڭخۇسىغا قالى-دىغان ئىككى ئىش قىلدى؛ بىرىنچىسى، ئەۋەتكەن باش كونسۇل ليۇچاڭبىڭ، ياڭزېڭشىننىڭ جەمەتىدىن بولۇپ، رۇسچە بىلمەي-دىغان بىر ئادەم ئىدى. ئىككىنچىسى، باش كونسۇلخانا قازا-قىستان مەركىزى ئالمۇتىغا، ياكى ئۆزبېكىستان مەركىزى تاشكەنتتە قۇرۇلماستىن بەلكى كىچىككىنە شەھەر سەمەيگە قۇرۇلدى. بۇ ئەلۋەتتە شاڭخۇغا سەۋەپ بولالايتتى. ياڭزېڭشىن، ليۇچاڭبىڭنى سەمەيگە خىزمەتكە قويۇشىدا ئۆز مەنپەئەتىنى كۆزلىگەن ئىدى. چۈنكى سەمەي شەھىرى، چۆچەككە يېقىن. ليۇچاڭبىڭ بولسا ئۆز تۇققىنى. شۇڭا ئۇ سەمەيدە تۇرۇپ، ياڭزېڭشىنغا كېرەكلىك خە-ۋەر ۋە مەلۇماتلارنى يوللاپ تۇرىدۇ دېگەن مەقسەتتە ئۇنى سە-مەيگە ئەۋەتكەن ئىدى. جۇڭگونىڭ سەمەيدە كونسۇلخانا تۇرۇ-شىغا ماقۇل بولغان سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپىنىڭمۇ كۆڭلىدە سان بار ئىدى: سەمەي بولسا قازاقىستاننىڭ بىر ئوبلاستى، ئۇ يەردە دىپلوماتىيە ئورگىنى يوق. جۇڭگو باش كونسۇلىغا كۆز- كۆز قىلىش



ئۈچۈنلا سەمەي ئوبلاستىنىڭ باشلىقى سەمەيدىكى خارجى ئىشلارنى قوشۇمچە باشقۇرىدىغان بولدى.

1924 - يىلدىن 1928 - يىلغىچە بەش كونسۇلخانىنىڭ ئا-ساسلىق خىزمەتچى- خادىملىرى.

| | |
|---|---|
| 1 - سەمەيدىكى باش كونسۇل | ليۇچاڭبىڭ. |
| كاتىپ | كاڭئىنچۈەن |
| كاتىپ | تيەنشىڭجۇ |
| 2 - تاشكەنتتىكى كونسۇل | چاڭشياۋبۇ |
| 3 - ئەنجاندىكى كونسۇل | چېڭ دېلى. |
| 4 - ئالمۇتىدىكى سودا ۋەكىللىرى: | گۆەنچىڭليەن. |
| | جاۋگولياڭ. |
| ئالمۇتىدىكى كونسۇل | سالاچۈن |
| 5 - زەيساندىكى كونسۇل | ياڭيىڭچيەن. |
| | يەنشۇئېن |

بۇ باشلىق ھەممىلا ئىشنى ئالمۇتىدىن، مۇھىم ئىشلاردا تاشكەنتتىكى دىپلوماتىيە باشمەھكىمىسىدىن يوليورۇق سورايتتى. ھۆججەتلەرنى ئۆز ئارا ئالماشتۇرۇش جەريانىدا ۋاقىت بەك كۆپ كېتەت-تى. بەزى چاغلاردا ئوتتۇرىغا قويۇلغان مەسىلىلەر گويا سۇغا چۆككەن تاشتەك ئۇزۇنغىچە جاۋابى كەلمەي بېسىلىپ كېتەتتى.

## بەش كونسۇلخانىنىڭ تەرتىپكە سېلىنىشى

1928 - يىلدىن كېيىن يۈز بەرگەن ئۈچ چوڭ ۋەقە بەش كونسۇلخانىغا بىۋاستە تەسىر كۆرسەتكەن ئىدى. ئۇنىڭ بىرىنچى-

چىسى 1928 - يىلى (مىڭگونىڭ 17 - يىلى) 7 - ئاينىڭ 7 - كۈنى ياڭزېڭشىن ئۆلتۈرۈلدى. ئۇنىڭ ئورنىغا جىڭ شۇرېن ھاكىمىيەت بېشىغا چىقتى.

ئىككىنچى چوڭ ۋەقە، شىمالى مىلىلىتارىستلار ھۆكۈمىتى ئاغدۇرۇلۇپ، جۇڭگونىڭ پايتەختى نەنجىڭگە كۆچۈرۈلۈپ، جياڭ جېشىنىڭ ئەكسىيەتچىل ھاكىمىيىتى قۇرۇلدى.

ئۈچىنچى زور ۋەقە - شەرق تومۇر يولى ۋەقەسى پەيدا بولۇپ، جۇڭگو - سوۋېت خوشنىدارچىلىق مۇناسىۋىتى ئۈزۈلدى. بەشى كونسۇلخانا ئەمەلىيەتتە شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ تەۋەلىكىدە ئىدى. شۇڭا ياڭزېڭشىن ئۆلگەن ھامان بەشى كونسۇلخانىنىڭ كادىرلار مەسىلىسىگە بىۋاستە تەسىر كۆرسەتتى. «بىر سۇلالىدا خان، يەنە بىر سۇلالىدا ۋەزىر» بوپتۇ دېگەندەك ياڭزېڭشىننىڭ قۇدىسى ليۇچاڭبىڭ بىلەن ياڭزېڭشىننىڭ تۇنجى ئوغلى ياڭ بىڭچيەنلەرنىڭ ئورنى ھەممىدىن بۇرۇن داۋالغۇپ، ئۇزۇن ئۆتمەيلا مەنسىۋىدىن ئېلىپ تاشلاندى. نەنجىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى شىنجاڭ چېگرىسىدىكى بەشى كونسۇلخانىنىڭ رەھبەرلىك ھوقۇقىنى مەركەزنىڭ قولىغا ئۆتكۈزۈپ ئېلىشنى ئويلاپ، ئاستىرتتىن ھەرىكەتلەندى. شەرق تومۇر يولى ۋەقەسىدىن كېيىن، جۇڭگو - سوۋېت بىر مەھەل دىپلوماتىيە مۇناسىۋىتىنى ئۈزۈپ تاشلىغاچقا، بەشى كونسۇلخانىنى تاقاش ياكى تاقىماسلىق مەسىلىسى چاتاق بولۇپ قالغان ئىدى. لېكىن جىڭ شۇرېن ھاكىمىيەت بېشىغا چىققاندىن كېيىن، بەشى كونسۇلخانىنىڭ باشقۇرۇش ھوقۇقى يەنىلا شىنجاڭ دائىرىلىرىنىڭ قولىدا بولۇپ، نەنجىڭ ھۆكۈمىتى



ئۇ ھوقۇقنى مەركەزگە ئۆتكۈزۈپ ئالالمىدى. بەشى كونسۇلخانىنىڭ كادىر تاللاشنى جىڭ شۇرېن بىر قۇر تەرتىپكە سالدى. شەرق تومۇر يول ۋەقەسى شىنجاڭ بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپلەرنىڭ بەشى كونسۇلخانىسىغا ھېچقانچە تەسىر قىلالمىدى. چۈنكى جۇڭگو بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى گەرچە دىپلوماتىيىسىنى ئۈزگەن بولسىمۇ لېكىن شىنجاڭ بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بېرىش - كېلىشى ئوخشاشلا داۋاملىشىپ، كونسۇلخانىلىرى تاقالماي تۇرىۋەردى. شۇنىڭ ئۈچۈن بەشى كونسۇلخانىنىڭ كادىرلىرىدا بىر قۇر ئۆزگىرىش بولغانلىقى ھېسابقا ئالمىغاندا باشقا ئىشلىرى ئومۇمەن بۇرۇنقىدەك تۇرىۋەردى.

1928 - يىلدىن 1933 - يىلغىچە جىڭ شۇرېن دەۋرىدىكى بەشى كونسۇلخانا خادىملىرى.

| | | |
|---|---|---|
| تاشكەنت | باشى كونسۇل | مۇۋى تۇڭ |
| » | مۇئاۋىن كونسۇل | ليۇدېمىن |
| » | پراكتىكانت كونسۇل | مۇۋېي ليەن |
| » | » » | يۈن فۇكۇن |
| » | كونسۇل | چىڭ دېلى |
| ئەنجان | كونسۇل | يىن دى شەن. |
| » | كاتىپ | جاڭ چى يىڭ |
| » | كونسۇل | يەن شۇئىن |
| ئالمۇتا | كونسۇل | جاۋ گولياڭ |
| » | » | باتۇچىن |
| | پراكتىكانت كونسۇل | لى زوتۇڭ |

مىيەت يەنە ئۇز قەستىنى ئىشلەشكە ئۇرۇندى. جىڭشۇرېن ئۇز ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان ئىناق - خوشنىدارچىلىق مۇناسىۋەتكە ئىمكانىيەت قالدۇرۇشقا مەجبۇر بولدى. دىمەك بەش كونسۇلخانىنى تەرتىپكە سېلىشتىكى مەقسەتنى تېگى - تەكتىدىن ئېيتقاندا مۇھاجىرلارنىڭ مەنپەئەتى بىلەن مۇناسىۋەتسىز ئىدى. بەلكى، مۇۋۋېتۇلۇك ئاتا- بوۋىلىرىدىن تارتىپ سىياسەتۋاز تورلەردىن بولۇپ، دەسلەپدە جىڭ شورېننى كوزگە ئىلمىغان بولسىمۇ كېيىنچە، شەخسىي مەنپەئەتىنى دەپ جىڭشۇرېن ئۈچۈن ئاز - تولا ئىش قىلىپ بېرىشكە مەجبۇر بولدى،

## بەش كونسۇلخانىنىڭ تەشكىلىي قۇرۇلمىسى ۋە راسخوتى

شىنجاڭ چېگرىسىدىكى بەش كونسۇلخانىنىڭ دەسلەپكى ۋاقىتلاردىكى تەشكىلىي قۇرۇلمىسى تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە بولغاندەك كورۈنسىمۇ، ئەمەلىيەتتە شىنجاڭدىكى ۋىلايەت، ناھىيە ياموللىرىدىن ھېچقانچە پەرقلەنمەيتتى. باش كونسۇل ۋە كونسۇللارنى شىنجاڭ دائىرىلىرى تەيىنلەيتتى. نەنجىڭ تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى سۈكۈت قىلاتتى. باشقا خادىملارنى باش كونسۇل تەيىنلەيتتى. شىنجاڭ ئولكىلىك ھوكۈمەت تەستىقلايتتى. ئىش بېجىرگۈچى، تىلماش، كاتىپ، ماشىنىستقا ئوخشاش بىر قىسىملارنى كونسۇل ئۆزى مەسئۇل بولۇپ ئىشقا سالاتتى. بەش كونسۇلخانىنىڭ، جۇڭگونىڭ باشقا جايلاردىكى كونسۇلخانىلىرىغا قارىغاندا بىر خىل ئالاھىدىلىگى بار ئىدى. شۇ جايلاردىكى مۇھاجىرلارنىڭ مۇتلەق كوپ قىسمى، شىنجاڭ ئاز



سانلىق مىللەتلەردىن بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر، قازاق ئەڭ كوپ ئىدى. كونسۇل بولغانلار خەنزۇچە ۋە رۇسچە بىلگەن بىلەنلا ئىش پۈتمەيتتى. ئۇيغۇرچىنى بىلگەندىلا ئاندىن ئىش بېجىرىش ئوڭاي بولاتتى. دەسلەپكى باش كونسۇل لىيۇچاڭبىڭ رۇسچىنىمۇ، ئۇيغۇرچىنىمۇ بىلمەيتتى. ئۇ پەقەتلا ئەمەل تۇتۇپ ئولتۇرۇشنىلا بىلەتتى. ھەر قانداق ئىشنى تەرجىمان ئارقىلىق قىلاتتى. تەرجىمە توغرىمۇ- خاتامۇ ئۇ بىلمەيتتى. كاتىپ دېگەنلەر ئەمەلىيەتتە كونا زامانىنىڭ بەگ- بايۋەچچىلىرى بولۇپ، ئادەتتىكى جەدۋەل تولدۇرۇش، مەلۇمات سۇنۇش، ئالاقە يېزىشتىن باشقا ئىشلار، ئېيتايلۇق كونسۇلخانىنىڭ كەسپىي ئىشلىرى ۋە ئوزى تۇرۇۋاتقان دولەتنىڭ ئىچكى سىياسىتى، قانۇنى جەھەتلىرىدىن ھېچ نەرسىنى بىلمەيتتى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق بەش كونسۇلخانىسى بىلەن سېلىشتۇرغاندا تەشكىلىي قۇرۇلما ۋە كەسپىي جەھەتلەرنىڭ ھەممىسىدە كوپ ئارقىدا ئىدى.

كونكرېت ئەھۋالغا ئاساسلانساق، بەش كونسۇلخانىنىڭ خادىملىرىنى ئۈچ خىلغا ئايرىش مۇمكىن. بىر خىلى كونسۇل بىلەن بىللە كەلگەنلەر، بىر قىسمى شۇ جايدىكى مۇھاجىرلاردىن ياللاپ ئىشلىتىلگەنلەر (ئۇيغۇر تەرجىمانلار) يەنە بىر قىسمى قانۇن مەسلىھەتچى، ماشىنىستقا ئوخشاش ياللاپ ئىشلىتىلگەن سوۋېت ئىتتىپاقى پۇخرالىرىدىن ئىبارەت. ئادەم سانىنىڭ ئاز-كوپلىگى، كەسپىنىڭ جىددىي ياكى جىددىي ئەمەسلىگىگە قاراپ بېكىتىلەتتى. 1930- يىلى نەنجىڭ تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە كاتىپ ۋە باشقا خادىملار ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، مۇئاۋىن كونسۇل، ئىش بېجىرگۈچى دېگەنگە ئوزگەرتىلدى. ئەمەلىيەتتە شۇ مۇھاجىرلار

بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى پۇخرالىرىنى ياللاپ ئىشلىتىش يەنىلا زۇرۇر ئىدى.

بەشى كونسۇلخانىنىڭ خىراجىتىنى، دەسلەپتىلا شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئۆز ئۈستىگە ئالىدۇ دەپ بېكىتىلگەن ئىدى. شىنجاڭنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى پۇل تۈزۈمىدە، شىمالى شىنجاڭدا ئۆلكە پۇلى خەجلىنەتتى. پۇلغا گەرچە بىر سەر كۈمۈش دەپ يېزىلغان بولسىمۇ (400 داچەن تەڭگە تەڭ) ئەمەلىيەتتە بىر سەر كۈمۈشكە تەڭگىشكىلى بولمايتتى. 1928- يىلدىكى بازار باھاسى بويىچە تۆرت سەر ئۆلكە پۇلى شۇ زاماننىڭ بىر سەر داياڭ (تەڭگە) گە سۇندۇرۇلاتتى. يەنى بىر سەر ئۆلكە پۇلى داياڭ پۇلىنىڭ 25 تىيىنىگىلا تەڭ ئىدى. جەنۇبى شىنجاڭدا قەشقەر پۇلى خەجلىنەتتى. قەشقەر تىزىسى ئۆلكە پۇلىغا 3 سەرگە توغرا كېلەتتى. دېمەك قەشقەر تىزىسى داياڭ پۇلىدىن تۆۋەنرەك بولسىمۇ، ئۆلكە پۇلىدىن ئۈچ ھەسسە يۇقۇرى تۇراتتى. بەشى كونسۇلخانىنىڭ راسخوتى، باش كونسۇلخانىنىڭ بەلگىلىمىسىگە ئاساسەن ھەر ئايلىقى 1200 سەر ئىدى. كونسۇلخانىنىڭ ئۆزى ھەر ئايلىقى 800 سەر دەپ بېكىتتى. كونسۇلخانا خادىملىرىغا ئېتىۋار قىلىنغان ھالدا تامامەن قەشقەر پۇلى بېرىلسىمۇ مال باھاسى ئۆزلۈكسىز ئۆسۈپ تۇرغاچقا بۇ پۇل يېتىشمەيتتى. شىنجاڭ دائىرىلىرى كونسۇلخانىلارنى ئادەتتىكى ناھىيە ياموللىرىغا ئوخشاش دەپ قارايتتى. يەتسۇن- يەتمىسۇن كونسۇل ئۆزى ئامال قىلاتتى. كونسۇللارنىڭ ئامالى بار ئىدى. ئۇ زاماندا سوۋېت ئىتتىپاقى رۇبلىنى ئىمپورت- ئېكىسپورت قىلىشنى چەكلىگەن ئىدى. بۇنىڭدىن كونسۇللار پايدىلىناتتى. جۇڭگو مۇھاجىرلىرى ۋەتەنگە قايتقاندا ئۆزلىرى يىققان رۇبلىلارنى كونسۇلخانىغا تاپشۇراتتى دە،



شىنجاڭغا كېلىپ قەشقەر پۇلى ياكى ئۆلكە پۇلى ئالاتتى. بۇ بىر خىل چارە ئىدى. ئىككىنچى بىر خىل چارە: تارباغاتاي، ئالتاي، قەشقەر قاتارلىق شەھەرلەردە رۇبلىنى سېتىپ ئالغىلى بولاتتى. شىنجاڭدا رۇبلى خۇددى كېرەكسىز قەغەزدەك بولغاچقا بىر سەر ئۆلكە پۇلىغا بىر قانچە رۇبلى تېگىشكىلى بولاتتى. بىر سەر قەشقەر پۇلىغا 8-9 رۇبلى سېتىۋالغىلى بولاتتى. كونسۇللار ئادەم تەيىنلەپ قەشقەر پۇلىغا رۇبلى ئالغۇزۇپ، دىپلوماتىيە پوچتىسى ئارقىلىق تاپشۇرۇپ ئالاتتى (مۇنداق پوچتا خەلقارا قائىدە بويىچە چېگرا پونكىتلىرىنىڭ تەكشۈرۈشىگە ئۇچرىمايتتى) شۇنداق قىلىپ، 1200 سەر قەشقەر پۇلى دەپ بېكىتىلگەن راسخوت، ئونمىڭ رۇبلى بولۇپ قالاتتى. بۇنداق مەخپى قانۇنسىز ئەسكىلىكلەرنى شىنجاڭ دائىرىلىرى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى دائىرىلىرى سەزمەيتتى. شۇنداق قىلمىسا، كونسۇلخانىلارنىڭ جان بېقىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. بەشى كونسۇلخانىنىڭ يەنە بىر ئالاھىدىلىكى بار ئىدى. كونسۇلخانىلار پاسپورت تارقاتقاندا قائىدە بويىچە پۇل ئالاتتى. بۇ خىل پاسپورت كىرىمىنى تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىگە ياكى باش ئەلچىخانىغا تاپشۇرۇشى كېرەك ئىدى. لېكىن تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى كونسۇلخانىلارنىڭ راسخوتلىرى بىلەن كارى بولمىغانلىقى، راسخوتنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت تارقىتىپ بېرىدىغانلىقى ئۈچۈن، پاسپورت پۇلىنى تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى ئالالمايتتى. ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتمۇ باشقۇرالمايتتى. بۇ كىرىم باشتىن تارتىپلا كونسۇلخانىلارنىڭ قوشۇمچە يارىدەم پۇلى بولۇپ كەلدى. رەسمى پاسپورتنىڭ ھەربىر نۇسخىسىغا 6 رۇبلى، كېيىنچە 10 رۇبلى ئېلىنىدىغان بولدى. ۋاقىتلىق ۋىزىلارنىڭ ھەربىر نۇسخىسىغا بىر رۇبلى ئېلىناتتى.

كېيىنچە يەنە ئۇستۇرۇلدى. بۇخىل ۋاقىتلىق (بىر ۋاراقلىق) ۋىزى-
لارمۇ ئالاھىدە ئىش ئىدى. شىنجاڭ ئاز سانلىق مىللەتلىرى ھەر
يىلى باھاردىن- كەچ كۈزگىچە چېگرىدىن ئۆتۈپ، سوۋېت ئىتتى-
پاقىدا ئىشلەپ، بىر نەچچە ئايدىن كېيىن يەنە شىنجاڭغا قايتىپ
كېلىپ قىشلايتتى. بۇ ئەمگەكچى خەلق، دۆلەتنىڭ چىقىش رەس-
مىيىتىنى بىلمەيتتى. سوۋېت ئىتتىپاقىغا بارسا ئۆز سالاھىيىتىنى
ئىسپاتلايدىغان بىرەر گۇۋاھنامە بولمىسا بولمايتتى. كونسۇلخانىلار
شۇ چاغدىكى مۇھاجىرلارنىڭ گۇۋاھلىقى بىلەن ۋاقىتلىق ۋىزا تار-
قىتىپ بېرەتتى. بۇ خىل ۋىزىلار ھەر يىلى نۇرغۇن تارقىلاتتى.
بەزەن ئايلاردا 7 - 8 مىڭ رۇبلى كىرىم بولاتتى. (ھەر قايسى
كونسۇلخانىلارنىڭ كىرىمى ئوخشىمايتتى. تاشكەنت، باش كونسۇل-
خانىنىڭ كىرىمى ئەڭ كۆپ ئىدى. ئۇنىڭدىن قالسا، ئەنجان، ئال-
مۇتا، شەمەي ئىدى. زەيسان ھەممىدىن ئاز كىرىم قىلاتتى) قات-
تىغراق قىلىپ ئېيتقاندا كونسۇلخانىنىڭ راسخوتىنى، ھۆكۈمەت ئە-
مەلى ئەھۋالغا قاراپ، شۇ جاينىڭ تۇرمۇش شارائىتىغا ئاساسەن
تارقىتىپ بېرىش كېرەك ئىدى. بىراق ئازاتلىقتىن ئىلگىرىكى جۇڭ-
گونىڭ چەتئەللەردە تۇرۇشلۇق ئەلچىخانا، كونسۇلخانىلىرىنىڭ
راسخوتلىرى ئۆلۈك ھەم سورەلمىلىك بىلەن باشقۇرىلاتتى. شىنجاڭ
چېگرىسىدىكى بەش كونسۇلخانىنىڭ ئەھۋالى تېخىمۇ كۆلكىلىك
ئىدى. خىيانەت (پاسپورت، ۋىزا پۇلى كوزدە تۇتۇلۇدۇ) ۋە ھا-
يانكەشلىك (پۇل تىگىشىش ۋە دۆلەت چېگرىسىدىن ئوغۇرلۇقچە
ئۆتۈشلەرنى دىمەكچى) ئىشلىرى ئاشكارىلانغان مەخپىيەت مۇۋاپىق-
لاشقان قانۇنسىزلىققا ئايلىنىپ قالغان. (سوۋېت پۇخرالىرىنى ۋە
جۇڭگو مۇھاجىرلىرىنى يالـلاپ ئىشلەتكەندە ئىش ھەققى رۇبلى



بويىچە ھىساپلىناتتى شۇنىڭدەك خادىملارنىڭ سانى توغرىسىدا
ئېنىق بەلگىلىمە بولمىغاچقا ئەمەلىي خىزمەت ئېھتىياجىغا
قاراپ، ئادەم يالـلاپ ئىشلىناتتى. شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ
كارى بولمايتتى). رەسمىي راسخوتنىڭ كىلىش مەنبەسى نامەلۇم بول-
غاچقا، قانۇنغا خىلاپلىق قىلىپ، ئىنتىزامنى بۇزۇدىغان ئىشلار ھەد-
دى - ھىساپسىز كۆپ ئىدى. ماقالىنىڭ ئاخىرىدا بۇ ھەقتە ئاي-
رىم توختۇلىمەن.

## بەش كونسۇلخانىنىڭ خىزمىتى

ئىش بىكىتىش ئەھۋالىنىڭ ئېھتىياجى تۈپەيلىدىن بەش كونسۇل-
خانا قۇرۇلغان ئىدى. يۇقۇرىدا قارا كول توپىلىڭىدا مۇھاجىرلار-
نىڭ ھاياتى ۋە مال - مۈلۈكلىرى ناھايىتى زور زىيانغا ئۇچرىغان-
لىقىنى، ۋەتەنگە قايتقان مۇھاجىرلار، ھۆكۈمەتنىڭ مۇھاجىرلارنى
ئاسىرىشى لازىم دەپ كۆپ قېتىم تەلەپ قىلغانلىقىنى، چاڭ يۈچىڭ
كونسۇلخانىلارنى تەسىس قىلىش تەلىۋىنى بەرگەنلىكىنى سۆزلىگەن
ئىدۇق. سوۋېت ئىتتىپاقى چېگرا رايوندىكى قازاقىستان ئىتتىپاق-
داش جۇمھۇرىيىتىنىڭ خەلقى ئىلىمىزنىڭ شىنجاڭ رايوندىكى قا-
زاق خەلقى بىلەن بىر مىللەت بولۇپ، تىل - يېزىقى، ئۆرپ -
ئادەتلىرى ئوخشاش. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ چېگرا رايوندىكى ئۆز-
بېكىستان ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيىتىدىكى خەلق ئىلىمىزنىڭ شىن-
جاڭ رايوندىكى ئۇيغۇرلار بىلەن ئوخشۇشۇپ كىتىدۇ. شۇڭا ئۇ-
لارنىڭ مۇناسىۋىتى ئىنتايىن قويۇق ئىدى. ئاتىسى سوۋېت ئىتتى-
پاقى تەۋەلىكىدە، بالىسى جۇڭگو تەۋەلىكىدە، ياكى ئاكىسى سو-

ۋېت ئىتتىپاقى تەۋەلىكىدە بولۇشتەك ئەھۋاللار مەۋجۇت ئىدى. چارروسىيە زامانىدا ئىلىمىزنىڭ چېگرارايونلىرىنى پىلە قۇرۇتىدەك يېگەن پاكىتلار تۆپەيلىدىن، جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ ئۆز مۇھاجىرلىرىنى ئاسراش مەجبۇرىيىتى بار ئىدى. بەشى كونسۇلخانا بىر مۇنچە ئىشلارنى قىلىشى مۇمكىن ئىدى. ئومۇمەن ئېيتقاندا بۇ كونسۇلخانىلار مەلۇم رول كورسەتتى. نىمە ئۈچۈن بىرمۇ كونسۇلخانا يوق ھالەتتىن بىراقلا بەشى كونسۇلخانا قۇرۇلۇدۇ، دىگەن مەسىلىگە كەلسەك، بۇ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق بەشى كونسۇلخانىسىغا قارىتا باراۋەر بولۇش پىرىنسىپى بويىچە ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئىدى. ئەمىلىيەتتە ئۈچىنى قۇرسىمۇ ياكى ئالتىنى قۇرسىمۇ بولىۋىرەتتى.

بەشى كونسۇلخانىنىڭ خىزمىتىدە خەلقارا قانۇن بويىچە ئىش بېجىرگەن ئىدۇق. كونسۇللاردا ھوكۇم چىقىرىش ھوقۇقى بولمايتتى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق كونسۇللىرىنىڭ كۆرۈنۈشتە كونسۇللۇق ھوكۇم چىقىرىش ھوقۇقى بولمىسىمۇ ئەمىلىيەتتە سوۋېت ئىتتىپاقى مۇھاجىرلىرى جۇڭگو قانۇنىغا خىلاپلىق قىلسا، ئەگەر قىلمىشى ئانچە ئېغىر بولمىسا، سوۋېت كونسۇلى باشقۇرىۋېرەتتى. شۇنىڭدەك يەنە كونسۇلنىڭ خىزمەت ھوقۇقى ئەلچى، باشى ئەلچىلەر بىلەن ئوخشىمايدۇ، ئۇ پەقەت مۇھاجىرلارنى ۋە سودا ئىشلىرىنىلا باشقۇرۇشى كېرەك ئىدى. لېكىن بەشى كونسۇلخانا بەزىدە شىنجاڭ بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تاشقى ئىشلار مۇناسىۋىتىنى بېجىرەتتى، مەسىلەن: شىنجاڭ بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ئوتتۇرىسىدىكى سودا كېلىشىمى، ئەسلىدە باشى ئەلچىخانا تەرىپىدىن بېجىرىلىشكە تېگىشلىك بولسىمۇ، باشى كون-



سۇل مۇۋۋېپتۇلۇك بېجىرىۋەردى. شۇڭا بەشى كونسۇلخانىنىڭ خىزمىتى ئادەتتىكى كونسۇللار قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنى بېجىرگەندىن تاشقىرى بەزىدە شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئۈچۈن سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارىتىلغان دىپلوماتىيە ئىشلىرىنىمۇ بېجىرەتتى.

كونسۇلخانىلارنىڭ دائىمى خاراكتىرلىك خىزمىتى ئىككى تۈرلۈك بولاتتى. ئۇنىڭ بىر تۈرى مۇھاجىرلارنى ئاسراش خىزمىتى بولۇپ، پاسپورت تارقىتىش، مۇھاجىرلارغا يار-يۆلەك بولۇپ، خەلق ئىچىدىكى جىنايى ئىشلار، ئەرز-شىكايەت ئىشلىرىنى بېجىرىش، سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى بىلەن ئالاقىلىشىپ مۇھاجىرلارنىڭ مەنپەئەتىگە دەخلى-تەئەررۇز يەتكۈزۈش ۋەقەلىرى، مۇھاجىرلارنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى تالاش-تارتىش ۋە ماجىرالارنى كېلىشتۈرۈپ ھەل قىلىش ئىشلىرى، مۇھاجىرلارنىڭ قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىشقا ياردەملىشىش قاتارلىق ئىشلارنى بېجىرىدۇ... يەنە بىر تۈرى، دوكلات بېرىش خىزمىتى بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە بەلگىلىمە بويىچە مەلۇمات جەدۋىلى يوللاش، چىقىم بىلەن كىرىمنىڭ نەقچوت-خام چوت ھىساۋاتلىرىنى ئۆز دولىتى ھۆكۈمىتىگە يوللاپ سۈرۈشتۈرۈلىدىغان ئىشلار ۋە باشقا نورمال كونسۇل ئالاقە ئىشلىرى بويىچە كەلدى-كەتتى ئالاقىلار بولاتتى. دەسلەپكى باسقۇچلاردا ئېنىقسىز مەسىلىلەرگە ئائىت خەۋەرلەرنى تەرجىمە قىلىپ تارقىتاتتى. سوۋېت ئىتتىپاقى دولىتى ئىچىدىكى يېڭى ئەھۋاللارنى دوكلات قىلاتتى. ھەتتا شىنجاڭنىڭ ئىچكى ئۆلكىلەر بىلەن بولغان تېلېگراممىا ئالاقىلىرىنى يەتكۈزۈش ئىشلىرىنىمۇ كونسۇلخانا بېجىرەتتى. بەشى كونسۇلخانىنىڭ ئالاھىدە خىزمىتى، ئاساسەن باشى كونسۇل ياكى كونسۇل تەرىپى-

دىن ئېچىرىلەتتى. مەسىلەن: شىنجاڭدا سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئالاقىدار بىر تۈرلۈك دىپلوماتىيە دېلوسىغا دۇچ كېلىپ قالسا، ياڭزېڭشىن ياكى جىن شۇرېنلار ھامان باش كونسۇلدىن پىكىر سورايتتى، ياكى بولمىسا شۇ جاينىڭ ئۆزىدىلا سوۋېت ئىتتىپاقى تاشقى ئىشلار مەھكىمىسىگە بېرىپ ئالاقىلىشىشنى تاپشۇراتتى. يەنە بىر مىسال: شىنجاڭ بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ئوتتۇرىسىدا سودا كېلىشىمى تۈزۈشكە توغرا كەلسە، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تاشقى ئىشلار مەھكىمىسى بىلەن كەلدى - باردى قىلىپ كېلىشىم ئىمزالىناتتى. جىن شۇرېن سوۋېت ئىتتىپاقىدىن قورال - ياراق سېتىۋالسىمۇ باش كونسۇل ئالاقىلىشاتتى.

مەيلى ئادەتتىكى خىزمەت بولسۇن، ياكى ئالاھىدە خىزمەت بولسۇن، ئۇمۇمەن ئېيتقاندا ياخشى ئىشلەنمىگەن ئىدى. ياخشى ئىشلەنمەسلىكتە كونسۇللارنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيىسى يېتەرسىز، كەسپىي سەۋىيىسى ناچار بولغانلىقى سەۋەپ بولاتتى. رۇسچە بىلمەيدىغان لىيۇچاڭبىڭدىن باشقىلىرى رۇسچە بىلەتتى. بەزىلىرى رۇسچە يېزىقتىكى ماتېرىياللارنى ئوقۇيالىسىمۇ، رۇسچە تىلدا راۋان سۆزلىشەلمەيتتى. شۇڭا ئىش بېجىرىلگەندە تەرجىمانغا تايىناتتى. بەزىلىرى رۇسچە تىل - يېزىقنى پىششىق بىلسىمۇ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ سىياسىي، قانۇنلىرى توغرىسىدا ساۋادى يېتەرسىز بولغاچقا، مەسلىھەتچىگە مۇراجىئەت قىلىشقا مەجبۇر ئىدى. ئاز سانلىق كونسۇللارنى ھېساپقا ئالمىغاندا، مۇتلەق كوپ ساندىكى كونسۇللار ئۇيغۇرچە تىل - يېزىقنى بىلمەيتتى. ئەمما مۇتلەق كوپ ساندىكى جۇڭگو مۇھاجىرلىرى ئۇيغۇر، قازاقلاردىن ئىدى. كونسۇل بىلەن مۇھاجىرلار تىل ئۇقۇشمىغانلىقى ئۈچۈن ئۆز - ئارا چۈشۈنىشى يېتەرسىز



بولاتتى. مۇھاجىرلارنى ئاسراش خىزمىتى نەبىي يۈسۈندا پاسسىپ بولاتتى. ۋەقە توغۇلسا ئەپلەپ - سەپلەپ ئوتكۇزۇۋېتەتتى، ئاكتىپ تەدبىر قوللىنالمايتتى. بۇ خىزمەتلەرگە لايىغىراق بىرىسى يىن دىڭشەن ئىدى. ئۇ كىشى چارروسىيە زامانىسىدا يەتتە سۇ ئولكىسىدە ئالىي مەكتەپ ئوقۇغان، رۇسچىغا كامىل ئىدى. ئۇنىڭ رۇسىيە ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قانۇنلىرى توغرىسىدىكى بىلىمى بىر قەدەر يۇقۇرى، ئىش بېجىرىشتە مەسئۇلىيەتچان ئىدى. ئەرز - شىكايەت ئىشلىرى بولسا شەخسەن ئۆزى سوتقا بېرىپ ئاڭلاپ، مۇھاجىرلارنىڭ مەنپەئەتىنى ئوبدان قوغدايتتى. بىراق يىن دىڭشەن چارروسىيە زامانىدا تەربىيىلەنگەنلىكى ئۈچۈن، ئىدىيىسىدە سوۋېتكە، كومپارتىيىگە قارشى ئىدى. سوۋېت ئىتتىپاقى ھوكۇمىتى ئۇنى قارشى ئالمايتتى. ئۇنىڭدا تورىچىلىك ناھايىتى كۈچلۈك ئىدى. كېيىنچە گومىنداڭنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئاتتى.

بەش كونسۇلخانا تەسىس قىلىنغان دەسلەپكى مەزگىللەردە، سوۋېت ئىتتىپاقى ھاكىمىيىتى يېڭىلا مۇستەھكەملىنىۋاتقان چاغلار بولۇپ، ماددىي بايلىق جەھەتتە قىيىن ئىدى. شىنجاڭنىڭ يەرلىك مەھسۇلاتلىرىدىن ماتا - چەكمەنلەرنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ چېگرا رايون خەلقلىرى بەك ياقتۇراتتى. شۇ ئەھۋالنى بىلىپ تۇرۇپ، كونسۇلخانىلار سودا ئىشلىرىنى ئاكتىپ ھالدا رىۋاجلاندۇرمىدى. شىنجاڭنىڭ چېگرا ئاھالىلىرى چېگرادىن قانۇنسىز ئۆتۈپ، سودا - سېتىق بىلەن شۇغۇللىنىپ، «كانتىرابانت» (چېگرىدىن قانۇنسىز ئوتكۈچى) بولۇش خەۋپىگە ئۇچراپ تۇراتتى. ئوكتەبىر ئىنقىلاۋىدىن كېيىنكى سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئەمگەك كۈچى يېتەرسىز بول-

غانلىقتىن، جۇڭگونىڭ چېگرا رايونلىرىدىكى ئاھالىلاردىن ئۇيەرگە بېرىپ ئىشلەيدىغانلىرى كۆپ ئىدى. كونسۇلخانىلار مۇھاجىرلارنى ئاسراش مەجبۇرىيىتىنى ھەقىقى ئورۇنلىيالمىدى. شىنجاڭ بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ئوتتۇرىسىدىكى قىسمەن سودا كېلىشىمگە كەلسەك كۆرۈنۈشتە باراۋەرلىك ئاساستا، ئۆز - ئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈش كېلىشىمدەك تۇرسىمۇ، ماھىيەتتە ئۇنداق ئەمەس ئىدى.

بەش كونسۇلخانىنىڭ خىزمىتى ئومۇمەن ئېيتقاندا يۇقۇرىدا بايان قىلغىنىمىزدەك ئىدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بەزىبىر بىر قەدەر زور مەسىلىلەرنى ئەسلىمىلىرىمگە ئاساسەن تۆۋەندە مەخسۇس تېمىلار بويىچە بايان قىلماقچىمەن.

## بەش كونسۇلخانىنىڭ تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

بەش كونسۇلخانا 1924 - يىلى قۇرۇلدى. شۇ زاماندا بېيجىڭدىكى شىمالى مىلىتارىستلار ھۆكۈمىتى جۇڭگونىڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتى ئىدى. بۇ ئەھۋال بەش كونسۇلخانىنى مەركەزدىكى تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ رەھبەرلىكىگە تەۋە قىلماستىن بەلكى شىنجاڭدىكى يەرلىك دائىرىلەرنىڭ رەھبەرلىكىگە قارىتىپ قويۇشتەك رىياللىقنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. ئۇزۇن ئۆتمەيلا شىمالى مىلىتارىستلار ھۆكۈمىتى ئاغدۇرۇلۇپ، نەنجىڭدىكى گومىنداڭ ھۆكۈمىتى قۇرۇلدى.

جياڭجېشى باشچىلىقىدىكى ھۆكۈمرانلار گۇرۇھى جۇڭگونىڭ ئىچكى



سىياسىتى ۋە تاشقى ئىشلىرىنى ئۆزلىرىنىڭ ئەكسىيەتچىل ھاكىمىيىتى ئاستىغا مەركەزلەشتۈرۈش قەستىدە چۈشتى. بۇ چاغ دەل ياڭزېڭشىن ئولتۇرۇلۇپ، جىڭشۇرېن ھاكىمىيەت بېشىغا چىققان ۋاقىت ئىدى. ياڭزېڭشىن ئىشقا تەيىنلىگەن بىر تۈركۈم كونسۇللار ئۆزلىرىنىڭ ئورنىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، جۇڭگونىڭ موسكۋادا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىخانىسى ئارقىلىق نەنجىڭ ھۆكۈمىتىگە بېقىنماقچى بولدى. باش كونسۇل لىيۇچاڭبىڭمۇ خۇپىيانە ئالاقىلاشتى. شۇ ۋاقىتلاردا باش ئەلچىخانىدا تۇرغان مۇۋەققەت ئەلچى ئىقتىدارسىز بىر نېمە بولغاچقا، لىيۇچاڭبىڭنىڭ ئەلچىسىز ياۋروپادىكى ھەر قايسى ئەللەرگە كېتىپ، ساياھەت قىلىش نامى بىلەن ئۆزىگە چىقىش يولى ئىزدىدى. كېيىنچە باش ئەلچىخانا، ۋالى كۆەيئىن رۆگنى شىنجاڭ چېگرىسىدىكى بەش كونسۇلخانىنى كۆزدىن كەچۈرۈشكە ئەۋەتتى. لىيۇچاڭبىڭنىڭ يېقىن ئادەملىرىدىن بولغان تيەن شىڭجۇ ئۈرۈمچىگە ھەمرا بولۇپ كەلگەن ئىدى. بۇ ھال جىڭشۇرېننى خۇدۇكسۇندۇرۇپ قويدى. جىڭشۇرېن مۇۋېيتۇڭنى لىيۇچاڭبىڭنىڭ ئورنىغا باش كونسۇللۇققا تەيىنلىدى. لېكىن مۇۋېيتۇڭمۇ تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىگە بېقىنىشنى ئويلايتتى. شۇڭا ئۇ باش ئەلچىخانىنىڭ مۇۋەققەت ئەلچىسى شياۋشىسۇڭ بىلەن ئالاقە باغلىدى. بىراق مۇۋەققەت ئەلچى ئامالسىز ئىنكاسىنى بىلدۈردى. مۇۋېيتۇڭ، چىڭدىيى، چاۋگولياڭلارنى ۋولگا دەرياسىدا سەيلە قىلىمىز دېگەن نامدا تەكلىپ قىلىپ تاكتىكا مەسلىھەتلەشمەكچى بولدى. ئۇلارنىڭ بۇ ئىشلىرى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ دىققىتىنى قوزغىدى. مۇۋېيتۇڭ قاتارلىقلار پۇرسەتنىڭ تېخى پىشىپ يەتمىگەنلىكىنى سېزىپ، جىڭشۇرېننىڭ رەھبەرلىكىگە كۆنۈشكە مەجبۇر بول-

دى. بۇ ئىش بەش كونسۇلخانا رەھبەرلىرىنىڭ شىنجاڭدىن ھالقىپ، مەركەزگە تەۋە بولۇش ئۈچۈن قىلغان بىرىنچى قېتىملىق ھەرىكىتى ئىدى. 1933 - يىلىغا كەلگەندە، جىن شۇرېننىڭ ھاكىمىيىتى لىڭشىپ، بەش كونسۇلخانىنىڭ راسخوتى قىيىن ھالغا چۈشۈپ قالدى. باش ئەلچىخانا شۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، مەسلىھەتچى ۋۇنەنرۇنى بەش كونسۇلخانىنى كۆزدىن كەچۈرۈشكە ئەۋەتتى. بۇ كىشى راسخوت پۇلى ئېلىپ كېلىپ، ھەر قايسى كونسۇلخانىلارغا بەردى. كىم راسخوتنى قوبۇل قىلسا شۇ مەركەزگە تەۋە ھېساپلىناتتى. شۇ چاغدا ئالمۇتىدىكى كونسۇل باتۇچېن، ئەنجاندىكى كونسۇل يەن شۈئېن، شەمەيدىكى كونسۇل جاۋگوبىڭ، زەيساندا تۇرۇشلۇق كونسۇل ماجېنلار تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ رەھبەرلىكىگە ئۆتۈشنى خالاپ، ئۈچ ئايلىق راسخوت (ئامېرىكا دوللىرى)نى قوبۇل قىلدى. پەقەت باش كونسۇل گۇۋالىلۇ قوشۇلۇشقا پېتىنالمىدى. كېيىن جىن شۇرېن قېچىپ كېتىپ، شېڭ شىسەي ھاكىمىيەت بېشىغا چىققاندا ئامېرىكا دوللىرى خەشلىگەنلەرنىڭ ھەممىسى غۇلاپ چۈشتى. بەش كونسۇلخانا يەنە شىنجاڭغا تەۋە بولدى. بۇ ئىككىنچى قېتىملىق ھەرىكەت بولۇپ، ئۇنى تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى قوزغىغان ئىدى.

ئادەتتە كونسۇلخانىلار قائىدە بويىچە تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىگە تەۋە بولۇشى، تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى مەركەزگە تەۋە بولۇشى كېرەك ئىدى. نېمە ئۈچۈن ئۇلار مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمايدۇ. بىر تەرەپتىن ئېيتقاندا شىنجاڭدىكى ياڭ، جىن، شېڭ ھاكىمىيەتلىرى ئوخشاشلا ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل خاراكتېرلىق ھاكىمىيەت بولغاچقا، كونسۇلخانىلارغا رەھبەرلىك قىلىش ھوقۇقىنى



ئۆزلىكىدىن تاپشۇرۇپ بېرىشنى خالىمايتتى. يەنە بىر تەرەپتىن ئېيتقاندا سوۋېت ئىتتىپاقىمۇ نەنجىڭ تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ بەش كونسۇلخانىنىڭ خىزمىتىگە بىۋاستە قوماندانلىق قىلىشىنى ياقتۇرمايتتى. ئەسلىدە سوۋېت ئىتتىپاقى ئوتتۇرا ئاسىيا تەرەپلىرىنى ياۋروپالىق، ئامېرىكىلىقلارنىڭ ساياھەت قىلىشىدىن چەكلىگەن ئىدى. سوۋېت ئىتتىپاقى نەنجىڭنى ئامېرىكا پەرەس، ئەگەر بەش كونسۇلخانا نەنجىڭ تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ بىۋاستە باشقۇرۇشىدا بولۇپ قالسا، ئۇ چاغدا ئامېرىكا جاھانگىرلىكى پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئوتتۇرا ئاسىيا تەرەپلەرگە سىڭىپ كىرىپ ئاخبارات توپلىشى مۇمكىن دەپ تونۇيتتى. بۇ خىل ھالەت تاكى ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى پارتلاپ، شېڭ شىسەي ھوقۇقتىن ئايرىلغاندىن كېيىن ئاندىن ئۆزگەرتىلدى. بۇ شىنجاڭ چېگرىسىدىكى بەش كونسۇلخانىنىڭ ئوتتۇرا مەزگىلدىكى ئەھۋالى.

## بەش كونسۇلخانىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

سوۋېت ئىتتىپاقى شىنجاڭدا بەش كونسۇلخانا تەسىس قىلدى. شىنجاڭمۇ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭ چېگرا بويلىرىدا بەش كونسۇلخانا تەسىس قىلدى. بۇ ھال كۆرۈنۈشتە باراۋەر كۆرۈنسىمۇ ئەمەلىيەتتە جۇڭگونىڭ بەش كونسۇلخانىسى ئىشلىگەن خىزمەتلەر سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بەش كونسۇلخانىسىغا ھەرگىز يېتەلمەيتتى. مەسىلەن: بەش كونسۇلخانىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى ئورگانلىرىغا سۇنغان ئالاقىلىرى دائىم رۇسچە يېزىقتا يوللىناتتى.

قائىدە بويىچە ئەگەر خەنزۇچە ئالاقە يوللانسا ئىش ئاستا بېجى-
رىلەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەممە ئالاقىنى رۇسچە ئىشلىتىپ، ئوز
دۆلىتىمىزگە دوكلات قىلىدىغان چاغدا رۇسچىنى خەنزۇچىغا تەر-
جىمە قىلىدىغان بولۇپ قالدى.

تاشكەنتتە تاشقى ئىشلار باشى مەھكىمىسى بار ئىدى. باش
كونسۇلخانا بىۋاستە تاشقى ئىشلار باشى مەھكىمىسى بىلەن ئالا-
قىلىشاتتى . شۇ چاغدىكى تاشقى ئىشلار باشى مەھكىمىسىنىڭ
باشلىقى ئابلەسوۋ ئىدى. بۇ ئادەم شەرق ئەللىرىنى پىششىق بىلەت-
تى. كەسپى سەۋىيە ۋە دىپلوماتىيە سالاھىيىتىگە ئىگە ئادەم ئىدى.
بەش كونسۇلخانا دەسلەپكى مەزگىللەردە ئۇ كىشىنىڭ ھەمكارلى-
قىدا ئىشلىرىنى ئوڭۇشلۇق بېجىرگەن ئىدى. ئالمۇتىدا تاشقى
ئىشلار مەھكىمىسىنىڭ شۆبىسى بار ئىدى. ئۇ يەردىكى كونسۇل-
خانىنىڭ ئىشى بولسا مەزكۇر شۆبە مەھكىمىسى بىلەن بىۋاستە ئالا-
قىلىشاتتى. زور ئىشلارغا دۈچ كەلگەندىلا باش كونسۇلخانىغا تې-
لېگراممىا يوللاپ باش مەھكىمە بىلەن ئالاقىلىشاتتى. باشقا ئۈچ
ئورۇندا تاشقى ئىشلار ئورگىنى تەسىس قىلىنمىغان بولغاچقا ئوب-
لاست باشلىقى تاشقى ئىشلارنى قوشۇمچە باشقۇراتتى.

سوۋېت ئىتتىپاقى بەش كونسۇلخانىغا تۇرمۇشنىڭ ھەرقايسى
جەھەتلىرىدىن ئىمكانىيەتنىڭ بېرىچە ئېتىبار قىلدى. مەسىلەن:
سوۋېت ئىتتىپاقىدا شۇ زامانلاردا ماددى ئەشيالار بىلەن تەمىنلەشتە
چەكلىمىلىك بولۇپ، ئاشلىق ۋە قوشۇمچە يېمەكلىكلەر نورمىلىق
ئىدى. ئەمما سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپ كونسۇلخانىلارنىڭ تەمىنا-
تىغا ئالاھىدە غەمخورلۇق قىلدى. يەنە بىر مىسال، كونسۇلخانى-
نىڭ ئورنىنى تاللاشتا، سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپ، ئىمكانىيەتنىڭ



بېرىچە ئوڭايلىق تۇغدۇرۇپ بەردى. تاشكەنت باش كونسۇلخانىسى
ئەسلى قايىنام بازار ئىچىدە ئىدى. مۇۋەپتۇك تىراللىبوس ئاۋاز-
نىڭ شاۋقۇنى بەك يامان ئىكەن دەپ، ئازادىراق جاي كورسۇ-
تۇپ بېرىشنى سورىغاندا سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپ دەرھال ئامال
قىلىپ بەردى. يەنە بىر مىسال كوڭۇل ئېچىش سورۇنلىرىدا كون-
سۇلخانا خادىملىرىغا ئالدىنقى رەتلەردىن ئورۇن قالدۇرۇپ قويات-
تى ھەم پۇل ئالمايتتى. بىر قېتىم كونسۇل ئىككى مېھمىنى بىلەن
كىنو كورگىلى بارغاندا كىنو قويۇلۇپ بولغان ئىكەن ئەمما كىنو-
خانا ئەنە شۇ ئۈچ كىشى ئۈچۈنلا بىر مەيدان كىنو قويۇپ بەرگەن،
كونسۇلخانىدا پوستا تۇرىدىغان ساقچىلارمۇ، كونسۇلخانىنى قوغداش
مەسئۇلىيىتىنى ئەدەپ- قائىدە بويىچە ئورۇنلايتتى.

سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپ بىزنىڭ كونسۇلخانىلىرىمىزنىڭ ھە-
رىكەتلىرىگە قويۇق دىققەت قىلاتتى. يۇقۇرىدا مۇۋەپتۇك، چىڭدېلى،
چاۋگولياڭ قاتارلىقلار ۋولگا دەرياسى بويىدا سەيلە قىلىش بانىسى
بىلەن بەش كونسۇلخانىنىڭ تەۋەلىك مەسىلىسىدە مەسلىھەتلەشكەن-
لىكىنى، ئۇ ئەسلىدە مەخپىي ھەرىكەت بولسىمۇ، بىراق سوۋېت
ئىتتىپاقى دىققەت قىلىپ سېزىپ ئۇلارنى تۇسىدىغانلىقىنى سوزلەپ
ئوتكەن ئىدۇق. سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپتە جۇڭگونىڭ كونسۇللىرى
ۋە كونسۇلخانا خادىملىرىنى كوزگە ئىلمايدىغان ئەھۋاللارمۇ مەۋ-
جۇت ئىدى. بىر تەرەپتىن ئېيتقاندا، كونسۇللار ۋە كونسۇلخانا
خادىملىرىنىڭ سەۋىيىسى توۋەن، قىلمىش ھەرىكەتلىرىدە سەۋەن-
لىك ئوتكۇزۇپ قويۇپ ئوزىگە ئوزى بالا تاپىدىغان ئىشلارمۇ
بولغان ئىدى. يەنە بىر تەرەپتىن ئېيتقاندا، يەڭگىللىك بىلەن
كوزگە ئىلمىغاندەك قىلىپ، كونسۇلنى تۇتۇپ تۇرۇش، كونسۇلخانا

خادىملىرىنى قولغا ئېلىشقا ئوخشاش خەلقارالىق قائىدىلەرگە خى-
لاپلىق قىلىدىغان ھادىسىلەرمۇ كۆرۈلگەن ئىدى.

ئېسىمدە قېلىشىچە، ئالمۇتىدىكى مەلۇم بىر كونسۇل بىرقېتىم سىبىرىيە تىياتىرخانىسىدا سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتىنى مەسخىرە قىلىدىغان سۆزلەرنى قىلىپ قويغانلىقى ئۈچۈن بىر كېچىدە قاماپ قويۇلغان ئىدى. بىر قېتىم مەن تاشكەنت باغچىسىدا ساقچىنىڭ ئەدەپسىزلىكى تۈپەيلىدىن بىر ئاز گەپ تاكاللىشىپ قالغانلىقىم ئۈچۈن ئون نەچچە سائەت قامالغان ئىدىم. ئەنجاندىكى كونسۇلخانا خادىمى ھەسەن، تاشكەنتتە قولغا ئېلىندى. تاشكەنتتىكى كونسۇل-خانىنىڭ شى فامىلىلىك بىر خادىمى مۇددەتلىك قاماققا ھۆكۈم قىلىندى. كونسۇل ۋە كونسۇلخانا خادىملىرىنى قاماپ قويىدىغان يامان قىلىقلارغا، شۇ زاماندا تاشكەنتتە تۇرۇشلۇق پېرسىيە (ئىران)-كونسۇلخانىسى ۋە ئافغانىستاننىڭ كونسۇلخانىلىرى نارازى بولغان ھەمدە جۇڭگو كونسۇلخانىسىغا ئادەم ئەۋەتىپ، جۇڭگو تەرەپنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ئالاقىلىشىپ، مۇنداق يامان قىلىقلارغا يول ئېچىپ بەرمەسلىكىنى تەلەپ قىلىشىنى مۇراجىئەت قىلغان. بىراق باش كونسۇل مۇۋېتۇڭ بۇنىڭ بىلەن كارى بولمىدى. ئىران، ئاف-غانىستان كونسۇلخانىلىرى ئەشۇ ئىش تۈپەيلىدىن جۇڭگو كونسۇل-خانىسى بىلەن بولغان مۇئامىلىسىنى ئۈزۈۋەتكەن ئىدى. بۇ خىل-دىكى ئەھۋاللار شېڭ شىسەي سوۋېت پەرەس سىياسەتنى يولغا قوي-غاندىن كېيىن تۈزۈتۈلدى.



## بەش كونسۇلخانىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللەردىكى رەسۋاچىلىقلىرى

شىنجاڭ چېگرىسىدىكى بەش كونسۇلخانىنىڭ قىسقىچە ئەھ-ۋالىنىڭ دەسلەپكى ئىمزالىنىشىنى يۇقۇرقى تارماقلاردىكى بايان-لىرىمىز ئارقىلىق بىر قۇر سورەتلەپ چىققان بولدۇق. بۇ ئىشلارغا 30 يىل بولۇپ قالدى. مېنىڭ كاللامدا چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغىنى شۇ چاغلاردىكى خىزمەت بولماستىن، بەلكى شۇ زاماننىڭ ھۆكۈ-مەت ئەمەلدارلىرى سورۇنى ئىدى. ئەمدى مەن شۇلارنىڭ قاراڭغۇ تەرەپلىرىنى قىسقىچە بايان قىلىپ ئۆتەي:

كونا جەمئىيەتتە شىنجاڭدا «مىڭ چاقىرىم يوللار كىزىپ بول-غاي ئەمەلدار، ئەمەلداردا جان باقماقتىن باشقا نىمە بار» دەي-دىغان سۆزلەر بار ئىدى. فېئودال ھۆكۈمرانلارنىڭ ھەر قايسى قاتلاملىرىنىڭ ئېكسپلاتاتور سىنىپقا خاس ماھىيىتى قىلچە مەخپى ئەمەس. شۇڭا بۇ ئىشقا ھەيران قېلىشنىڭ ھاجىتى يوق. ئەمەلى-يەتتە بولسا، ئۇلار پەقەت «جان بېقىش ئۈچۈن» لا ئەمەس بەلكى جان بېقىشتىن تولىمۇ يۇقۇرى بولغان مەقسەتنى يەنى ئاسانلا بېيىۋېلىشنى كۆزلىشەتتى. شىنجاڭ چېگرىسىدىكى بەش كونسۇلخا-نىنىڭ رەسۋاچىلىقلىرى شۇنىڭدىن ئىبارەتكى: ئۇلار دۆلەت ئاب-رويىنىڭ توكۇلىشى بىلەن كارى بولماستىن، مۇھاجىرلارنىڭ مەن-پەئەتىنى ئاياق- ئاستى قىلىپ، جېنىنىڭ بېرىچە پۇل تېپىشقا ئۇ-رۇناتتى. يۇقۇرىدا راسخوت توغرىسىدا توختالغىنىمدا، ھەرقايسى كونسۇلخانىلار پىرىۋوت ۋە دىپلوماتىيە پوچتىسىدىن پايدىلىنىپ راسخوتتىكى يېتەرسىزلىكىنى تولۇقلاپ ئالغانلىقىنى ئېيتقان ئىدىم.

ئۇلارنىڭ نەپسى بارغانسېرى يوغىناپ، باي بولۇشقا قاراپ ئۈچ
يول تۇتتى. بىرىنچى ئۇلار بوكەن مۈڭگۈزى سودىسى قىلدى.
سوۋېت ئىتتىپاقى بوكەن مۈڭگۈزى سودىسىنى ۋە ئېكسپورت قى-
لىشنى چەكلىگەن ئىدى. بوكەن مۈڭگۈزى ئەسلىدە قىممەتلىك
دورا ماتېرىيالى بولۇپ، جۇڭگو دورىگەرچىلىكىدە بەك زۆرۈر، سوۋېت
ئىتتىپاقىدا بوكەن مۈڭگۈزى ناھايىتى كۆپ چىقىدۇ. ھۆكۈمەت
ئۇنى ئوۋلاشنى مەنئى قىلغانلىقى ئۈچۈن سېتىۋېلىشقا ھېچكىممۇ
پېتىنالمايتتى. ئوغۇرلۇقچە ئوۋلىغانلار بوكەن مۈڭگۈزىنى كونسۇل-
خانىغا ناھايىتى ئەرزان باھادا سېتىپ بېرەتتى.

كونسۇللار ئۇنى چېگرا پونكىتلىرى تەكشۈرمەيدىغان دىپلوماتىيە
پوچتىسى ئارقىلىق شىنجاڭغا ئەۋەتكەندە يۈز ھەسسىلەپ پايدا
بېرەتتى. قايتىش ۋاقتىدا بۇ پۇلغا ئوغۇرلۇقچە رۇبلى سېتىۋې-
لىپ يەنە پايدا ئاپاتتى. بىر قېتىم تاپقان پايدا كونسۇلخانىنىڭ
بىر-ئىككى يىللىق راسخوتىغا يېتەتتى. چىڭ دېيىلى، مۇۋەپتوكلار-
نىڭ نەپسى يامان ئىدى. چىڭ دېيىلى ھەتتا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ
ھەر قايسى جايلىرىغا ئادەم ئەۋەتىپ بوكەن مۈڭگۈزى سېتىۋا-
لاتتى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا چىڭ شۈرىنغا بىر قېتىم بەرگەن پا-
رىسى بىر پۇت يەنى 27 يېرىم جىڭ بوكەن مۈڭگۈزى ئىدى.
مۇۋەپتوكنىڭ بوكەن مۈڭگۈزى سودىسى تاكى خاربىنغىچە يېتىپ
بارغان. ئۇنىڭ خوتۇنى خاربىندىكى بىر ئاغىنىسىنىڭ ئۆيىگە
بىر ساندۇق بوكەن مۈڭگۈزى ئامانەت قويغان ئىدى. «18-سىن-
تەبىر» ۋەقەسىدىن كېيىن ياپون ئالۋاستىلىرى ئۇ نەرسىلەرنى
مۇسادىرە قىلىپ ئېلىپ كەتتى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ خاربىندا تۇ-
رۇشلۇق كونسۇلى بۇ ئىشتىن خەۋەر تېپىپ، تاشكەنتتىكى ئىچ-



كى ئىشلار ئورگانلىرىغا خەۋەر قىلغاندا تاشكەنت دائىرىلىرى مۇ-
ۋەپتۇك ئۈچۈن بوكەن مۈڭگۈزى سېتىۋالغۇچى بوۋاي (تاتار مىل-
لەتى) نى قولغا ئېلىپ، مۇۋەپتۇكنىڭ ھايانكەشلىك قىلمىشىنى
پاش قىلدى. مۇۋەپتۇك ئۆزىنىڭ قانۇنسىز قىلمىشىدىن قورقماي، ئەك-
سىچە مەخپىيەتلىكنى ساقلىيالمىدىڭ دەپ خوتۇنىنى ئۇرغان ۋە
قاماپ قويغان. مۇۋەپتۇكنىڭ ئەتكەسچىلىك قىلمىشى پاش بولۇپ
قالغاندىن كېيىن يەنىلا ئۆزىنى يىغىۋالمىدى. بىر قېتىم تامۇژنا
ئورنى ئۇنىڭ سومكىسىنى تەكشۈرمەكچى بولغاندا مۇۋەپتۇك ئۇنىمايدۇ
تامۇژنا ئۇنىڭ سومكىسىنى پېچەتلەپ، شەمەي ھۆكۈمەت دائىرىلىرى بى-
لەن كونسۇلخانا خادىملىرى ئالدىدا پېچەتنى ئېچىشقا بۇيرۇدى. بۇ
ئىش جۇڭگولۇقلارنىڭ ئابرويىنى قاتتىق چۈشۈرۈۋەتكەن ئىدى.
ئۇلارنىڭ باي بولۇشتىكى ئىككىنچى خىل يولى جۇڭگو مۇھا-
جىرلىرىنىڭ مال-مۈلكىنى مەجبۇرى بۇلاپ ئېلىشتىن ئىبارەت.
جۇڭگو مۇھاجىرلىرى سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئىشلەپ ياكى سودا-
سېتىق قىلىپ، بىر ئاز پۇل يىغىپ ۋەتەنگە قايتماقچى بولغاندا
سوۋېت ئىتتىپاقى قانۇنىدا ئۇلارنىڭ رۇبلىنى ياكى قىممەتلىك بۇ-
يۇملارنى ئېلىپ قايتىشىغا يول قويمايتتى. كونسۇللار ئۇلارنىڭ
شۇ قىيىنچىلىقىدىن پايدىلىنىپ، يەتتىدە ئۈچ ئۈلۈشى بويىچە بو-
لىۋېلىشنى ئوتتۇرىغا قويدى. كونسۇللار رۇبلىنى ئېلىپ قېلىپ،
ئوغۇرلۇقچە شۇ بوكەن مۈڭگۈزى، ئالماس ۋە ياكى باشقا ھە-
جىمى كىچىك بولغان قىممەتلىك نەرسىلەردىن سېتىۋېلىپ، دىپ-
لوماتىيە پوچتىسى ئارقىلىق جۇڭگوغا ئەۋەتتى. كونسۇللار پىرەۋوت
ئۆلچىمى بويىچە ۋەتەنگە قايتقان مۇھاجىرلارغا 70% ئولكە پۇلى
بېرەتتى. كونسۇللار ھەتتا ئادەمگەرچىلىكنى ئۇنتۇپ، جۇڭگو

مۇھاجىرلىرى ۋەتەنگە قايتىپ ئېلىشقا تېگىشلىك بولغان 70% پۇلىنى ئالماقچى بولغاندا ئۇلار تېنىۋېلىپ ياكى يالغان ئېيتىپ تاموژنا مۇسادىرە قىلىۋالدى دەپ يەپمۇكېتەتتى. مۇنداق يەپ كەتكەن پۇل بىر مىليون دا ياڭدىن ئېشىپ كەتكەن ئىدى. ئۇلارنىڭ باي بولۇشىنىڭ ئۈچىنچى يولى خالىغانچە پاسپۇرت تارقىتىش، ئۆزمەيلىچە پاسپورت پۇلى يىغىشتىن ئىبارەت ئىدى. خالىغىنىچە پاسپورت تارقىتىش دېگىنىمىز بەزى جۇڭگوتەۋەلىكىدە بولمىغانلار (سوۋېت ئىتتىپاقى ياكى ئىران......ئادەملىرى) پاسپورت بېرىشنى تەلەپ قىلغاندا ئۇلارغىمۇ پاسپۇرت تارقىتىپ بېرەتتى. ئۆز مەيلىچە پاسپورت پۇلى ئالاتتى، سوۋېت ئىتتىپاقى دائىرىلىرى بۇنى تەكشۈرۈپ سىزىپ، جۇڭگو ئەلچىخانىلىرىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى پۇخرالىرىغا پاسپورت تارقىتىپ بەرگەنلىكىگە ئىتىراز بىلدۈردى، ھەم پۇلنى قايتۇرۇشنى تەلەپ قىلدى. چىڭ دېلى ھەتتا پاسپورت پۇلىدىن ئوتتۇز نەچچە مىڭ روبلىنى قايتۇرۇپ تولەشكە مەجبۇر بولغان ئىدى. چىڭ دېلى ۋەتەنگە قايتماقچى بولۇپ تاشقى ئىشلار مەھكىمىسىگە خوشلاشقىلى بارغاندا مەھكىمە باشلىقى ئۇنى مەسخىرە قىلىپ: «جانابى كونسۇل، قايسى مەكتەپتىن چىققانتىڭىز، سىز ئۆتكەن خەلقئارا قانۇنلارنىڭ قايسىبىر ماددىسىدا كونسۇلخانا ئۆزى تۇرۋاتقان دولەتنىڭ پۇخرالىرىغا پاسپورت تارقاتسا بولىدۇدېگەن بەلگىلىمە باردىكىن-ھە؟» دەپ سورىغان، مانا بۇ دەلمۇدەل مەنپەئەتنى دەپ ئەقىلدىن ئازغانلىق، پايدىنىلا قوغلىشىپ قولىدىن كېلىدىغانلىكى ئەسكىلىكلەرنى قىلىش نەتىجىسىدە غەيرى نورمال ئىككى ئەھۋال بارلىققا كەلدى. ئۇنىڭ بىرى كونسۇلخانىنىڭ



رەسمىي راسخوتى بولسىمۇ، بولمىسىمۇ بولىۋېرىدىغان بولۇپ قالدى. مەسىلەن: جاڭ چىيىڭ ئەنجان كونسۇلخانىسىنى 18 ئايدىن ئارتۇق ۋاقىت مۇۋەققەت باشقۇرغان بولسىمۇ، جۇڭگو ھوكۇمىتىدىن بىر تىيىنمۇ پۇل ئالمىغان ئىدى، يەنە بىرى، كونسۇلخانا خادىملىرىنىڭ بەزىسى مائاش ئالمىسىمۇ بولىۋېرەتتى. چۈنكى ئۇنىڭ سىرتتىن كىرىدىغان كىرىمى مائاشىدىن ناھايىتى كوپ ئىدى. مەسىلەن: ئەيسا (كېيىنچە گومىنداڭنىڭ شىنجاڭ ئولكىلىك ھوكۇمىتىگە باش كاتىپ بولغان) كونسۇلخانا ئەمەلدارى سۈپىتىدە ئاشخانا ئېچىپ، ناھايىتى جىق پايدا ئالغان. (سوۋېت ئىتتىپاقى ھوكۇمىتى ئاشخانا ئېچىشقا رۇخسەت قىلمىسا جۇڭگو كونسۇلى، جۇڭگو مۇھاجىرلىرى ئۆز ۋەتىنىنىڭ تامىقىنى يېگىسى كېلىپ كېتىپتۇ دەپ بانا كورسەتكەن)، ئەيسا ۋەتەنگە قايتقان چېغىدا سوۋېت ئىتتىپاقى مالىيە ئىدارىسى ئۇنىڭغا 10 مىڭ روبلى جەرىمانە قويغان ئىدى.

ئەگەر خىيانەت، پارىخورلۇق، ھايانكەشلىك قىلىپ بولسىمۇ ھوكۇمەت ئىشلىرىنى ئوبدان بېجىرگەن بولسىلا خىزمىتى ئارقىلىق گۇنايىنى يۇغان ھېسابلىناتتى. بىراق بەش كونسۇلخانا كەسپى ئىشلار ئۈستىدە بىر مۇنچە رەسۋالىقلارنى قىلغان ئىدى. سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارىتا قىلىنغان بىر نەچچە رەسۋاچىلىقلارنى مىسال قىلىپ ئۆتەي: 1929 - يىلى مەلۇم بىر كونسۇلخانا تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىدىن كەلگەن مەخپىي تېلېگىرامما تېكىستىنى سوۋېت ئىتتىپاقى تەۋەلىكىدىكى بىر خىزمەتچىگە ساقلاشقا بەرگەن بۇ ھەقىقەتەنمۇ كىشىنى چۆچۈتىدىغان خەلقئارالىق شاڭخو ئىدى. جۇڭگو باش ئەلچىخانىسى گۆھەي ئىنروگېنى ئەۋەتىپ

تەكشۈرگەندە راسلىقى ئىسپاتلانغاندىن كېيىن كونسۇلنى خىزمىتىدىن ئېلىۋېتىپلا بولدى قىلدى؛ شەمەي باش كونسۇلخانىسى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بىر ئايال پۇخراسىنى رۇس تىلى مۇئەللىملىكىگە تەكلىپ قىلغان ئىدى. ئۇ ئايالنىڭ ئىنىسى كونسۇلخانىغا ھېچ قانداق توسالغۇسىزلا ئۆز مەيلىچە كىرىپ چىقىپ يۈرەتتى، بۇ بالا تورت بۇرجەكلىك تامغا بېسىلغان ئالاقە قەغىزىگە يۇمۇلاق تامغا بېسىپ، ھەتتا باش كونسۇل موۋىپتوگنىڭ پوچىركىسىنى ئۆگىنىۋېلىپ، يالغان ھۆججەت ياسىغان، ئۇ يەنە دولەت چېگرىسىدىن قېچىپ ئۆتمەكچى بولغاندا، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ چېگرا مۇداپىئە ئارمىيىسى تۇتۇۋالغان. تاشقى ئىشلار مەھكىمىسى يالغان ھۆججەتنى باش كونسۇلغا ئاپىرىپ كورسۇتۇپ مەسخىرە قىلغان ھالدا تامغىسى بار ئالاقە قەغەزلەرنى چىڭ ساقلاشقا ئاگاھلاندۇرغان. لىيۇچاڭبېيلىك ھەشەمەت بىلەن خوتۇنى ۋە دەدەكلىرىنى ئېلىپ شەمەيگە كەلگەن. ئېھتىمال ئۇ دەدەك قىز بىلەن چاتىقى بولسا كېرەك. ئۇنىڭ خوتۇنى كۈنلەپ ئۇ دەدەكنى قىستاۋەرگەنلىكتىن ئۇ دەدەك ئاخىرى ئەپيون ئىچىپ ئۆلىۋالغان. موۋىپتوك كونسۇلخانىنىڭ بىر ياش خىزمەتچىسىنى قاتتىق ئۇرۇپ مېيىپ قىلىپ قويغان. كونسۇللارنىڭ بەزىلىرى ئەپيون چېكەتتى. بەزىسى سوۋېت ئىتتىپاقىدىن خوتۇن ئالغان ئىدى. يۇقۇرقى پاكىتلار ئۇلارنىڭ دولەت ئابرويىنى توككەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

كونسۇللار سوۋېت ئىتتىپاقىدا بىر مۇنچە سەتچىلىكلەرنى قىلىشمۇ ئۇلارنىڭ دولەت ئىچىدە ھوكۇمەتنى ئالدايدىغان بىر يۈرۈش چارىسى بار ئىدى. ئۇلار ياڭزېڭشىن، جىڭشۇرېن،



بېيجىڭ تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى، نەنجىڭ تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى، موسكۋادىكى جۇڭگو باش ئەلچىخانىسىنىڭ ئەھۋالىنى ئوبدان ئىگەللىۋېلىپ، بىر نىمىلەرنى توقۇپ پۈرسەتپەرەسلىك قىلىپ، سۇنىڭ ئېقىشىغا، توكىنىڭ يېتىشىغا بېقىپ ئىش كورەتتى. بۇ ھەقتە بىر نەچچە مىسال كورسىتەي: كونسۇلخانا يېڭى تەسىس قىلىنغان چاغدا ياڭزېڭشىن كومپارتىيەدىن ئىنتايىن ئەنسىرىگەن ئىدى. كونسۇللار ئۇنىڭ بۇ نۇقتىسىدىن پايدىلىنىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئۇنىڭغا بولغان ساداقىتىنى كورسەتتى. مەسىلەن: سوۋېت ئىتتىپاقىدا تاجىكىستان ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندا، چىڭدېلى، ياڭزېڭشىنغا مۇنداق دەپ دوكلات سۇنغان ئىدى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تاجىكىستان ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيىتىنى قۇرۇشتىن مەقسىدى پەقەت مىللەتلەرنىڭ ئۆز - ئۆزىگە خوجا بولۇشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرگە قۇتراتقۇلۇق قىلىپ، خەنزۇلارنى چەتكە قېقىشتىن ئىبارەتتۇر. ياڭزېڭشىن دەرھال جاۋابەن بۇيرۇق بېرىپ، قاتتىق نازارەت قىلىشنى تاپشۇرغان. ھەم ئىتىراز بىلدۈرگەن. يەنە بىر مىسال: سوۋېت ئىتتىپاقى ياشلار ئىتتىپاقى قۇرۇلتايى ئاچقاندا ئاز سانلىق مىللەت مۇھاجىرلىرىنىڭ ياشلىرىمۇ تەكلىپ بىلەن قاتناشتۇرۇلغان ئىدى، كونسۇللار ياڭزېڭشىنغا مەلۇمات يوللاپ، پالانى - پۇستانى ياشلار ئىتتىپاقى قۇرۇلتىيىغا قاتناشتى. مەپكۇرىسى قىزىللىشىپ كەتتى. ئۇلارنىڭ ھەركىتىگە دىققەت قىلماقتىمىز. ئۇلارغا كەلگۈسىدە پاسپورت بەرمەيمىز. ۋەتەنگە قايتىشىغا رۇخسەت قىلمايمىز، بىرىنىڭ كاساپىتى مىڭگە دەپ پۈتۈن شىنجاڭغا زەھەر

چېچىشى مۇمكىن دېگەن. ياڭزېڭشىن دەرھال جاۋاپ بېرىپ تەغدىرلىگەن ھەم داۋاملىق تىرىشىپ، ئۇنى بىخ ھالىتىدىلا ئۇجۇقتۇرۇۋېتىشنى تاپشۇرغان ئىدى. ھەتتا قەستەن جىددى كەيپىيات پەيدا قىلىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلار ۋەتەنگە قايتماقچى بولۇپ پاسپورت تەلەپ قىلغاندا دەرھال شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھوكۇمەتكە تېلېگىرامما يوللاپ «قىزىللاشقان پالانى - پالانىلار ۋەتەنگە قايتماقچى، يەرلىك ھوكۇمەت نازارەت قىلىشنى كۈچەيتسۇن، ئەگەر يولدىن چىققۇچىلار بولسا، شۇ يەرنىڭ ئۆزىدىلا جازا بېرىش كېرەك» دېگەن. دېمەك ئۇلار دەلىل - ئىسپاتى يوق ۋەقەلەرنى گويا راستەك توقۇپ، ۋەھىمىلىك سۆزلەر بىلەن كىشىنى چۆچۈتۈپ، ئۆزلىرىنى خۇددى ھاكىمىيەتنى قوغداۋاتقاندەك كۆرسەتتى. ئالجىغان دوت ياڭزېڭشىن، چىڭ شۇرىنلار ئۇلارنى ئەڭ يېقىن ئادەملىرىمىز دەپ بىلىپ ئەتىۋارلايتتى. بۇنداق چارىلارنى ئىشقا سېلىشتا چىڭ دېلى ھەممىدىن ئۇستا ئىدى. تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىگى بەلگىلىگەن ئىشلار مەسىلەن: باش كونسۇلخانا بىلەن باشقا تۆت كونسۇلخانا ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش، ئايلىق، يىللىق مەلۇمات جەدۋەللەرنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش، جۇڭگو مۇھاجىرلىرىنىڭ نوپۇسىنى تەكشۈرۈش، مال - مۈلكىنى تىزىملاشنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش دېگەنگە ئوخشاش ئىشلار، ئون يىل جەريانىدا باشى ئايىغى يوق مۇجمەللىكتە ئايلىنىپ كەتكەن ئىدى. زادى ئەپلەشمىگەن چاغلاردا بىر - ئىككى كونسۇلنى مەنسۇۋىدىن ئېلىۋېتىپلا ئىشنى تۈگەتەتتى. بىر قېتىم جۇڭگو مۇھاجىرلىرى موسكۋاغا بېرىپ، جۇڭگو باش



ئەلچىخانىسىغا تاشكەنتتىكى كونسۇل چىڭ دېلى، ئالمۇتىدىكى كونسۇل جاۋگولىياڭلار مۇھاجىرلارنىڭ ئىشلىرى بىلەن كارى يوق يۈرۈۋاتىدۇ دەپ ئەرز قىلىپ، باش ئەلچىخانىنىڭ ئاتىدارچىلىق قىلىشنى ئىلتىماس قىلغاندا «داگۇڭباۋ» گېزىتىنىڭ مۇخبىرى بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ، گېزىتىگە ماقالا يازىدۇ. تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىگى بۇ پاكىتقا ئاساسەن شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھوكۇمەتتىن سۈرۈشتۈرگەندە شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھوكۇمەت شەمەيدىكى باش كونسۇلغا قايتا تەكشۈرۈشنى بۇيرۇيدۇ. باش كونسۇل ئۇلارنى قانات ئاستىغا ئېلىشقا ئىلاجىسىز قالغانلىقىدىن راس ئىكەن دەپ مەلۇمات يوللايدۇ - دە، چىڭ، جاۋلار خىزمەتتىن ئېلىپ تاشلىنىدۇ. لېكىن بۇ ئىككىسىدە بوكەن مۆڭگۈزى كوپ بولغانلىقى ئۈچۈن شىنجاڭغا كەلگەندىن كېيىن يەنىلا كاتتازاتلاردىن بولۇپ دەۋر سۈرۈۋەردى .

## بەش كونسۇلخانىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلدىكى بىر نەچچە زور ۋەقەلەرنى ئەسلەش

دەسلەپكى مەزگىلدىكى بەش كونسۇلخانىنىڭ، تەشكىللىنىشى ساغلام ئەمەس، خادىملىرى خىزمەتنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايتتى. راسخوت يېتىشمەيتتى. ۋەزىپە روشەن ئەمەس، چىرىكلىكتە چېكىدىن ئاشقان ئىدى. بىراق كونسۇلخانا تەسىس قىلىش، تەسىس قىلىنمىغاندىن ياخشى ئىدى. ئېسىمدە قالغانلىرىنى تۆۋەندە قىسقىچە خاتىرلەپ چىقماقچىمەن:

…ەلىرى ھەققىدە:

…ىلار مۇھاجىرلىرىمىزغا پاسپورت تارقىتىپ بەر-
…لارنىڭ دۆلەت تەۋەلىكى بېكىتىلگەنلىكى ئۈ-
چۈن … قولىدا قانۇنلۇق داكۇمېنتى بولمىغاچقا بارا-
بارا سوۋېت گىرژدانى بولۇپ كېتىشتەك ئەھۋاللاردىن ساخلانغى-
لى بولدى.

② مۇھاجىرلارنىڭ دۆلەت تەۋەلىكى بېكىتىلگەنلىكتىن
بىر ئىش چىقسا كونسۇلخانا ئوتتۇرغا چىقىپ مۇھاجىرلارنى
ئاسىرىدى. شۇنىڭ بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھەرقايسى يەرلىك
ھوكۇمەتلىرى، دىپلوماتىيە چاتىقىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن جۇڭگو
مۇھاجىرلىرىنىڭ دېلولىرىنى بىر تەرەپ قىلغاندا سوغوققان بو-
لۇشقا مەجبۇر بولدى. كوپ يىللاردىن بېرى يۈز بەرگەن قا-
نۇنسىز قاماققا ئېلىش، تۇتۇپ كېتىش، مال-مۈلكىنى مۇسادىرە
قىلىش دېلولىرىنى كونسۇلخانا سۈرۈشتۈرگەندىن كېيىن بوشۇنۇپ-
چىققانلار، مال-مۈلكى قايتۇرۇپ بېرىلگەنلەرمۇ ناھايىتى كوپ
بولدى.

③ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قانۇنىدا، چەت-ئەل مۇھاجىرلىرى
دۆلىتىگە قايتقاندا نەق پۇل تاشقى پېرۋوت ئېلىپ، كېتىشكە بول-
مايتتى. يەنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قەغەز پۇلى روبلىنى دۆلەت
چېگرىسىدىن ئوتكۈزمەيتتى. ھەتتا كىيىم-كېچەكلەرنىڭمۇ سان-
چەكلىمىسى بار ئىدى. شۇڭا سوۋېت ئىتتىپاقىدا تۇرۇشلۇق جۇڭ-
گو مۇھاجىرلىرى ئازتولا پۇل ئەۋەتىپ ئائىلىسىگە ياردەم قىلىش-
شقىمۇ ئامالسىز ئىدى. بۇ جەھەتتە بەزى كونسۇللار، مۇھاجىرلار-



نىڭ مەنپەئەتىنى ئاسراش نىيىتىدە، ئۆزلىرىنىڭ دىپلوماتىيە
پاسپورتلىرىدىن پايدىلىنىپ، مۇھاجىرلار ئۈچۈن بىرمۇنچە ياخشى
ئىشلارنى قىلىپ بەردى.

مىللىتارىستلار ۋەقەلىرى توغرىسىدا:

① ياڭ زېڭشىن باشى كونسۇلخانىنى شەمەيگە قورۇشتا
سوۋېت ئىتتىپاقى ئارقىلىق دالىيەنگە قايتىپ ئۆزىگە ئۆي ئى-
مارەت سالدۇرماقچى ئىدى. كېيىن گەرچە سۇيىقەستكە ئۇچراپ
مەقسىدى ئەمەلگە ئاشمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ جەسىدىنى
جىڭ شۇرېن 1929-يىلى جۇبىڭ، ۋاڭ خۇي، لىيۇدې ئىنىلارنى
تەيىنلەپ، سوۋېت ئىتتىپاقى ئارقىلىق بېيجىڭغا ئېلىپ باردى.
ئۇلار يول بويى سوۋېت ئىتتىپاقى يەرلىك ھوكۇمەت مەھكىمى-
لىرىنىڭ كۈتىۋېلىشىغا مۇيەسسەر بولدى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ
شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق سودا شىركىتى بىر ئادەم تەيىنلەپ شە-
مەيگىچە ئوزۇتۇپ قويدى. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى باشى كون-
سۇلخانىنىڭ ئىش بېجىرگەنلىكىنىڭ نەتىجىسى ئىدى.
② جىڭ شۇرېن تەختتىن چۈشۈرۈلگەندە چوچەك ئارقىلىق
سوۋېت ئىتتىپاقىغا قېچىپ بېرىپ پانا تىلىدى، ھەم شۇ يول
بىلەن دۆلەتكە قايتىپ كەتتى. ئۇنۇڭغا ماسەنمۇ، ماناس ھاكىمى
ۋۇشىن شى ۋە يەنە تورت خىزمەتچى ھەمرا بولدى. سوۋېت
ئىتتىپاقىنىڭ باكتو تاموژنىسىغا ئامانەت قويۇلغان ئىككى مىڭ
سەر ئالتۇنىمۇ جىڭ شورېنغا بېرىۋەتتى. تارباغاتاي ۋالىسى
لۇشياۋزۇ، جۇلىڭدې خۇا لىيۇدې ئىنىلارنى ئوزۇتۇپ قويۇشقا

ئەۋەتتى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ باكتو چېگرا مۇداپىئە قىسمى باشلىغىمۇ بىر ئادەم تەيىنلەپ شەمەيگىچە ئۇزۇتۇپ قويدى. ئۇلارمۇ خەنچى، ئۇمبىر دېگەن جايلاردىن ئۆتكەندە يەرلىك ئەمەلدارلارمۇ قىزغىن كۈتۈۋالدى.

دىپلوماتىيە ۋەقەلىرى ھەققىدە:

جىڭشۇرېن – سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ئىمزالىغان شىنجاڭ – سوۋېت ئىتتىپاقى ۋاقىتلىق سوداكېلىشىمى، دىپلوماتىيە ۋالىسى چېن جىشەن ئارقىلىق ئىشلەنمەستىن بەلكى شەمەيدە تۇرۇشلۇق باش كونسۇل مۇۋېيتوڭ ئارقىلىق ئىمزالانغان ئىدى. مەزكۇر كېلىشىم ئىمزالانغاندىن كېيىن موۋېيتوڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئايروپىلانى بىلەن ئۈرۈمچىگە كېلىپ، دىيۇپۇغا قونغاندا ئۈرۈمچى شەھەر ئاھالىسى چىقىپ تاماشە قىلدى. موۋېيتوڭ ئايروپىلان بىلەن ئۈرۈمچى شەھىرىنى ئىككى ئايلىنىپ چىقتى ھەم رەڭگا-رەڭ قەغەز گۈللەرنى چېچىپ، سوۋېت ئىتتىپاقى ئايروپىلانىنىڭ ئۈرۈمچىگە تۇنجى قېتىم كەلگەنلىكىنى تەنتەنە قىلدى.

سودا كېلىشىمىنىڭ ئىمزالىنىشىغا ئۇلاپلا جىن شۇرېن موۋېيتوڭنى سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ھەربىي-قورال ياراق سېتىۋېلىش، سوۋېت ئىتتىپاقى مۇتەخەسسىسلىرىنى تەكلىپ قىلىش مەسىلىلىرىنى بېجىرىشكە تەيىنلىدى. بۇنىڭ ئۈچۈن جىڭشۇرېن ئادەم ئەۋەتىپ، زەمبىرەك ئوقى سېتىۋېلىش توختامىنى تۈزەش ئۈچۈن ئوقنىڭ ئەۋرىشكىسىنى ئېلىپ كېلىپ، سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپنىڭ ياساپ بېرىشكە تاپشۇردى. موۋېيتوڭ بىلەن مەن تاش-



كەنت ئاۋئاتسىيە مەكتىۋىنى ئېكىسكۇرسىيە قىلدۇق. مەزكۇر مەكتەپنىڭ مۇئەللىملىرى ئالىي دەرىجىلىك ئۇچۇش مەشىقىنى كۆرسەتتى، شىنجاڭدا «12-ئاپرېل» ئۆزگىرىشى بولۇشتىن ئىلگىرى ۋە كېيىن موۋېيتوڭ موسكۋاغا بىرنەچچە قېتىم باردى. جىڭشۇرېننىڭ تەختتىن چۈشۈشى بىلەنلا، يۇقىرىدا ئېيتىلغان ئالاقە مۇئامىلەرنىڭ ھەممىسى ئاخىرلاشتى. ئۆزگىرىشتىن ئىلگىرى جىڭشۇرېن يەنە ئىككى ئادەم (ما سەنمۇ، جىڭزىجۇاڭ)نى تاشكەنتكە ئەۋەتكەن ئىدى، شۇچاغدا موۋېيتوڭ موسكۋادا ئىدى. جىڭزىجۇاڭنىڭ ئېيتىشىچە، سەپەرگە چىقىش ئالدىدا جىڭشۇرېن ئۇلارغا موۋېيتوڭ بىلەن بىللە سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپتىن شىنجاڭ دائىرىلىرىنىڭ ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملىشىگە ياردەم قىلىشنى تەلەپ قىلىش، زورۇر تېپىلغاندا ئالتاينىڭ ھوقۇقىنى سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئۆتۈنۈپ بېرىدىغانلىقىنى ئېيتقان ئىكەن. جىڭزىجۇاڭ مونداق ۋەتەن ساتقۇچلۇق شۇملۇقلارغا ھەرگىز ئارىلاشمايمەن دېگەن. ھەم ماڭمۇ قاتناشماسلىققا نەسىھەت قىلدى. زورۇر تېپىلغاندا جېنىمىزنى قۇربان قىلساق بولىدىكى ھەرگىزمۇ سېسىق نام قالدۇرماسلىقىمىز كېرەك دەيتتى. ئۇلار ئۇيەردە بىرنەچچە كۈن تۇرغاندىن كېيىن ئۈرۈمچىدە سىياسىي ئۆزگىرىش بولغانلىقى، جىڭشۇرېننىڭ چۆچەك ئارقىلىق قاچقانلىق خەۋىرى ئاڭلاندى. موۋېيتوڭمۇ قايتىپ كەتمىدى. ئۇ ئىككىلەن غۇلجا ئارقىلىق ۋەتەنگە قايتتى، ماسەنمۇ جىڭشۇرېن بىلەن بىللە تيەنجىنگە كەتتى.

# مېنىڭ ئوسمان توغرىسىدا بىلىدىغانلىرىم

لاتىپ مۇستاپا

## 1 - 1940 - يىلى چىڭگىل ۋە كوكتوقايدا يۈز بەرگەن توپىلاڭنىڭ جەريانى .

1939 - شىڭ شىسەي ھەر قايسى ناھىيىلەردىن 3.2 تىن ۋەكىل قاتناشتۇرۇپ ئۈرۈمچىدە قۇرۇلتاي ئاچتى. بۇ قۇرۇلتاي 3 ئاي داۋام قىلدى. شۇ يىلى 11 - ئايغا كەلگەندە بىر قىسىم ۋەكىللەر قايتىپ كەتتى. يىغىندا شىڭ شىسەي خەلقنىڭ قولىدىكى مىلتىق، قىلىچ، ئوق - دورا قاتارلىق قوراللارنى يىغىۋېلىش توغرىسىدا بۇيرۇق قىلدى، ھەمدە شىمالى شىنجاڭدىكى چىڭگىل قاتارلىق 7 ناھىيىگە كېلەر يىلى (1940 - يىلى) 8 - ئايغىچە قوراللارنى يىغىپ ئالتاي ۋىلايەت مەھكىمىسىگە تاپشۇرۇپ بولۇشقا سۈرۈك بەردى. لېكىن 1939 - يىلى 9 - ئايدا شىڭ شىسەي ناھىيىنىڭ چوڭلىرىنى (بەيسى، تەيجى، ئۇرداي، زالىڭلارنى) ھەتتا شارىپقان تورەنىمۇ ئۈرۈمچىگە مەجلىسكە چاقىرىپ تۇتقۇن قىلىۋالغان ئىدى.

1940 - يىلى 1 - ئايدا شىڭ شىسەي يەنە ئېرىسبەك بىلەن كىرىم دۈيجاڭ باشچىلىقىدا 400 ئەسكەر ئەۋەتىپ، چىڭگىل ناھىيىسىنىڭ قېپقالغان باشلىقلىرىنى بايامباي ئۈكۈرداي، بايقادام ئۈكۈرداي، سۈيەن



ژالىڭ، بۈكۈيقان زالىڭ، جاقسى باي، شاقشىبايلارنى تۇتۇپ كەتتى.

1940 - يىلى 2 - ئاينىڭ 27 - كۈنى شىڭ شىسەي يەنە 7 ناھىيىنىڭ قەبىلە باشلىقلىرىنى ئالتاي ناھىيىسىگە مەجلىسكە چاقىردى. ۋە «مەجلىسكە بارمىساڭلار قورال كۈچى بىلەن مەجبۇر قىلىمىز» دەپ تەھدىت سالدى. پۈتۈن ئالتاي رايونى بويىچە 500 كىشى يىغىنغا قاتناشتى. (بۇنىڭ ئىچىدە چىڭگىل ناھىيىسىدىن 60، كوكتوقاي ناھىيىسىدىن 70 كىشى بار ئىدى) ئالتاينىڭ ۋالىيسى يىغىندا سۆزلەپ: «ئۈرۈمچىدە ئېچىلغان ۋەكىللەر يىغىنىدا، سىلەرنىڭ باشلىقلىرىڭلار خەلقنىڭ قولىدا مىلتىق بار دەپ ئېيتتى. شۇڭا سىلەر ئاممىنىڭ قولىدىكى مىلتىقلارنى يىغىپ توپلاپ ئالتاي ناھىيىسىگە ئېلىپ كېلىشىڭلار كېرەك، قۇرۇق قول كېلىشكە بولمايدۇ.» دېدى. قەبىلە باشلىقلىرى قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئاممە ئىچىدىن بىر تالمۇ مىلتىق تاپالمىدى. شىڭ شىسەي كوپچىلىكنى مىلتىق تاپشۇرۇشقا قىستاۋەردى. بۇ چاغدا باشلىقلار: ئەگەر ئالتاي ناھىيىسىگە قۇرۇق قول بارساق بەربىر قاماققا ئالىدۇ، ئۇنىڭدىن كورە بارمايلا قويايلى دېگەن خىيالغا كېلىشتى.

كوكتوقاي ناھىيىسىنىڭ باشلىقلىرى قورال - ياراق يىغىۋالالمىدى. ئېسىمقان ئۈكۈردايمۇ كوكتوقاي ناھىيىسىگە بارمىدى. كوكتوقاي ساقچى ئىدارىسى سارنوغاي باشچىلىقىدا 3 ئەسكەر ئەۋەتىپ ئېسىمقاننى چاقىرتتى. ئېسىمقان «مەن ئاغرىپ قالدىم بارالمايمەن» دېگەندە، ئەسكەرلەر ئۇنى سۆرەپ ئېلىپ ماڭماقچى بولدى. ئىككى تەرەپ جېدەللىشىپ قېلىپ، ئېسىمقان بۇ 3 ئەسكەرنى ئۇرۇپ ئولتۇرۇپ قويدى. شۇنىڭ بىلەن قوراللىق توقۇنۇش پەيدا بولدى.

چىڭگىل ناھىيىسى مېنىڭ يۇرتۇم، مەن (لاتىپ)مۇ چاقىر-
ىلغانلارنىڭ بىرى ئىدىم. ئۇ چاغدا بىز چىڭگىل ناھىيىسىنىڭ
ئەترابىدا تۇراتتۇق. بىز نازەر تەيجىنىڭ ئىنىسى — سىياغالدايىنى
بىزنىڭ قورال - ياراق يىغىۋالغانلىقىمىزنى دوكلات قىلىش ئۈچۈن
چىڭگىل ناھىيىسىگە ئەۋەتكەنلىكىمىز ئۈچۈن ئالتاي ناھىيىسىگە
بارمىغان ئىدۇق. نەتىجىدە ئەۋەتكەن ئادىمىمىزنى ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ.
دەل شۇ چاغدا ئېسىمقان بالاپاڭنىڭ ئوغلى كاسىبى دېگەن: 3 ئەس-
كەرنى ئۆلتۈرۈپ قويدۇق، شۇنىڭ بىلەن قوراللىق توقۇنۇش
پەيدا بولدى، دەپ خەت ئەۋەتىپتۇ. شۇنداق قىلىپ 1940 - يىلى
3 - ئاينىڭ 22 - كۈنى چىڭگىل ناھىيىسىمۇ بۇزۇلدى. كۆكتوقاي
بىلەن چىڭگىل ناھىيىسىدىكى ئاممىنىڭ قولىدا تۆمۈرنىڭ سۇنىقىمۇ
يوق ئىدى. تاياق، توقماق كۆتۈرۈپ شېڭ شىسەينىڭ ئەسكەرلىرى
بىلەن 40 كۈن سوقۇشتۇق. ئۇرۇش جەريانىدا 50 تال مىلتىق
ئولجا ئالدۇق. بىزگە كۆكتوقاي ناھىيىسىدىكى ئېسىمقان ئۈكۈر-
داي، ئاقتەكەبىي، كادىر بى ۋە چىڭگىل ناھىيىسىدىن ئېرىسقان
ئۈكۈرداي، مۇسا مەرگەن، كۆكسېگىن ئۈكۈرداي، زاتىل بىيلار
باشچىلىق قىلدى. شېڭ شىسەي ئۈرۈمچى، گۇچۇڭ، ئالتايدىن
ياردەمگە ئەسكەر يۆتكەپ كەلدى. بىزدىن ئۆلگەنلەر كۆپ بول-
دى. مەغلۇپ بولۇشقا كۆزىمىز يەتتى. ئالدىمىزدىن ئەسكەرلەر،
ئۈستىمىزدىن ئايروپىلان قوغلاپ كېلىۋاتقانلىقتىن بىز كېتىپ
قالدۇق.

1940 - يىلى 5 - ئاينىڭ 20 - كۈنى 2 مىڭ ئۆيلۈك كىشى
بولغۇن بىلەن سار بولاققا كۆچۈپ كەلدۇق. ئات مىنەلەيدىغان ئەرلەر
توپىنىڭ كەينىدە ماڭدى. شۇڭا بولغۇندىكى جەڭدە نۇغاي باي



ئۈكۈرداي قاتارلىق 9 كىشى، ئايروپىلاننىڭ ئوققا تۇتۇشى بىلەن
ئۆلدى. زاتىل باي قاتارلىق 7 كىشى پىيادە ئەسكەرلەر بىلەن
ئۇرۇشقاندا بىر تاغنىڭ چوققىسىدا ئۆلدى. بۇ قېتىمقى يۆتكۈلۈش-
تە ئۆلگەن ئادەم ۋە چوڭ - كىچىك چارۋىلارنىڭ سانىنى ئالغى-
لى بولمايدۇ. قازاق خەلقى شۇ قېتىمقى قىرغىنچىلىقنى ھازىرغا
قەدەر ئېسىدىن چىقارغىنى يوق. ئۇلار ئۆلگۈر شېڭ شىسەينى ھې-
لىمۇ تىللايدۇ.

بىز مەغلۇپ بولدۇق. تەخمىنەن 1500 كىشى (ئاياللار 500
كىشى، قالغانلارنىڭ ھەممىسى ئەرلەر) دالىغا قېچىپ كەتتۇق.
بىز بىر نەچچە تۈركۈمگە بۆلۈنۈپ 10 نەچچە كۈن ماڭدۇق. ئەڭ
ئاخىرىدا بىناغ ئېبى دېگەن جايدا توپلاشتۇق. ئادىمىزاتنىڭ
قەدىمى باسمىغان چۆل - جەزىرىدە يېمەك - ئىچمەك كىيىم - كې-
چەكتىن قىينالدۇق. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئايروپىلان بىزنى قوغلاپ
يۈرۈپ توققا تۇتتى، كۆڭلىمىز زادى ئارام تاپمىدى. ئۇزۇق-تۈ-
لۈك ۋە پانا جاي تاپقىلى بولمايدىغان يەردە ئۇزۇن تۇرۇش مۇم-
كىن بولمىدى. بىز قاپتىق دېگەن جايغا يۆتكۈلۈش قارارىغا
كەلدۇق، قاپتىق دېگەن جايدا توپ - توغرى 30 كۈن دەم ئالدۇق،
ئاشلىقىمىز تۈگىسە، ئات ۋە تۆگىلەرنى ئۆلتۈرۈپ يېدۇق. ئاخىرى
بېرىپ بىر ئادەمدە بىردىن ئات قالدى. ئەمدى قانداق قىلىش
كېرەك؟ بىز مەجلىس ئېچىپ مۇزاكىرىلەشتۇق. بىر قىسىم كىشى-
لەر يەنى ئاقتەكە، ئېرىقسان، كۆكسېگىن ئۈكۈرداي قاتارلىقلار
بارىكۆل ئارقىلىق چىڭخەيگە بېرىپ مابۇفاڭنى تېپىشنى تەشەببۇس
قىلدى. يەنە بىر قىسىم كىشىلەر يەنى ئېسىمقان كادىرباي، ئۆم-
مۈتباي، لاتىپ قاتارلىقلار بۇ پىكىرگە قارشى چىقىپ چىڭخەي-

گە بارىدىغان يول قۇرغاق، ھەمدە بارىكولدىن چىڭخەيگە بېرىش ئارلىقىدا مال-چارۋا بۇلاپ ئالالمايمىز دېيىشىپ، ئالتايدىن ئۆتۈپ، كوكتوقاي تاغلىرىغا بېرىپ بىر تەرەپتىن چارۋا تېپىپ يەپ، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇرۇش قىلىشنى تەشەببۇس قىلدۇق. نەتىجىدە بىرلىككە كېلەلمەي بىز بىلەن بىللە 400 دەك كىشى قاپتىقىدىن مېڭىپ ئۇلامباي تېغىدىكى سۇ بويلىرىغا كەلدۇق. بۇ يەردىن قاپتىققا بىر كۈنلۈك كېلەتتى. قاپتىقتا بىزدىن ئايرىلىپ كەتكەن ئاقتېپكە، ئېرىسقانلار بىزنىڭ توختاپ تۇرۇشىمىزنى ۋە بىز بىلەن بىللە ماڭىدىغانلىقىنى ئېيتىپ كىشى ئەۋەتىپتۇ، بىز ئۇچراشقاندىن كېيىن 2 كۈن مېڭىپ بەيتىك تېغىغا چىقتۇق. شېڭ شىسەي دابىسىدىن بىرمىڭ ئەسكەر يوتكەپ كېلىپ بىز بىلەن 3 كۈن ئۇرۇش قىلدى. بىز 13 توگە (توگىلەردە پۇرچاق ئۇنى بار ئىدى.) 5 ئات، 3 مىلتىق ئولجا ئالدۇق. ئۇزۇن ئوتمەي ئاشلىقلارنى يەپ بولدۇق. يەرلىك قازاقلارنىڭ 500 ئېتىنى بۇلىدۇق، شېڭ شىسەي يەنە ئىككى مىڭ ئەسكەر 7 ئايروپىلان ئەۋەتىپ بىز بىلەن يەنە سوقۇشتى. ئاقتېپكەنىڭ 7 يېرىدىگە ئوق تېگىپ زەخىملەندى، بىزنىڭ بەيتىك تېغىدا تۇردۇرۇشىمىزگە مۇمكىنچىلىك بولماي كوكتوقايغا بېرىشنى قارار قىلدۇق.

مەن قاپتىقتىن بەيتىك تېغىغا بېرىش جەريانىدا ئوسماننى بىرىنچى قېتىم كوردۇم ۋە ئۇنىڭ بىلەن تونۇشتۇم. شۇ چاغدا ئۇ ئېيسىقاننىڭ لاگېرىدا تاماق باشقۇراتتى. ئۇنىڭ ئەيتىشىچە ئۇ ئەسلىدە بىر كىچىك سودىگەر بولۇپ، ئالتاي تاشقى موڭغۇل ئوتتۇرىسىدا چارۋا سودىگەرچىلىگى قىلىپ 1931-يىلى 8-ئايدا تاشقى موڭغۇلىيەدە قاماقتا ياتقان ئىكەن.



شۇ ۋاقىتتىكى ۋەزىيەتنى مولچەرلىشىمىزچە بىزنىڭ ئارمانىمىزغا يېتىشىمىز كېرەك ئىدى. بەيتىكتىن ئارمانىمىزغا بارغىچە بىر كېچە كۈندۈز يول مېڭىپ داپسەندىن ئوتۈشكە توغرى كېلەتتى. شېڭ شىسەينىڭ چىڭگىل بىلەن كوكتوقايدىكى كۈچلىرى داپسەنگە مەركەزلەشكەن بولۇپ بۇ يەردە 5000 ئەسكىرى بار ئىدى. ئۇلار بىزنىڭ چىڭگىل بىلەن كوكتوقايغا بارىدىغان يولىمىزنى توسۇپ تۇراتتى. بىز كېچىدە داپسەندىن كېسىپ ئوتۈپ 8 قېتىم جەڭ قىلدۇق. 150 تال مىلتىق ۋە نۇرغۇن ئوق-دورىلارنى ئولجا ئېلىپ ئاخىرى ئارمانىمىزغا يەتتۇق. بۇ يەردە دەم ئالماي ئارقا-ئارقىدىن 6 كۈن ئۇرۇش قىلدۇق. ئاقتىكە شۇ يەردە دۇنيادىن كەتتى.

قۇملۇقتىن چول-جىزىرىلەرگە قېچىپ كەلگەن باندىتلارنىڭ بىر قىسمى-مۇلقا قەبىلىسىدىن جىلقايدار، شىراۋشى قەبىلىسىدىن سۇلايمان، ماشال موللا قاتارلىقلار بولۇپ تەخمىنەن 200 دەك كىشى ئىدى. ئۇلار ئايروپىلانلارنىڭ كېلىپ-كېتىشلىرىدىگە قاراپ ئارمانىدا ئۇرۇش قىلىۋاتقانلىقىنى بىلىپ، جىلقارىدار قاتارلىق 3 كىشىنى ئالاقە باغلاشقا ئەۋەتىپتۇ. جىلقايدار بىزگە: «بىز شېڭ شىسەينىڭ چىڭگىل ۋە كوكتوقايدىن ئەۋەتكەن ۋەكىللىرىنى قويۇپ بەرمىدۇق» دېگەن سوزنى قىلدى، ئەڭ ئاخىرى كۈرتە دېگەن جايدا ئاقتېپكە باشقۇرۇۋاتقان مەسچىتتە ئۇچراتماقچى بولدۇق. بىز شۇ مەسچىتتە ئۇچراتقاندىن كېيىن ئىككى كۈن مەسلىھەتلەشتۇق. نەتىجىدە چاكۇرتىدىن كوكتوقايغا ئىككى كۈن بىر كېچە مېڭىشقا توغرا كېلىدۇ. يول مېڭىش تەس بولۇپلا قالماستىن بەلكى يول ئۈستىدىكى سۇ ئېغىزلىرىنى شېڭ شىسەي-

نىڭ ئەسكەرلىرى ئىگەللىۋالغانچقا بەك جاپا بولاتتى. شۇڭلاشقا ئومۇمەن تاققا چىقىشنى خالىمىغانلارغا ۋەكىللەر بىلەن بىللە قايتىپ كېتىشكە يول قويدۇق. قايتىپ كېتىشنى خالىمىغانلار تاققا چىقىش تەييارلىقىنى قىلدۇق. چىڭگىلدىن كوكسىگىن ئوكۇرداي باشلاپ ماڭغان 200 كىشى قايتىپ كەتمەكچى بولدى. ئىرىسقان، لاتىپ باشلاپ ماڭغان 200 كىشى كوكتوقايدىكى باندىتلار بىلەن بىرگە تاققا چىقماقچى بولدۇق.

### 2. ئوسماننىڭ پوچتىخانىنى بۇلىغانلىقى.

قايتىپ كېتىدىغان 200 كىشى بىلەن چاكورتىدا خوشلاشقاندىن كېيىن 2-كۈنى ئەتىگەندە تۈلكىسى دېگەن جايغا يېتىپ كەلدۇق، ئادەملەرنىڭ ھېساۋىنى ئالغان ۋاقتىمىزدا ئېسىمقاننىڭ قول ئاستىدىكىلەردىن ئوسمان بىلەن قوشۇلۇپ جەمئىي 40 كىشىنىڭ يوق ئىكەنلىكىنى بايقىدۇق. يەنە 3 تال مىلتىقمۇ يوق ئىدى. روشەنكى ئۇلار مىلتىقنى ئېلىپ قېچىپتۇ. بۇ ئوسماننىڭ بىرىنچى قېتىم مۇستەقىل ھەركەت قىلىشى ئىدى، بىز ئۇلارنى ئىزدىمەي تاققا چىقىپ كەتتۇق.

ئوسمان باشچىلىقىدىكى بىر تۈركۈم كىشىلەر قارا بولغىنىغا قېچىپ بېرىپ ئۇ يەردە 30 كۈن ياتقان. ئوسمان بۇ 40 كىشىنى: چوڭ ئەترەتتە كوپچۇلۇك بىرلىكتە يۈرسەك ئۇرۇش كوپ بولىدىكەن، كوپ چىقىم بولىدىكەن، ئاز كىشىلەر ئايرىم ھەرىكەتلەنسەك ئاسان ئاشكارىلىنىپ قالمايمىز دەپ ئېلىپ ماڭغان ۋە ئۇزۇق-تۈلۈككە ئوزى مەسئۇل بولىدىغانلىقىنى ۋەدە قىل-



غان ئىكەن. لېكىن، قاچقاندىن كېيىن ئاتلار جۇدەپ، ئوزۇق-تۈلۈكمۇ تۈگىگەننىڭ ئۈستىگە 6-ئاينىڭ ئىسسىق كۈنلىرىدە پاشا كوپ بولغانلىقتىن كوپچۇلۇك ئازاپلىنىپ ئوسماندىن ئاغرىنىشقا باشلىغان. «سەن بىزنى ئاچلىقتىن ئولتۇرمەكچىمۇ؟ بىز كېتىمىز» دېيىشكەندە، ئوسمان كوپچۇلۇككە تەسەللى بېرىپ: «مەن بېرىپ يەيدىغان نەرسە تېپىپ كېلەي» دەپ، چاپسار دېگەن جايدىن يولغا چىقىپ، كوندۇزى يوشۇرنۇپ، كېچىسى ھەركەتلىنىپ سوگەت ياغىچىدىن سال ياساۋېلىپ قوۋئېرىنتىشىدىن ئوتۇپ (ئېرىنتىش دەرياسىنىڭ باش تەرىپى) كۆرتىغا كېلىدۇ. بۇ جاي ئەسلىدە ئوسماننىڭ قىشلاق جايى بولۇپ كوكتوقايىدىن ئالتايغا ئوتىدىغان چوڭ يولغا يېقىن ئىدى. يول ياقىسىدا بىر پوچتىخانا بولۇپ 11 ئەسكەر قوغدايتتى. ئۇلاردا 4 تال مىلتىق 100 ئوقچىكە 30 تۇياق ئات-كالا بار ئىدى. پوچتىخانا ئەتراپىدا سارجاس قاتارلىق 7 ئويلۇك موڭغۇل بولۇپ ئۇلار تەخمىنەن 30 نەچچە جان ئىدى. كەچ بولغاندا ئوسمان ئوزىنىڭ ئادەملىرىنى باشلاپ بېرىپ پوچتىخانىنى بۇلاپ 11 نەپەر ئەسكەر ۋە سارجاس قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىنى ئولتۇرۋاتقان. ئوسمان بۇ يەرگە پەقەت 4 كىشىنى باشلاپ بېرىپ، ئەسكەرلەرنىڭ كىيىمىنى كىيىۋېلىپ، پوچتىخانىنىڭ ئىچىدە تۇرۇپ ئەتراپىنى كوزۇتۇپتۇ. ئېپى كەلگەندە يەنە بولماقچى بوپتو. ئۇ قالغان ھەمراھلىرىنى باشقا جايغا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغان. 3 كۈندىن كېيىن ئالتايدىن بىر قازاق بىر خەنزۇ پوچتىخانىغا خەت ئېلىپ كەلگەن ئىكەن، ئوسمان ئۇلارنى تۇتۇۋېلىپ سوراققا تارتقاندا ئۇ ئىككۈيلەن: «بىز بىر پارچە ئالاقە ئېلىپ

كەلدۇق دېگەن. ئالاقىدا ئالتايدىن (ھەربىي لاۋازىمات) 200 توگە كېلىۋاتىدۇ. بۇنى پوچتىخانىنىڭ بالا ئېرتىشكىچە قوغداپ بېرىپ كوكتوقايدا تۇرۇشلۇق ھەربىيلەرگە تاپشۇرۇپ بېرىش لازىملىقى ئېيتىلغان» . ئوسمان يەنە: ئەسكەرلەر بىللە قوغداپ كېلىۋاتامدۇ يوق دەپ سورىغان؟ ئۇلار يوق، توگە يېتىلىگەنلەرنىڭ ھەممىسى ئادەتتىكى پۇخرالار» دېگەن. ئوسمان بۇ گەپنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ھېلىقى خەنزۇنى ئېتىپ تاشلاپ قازاقنى قول ئاستىدا ئىشلەشكە ئېلىپ قالدى. ئوسمان 200 توگىنى ناھايىتى ئوڭۇشلۇق قولغا چۈشۈردى. (بۇنىڭ ئىچىدە يۈز توگىگە گۈرۈچ، بۇغداي، 90 توگىگە ھەربىي كىيىم، ئۆتۈك قاتارلىقلار، يەنە 10 توگىگە تۈرلۈك ئوق - دورىلار ئارتىلغان ئىكەن. بۇ نەرسىلەرنى ئۇ بالا ئېرىتىش ئۇتلىغىغا توپلاپ، ئاندىن قول ئاستىدىكىلەرنى ئەۋەتىپ زەينەل ئۇكۇرداينىڭ قەبىلىسىنى ئوزىگە قوشۇلۇشقا قۇتراتقان. ئۇ: «بىزنىڭ قورالىمىز ناھايىتى كوپ، خۇيزۇلار بىزگە ناھايىتى چوڭ ياردەم قىلدى، بىز مۇسۇلمانلار بىرلىشەيلى» دېگەن. ئەمەلىيەتتە ئوسمان باشچىلىقىدىكى بۇ كىشىلەردە جەمئىي 12 تاللا راست مىلتىق بولۇپ، قالغانلىرىنىڭ ھەممىسى ياغاچتىن ياسالغان يالغان مىلتىق ئىدى، شۇنىڭ بىلەن بالا ئېرىتىش ۋە قارا ئېرتىش دېگەن جايدىكىلەر ئوسماننىڭ سوزىگە ئىشىنىپ قوزغۇلۇشقا باشلىغان ئىدى.

ئوسمان باشچىلىقىدىكى بۇ قوشۇن 40 كىشىدىن ئاستا - ئاستا كۆپەيدى. 1940 - يىلى 9 - ئايدا ئوسمان يەنە ئېرسقان، سۇلايمان ئىسمىقانلارنى قۇترۇتۇپ قۇۋ ئېرتىشتىكى قوشۇن بىلەن بىرلىشىپ شېڭشىسەينىڭ ئەسكەرلىرىنى تاغدىن ھايداپ شەھەر-



گە چېكىندۇردى. بىز بۇنىڭغا ئەگىشىپ كوكتوقاي ناھىيە بازىرىنى قورشىۋالدۇق. بۇ چاغدا ئۇرۇمچىدىن ئايروپىلان كېلىپ تەشۋىق ۋاراقلىرىنى تاشلىدى، تەشۋىق ۋاراقلىرىدا «سىلەرنىڭ قانداقلا تەلىۋىڭلار بولسا، بىز ھەممىسىگە ماقۇل بولىمىز سىلەر ئۇرۇشنى توختۇتۇڭلار تەلىۋىڭلارنى يېزىڭلار» دېيىلگەن. بىز مەسلىھەتلىشىش ئارقىلىق بىر نەچچە تۈرلۈك تەلەپ قويۇپ شېڭ شىسەي تەرەپ بىلەن تەنپەن قىلىشماقچى بولدۇق.

### 3 - بىرىنچى قېتىملىق تەنپەن ۋە ئۇنىڭ ئاقىۋىتى

1940 - يىلى 10 - ئايدا شېڭشىسەي ئوزىنىڭ قېينى ئاتىسى چيۇزۇڭجۈنى تەنپەن قىلىشقا ئەۋەتتى. بىز ئىككى تۈرلۈك تەلەپنى بىرىنچىسى: سولانغان ئادەملىرىمىزنى قويۇپ بېرىش، ئىككىنچىسى چىڭگىل بىلەن كوكتوقايدىن ئالتايغىچە بىرەر خەنزۇنىمۇ رەھبەرلىككە قويماسلىق، ساقچى ئىدارىسى قورماسلىقنى ئوتتۇرىغا قويدۇق. چيۇزوڭجۈن تەلىۋىمىزنى قوبۇل قىلىپ بىز بىلەن تەنپەن ئوتكۈزدى.

تەنپەندە: خەنزۇلارنى رەھبەرلىككە قويماسلىق، لېكىن كاتىپلىقتا خەنزۇلار بولسىمۇ بولىدىغانلىقى بەلگۈلەندى. كۈنكىرىت سايلامدا ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيلىقىغا بۇقات، مائاۋىن ۋالىيلىقىغا جانىمخان، دابىڭ. كۆكتوقاي ناھىيىسىنىڭ ھاكىملىقىغا راخات، كۆكتوقاي ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقلىقىغا كادىر بەگلەر تەيىنلەندى چىڭگىل ناھىيىسىنىڭ بىرىنچى ھاكىملىقىغا كۆكسىگىن، چىڭگىل ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقلىقىغا قادىر بەلگىلەندى.

تەنپەندە يەنە ئامىمىنىڭ قولىدىكى مىلتىقلارنىڭ ھەممىسىنى ھۆكۈمەتكە تاپشۇرۇشى بەلگىلەندى. بىز ئامىمىنىڭ قولىدىكى مىڭدىن ئارتۇق مىلتىقنىڭ ھەممىسىنى تاپشۇرۇپ بەردۇق. شۇندىن باشلاپ ئامىمىنىڭ قولىدا پەقەتلا قورال قالمىدى. (لېكىن 1941- يىلى 2 - قېتىملىق تۆپىلاڭ كۆتۈرۈلگەندە كىشىلەر ئوسماننىڭ بىر تال مىلتىق بىلەن بىر دانە دۇربۇن يوشۇرۇپ قويغانلىقىنى كۆرۈپ كوكتوقايدىكى ئامما ئۇنى يۈرەكلىك، ھەقىقىي «قەھرىمان» دەپ قارىدى.)

تەنپەندىن كېيىن بىز ئۈچ كىشىگە باتۇر دەپ نام بەردۇق. ئۇلارنىڭ بىرسى سۇلايمان، (شىۋاۋشى قەبىلىسىدىن) ئىككىنچىسى ئىبرىسقان (چاقاباي قەبىلىسىدىن) ئۈچىنچىسى ئوسمان (مۇلقا ئايتۇغان قەبىلىسىدىن). شىڭشىسەي بىزنى يوقاتماقچى بولدى. ئۇ بىر تەرەپتىن ئىبرىسقانغا «قەھرىمان» دېگەن نام بېرىپ، يەنە بىر تەرەپتىن ئىشپىيون جانىمقاننى ئەۋەتىپ ئۇنى زەھەرلەپ ئۆلتۈردى. جانىمقان بىلەن ئىبرىسقاننىڭ ئازراق توققانچىلىق مۇناسىۋىتى بار ئىدى. ئىبرىسقاننىڭ بىر ئاز بېشى ئاغرىيدىغان كېسىلى بار ئىدى. جانىمقان ئۇنىڭغا: «يىغىندىن كېيىن، سەن مېنىڭ قېشىمدا تۇر، مەن دوختۇر چاقىرتىپ كېسىلىڭنى ياخشى داۋالىتىپ قويىمەن» دەپ ئۇنى قالدۇرۇپ زەھەرلىك چاي ئىچكۈزگەن. ئىبرىسقان زەھەرلىنىپ پۈتۈن بەدىنى ئىششىپ، ئۇزۇنغا بارماي ئۆلدى. بىز ئۇ چاغدا دوختۇر زىيانكەشلىك قىلىپ ئۆلتۈرۈپ قويغان ئوخشايدۇ. دەپ گۇمان قىلغان ئىدۇق. لېكىن جانىمقان: «مەن ئىبرىسقاننى ئۆز بالامغا ئوخشاش كۆرىمەن. دوختۇرنىڭ زەھەرلىشىگە ھەرگىزمۇ يول قويمايمەن» دېگەن. بىز جانىمقانغا ئىشەن-



دۇق. كېيىن جانىمقاننىڭ ئالىقاچان شىڭشىسەيگە سېتىلىپ جاسۇسلۇق قىلغانلىقى ئىسپاتلاندى. ئەمما ئۇنى شىڭشىسەينىڭ «قارا ئىتى» دەپ ئاتىشاتتى. 1941 - يىلى ئۇ ئالدامچىلىق قىلىپ بىزنى تېخىمۇ ئېغىر زىيانغا ئۇچراتتى. ئۇ ئىبرىسقان ئۆلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ ئۆلۈكىنى ئالتايغا ئېلىپ كېتىشكە يول قويماي، قارامايدىكى چۆللۈككە كۆمدۈردى.

شىڭشىسەي بىزنى ئىشپىيونلار ئارقىلىق يوقاتماقچى بولغاندىن باشقا يەنە قوراللىق كۈچ بىلەنمۇ يوقاتماقچى بولدى. 1941- يىلى ئالتۇن قېزىش ئۈچۈن 200 نەپەر خەنزۇ كوكتوقايغا كەلدى. كېيىن بۇ يەردە ئالتۇن كوپ ئىكەن، ئەمگەك كۈچىنى كۆپەيتىش كېرەك دەپ يەنە 400 خەنزۇ كەلدى. 6 - ئايغا كەلگەندە كۆپىيىپ 800گە يەتتى. ئەمما بۇنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا دىققەت قىلمىدى.

1941- يىلى 6 - ئاينىڭ مەلۇم كۈنى كوكتوقاي ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى كادىرباي تۇيۇقسىز يوقاپ كەتتى. ئەتىسى كاتىپ (خەنزۇ) كوكتوقاي ناھىيىلىك ھۆكۈمەتكە دوكلات قىلىپ: كادىرباي جۈيجاڭ ئاۋۇلغا كەتتى. ئىدارىغا تېخى قايتىپ كەلمىدى. دېگەن. يەنە 6-5 كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، كەچتە شىڭشىسەينىڭ 8 نەپەر ئەسكىرى كوكتوقاي ناھىيىلىك ھۆكۈمەتكە كىرىپ شەنجاڭ بولمىغانلىقتىن خىزمەتچى خادىمنى تۇتۇپ كەتتى. ئەتىسى راخات شەنجاڭ ئاۋۇلدىن ناھىيىلىك ھۆكۈمەتكە قايتىپ كېلىپ، ئەھۋالنىڭ باشقىچە ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، شۇ كۈنىلا قېچىپ كەتتى. سۇلايمان باتۇر بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن بىر قىسىم ئادەمنى باشلاپ ساقچى ئىدارىسىگە كېلىپ، كادىرباي جۈيجاڭنى تاپشۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى ھەم ساقچى ئىدارىسىنىڭ 30 دانە ئېتىنى

بولاپ كەتتى. كېيىن ھۆكۈمەت 200 نەپەر ئەسكەرنى سورتېپى ئاۋۇلغا ئەۋەتىپ 20 نەچچە ئۆيلۈك قازاقنىڭ چارۋىسىنى بۇلاپ كەتتى ۋە 4 نەپەر ياشنى تۇتۇپ كەتتى. مۇشۇ ۋاقىتقا كەلگەندىلا ئاندىن بىز ئاتالمىش ئالتۇن قازغۇچى ئىشچىلارنىڭ ھەممىسى شېڭ شىسەينىڭ ئەۋەتكەن ئەسكەرلىرى ئىكەنلىكىنى چۈشەندۇق.

1941 - يىلى 7 - ئاينىڭ 11 - كۈنى كوكتوقاي ناھىيىسىدىكى قازاقلارنىڭ باشلىقى بىرلىكتە چىڭگىل ناھىيىسىنىڭ باشلىقىغا ئۇختۇرۇش قىلىپ «ھۆكۈمەت بۇلتۇرقى (1940 - يىلدىكى) سوھبەتكە خىلاپلىق قىلدى. بىز يەنە قارشى تۇرۇشىمىز كېرەك» دېدى. چىڭگىل ناھىيىسىنىڭ باشلىقى خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، دەرھال ئاۋاز قوشمىدى.

چىڭگىل ناھىيىسىگىمۇ 1941- يىلى 6 - ئاينىڭ ئىچىدە ئىككى يۈز نەپەر خەنزۇ يەنىلا ئالتۇن قازغىلى كەلدۇق دەپ كەلگەندە بىزمۇ دىققەت قىلماپتىمىز. 8 - ئاي ئىچىدە شېڭ شىسەينىڭ 200 ئەسكىرى بولغۇن دېگەن جايغا كېلىپ قازاق چارۋىچىلارنىڭ 20 نەچچە تۇياق چارۋىسىنى بۇلاپ كەتتى. ياشلاردىن 9 نى ئۆلتۈردى. بۇنىڭ بىلەن چىڭگىلمۇ بۇزۇلدى.

7 - ئايدا كوكتوقايدا، 8 - ئايدا چىڭگىلدە ۋەقە يۈز بەردى. شېڭ شىسەي 8 مىڭ ئەسكەر كۈچى توپلاپ بىز بىلەن 6 قېتىم ئۇرۇش قىلدى. 8 - ئاينىڭ ئاخىرىسىدا سۇلايمان باتۇر ۋاپات بولدى. خېلىل تەيجى: ئەھۋال ياخشى ئەمەس، قارىمىلىق بىلەن ئىشلەشكە بولماسمىكىن دېگەن تونۇشقا كېلىپ قالغان ئىدى.



## 4 . 2 - قېتىملىق سوھبەت ۋە ئۇنىڭ نەتىجىسى

خېلىل تەيجى شېڭ شىسەينىڭ كوكتوقاي ناھىيىسىدىكى ۋەكىلىگە: «بىز ئۇرۇشنى توختۇتۇشنى تەشەببۇس قىلىمىز، سىلەر تەنپەن قىلىشقا ئادەم ئەۋەتىڭلار» دەپ خەت يازدى. شېڭ شىسەي خەتنى كۆرۈپ دەرھاللا جانىمقاننى تەنپەن قىلىشقا ئەۋەتتى. (يۇقۇردا ئېيتىپ ئۆتكەندەك، بۇ چاغدىمۇ بىز تېخىچىلا جانىمقاننىڭ جاسۇسلىقىنى سېزىۋالالمىغان ئىدۇق).

جانىمقان كۆپچۈلۈكنىڭ ئالدىدا: «مېنىڭ ئاغزىمدا خۇدا دىلىمدا قۇرئان بار. سىلەر ئۇرۇشنى توختۇتىدىغانلا بولساڭلار ھۆكۈمەت بۇلتۇرقى كېلىشىمگە ئەمەل قىلىپ، كوكتوقايدىن بارلىق خەنزۇلارنى يۆتكەپ كېتىدۇ» دېدى. ئۇنىڭ مۇنداق قەسەم ئىچىپ ۋەدە قىلغانلىقىغا كوكتوقايدىكى بارلىق قازاقلارنىڭ باشلىقلىرى ۋە خېلىل تەيجىلەرمۇ ئىشەندى.

بۇ قېتىمقى تەنپەندە، بىز تەلەپ قويمىدۇق. جانىمقاننىڭ كاپالەتلىك قىلىشىغا ئىشىنىپ، ھۆكۈمەت 1940 - يىلدىكى كېلىشىمگە ئەمەل قىلىپ، شۇ بويىچە ئىش قىلىدۇ، دەپ قوشۇننى تارقىتىۋېتىپ شېڭ شىسەي ئەسكەرلىرىنىڭ كوكتوقاي ناھىيە بازىرىغا كىرىشىگە يول قويدۇق. جانىمقان قازاق باشلىقلىرىنى شەھەرگە تەكلىپ قىلىپ مېھمان قىلدى. كوكتوقاي ناھىيىسىدە بىر نەچچە كۈن مەجلىس ئاچتۇق. ئۇنىڭدىن كېيىن، بىز ئاممىنىڭ قولىدا تارقاپ يۈرگەن مىلتىقلارنى يىغىۋېلىپ ھۆكۈمەتكە تاپشۇردۇق.

جانىمقان ھۆكۈمەتكە ۋاكالىتەن، بىزدە سايلام ئوتكۈزۈشنى يولغا قويىدى. ئۇ: «كول بۇلاق ئەتراپىدىكى قارا تاش دېگەن جاي مۇۋاپىق ئىكەن، سىلەر شۇ يەردە سايلام ئوتكۈزسەڭلار ئىناۋەتلىك كاتتىۋاشلارنىڭ ھەممىسى شۇ يەرگە توپلۇنۇڭلار» دېدى.

سايلام ئوتكۈزۈش ئۈچۈن، خېلىل تەيجى، ئېسىمقان، قالى مەن، راخات، قادىر قاتارلىق 17 باشلىق قاراتاشقا كەلدى. جانىمقانمۇ بۇ يەرگە كەلدى. ئۇرۇمچى تەرەپتىن ئالدى بىلەن ئايروپىلان كېلىپ تەييار تۇرغان ئىكەن، جانىمقان ئالداپ 17 كىشىنى ئايروپىلانغا ئولتۇرغۇزۇپ، ئۇرۇمچىگە ئەۋەتتى. شېڭ شىسەي ئۇلارنى تۈرمىگە ئالدى.

لېكىن جانىمقاننىڭ ھىيلە - مىكىرلىرى ھېلىگەر ئوسماننى قاپقانغا چۈشۈرەلمىدى. 2 - قېتىملىق تەنپەندە ئوسمان جانىمقانغا ئىشەنمىدى. تەسلىم بولۇشنى خالىماي قورال تاپشۇرماستىن 30 دانە كىگىز ئۆينى ئېلىپ قومغا كىرىپ كەتتى.

### 5 - ئوسماننىڭ 2 - قېتىم ئوز ئالدىغا ھەركەت قىلىشى.

شۇ يىلى (1941 - يىلى قىش پەسلىدە، ئالتاي تەرەپتىن 3 ۋەكىل ئەۋەتىپ، ئوسماننى تەسلىم بولۇشقا دەۋەت قىلدى. بۇ 3 ۋەكىل ئالتايدىكى ماميلازەنگى، چىڭگىلدىكى ئۇۋاتقان، كوكتوقايدىكى ماغاۋىيا زالىڭلار ئىدى. ئوسمان ئۇلارغا «سىلەر جانىمقانچىلىكمۇ بولالمىدىڭلار، سوھبەتكە كەتكەن 17 كىشى نەگە كەتتى» دېدى دە، ۋەكىللەرنىڭ ئاتلىرىنى تارتىۋېلىپ پىيادە قايتۇردۇۋەتتى.



كېلەر يىلى (1942 - يىلى) 3 - ئايدا كوكتوقاي ناھىيىسى بىر بۆلۈك ئەسكەرلەرنى ئەۋەتىپ ئوسماننىڭ ئاۋۇلىنى قورشىۋالدى. ئوسمان 4 ئادىمى بىلەن قارامايىل دېگەن جايغا قېچىپ كەتتى. ئەسكەرلەر ئىزدەپ تاپالمىدى. 5 - ئايدا ئوسمان كوكتوقاينىڭ بۇدۇڭقار دېگەن جايىغا قايتىپ كەلگەن ئىدى. بۇ چاغدا ئوسماننىڭ ئىنىسى: سەن بىلەن بىللە سەرگەردانلىق تۇرمۇشى كەچۈرۈشنى خالىمايمەن، دەپ قايتىپ كەتمەكچى بولدى. ئوسمان ئۇنىڭغا بىر تال مىلتىق بېرىپ ئۇ ئارقىلىق كوكتوقاي ناھىيىسىگە مەنمۇ تەسلىم بولۇشنى خالايمەن دېگەن مەزمۇندا بىر پارچە خەت ئەۋەتتى. نەتىجىدە ئۇنىڭ ئىنىسى كوكتوقايغا بېرىشى بىلەنلا ناھىيىلىك گۇڭئەنجۈي تەرىپىدىن قولغا ئېلىندى. (ئوسماننىڭ پەقەت مۇشۇ بىرلا ئىنىسى بار ئىدى. 1943 - يىلى ئۈرۈمچىدە، شېڭ شىسەينىڭ تۈرمىسىدە ئولدى)

بۇ چاغدا كوكتوقاي ساقچى ئىدارىسى شىراۋشى قەبىلىسىدىكى كېلىسنى شەھەرگە چاقىردى. كېلىس ئالدىنقى يىلى (1941 - يىلى) سۇلايمان باتۇر بىلەن ساقچى ئىدارىسىگە بېرىپ جىدەل چىقىرىپ قادىرباي جۇيجاڭنى چىقىرىپ بېرىشنى تەلەپ قىلغان ھەمدە ساقچى ئىدارىسىنىڭ ئېتىنى بۇلىغان ئىدى. كېلىس: بۈگۈنكى كۈندە سۇلايمان ئولۈپ كەتتى، يەككە - يىگانە بارغان بىلەن چوقۇم ياخشى ئىش يوق دەپ ئويلاپ ئوغلىنى ئېلىپ قېچىپ كۆرتا قىزىلچاق دېگەن جايدا ئوسماننى تاپتى. ئوسمان كېلىس قاتارلىق 5 كىشى بىلەن بەيتىك تېغىغا يېقىن بولغان قارامايىل دېگەن جايغا قېچىپ باردى. كېلىسنىڭ مالىك ھاجى داموللا دېگەن بىر تۇققىنى بەيتىك تېغىدا تۇراتتى. ئۇلار شۇنى

ئىزدەپ تېپىپ، شۇ ئارقىلىق جاھاندىن تىنىڭ - تىڭشىماقچى بولدى. كېلىنى بىر ھەمراھىنى باشلاپ بەيتىك تېغىغا چىقىپ باشقا بىر ئاۋۇلغا كېلىپ قالىدۇ. بۇ يەردىكى قازاقلارنىڭ ھەممىسى ئۇلارنىڭ قاچقۇنچى باندىتلار ئىكەنلىكىنى بىلەتتى. كېلىنى ئامالسىز: «مەن مالىك ھاجى دامولىنى ئىزدەپ كەلگەن ئىدىم. بىز ئۇ ئارقىلىق مارتى (بەيتىك گۇڭگەنجۇينىڭ چۇيجاڭى)غا بېرىپ بىز بارلىقىمىز تەسلىم بولۇشنى خالايدىغانلىقىمىزنى ھۆكۈمەتنىڭ ۋەكىل ئەۋەتىشىنى ئېيتماقچى ئىدۇق» دېدى. بۇ سوزنى ئاڭلىغان كىشىلەر ئۇنىڭغا يارىدەملىشىپ مالىك ھاجى دامولىنى ئىزدەپ تېپىشىپ بەردى. كېلىنى خاتانىڭ ئۇستىگە خاتا بولسۇن دەپ ئۇنىڭغا «سەن ئەتە گۇڭگەنجۇيگە بېرىپ مېنى بىزنىڭ ئاۋۇلغا كېلىپ كەتتى دەپ دوكلات قىلغىن، ھەمدە مەن بىلەن ئوسماننى تەسلىم بولۇشنى خالايدىكەن — سىزنى شارىيىشىك دېگەن جايغا ۋەكىل ئەۋەتىپ بىز بىلەن تەنپەن قىلسۇن دېدى، دەپ يەتكۈزۈپ قوي، ئەگەر گۇڭگەنجۇي سېنى ئەۋەتسە سەن قورقۇپ كەتمەي يۈرەكلىك ھالدا كېلىپ بىزنى ئىزلە» دېدى. ئىككىنچى كۈنى مالىك ھاجى دامولla گۇڭگەنجۇيگە دوكلات قىلغاندا گۇڭگەنجۇي ئۇنىڭغا ماسەي، سىيىت قاتارلىقلارنى قوشۇپ ۋەكىل قىلىپ شارىيىشىك دېگەن جايغا ئەۋەتىپ ئوسماننى ئىزلەتتى. نەتىجىدە ئۇلارنى تاپالماي قايتىپ كەلدى. گۇڭگەنجۇي ئۇلارنى ئوسمان باندىتقا ھېسداشلىق بىلدۈردى، دەپ قولغا ئالماقچى بولدى. بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا بۇ 3 كىشى قېچىپ بېرىپ ئوسمانغا قوشۇلۇپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى. ئۇلار 8 كىشى قاراماييلدىن كوكتوقايغا قايتىپ كەلدى.



ئۇلار كوكتوقاينىڭ تۇرگىن دېگەن جايىغا كەلگەندە بىز 8 كىشى بىللە ماڭساق ئوڭاي ئاشكارا بولۇپ قالىمىز ئايرىم يۈرسەك خەۋپسىز بولىدۇ، دەپ مەسلىھەتلەشتى. شۇنىڭ بىلەن 1942 - يىلى 6 - ئايدا ئوسمان ئىككى ئوغلى بىلەن بىر گۇرۇھ كېلىنى بىلەن دادىسى ۋە مالىك قاتارلىق 3 كىشى بىر گۇرۇھ بولۇپ، ئايرىلىپ يۈرۈپ ھەرىكەت قىلدى. ئۇلار ئايرىلىش ۋاقتىدا مەسلىھەتلىشىپ 9 - ئاينىڭ 5 - 10 - 15 ـ ىنچى مۇشۇ 3 كۈندە كوپچۇلۇك ساربۇلاق دېگەن جايدىكى بىر ئىگىز چوققىغا بېرىپ كېچىدە ئۇچرىشىدىغانلىقىنى، كىمكى مۇشۇ 3 كۈن ئىچىدە شۇ جايغا كەلمىسە بۇ دۇنيادىن يوقالغان بولىدۇ، قالغانلىرىمىز باشقىدىن ھايات يولى ئىزلەيمىز دەپ بەلگۈلەشتى، ئۇلار ئايرىلغاندىن كېيىن ئوسمان قاتارلىقلار قومۇچلۇققا، كېلىنى قاتارلىقلار كوكتوقاينىڭ دۇرگۇن سارقارغاي دېگەن جايلىرىغا قېچىپ بېرىپ ئايرىم ھالدا يوشۇرۇنۇپ، ئاممىنىڭ ماللىرىنى ئوغۇرلاپ يەپ جان باقتى. ياز ئۆتۈپ 9 - ئاينىڭ 10 - كۈنى ئوزلىرى ۋەدىلەشكەن يەردە ئامان - ئىسەن يۈز كورۇشتى. قىش كىرگەندىن كېيىن قومۇلۇققا قېچىپ بېرىپ پۇكاڭ ئەتراپىدا چارۋىچىلارنىڭ ماللىرىنى ئوغۇرلاپ يەپ جان باقتى. ئۇ چاغدا ئۇرۇمچى تۈرمىسىدىن قېچىپ چىققان ئىككى كىشى (بىرىسىنىڭ ئىسمى ئالتورە) ئۇلارغا قوشۇلدى. شۇنىڭ بىلەن ئوسماننىڭ بۇ كىچىك گۇرۇھى ئون ئەزاسى بار بىر گۇرۇھ بولۇپ قالدى، ئىككىنچى يىلى (1943 - يىلى) 6 - 7 - ئايلاردا باشقىدىن ئامال ئىزلەشكە باشلىدى.

ئوسمان 1943 - يىلى 7 - ئايدىن 1946 - يىلى 7 - ئايغىچە

بولغان بۇ 3 يىل ئىچىدە 10 نەچچە كىشىلىك كىچىك بىر گۇرۇھتىن كۆپىيىپ ئالتاي رايونىنى مۇستەقىل چاڭگىلىغا كىرگۈزىۋالغان چوڭ قاراقچىلارغا ئايلاندى، ئۆزىنى قازاقلارنىڭ پادىشاسى دەپ ئاتىدى. 1946 - يىلى 8 - ئايدا گومىنداڭنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئاتتى.

## 6 - ئوسماننىڭ 3 ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قارشى تۇرۇپ گومىنداڭنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئاتقانلىقى.

ئوسماننىڭ سۇلايمان ۋە نۇرخوجاي ئىسىملىك ئىككى دوستى بار ئىدى. (بۇلارنىڭ ھەممىسى چاقاباي قەبىلىسىدىن ئىدى) 3 ۋىلايەت ئىنقىلابىدىن بۇرۇن كۈچ چىقىرىپ ئۇرۇش قىلغان ئىدى. 3 ۋىلايەت ئىنقىلابىدىن كېيىن خىزمەت تەقسىم قىلىنمىغانلىقى ئۈچۈن ئۇلار كۆڭلىدە نارازى بولۇپ 1945 - يىلى 8 - ئايغا كەلگەندە 10 نەچچە كىشىنى باشلاپ گومىنداڭغا تەسلىم بولدى. قومغا بېرىپ قىشنى چىقاردى. 1946 - يىلى 1 - ئايدا ئۇلار نۇرقاسىمنى (نۇرغوجاينىڭ ئىنىسى) ئۈرۈمچىگە جانىمقان بىلەن كۆرۈشكىلى ئەۋەتتى ئۇلارنىڭ جانىمقانغا يازغان خېتىدە: «ئالتاي قىزىللىشىپ كەتتى، ئوسمانمۇ بىزنى ياخشى كۆرمەيدۇ، ئەگەر بىز ئۈرۈمچىگە بارساق ياخشىلىق بارمۇ - يوق؟» دېيىلگەن. جانىمقان بۇ ئەھۋالنى گومىنداڭ كاتىۋاشلىرىغا دوكلات قىلغاندا گومىنداڭنىڭ كاتىۋاشلىرى جانىمقان ئارقىلىق قاپاسقا، (سۇلايمان، نۇرغوجايلارنىڭ مورىتى، ئوسماننىڭ يېقىنلىرى) «سىلەرنىڭ قانداقلا تەلىۋىڭلار بولسا، بىز ھەممىسىگە ماقۇل بولىمىز» دەپ خەت يازدى.



1946 - يىلى 2 - ئايدا قاپاس جانىمقاننىڭ خېتىنى ئوسمانغا تاپشۇردى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا جانىمقان ئوسمانغا ئايرىم خەت يېزىپ نۇرقاسىمدىن ئەۋەتتى، خەتتە «ئەگەر يۈز ئۆرۈشكە بەل باغلىساڭلار (3 ۋىلايەتكە قارشى تۇرۇشنى دېمەكچى) ۋەكىل ئەۋەتىڭلار، چۇلۇڭگەي ئەتراپىدىكى قۇملۇققا يېقىن ئايرىم بىر يېزا بار، يېزا باشلىقىنىڭ ئىسمى داشىر تۇڭگان. سىلەرنىڭ ۋەكىللىرىڭلار داشىرنى تاپقاندىن كېيىن، مەن بىلەن مۇناسىۋەتلەشسە بولىدۇ. سىلەرنىڭ قانداقلار تەلىۋىڭلار بولسا جاڭجىجۇڭ ماقۇل بولىدۇ. بۇ يەردە مەن سىلەر ئۈچۈن ئىشلەيمەن» دېيىلگەن.

3 ۋىلايەت ئىنقىلابى ئالتاينى ئازات قىلدى. 1945 - يىلى 10 - ئايدا ئالتايدا سايلام بولغاندا، ئوسمان سايلامغا قاتنىشىشنى رەت قىلدى. لېكىن يەنىلا كىشىلەر ئۇنى ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيلىقىغا سايلىدى. لېكىن ئوسمان ئالتايغا بېرىپ ۋەزىپىسىنى ئۆتىمەي، كوكتوقايدا تۇرىۋالدى. 12 - ئاينىڭ 10 - كۈنى ئىلىدىن ئادەم كېلىپ ئوسمانغا 3 ۋىلايەت بىلەن ئۈرۈمچى تەرەپ ئۆتكۈزىدىغان تەنپەن يىغىنىغا قاتنىشىشنى ئۇختۇردى، ئۇ بۇنىڭغىمۇ بارمىدى. كېيىن مەن ۋەكىل بولۇپ تەنپەنگە قاتناشتىم. مەن 1946 - يىلى 6 - ئايدا قايتىپ كېلىپ تەنپەندە ئىمزالانغان 11 ماددىلىق توختامنى ئوسمانغا سۆزلەپ بەرسەم ئوسمان ناھايىتى خاپا بولدى. ئۇ چاغدا ئۇ ئۈرۈمچى بىلەن ئاللىقاچان تىل بىرىكتۈرىۋالغان ئىكەن.

ئوسمان بىر تەرەپتىن سىر بەرمەستىن چارۋا رايونىدا تۇرۇپ، يەنە بىر تەرەپتىن داشىرنى كوكتوقايغا چاقىرىپ يوشۇ-

رۇپ قويۇپ، 8 - ئايدا قانات باي، قاخاشا، داشىر قاتارلىق
ئۈچ كىشىنى ئۈرۈمچىگە ئەۋەتتى. جانىمقان بۇنى سۈلۇكشىلەنگىە
دوكلات قىلدى. سۇلۇك ئەلۋەتتە ئوسماننىڭ گومىنداڭ قوينىغا
ئۆزىنى ئاتقان ھەركىتىنى قارشى ئېلىپ نۇرغۇن سوغا سالام
بەردى. يەنى بىر دانە تېلېگىراممىا ئاپاراتى ۋە ئىككى نەپەر
رادىيىست (خەنزۇ) بىر دانە جۇۋا، 500 تاختا چاي، 40 توپ
سوكنا 50 توپ تاۋار 100 توپ ھەرخىل گەزمال قاتارلىقلارنى
10 توگىگە ئارتىپ تۈگىگان يۇنۇسنى قارا توگىكىگىچە قوغداپ
ئاپىرىپ قويۇشقا بۇيرىدى شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۈرۈمچى
تەرەپتىن ھوسەيىن شەنجاڭنى 3 نەپەر خەنزۇ خىزمەتچى
بىلەن ئوسمانغا ياردەملىشىشكە ئەۋەتتى. (ئوسماننىڭ كاتىۋى
ۋە تەرجىمانى قۇرمانباي ئوسماننىڭ ئەھۋالىنى ئەڭ
ياخشى بىلىدۇ، ئۇ ئوسمانغا ئەگىشىپ ئوسمان تاكى باردىكول-
گە كەلگەنگە قەدەر بىللە بولغان، بۇ كىشى كېيىن ئالتاي ئور-
مانچىلىق ئىدارىسىدە تەرجىمانلىق قىلدى.) جانىمقان ئوسماننىڭ
ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق ۋەكىلى بولدى. جانىمقان ئوتتۇردا تىل
بىرىكتۈرۈشتە توھپە قوشقانلىقتىن شىنجاڭ باج ئىدارىسىنىڭ
جۇيجاڭى بولۇپ، ئۇزۇن ئوتمەيلا مالىيە نازارىتىگە نازىر بولدى.

7 - مەن ئەكسىلئىنقىلاۋى يولغا قانداق مېڭىپ قالدىم.
ئوسمان بىلەن قانداق مۇناسىۋەتتە بولدۇم؟

1946 - يىلى قىش كىلىشتىن بۇرۇن، مەن ئالتاي ۋىلايەتلىك
باج ئىدارىسىنىڭ جۇيجاڭلىقىغا تەيىنلىنىپ ئالتايدا تۇردۇم. شۇگ-
لاشقا ئوسماننىڭ چارۋىچىلىق رايونلىرىدا ئېلىپ بارغان ئاسىيى-



لىق ھەركەتلىرىنى ئانچە بىلمەيمەن. قىشنىڭ بېشىدا مەن دەم
لىلقاندىن (سايلامدا دەلىلقان مائاۋىن ۋالى بولغان ئىدى. ئوس-
مان ئالتايغا بېرىپ خىزمەت ئىشلىمەنلىكى ئۈچۈن ، دەلىلقان ۋا-
قىتلىق ۋالى بولۇپ تۇردى). رۇخسەت سوراپ چىڭگىلغا باردىم.
كېيىن چىڭگىلدىن ئالتايغا قايتىدىغان چېغىمدا ئوسمان يولنى
توسىۋالغانلىقتىن مەن قايتىپ كىتەلمەي ئاخىرى ئوسماننى يوق-
لاپ باردىم. ئۇ مېنىڭدىن: سەن نەگە بارماقچى ئىدىڭ، دەپ
سورىدى. مەن «رۇخسەت سوراپ چىڭگىلغا كەلگەن ئىدىم. ئەم-
دى ئالتايغا قايتماقچىمەن، لىكىن يول ئېتىلىپ قاپتۇ ئەگەر رۇخ-
سەت قىلساڭ سىنىڭ يېنىڭدا تۇرۇپ قالاي، بولمىسا چىڭگىلغا
ئويۇمگە كەتسەم دەيمەن» دىدىم، ئۇ ماڭا «سەن ئاۋال قونۇپ
قال، قالغان گەپ سوزلەرنى كېيىن سوزلىشەيلى» دىدى. ئەتى-
سى ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى 4 ۋەيۋەن ئادىلقانباي، مەخەممەت-
جان، خاسەنزەڭگى، مومىنباي (بۇلارنىڭ ھەممىسى ئوسماننىڭ
سەنمولىرى) بىلەن سوزلەشتىم. ئوسمان ماڭا: «3 ۋىلايەت ئىنق-
لاۋىدىكىلەر بىلەن ئۈرۈمچىنىڭ بېتىمى مېنىڭ ھازىر قولغا كەل-
تۈرگەن غەلبەمگە يەتمەيدۇ. سەن مېنىڭ كۈچۈمنى كورگىن،
بىرنىچىدىن رادىيويۇم بار، ئۈرۈمچى بىلەن بىۋاستە سوزلىشەلەي-
مەن. ئىككىنچىدىن 3 كۈندىن كېيىن ئايروپىلان كىلىدۇ. مۇندىن
كېيىن ماڭا لازىم بولغان نەرسىلەرنى ئايروپىلان بىلەن يوتكەپ
كىلەلەيمەن، ھازىر ئايروپىلان ئىستانىسى ياساۋاتىمىز، سەن بې-
رىپ ئوز كۆزۈڭ بىلەن كورۈپ كەلگەندىن كېيىن چىڭگىلغا
قايتساڭمۇ كېچىكمەيسەن» دىدى.
شۇ چاغدا ئوسماننىڭ قول ئاستىدا 200 دەك ئەسكىرى

بولۇپ تولسىنى كوكتوقايدىكى ۋاقتىدا تويلىغان، قالغانلىرىنى مانات بۇرۇلتوقايدىن ئېلىپ كەلگەن، 4 ۋىيۇەن ۋەقابىباسمۇپتى ئىسسىلىك بىر قازىسى بار ئىدى. (بۇ قازىسى جانىمقان بىلەن مەخپىي بېرىش كېلىش قىلىدىغان كىشى) ئىدى.

مەن بۇيەردە 4 كۈن ئايىرۇدۇرۇم ياساشقا قاتناشتىم، ئوسمان ماڭا ئېيتتى: «سەن ئۆيۈڭگە قايتىپ بىر ئاي دەم ئال، دۇكانغا كىرىپ ئۆزەڭگە ئېھتىياجلىق نەرسىلەرنى ئالىۋالغىن» دېدى. مەن بىر توپ سوكنا، بىر توپ چىت، 10 مېتىر سارجا 15 مېتىر تاۋار 10 تاختا چاي ئالدىم. مانا بۇلار مېنىڭ ئوسماننى ئىزلەپ بېرىپ ئېرىشكەن نەرسىلىرىم بولدى.

مەن چىڭگىلغا قايتىپ 11 - ئاينىڭ ئاخىرىدا كەلگەندە، ئوسمان ئادەم ئەۋەتىپ مېنى چاقىرتىپتۇ، مەن چىڭگىلدىكى چوڭ - چوڭلار بىلەن بېرىش بارماسلىق توغرىسىدا مەسلىھەتلەشتىم. ئۇلار ماڭا: «سەن بارمىساڭ ئوسمان بىزنىڭ ماللىرىمىزنى بۇلايدۇ، بىز خاتىرجەم بولالمايمىز. بىز خەت يېزىپ سەن بىلەن ئادەم قوشۇپ بىللە ئەۋەتىپ ئۇنىڭ بىلەن كورۇشەيلى، مۇشۇنداق قىلغاندىلا بىز خاتىرجەم بولالايمىز» دېدى. مەن بىر ئادەم بىلەن ئوسماننىڭ ئالدىغا كەلدىم. ئوسمان: «جاڭ جىڭجۇڭدىن تېلېگىرام كەلدى. ئۈرۈمچىگە ئادەم ئەۋەتىپ ياردەمنى قوبۇل قىلىشىمنى ئەيتىپتۇ، مەن 4 ۋەكىل ئەۋەتىشنى بەلگىلىدىم. سەنمۇ شۇلارنىڭ ئىچىدە، چۈنكى سەن مالىيە ئىشىنى بىلىسەن ئادىلقانباي باشلاپ بارىدۇ. چىڭگىل خەلقى ھەمكارلىشىشنى خالامدۇ، خالىمامدۇ؟ بۇنىسى ماڭا نامەلۇم. سەن ئۆزەڭ بېرىشنى خالامسەن يوق؟» دېدى. بىز چىڭگىلدىكى خەلقلەرنىڭ خېتىنى ئوسمانغا تاپشۇردۇق.



1946 - يىلى 12 - ئاينىڭ 28 - كۈنى بىز 8 كىشى يولغا چىقتۇق. ئۈرۈمچى تەرەپتىن بىر خەنسۇ، بىر قازاق قوشۇلۇپ 10 كىشى بولدۇق. ئۈرۈمچىگە بارغاندىن كېيىن جانىمقاننىڭ قورۇسىدا تۇردۇق. بىزگە ئالدىن - ئالا ياتاق تەييارلاپ قويغان ئىكەن.

1947 - يىلى 1 - ئاينىڭ 17 - كۈنى جاڭ جىڭجۇڭ بىزنى قوبۇل قىلدى. بىز ئوسماننىڭ 500 دانە مىلتىق 40 دانە پىلىموت، 10 مىڭ تال ئوق ياردەم قىلىشنى تەلەپ قىلغان خېتىنى تاپشۇردۇق. ئىككى كۈن ئۆتكەندىن كېيىن جاڭ جىڭجۇڭ بىزنى چاقىرىپ، كورۇشۇپ بىزگە: «مەن نەنجىڭگە بارماقچى بولدۇم. بۇنىڭغا 2 ئاي ۋاقىت كېتىدۇ. سىلەر ۋاقىتىنچە مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۇرۇڭلار، ئوسمان تەلەپ قىلغان ئوق - دورىلارنىڭ ھەممىسىنى بېرىمىز» دېدى. ئۇ بىز بىلەن بىللە بارغان جانىمقانغا: «سەن بۇلارنىڭ ياتاق، يېمەك - ئىچمەكلىكىگە ناھايىتى ياخشى ئېتىۋار بەرگىن، ئۇلار مىنىپ كەلگەن ئاتلارنى ئەسكەرلەر باقسۇن. قالغان ئىشلارنى ليۇمىشۇجاڭ بىر تەرەپ قىلسۇن،» دېدى.

بىز ئۈرۈمچىدە 3 ئاي تۇردۇق. جاڭ جىڭجۇڭنىڭ كەلگەنلىكىدىن خەۋەر يوق. 1947 - يىلى 3 - ئاينىڭ ئاخىرىدا جانىمخان بىلەن ليۇ مىشۇجاڭ بىزنى چاقىرتىپ: «ھازىر ئوسمان بىلەن دەلىلقان ئۇرۇشۇپ قالدى ، ئۇرۇشمىسا بولاتتى. سىلەر ئەتىلا قايتىپ ئۇرۇشنى توختۇتۇشنى ئېيتىڭلار. مەيلى قانداقلا بولمىسۇن ئالتاي ئوسماننىڭ، بىز ئالتاينى تارتىۋېلىپ ئۇنىڭغا قايتۇرۇپ بېرىمىز» دېدى، بىز: «قورال كېيىنى ئورتىغا قويدۇق.» ليۇ بىزگە جاۋاب بېرىپ: «بىز 300 تال مىلتىق 20 تال پىلىموت ئەۋەتتۇق. قالغىنىنى جاڭ جىڭجۇڭ قايتىپ كەلگەندە چىتەيدىن ئە-

ۋەتىپ بېرىمىز. قالغان كۈنلىرىنى ئەھۋالنى تېلېگىرام ئارقىلىق مۇناسىۋەتلىشەيلى» دېدى. ليۇ بىز 4 ۋەكىلنىڭ ھەر بىرىمىزگە 5 مىڭ يۈەندىن پۇل تەقدىم قىلدى. (شۇ چاغدا بىر تاختاچاي 8 يۈەن ئىدى.)

1947 - يىلى 4 - ئايدا بىز ئۈرۈمچىدىن چىقىپ 6 كۈن ماڭدۇق. ئىككى ئات ھېرىپ ئۆلدى. بىز ئوسمان بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇنىڭغا ئۇرۇشنى توختۇتۇش توغرىسىدا نەسىھەت قىلدۇق. بۇ چاغدا ئوسمان بىلەن دەلىلقان 3 قېتىم ئۇرۇش قىلىپ ،ئوسمان ئىككى قېتىملىق ئۇرۇشتا يېڭىلگەن ئىكەن. ئوسمان گەپنى ئاڭلىمىدى. ھوسۈيىن ياندا تۇرۇپ كۈشكۈرتۈپ: «سىلەر ھېچنەرسىنى بىلمەيسىلەر. بۇ قېتىمقى ئۇرۇشقا سۇڭشىلىڭ سىپلىك (سۇڭشىلىيەننى دېمەكچى) قوماندانلىق قىلدى. ئەگەر ئۇرۇش كېڭىيىپ كەتسە چىتەيدىن خەن شىجاڭنىڭ ئەسكەرلىرىنى يۆتكەپ كېلىپ ئالتاينى ئالمىغىچە توختۇمايمىز» دېدى. ئۇرۇش توختۇمىغانلىقتىن مەنمۇ قاتناشتىم 7 - ئاينىڭ باشلىرىدا دەلىلقان بىلەن بولغان بۇ ئۇرۇشتا ماڭا ئوق تەگدى. پۇتۇمنىڭ بىر تال سۆڭىكى ئۈزۈلدى. بەيتىكنىڭ ئۈزۈن بۇلاق دېگەن يېرىدە 3 ئاي داۋالاندىم. بولتۇرقى مۇشۇ كۈنلەرنى خىيال قىلسام مەن دەلىلقان بىلەن ئالتايدا بىرگە ئىشلەۋاتقان ئىدىم. ئۇ ۋالى مەن جۈيجاڭ ئىدىم. بۈگۈنكى كۈندە جاننى تىكىپ قويۇپ قاتتىق ئۇرۇش قىلدۇق. بۇ نىمە ئۈچۈن؟ مانا بۇ گومىنداڭ كەلتۈرۈپ چىقارغان ئۆز - ئارا قىرغىنچىلىق ئىدى.

8 - ئوسمان بىلەن سۇڭشىلىيەننىڭ تىل بېرىكتۈرۈشى.

ئوسمان مەغلۇپ بولۇپ بەيتىكتىن قايتىش ئالدىدا چىتەيدە تۇرۇشلۇق گومىنداڭ قوشۇنلىرىدىن خەن شىجاڭ 60 خۇيزۇ،



40 خەنزۇ جەمئىي 100 نەپەر ئەسكەرنى ئوسماننىڭ قوماندانلىقىغا ئۆتكۈزۈپ بەردى. ھەمدە 200 تۆگىدە ئوق ئەۋەتتى. ئوسمان ياردەمگە ئېرىشكەندىن كېيىن بارلىق ئەسكىرى كۈچىنى باشلاپ تاغلىق جايلارغا يۆتكەلدى، چېكىنىپ بورۇنغا دېگەن جايغا كەلگەندە دەلىلقاننىڭ ئەسكەرلىرى توسۇۋالدى. ئىككى تەرەپ ئېتىشتى. ئۈرۈمچىدىن بىزنى ، بەيتىك تەرەپكە چېكىنىڭلار دەپ تېلېگىرامما كەلدى. بىز ئائىلە تەۋەلىرىمىزنى چىڭگىلدا قالدۇرۇپ، ئوسمان بىلەن بىرلىكتە 100 ئەسكەر 200 تۆگە بىلەن بەيتىككە كەلدۇق.

بىز بەيتىككە كەلگەندىن كېيىن خەن شىجاڭ 60 نەپەر خۇيزۇ ئەسكەرلەرنى چىتەيگە قايتىشقا بۇيرۇق قىلدى، بىز يىغىن ئاچتۇق. يىغىنغا ئوسمان، مانان، خۇسەيىن، يۇنۇس قاتارلىق نۇرغۇن كىشىلەر قاتناشتى. يىغىندا ئىككى كىشىنى - مانات بىلەن مېنى دەرھال ئۈرۈمچىگە بېرىپ گومىنداڭنىڭ ھەربى مەسئۇللىرىدىن ئادەم قورال - ياراق ياردەم قىلىشنى تەلەپ قىلىشقا بەلگۈلىدى. بىز ئىككىمىز 60 نەپەر خۇيزۇ ئەسكەر بىلەن بىرلىكتە چىتەيگە كەلدۇق. ئالدى بىلەن خەن شىجاڭ بىلەن كۆرۈشتۇق. خەن شىجاڭ بىزنى ماشىنا بىلەن جانىمقاننىڭ ئۈرۈمچىدىكى ئۆيىگە ئەكىلىپ قويدى، ئۇ چاغدا جانىمخان بانكا بىناسىنىڭ 2 - قەۋىتىدىكى 8 - نومۇرلۇق ئۆيدە خىزمەت قىلىدىكەن. ئۇ بىزنى سۇڭشىلىيەن بىلەن كۆرۈشتۈردى. بىز سوزلەشكەندىن كېيىن،سۇڭ- ئالدى بىلەن 4 ماشىنا ئەۋەتىپ ئوسمانغا ئۇن، چاي، يەتكۈزۈپ بېرىدىغانلىقىنى ئېيتتى. مېنى ماشىنا بىلەن بىرگە قايتىشقا بەلگۈلىدى. مانات ئۈرۈمچىدە تۇرۇپ باشقا ئىشلارنى بېجىرسۇن دېدى. سۇڭشىلىيەن ماڭا: «قايتىپ بېرىپ ئوسمانغا ئېيتىپ قوي، بىز ھەربى ئەمەلدار ئەۋەتىمىز. كۈنلىرىنى ئەھۋالنى ئىگەل-

لەپ، ئوسماننىڭ تەلۋىنى دىگەندەك قاندۇرىمىز» دىدى. سۆلكىيەنە جانىمقانغا: سەن ئوغلۇڭنى (خەمىت) ۋە خادىۋاڭ (ئەلەنۋاڭنىڭ خوتۇنى) نىڭ ئوغلى (زاكىيقان) نى لاتىپ بىلەن بىللە بېرىپ ئوسمان بىلەن كورۇشۇپ كېلىشكە ئەۋەتكىن، دىدى. سۆلكىشىلىيەن ماڭا بىر دانە ماۋزىر تاپانچا، بىر پارچە كېگىز تەقدىم قىلىپ، سەن ئائىلەڭنى چىڭگىلدە قالدۇرۇپ ئوسمانغا قوشۇلۇپ يۈرۈپسەن، خاپا بولما، بىز كېيىن ئورۇنلاشتۇرىمىز» دىدى. بىز ئۈچەيمىز چاي ۋە ئۇن قاچىلانغان ماشىنىغا ئولتۇرۇپ چىتەيگە كەلدۇق. بۇ يەردە خەنشىجاڭ بىلەن كۆرۈشتۇق. خەنشىجاڭ چوڭكەن بىلەن مافۇگىۋەننى قوشتى. بىز بەشەيلەن چاي ۋە ئۇن قاچىلانغان 5 ئاپتوموبىلنى ھەم 5 ئارغىماقنى ئېلىپ (بىر ئارغىماقنى جانىمقان، بىرنى خادىۋاڭ، بىرنى جوڭكەن تەقدىم قىلغان ئىدى بۇ يەردە يەنە قادىر شەنجاڭدىن 100 قويغا تېگىشكەن قارا ئات ۋە خەنشىجاڭ سوغات قىلغان 2 چىپار ئاتمۇ بار ئىدى. بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئوسمانغا تاپشۇرۇپ بەردۇق.) 6 - ئاينىڭ باشلىرىدا بەيتىككە يېتىپ باردۇق.

بۇ چاغدا چىڭگىلدىكى ھەسەن ئۆكۈردايى، ئىدرىس زەڭگى باشچىلىقىدىكى 100 ئائىلە سەككۇلتەيى دىگەن يەردە بۇزۇلۇپ بەيتىككە قاچقان ئىكەن. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان ئوسمان ئۆزىنىڭ تۇققىنى زەينەللىنى 40 ئادەم بىلەن بېرىپ قارشى ئېلىشقا ئەۋەتتى. بۇ 40 ئادەم يېرىم يولغا كەلگەندە، دەلىلقان ئەۋەتكەن يۇسۇپجان باشچىلىقىدىكى (شۇ چاغلاردا ئۇيغۇرلارنى سارت دەپ ئاتايتتۇق) 60 ئەسكەر بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىپ سوقۇشتى. (دەلىلقان ئوز ئەسكەرلىرىنى تۈركىستان ئەسكەرلىرى دەپ



ئاتايتتى. ئوسمان بولسا ئۇلارنى «قارلى» دەپ ئاتايتتى. (يەنى بۇزۇقلار دەيتتى.) نەتىجىدە قوغلاپ كەلگەن ئەسكەرلەر يېڭىلدى. ئۇلارنىڭ ئاپتوموبىللىرى قولغا چۈشتى. ھېلىقى 100 ئائىلىلىك ئامان - ئېسەن بەيتىككە يېتىپ كەلدى. كېيىن، چىڭگىلدىكى مۇلقا قەبىلىسى ۋە موڭغۇللارنىڭ بەزى ئاقساقاللىرى: جېلىل ھەيدار، ئىما دۇلدا، قاھارمان، تاقاي ئۇشۇرجاپ، ئۇشۇربات، قابى، قايىن جىلقىچى، ئابدۇقالى قاتارلىقلار 4 ئادەم تەيىنلەپ ئوسمان بىلەن ماڭا: «بىزمۇ سىلەرگە قوشۇلدۇق. ئەسكەر ئەۋەتىڭلار» دەپ خەت ئەۋەتىپتۇ. ئوسمان دەرھال قاپاس باتۇر باشچىلىقىدا 100 ئەسكەر ئەۋەتتى. ئۇلار سارتوقايغا كەلگەندە، دەريا سۈيى كۆپىيىپ كېتىپ دەريادىن ئۆتەلمەپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار يەنە ئادەم ئەۋەتىڭلار دەپ ئېلتىماس قىلغان ئىكەن، ئوسمان مىنى بالا - چاقىلىرىڭنى ئەكەلگەچ سەن بارغىن دەپ بۇيرىدى. بىز 500 ئائىلىلىك كىشىنى كۆچۈرۈشتە، يول بويى «قارلى» ئەسكەرلىرى بىلەن سوقۇشۇپ ماڭدۇق. ئېتىمغا ئوق تەگدى. مەنمۇ يارىلاندىم. چوڭ قوشۇن چىڭگىل دەرياسى بويىغا كەلگەندە دەريا سۈيى كۆپىيىپ كەتكەنلىكىدىن، ئۇششاق ماللار «قارلى» لارنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتتى، بىز ماللارنى ھايداپ ئوسماننىڭ قېشىغا كەلدۇق.

1947 - يىلى 7 - ئاينىڭ باشلىرىدا چىڭگىل خەلقى ئۇششاق ماللاردىن ئايرىلىپ قالغاچقا ئالدىن كەلگەنلەر ئاچ قېلىش خەۋپىگە دۇچ كەلدى. بۇ چاغدا خەنشىجاڭ 500 ئەسكەر ئەۋەتتى. چىتەيدىكى قازاقلارمۇ 200 ئادەم ئەۋەتتى. ئوسمان بۇ ئەسكەرلەرگە قوماندانلىق قىلىپ، بەيتىكنىڭ شەرقىدىكى رەقىبى — سىرتتىن كەلگەن قوشۇن بىلەن بىر ئاي سوقۇشتى.

ئوسمان بەيتىكتە بىر يىل ھەرىكەت قىلغاندىن كېيىن 1948-يىلى 5-ئايدا جىمسار ناھىيىسىگە يوتكۇلۇشكە مەجبۇر بولدى. ئۇ قانداقمۇ جىم تۇرالىسۇن؟ ئۇ جىمساردىن خۇسەيىن، شىرىدىمان قانات بەكلەرنى ياردەم تەلەپ قىلىشقا ئۈرۈمچىگە ئەۋەتتى. سۇڭشىلىيەن ئالدى بىلەن ئوسمانغا 2 دانە ئاق ئوي 100 توپ رەخ، 3000 تاختا چاي بەردى. 6-ئاينىڭ ئاخىرىدا سۇڭشىلىيەن ئوسماننى ئۈرۈمچىگە تەكلىپ قىلىپ زاكىچىننى ئەۋەتتى. ئوسمان ماقۇل بولدى.

1948-يىلى 7-ئاينىڭ 10-كۈنى ئوسمان 70 ئاقساقال 100 ئەسكەر بىلەن ئۈرۈمچىگە كەلمەكچى بولدى. گومىنداڭ ھوكۇمىتى جانىمقاننىڭ چوڭ ئوغلى دەلىلقان زاكىر ۋە قورچاق ئۆلكىلىك ھوكۇمەتنىڭ باش كاتىۋى ئەيسا قاتارلىق بىرەر يۇزدەك ئادەمنى ئوسماننى قارشى ئېلىشقا چىقاردى. گومىنداڭ ھوكۇمىتى 10 ئاق ئوي 20 چېدىر تەييارلاپ ئوسماننىڭ دىگىنى بويىچە ئۇنى شۇيموگودا ئورۇنلاشتۇردى. بىز ئۈرۈمچىدە 8 كۈن تۇردۇق. بۇ يەردە يەنە مۇنداق بىر سوزمۇ بار: ئوسمان ئۈرۈمچىگە كەلگەندىن كېيىن، ھەر ئىككى تەرەپ ئوز كىرامەتلىرىنى كورسۇتۇشتى. ئوسمان ئوزىنى كاتتا قىلىپ كورسەتتى. گومىنداڭمۇ ساختىپەزلىك قىلىپ كاتتا زىياپەت ئوتكۇزدى. ئوسمان يولغا چىقىشتىن بۇرۇن، چىڭگىل، كوكتوقايدىكى 270 ئاقساقالنى جىيەبەيخۇغا (چىتەي بىلەن جىمسار ئارىلىقىدىكى بىر جاي) توپلاپ بۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئابرويلۇق ئادەملەردىن 70 نى تاللاپ ئوزىگە ئەگەشتۇرۇۋالغان ھەم ئۇلارنى ئىشەنچان قىلىپ كورسىتىپ، گومىنداڭ ئەمەلدارلىرى ئالدىدا ئوزىنى كورسەتتى. ئۇ يەنە خەلقتىن (ئەمەلىيەتتە بۇلاپ



ئالغان) 40 دانە ياخشى ئات توپلاپ گومىنداڭنىڭ ئۈرۈمچىدىكى كاتتىۋاشلىرىغا سوغات قىلماقچى بولدى. گومىنداڭ 4 قېتىم كاتتا زىياپەت بەردى. بىرىنچى قېتىمقىسىغا زۇڭ سىلىڭ سۇڭشىلىيەن رىياسەتچىلىك قىلدى. 100 دىن ئارتۇق كىشى قاتناشتى. 2-قېتىمقىسىغا ۋالى مەھكىمىسى ساھىپخانلىق قىلدى. 80 نەچچە كىشى قاتناشتى. (قەمبەرخان بىزنىڭ شەرىپىمىزگە ئۇسۇل ئويناپ بەردى) 3-قېتىمقىسىنى ئۇيغۇر ئويۇشما ئويۇشتۇردى. خوجانىياز ھاجى رىياسەتچىلىك قىلدى. بىزگە 200 دانە ماتا 70 دانە چەكمەن سوغات قىلدى. 4-قېتىمقىسىنى جانىمقان بىلەن زاكىچىن باش بولۇپ قازاقلار نامىدىن ئويۇشتۇردى. ئوسمان نىمە ئۈچۈن چىڭگىل كوكتوقايدىكى ئاقساقاللارنى ئوز قولىدا تۇتۇپ تۇردۇ؟ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى نىمە ئۈچۈن ئوسماندىن پايدىلانماقچى بولدى. مېنىڭچە بۇنىڭدىكى ئاساسى سەۋەپ، ئوسماننىڭ قولىدا 300 ئەسكەر بار ئىدى. بۇنىڭدىن 100 ئەسكەر ئوسماننىڭ ئايتۇغان قەبىلىسىدىن ئېلىنغان. 100 ئەسكەر ئالتاي جېمنەيدىن قېچىپ كېلىپ قوشۇلغان. 100 ئەسكەر قابا ناھىيىسىنىڭ قادۇتان دىگەن يېرىدىن قېچىپ كەلگەن رۇس ئەسكەرلەر ئىدى. ئوسمان مۇشۇ 300 ئەسكەرگە تايىنىپ خەلقنى بۇلىدى ۋە بوزەك قىلدى. بۇ قېتىم ئوسمان بىلەن سۇڭشىلىيەن ئۈرۈمچىدە كېلىشىم تۇزدى. مەزمۇنى: ئوسماننىڭ قوراللىق قوشۇنىنى 1000 كىشىگە كوپەيتىش، ھەربىيلەرنىڭ تەمىناتىنى ئۈرۈمچىدىكى مالىيە تارماقلىرى ئوز ئۇستىگە ئېلىش، گومىنداڭ قوشۇنى 100 ئادەم ئەۋەتىپ ئوسماننىڭ 1000 ئادىمىنى تەربىيىلەشكە ياردەم بېرىش، ئەسكەرلەر جىمسارنىڭ سەنتەي دىگەن يېرىدە تۇرۇش، بىر ئادەم قېلىپ،

سۇلېشى لىيەننىڭ ئالاقىچىسى بولۇش دېگەنلەردىن ئىبارەت. سۇلېشى لىيەن ئوسمانغا بىر ناگان، بىر دۇربۇن، بىر قىلىچ، 600 تاختا چاي نەچچە يۈز توپ رەخ سوغات قىلدى. (ئوسمان ھەر بىر ئىمزىگە 2 تاختىدىن چاي بىر توپتىن رەخ بەردى.) ئوسمان قايىم قازىنى سۇلېشى لىيەننىڭ يېنىدا قالدۇرۇپ، قالغانلار بىلەن چىمسارغا قايتىپ بېرىپ سەنتەيگە ئورۇنلاشتى. دەسلەپتە 600 ئەسكەر ئېلىندى. بۇلارغا قابان، مانان، قۇرمان، نۇرەكلەر (تۆۋەن دەرىجىلىك) باشچىلىق قىلدى. ھەربىي تەمىناتنى قايىم قازى ئۈرۈمچىدىن بىۋاستە ئېلىپ كېلەتتى. شۇندىن باشلاپ ئوسمان يەنە جانلىنىشقا باشلىدى.

## 9 - ئوسماننىڭ ماكنان بىلەن تىل بىرىكتۈرۈشى

1947 - يىلى مەن بەيتىكنىڭ ئۆزۈن بۇلاق دېگەن جايىدا 3 ئايدەك داۋالاندىم، بىر كۈنى ئوسمان، قانات بەكلەر مېنى يوقلاپ كەلدى. ئوسمان ماڭا ئۆزىنىڭ ئامېرىكا كونسۇلى ماكنان بىلەن تۈنجى قېتىم ئۇچراشقانلىق جەريانىنى سۆزلەپ بەردى.

ئۇ مۇنداق دېدى: - ئامېرىكا كونسۇلى 3 ئادەم بىلەن كېلىپ مەن بار ئاۋۇلدا 4 كۈن ياتتى. ئۇلار خەرىتە ئالماقچى ئىكەن. كونسۇل ماڭا: — بەيتىك چوقۇسىغا ئېلىپ چىقساڭ - دېدى. مەن كونسۇلنى بەيتىكنىڭ ئەڭ ئېگىز چوققىسى ئالاتنۇباغا ئېلىپ چىقتىم. ئۇلار دەل خەرىتىگە ئېلىۋاتقاندا تاشقى موڭغۇلىيەنىڭ شۇ جايدا تۇرۇشلۇق ئەسكەرلىرى سېزىپ قېلىپ ئوق چىقىرىپ كونسۇلنىڭ شەپكىسىنى ئېتىپ چۈشۈرۈۋەتتى. كونسۇل ئالاقزادە بولۇپ تاغدىن قېچىپ چۈشۈپ ئويۇمىگە كىرىۋالدى، - دېگەن سۆزلەرنى ئېيتىپ بەردى.



1948 - يىلى 7 - ئاينىڭ 16 - كۈنى ئوسمان ئۈرۈمچىگە كېلىپ 7 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن سائەت 9 دا ئەسلىدە بىز بىلەن تونۇش (ماشاڭ شەن) يۇنۇس دېگەن بىر خۇيزۇ، ئەسكەر بىلەن كىچىك ماشىنىغا ئولتۇرۇپ ئوسماننىڭ شۇيمۇگۇدىكى قوناق جايىغا كەلدى. ئوسمان مېنى چاقىرتتى. مەن بېرىپ يۇنۇس بىلەن كۆرۈشتۈم. (شۇ چاغدا ئوسماننىڭ كىچىك ئوغلى زىبىمۇ بار). ئوسمان ماڭا: — سىلەنىڭ (سۇلېشى لىيەن) ئىككىمىزنى چاقىرتىپتۇ. بۇ مەخپىي ئىش، باشقىلار بىلىپ قالمىسۇن. ياخشىراق كىيىملىرىڭنى كىيىۋالغىن، دېدى. مەن: — بۇنىڭدىن باشقا ياخشى كىيىمىم يوق، دېدىم. يۇنۇس: سىلىنىڭ ئىككىمىزنى ئاپىرىمەن، مېھمانغا چاقىردى. باشقا يەرگە بارمىغاندىن كېيىن مۇشۇ كىيىنىشىڭىزمۇ بولىدۇ، دېدى. ئوسمان پەقەت ئاكىسىنىڭ ئوغلى قابۇل بالى بىلەن كۈيۈغلى گېشىدەننى ئېلىپ باردى. بىز 4 كىشى سۇلېشى لىيەننىڭ ئىشخانىسىغا كەلدۇق. ئىشخانىدا ئىككى ئادەم ئولتۇرۇپتىكەن، سۇلېشى لىيەن بىزگە بۇنىڭ بىرسىنى تونۇشتۇرۇپ: بۇ كىشى بولسا ئامېرىكا كونسۇلى ماكنان ئەپەندى بولىدۇ. سىلەر بەيتىكتە كۆرۈشكەن، ئېسىڭلاردىمۇ - دېدى.
ئوسمان: توغرا دېدى. ئەمما مەن ماكناننى تۇنجى قېتىم كۆرۈشۈم ئىدى.

ماكنان: سىزنىڭ ئۈرۈمچىگە كەلگىنىڭىز بەكمۇ ياخشى بولدى. ئامېرىكا بىلەن جۇڭگو ياخشى دوست. سىز جۇڭگولۇقلار ئىچىدىكى جەڭگىۋارلىق ئەزىمەت، دېدى. ئوسمان: مەن بۇرۇن ئامېرىكا بىلەن جۇڭگو ياخشى دوست ئىكەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم. ئامېرىكىنىڭ پەن - تېخنىكىسى بەكمۇ يۇقىرى دەيدۇ. يېڭى قۇراللاردىن ياردەم بېرىشىڭىزلارنى سورايمەن. ئاڭلىسام ئامېرىكىدا تاغنىڭ بۇ

تەرىپىدىن ئاتسا تاغنىڭ ئۇ تەرىپىگە بېرىپ تىگىدىغان قورال، تاغ ئارتىلىپ يىراقنى كورىدىغان دۇربۇنمۇ بارمىش. ئىككى دوۋلەتنىڭ دوستلىقى ئۈچۈن ماڭا يېڭى قورال بېرىشىڭلارنى سورايمەن،- دېدى. ماكنان ئۇنىڭ سوزىنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن، مەندىن: سىزنىڭ نىمە تەلىۋىڭىز بار- دەپ سورىدى. مەن: مېنىڭ باشقا پىكرىم يوق. باتۇر (ئوسماننى دېمەكچى)نىڭ تەكلىۋى بىزنىڭ ئورتاق ئارزۇيىمىز، دېدىم. ماكنان: - ئامېرىكىنىڭ قۇدرەتلىك تېخنىكا كۈچى بار، ئامېرىكا- دۇنيادا تەڭداشسىز كۈچلۈك. ئەگەر ئۇرۇمچى بىرەر خەۋپ- خەتەرگە ئۇچراپ قالىدىغان بولسا ئامېرىكىدا ئايروپلان كوپ، بىرئاي ئۇرۇش قىلساق مەسىلە ھەل بولىدۇ. يېڭى قورال كېرەك بولسا ياخشى، يېڭى قورالنى ئىشلىتىش تېخنىكىسىنى ئۈگۈنۈش ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئادەم ئەۋەتىڭ- دېدى. ئەڭ ئاخىرىدا ماكنان: بۇندىن كېيىن زۇڭشىلىڭ ئارقىلىق ئالاقە باغلاپ تۇرايلى. سىز بۇ يەردە ئالاقە باغلاش خىزمىتىنى ئوتەش ئۈچۈن بىر ئادەم ئەۋەتىڭ،- دېدى.

قايىمقازى سۇڭشى لىيەنىنىڭ يېنىدا تۇردۋاتىدۇ - دېدى.

1948- يىلى 10- ئايدا تەربىيە ئېلىش ئۈچۈن ياشلاردىن 4 نى ئەۋەتتۇق. بۇلارنىڭ ئىچىدە زالىبە دېگەندىن باشقىلىرىنىڭ ئىسمىنى بىلمەيمەن. 1948- يىلىنىڭ 5- ئايلىرىدىن كېيىن ئوسمان بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىم تازا دېگەندەك ياخشى بولمىدى، مەخپى ئىشلارنى ماڭا ئۇختۇرمايدىغان بولدى. ئۇنىڭ ماكنان بىلەن يەنە قانداق مەخپى تىل بىرىكتۈرۈش ئىشلىرى بار ماڭا نامەلۇم.

شىنجاڭ ئازات بولۇش ھارپىسىدا ئوسمان جانىمقانلار ماكناننى مەخپى ھالدا ئۈرۈمچىدىن باركولگە ئېلىپ بېرىپ يوشۇردى.



ئوسمان، جانىمقان، سۇلتان شارىپ، قالقىدەنلار مەسلىھەتلىشىپ ماكنانغا 4 ئادەم قوشۇپ چىگىخەيگە يەتكۈزۈپ قويۇشنى بەلگىلىدى. ماكناننى باركولدىن چىگىخەيگە زىراتباي قارىغاللار ئېلىپ كەتتى. چىگىخەيدە قام ماكناننىڭ ئالدىغا چىقىپ كۈتۈۋالدى. نىغمەت دېگەن بىرسى ماكناننى چىگىخەيدىن چېگراغا يەتكۈزۈپ قويدى.

ماكنان ئوسمان بىلەن خوشلاشقاندا ئوسمانغا: شىنجاڭدىن پاكىستانغا بېرىشتا تەيجىنۇر دېگەن جاي بار. بارلىق قازاقلارنى باشلاپ شۇ يەرگە بارغىن. شۇيەردە ئامېرىكىنىڭ ياردىمىگە ئىگە بولىسەن - دېدى. 1949 - يىلى 9- ئاينىڭ 20 - كۈنى ماكنان شىنجاڭدىن كەتتى.

يۇقۇرىدا ئېيتىلغان ئوسماننىڭ ماكناننى قوغداپ قاچۇرۇۋېتىش جەريانىنى جىرتەك، يۇنۇسلار ماڭا سوزلەپ بەرگەن. يۇنۇس ئوسماننىڭ تەرجىمانى ھەم تۇققىنى. ماكنان ئۈرۈمچىدىن باركولگە كېيىن باركولدىن چىگىخەيگە بارغان چاغدا يۇنۇس ئوسماننىڭ يېنىدا ئىدى.

## 10 - خەلق بىلەن ئاخىرغىچە دۇشمەنلەشكەن ئوسمان

ئوسمان ساۋاتسىز، كېلىپ چىقىشى ئۇششاق تىجارەتچى بولۇپ شەخسىيەتچىلىكى كۈچلۈك، گۇمانخور، دائىم ئوزگۈرۈپ تۇرۇدىغان ئادەم.

1949 - يىلى 10 - ئايدا جانىمقان، قالىبەك جانىمقاننىڭ ئىككىنچى ئوغلى قامىت، ئابىستانباي، خادىۋاڭنىڭ ئوغلى زاكىيقان، ئورازباي موللا، شايماردان، تاقىمان باتۇر قاتارلىق 15 كىشى ئوسماننىڭ ئويىدە 3 كۈن يىغىن ئېچىپ ئۈرۈمچى ئەتراپىدىكى

قازاقلارنى قۇتۇرتۇپ توپىلاڭ چىقىرىپ شىنجاڭنىڭ تىنچلىق بىلەن ئازات بولۇشىغا قارشى تۇرۇشنى مەسلىھەتلەشتى. ئۆزلىرىنىڭ شىنجاڭدا پۇت تىرەپ تۇرالماسلىقىنى بىلگەنلىكى ئۈچۈن ئاممىنى مەجبۇرلاپ چەتئەلگە ئېلىپ ماڭماقچى بولدى. ئۇلار مەسلىھەتلىشىپ، سانجى، قۇتۇبى ئەتراپىدىكى قازاقلارنىڭ توپىلاڭ كۆتۈرۈشىگە جانىمقان، ئورازباي موللا، شايىمەردانلار، نەنسەن ئەتراپىدىكى قازاقلارنىڭ توپىلاڭ كۆتۈرۈشىگە قالىيبەك، سالىيسلار، فۇكاڭ ئەتراپىدىكى قازاقلارنىڭ توپىلاڭ كۆتۈرۈشىگە ئالىسقان، مومۇنبەك، ئابدۇراخمان بەگلەر جىمسار، گۈچۈڭ، مورى ئەتراپىدىكى قازاقلارنىڭ توپىلاڭ كۆتۈرۈشىگە ئوسمان، خۇسەيىن، سالىملارنى مەسئۇل قىلدى.

جانىمقان بانكىدىن 30 تۆگىلىك قىممەتلىك بۇيۇملارنى بۇلاپ ئەكسىلئىنقىلابىي ھەرىكىتى ئۈچۈن دەسمايە قىلدى.

مەن ئازات بولماستىن بۇرۇن 3 ۋىلايەتكە قارشى تۇردۇم. ھەم ئوسماننىڭ ياردەمچىسى بولدۇم. لېكىن ئوسمان كەڭكۆلەمدە توپىلاڭ كۆتۈرۈپ قاچماقچى بولغاندا، ئويلىغانلىرىم ۋە قىلماقچى بولغانلىرىم ئۇنىڭ بىلەن زىت بولۇپ چىقتى. مەن: «ئاسماندا تور، يەردە قاپقان تۇرۇپتۇ، ھەممە يەر ئوخشاش، ئەتراپتىكى جايلار قىزىللاشتى، بۇنىڭدىن قۇتۇلۇش تەس. ئەڭ ياخشىسى ئاممىنى توپىلاڭ كۆتەرمەسلىككە، كۆچمەسلىككە دەۋەت قىلىپ ئۇلارنى ئازاپقا قويماسلىقىم كېرەك. ئەگەر راستىنلا ماڭار يولۇم قالمىغان بولسا يالغۇز مېنى ئېتىۋەتسىمۇ مەيلى» دېگەن خىياللارنى قىلدىم. مەن يەنە ئازاتلىق ئارمىيە تەسلىم بولغانلارغا كەڭچىلىك قىلىپ ئۆلتۈرمەيدىكەن دېگەن گەپنى ئاڭلاپ، ئۆزەمنىڭ مۇلقا



قەبىلەمگە قايتىپ ئاقساقاللارنىڭ ئۆيلىرىگە بېرىپ ئۇلارنى ئوسمانغا ئەگەشمەسلىككە دەۋەت قىلدىم. بۇنىڭ بىلەن قەبىلىدىكى 400 ئۆيلۈك كىشى كۆچمەيدىغان بولدى، بۇندىن باشقا قارىزالنىڭ تەۋەسىدىكى 200 ئائىلە، شالىقتەيجى تەۋەسىدىكى 1000 ئائىلە ۋايىت تەۋەسىدىكى 500 ئائىلىمۇ كۆچمەيدىغان بولدى. فۇكاڭدىن ئوسمان تەرەپكە كۆچۈپ كەلگەن ئادىلقان، مومباي قاتارلىقلار مېنىڭ كۆچمەيدىغانلىقىمنى ئاڭلاپ ئۇلار: «لاتىپنىڭ جىنايىتى بىزنىڭكىدىن كۆپ تۇرۇقلۇق كۆچمىگەن يەردە، بىز تېخىمۇ كۆچمەيمىز» دەپ كۆچمەيدىغان بولغان.

ئوسماننىڭ بارىكولگە قېچىپ كېلىپ ئالدامچىلىق ۋاسىتىلىرىنى ئىشلىتىپ قازاقلارنى توپىلاڭ كۆتۈرۈشكە قۇتراتقانلىقى، ئازاتلىق ئارمىيىگە قارشى چىققانلىقىدىن تارتىپ ئۇنىڭ تىرىك تۇتۇلۇپ ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغانلىقىغا قەدەر بىر مۇرەككەپ جەريان بار. مەن ئۇنىڭدىن بۇرۇن ئوسمان بىلەن ئادا - جۇدا بولغانلىقىم ئۈچۈن تەپسىلى ئەھۋالنى بىلمەيمەن.

# ياڭزېڭشىن ماۋۇشىڭ (ماتتەي) نى قانداق يوقاتتى

چاڭ زىچىڭ

ماۋۇشىڭ، يۈننەنلىك خۇيزۇ، چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرلىرىدا چېچاڭدا ئەمەل تۇتۇپ، جىنايەت ئۆتكۈزگەنلىكتىن شىنجاڭغا سۈرگۈن قىلىنىپ مىچۈەن ناھىيىسى سەنداۋبادا يەر تېرىغان. شىنخەي ئىنقىلابىدىن كېيىن، ياڭزېڭشىن شىنجاڭغا دۇبەن بولغان چاغدا ماۋۇشىڭنى يۇرتدىشىم ھەم خۇيزۇ دەپ قاراپ، يېڭىدىن ئالغان 10 - باتالىيونغا باشلىق (تۇڭگىلىك - يەرلىك تىلىدا تۇڭگۈنۈك دەپ ئاتايدۇ - ت) قىلىپ ئۆستۈرۈپ، خۇيزۇلار ئارقىلىق خەنزۇلارنى تىزگىنلىمەكچى بولدى، ماۋۇشىڭمۇ ياڭزېڭشىننىڭ كەتمىنىنى چېپىپ ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملەپ بەرگەنلىكى ئۈچۈن ياڭزېڭشىن ئۇنى قەشقەرنىڭ تىتەيلىكىگە ئوغلى ماجيۇنى قەشقەرنىڭ شىتەيلىكىگە تەيىنلەپ ئەمەل بەردى.

ماۋۇشىڭ قەشقەردە تۇرمۇشتا چىرىكلىشىپ، خالىغانچە بۇزۇپ - چېچىپ، ئەيشى - ئىشرەتكە بېرىلىپ، پۇقرالارنى ئۆز مەيلىچە ئولتۇردى. ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى بەزى مەسلىھەتچىلىرى، قاراۋۇل سەركەردىلىرى ئۇنىڭ ئەيشى - ئىشرەت ئېھتىياجىغا ماس-



لىشىپ، كۆڭلىنى ئېلىش ئۈچۈن قىز دەددەكلەرنى سوغا قىلاتتى. شۇڭا ئۇنىڭ كىچىك خوتۇنلىرى 10 نەچچىگە يەتكەن. ماۋۇشىڭ توغرا ئىشلار بىلەن شۇغۇللانماي كۈن بويى ئەيشى - ئىشرەت، كەيپى - ساپاغا بېرىلىپ كەتكەنلىكتىن ئايلىق مائاشى ئارانلا 6 - 7 كۈنگە يېتەتتى. پۇلى قالمىغاندا يەرلىك ئەمەلدارلاردىن ئالاتتى. شۇڭا يەرلىك ئەمەلدارلار ماۋۇشىڭنى يامان كۆرەتتى. ماۋۇشىڭ پۇلنىڭ يولىنى قىلىش ئۈچۈن، يەنە يالغان مەلۇمات بېرەتتى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ چېگرا قاراۋۇللىرىنى ئالماشتۇرغانلىقىنى قەشقەرگە ھۇجۇم قىلىش قەستىدە بولىۋاتىدۇ دەپ مەلۇم قىلىپ، ياڭزېڭشىننىڭ ئەسكەر كۆپەيتىپ بېرىشىنى يەرلىكتىن ئەسكەر ئېلىشنى تەلەپ قىلغان، ئەمەلىيەتتە بولسا ھەربىي تەمىناتنىڭ كۆپەيتىلىشىنى مەخسەت قىلاتتى.

بۇ چاغدا ماۋۇشىڭنىڭ چېچاڭلىق ئايالى بېيجىڭدا ساۋكۇننىڭ 4 - خوتۇنى بىلەن ئالاقە باغلاپ، ھەركەت قىلىش ئارقىلىق ماۋۇشىڭغا شىمالىي مىللىتارىستلار ھۆكۈمىتىدىن «ھەيۋەتلىك جاڭجۈن» ئۇنۋانىنى سېتىۋالدى. بېيجىڭدە ئېلىپ بارغان ھەركەتنى ماۋۇشىڭغا خەت ئارقىلىق داۋاملىق مەلۇم قىلىپ بېيجىڭدىكى خىراجىتى ئۈچۈن كۆپرەك پۇل تەلەپ قىلاتتى. بۇ خەتلەرنى ياڭزېڭشىن خەت - چەكلەرنى تەكشۈرۈش ئارقىلىق كۆرۈپ، ماۋۇشىڭدىن گۇمانلاندى ۋە نارازى بولدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ماۋۇشىڭ قەشقەردە خالىغانچە ئەسكىلىك قىلىپ ئۆزىنى «پاشا» دەپ ئاتىۋالغانلىقى ئۈچۈن ياڭزېڭشىن ماۋۇشىڭنى يوقىتىۋېتىش قارارىغا كەلدى.

شۇ چاغدا ماشاۋۋۇ ئۈچتۇرپاندا ئامبال ئىدى. ياڭزېڭ-

شىن جىددىي تېلېگىراممىا ئەۋەتىپ، ئۇنى ئۇلگىگە قايتۇرۇپ كېلىپ، دوبەن مەھكىمىسىدە مافۇشىڭنى بىر تەرەپ قىلىشنى لايىھىسىنى يەنى شەپە چىقارماي، چاقماق تېزلىكىدە قەشقەرگە يېتىپ بېرىپ تۇيۇقسىز بىر ھۇجۇم بىلەن قەشقەرنى ئېلىشنى تاپشۇردى. شۇ چاغدا قەشقەرگە 10 باتالىيون پىيادە ئەسكەر، 2 باتالىيون ئاتلىق ئەسكەر ئەۋەتكەن ئىدى. بۇ ئەسكەرلەرگە ئېپى يېڭ قوماندانلىق قىلدى. ماشىياۋۇ خۇيزۇ ئەسكەرلەرگە تۇگۇنۇك بولدى. جاڭزىچىڭ سەنۇچاڭ بولدى. خۇيزۇ ئەسكەرلەر تۇرپان، پىچان، قاراشەھەر ۋە كورلا قاتارلىق جايلاردىن ئېلىنغان ئىدى. بۇ قوشۇن ئۈرۈمچىدىن چىقىپ چوڭ يول بىلەن قاراشەھەر، كۇچار ئارقىلىق، ئاقسۇغا بارغاندىن كېيىن، مەجلىس ئېچىپ، ئىككى يولغا بولۇنۇپ ماڭماقچى بولدى. ئېپى يېڭ باشچىلىقىدىكى قىسىم چوڭ يول بىلەن ماڭماقچى بولدى. ماشاۋۇ بىلەن جاڭزىچىڭ باشچىلىقىدىكى قىسىم ئارقا يول - قاقشال يولى بىلەن مېڭىپ، ئاتۇشتا ئۇچرىشىپ قەشقەرگە ھۇجۇم قىلماقچى بولدى. مەن ماشاۋۇ بىلەن بىللە ئاقسۇدىن ئۈچتۇرپانغىچە بەزىدە ئاتلىق بەزىدە پىيادە ماڭدۇق، ئۈچتۇرپاندىن چىقىپ، كېچە - كۈندۈزلەپ يول يۈرۈپ 10 نەچچە كۈنلۈك يولنى 7 كۈندىلا بېسىپ يەتتۇق. يولدا بىز خەۋەرنى كونترول قىلىش ئۈچۈن قەشقەرگە بارىدىغانلارنىڭ ھەممىسىنى تۇتۇۋېلىپ بىرمۇ ئادەمنى ماڭدۇرمىدۇق.

ئېسىمدە قېلىشىچە بىز ئاتۇشقا چۈشكە يېقىن باردۇق. شۇ كۈنى دەل مافۇشىڭنىڭ تۇغۇلغان كۈنى بولۇپ ئەسكەرلەرنى 4 كۈن دەم ئېلىشقا قويۇۋېتىلگەنلىكىنى ئاڭلىدۇق. مەن



ماشاۋۇ بىلەن مەسلىھەتلىشىپ قەشقەرگە ھۇجۇم قىلىشنىڭ ياخشى پۇرسىتى «جەڭدە ئەڭ مۇھىمى چاققانلىق قىلىشتا» ھەشى - پەشى دېگىچە جايلىۋېتىشىمىز لازىم دېگەن تونۇشقا كېلىپ، ئاتۇشتا بىر نەچچە شوتا ياساپ، شۇ كۈنى ئاخشىمى يولغا چىقتۇق. قەشقەرگە يېتىپ بارغىنىمىزدا تاڭ سۈزۈلمىگەن، مافۇشىڭنىڭ قاراۋۇل ئەسكەرلىرى تاتلىق ئۇيقىدا ئىدى. بىز ئوڭۇشلۇق ھالدا سېپىلدىن ئارتىلىپ شەھەرگە كىردۇق. ھەممىنى جايىدا ئورۇنلاشتۇرغاندىن كېيىن تاڭ سۈزۈلۈشكە باشلىدى. بىز مافۇشىڭنىڭ گۈزەتكە چىققان ئەسكەرلىرىگە يولۇقۇپ قالدۇق. ئۇلار مەخپىي بەلگىگە جاۋاپ بېرەلمىگەندىن كېيىن دەرھال قورالسىزلاندۇردۇق، كېيىن بىز، مافۇشىڭ شۇ چاغدا ئولكىدىن قەشقەرگە ئەسكەر كېلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىغان بولسىمۇ لېكىن يېتىپ كېلىشكە مەلۇم ۋاقىت بار دەپ مولچەرلەپ تەييارلىق كورمىگەنلىكىنى ئۇقتۇق، بىز بىر پاي ئوق چىقارماي مافۇشىڭنى تىرىك قولغا چۈشەردۇق.

يېڭى شەھەرنىڭ ھەربىي ئىشى ھەل قىلىنغاندىن كېيىن، مەن دەرھال ئەسكەرلەردىن 40 كىشىنى باشلاپ ئەھۋاللارنى ئوگۇنۇپ كوزدىن كەچۈرۈپ چىقىش ئۈچۈن كونا شەھەرگە كىردىم، كونا شەھەردە مافۇشىڭنىڭ ئوغلى ماجىۋۇ تۇراتتى. ئەيتىشلارغا قارىغاندا ئۇ زىرەك ۋە غەيرەتلىك بولۇپ قولىدا 3، 4 مىڭ كىشىلىك ئەسكىرى كۈچى ۋە كىچىك زەمبىرەكلىرى بار ئىدى.

ماشاۋۇ ياڭزېڭشىنغا «مافۇشىڭ قارشىلىق كورسەتتى، ئاخىرى يارىدار بولۇپ قولغا چۈشتى» دەپ تېلېگىراممىا يوللىدى. ياڭزېڭشىن شۇئانلا «دەرھال جازالانسۇن» دەپ

جاۋاپ كەلدى. شۇنىڭ بىلەن ماشاۋۇ مافۇشەنگىلى
ئېتىپ تاشلىدى. ئېتىشتىن بۇرۇن ماتىتەي يالۋۇرۇپ
دوتەيلىك تامغىنى تاپشۇرۇپ بېرىپ ئاخىرقى ئۆمرۈمنى
پۇخرادارچىلىق قىلىپ ئۆتەي دېگەن بولسىمۇ ماشاۋۇ يولۋاسنى
قەپەزدىن قويۇۋېتىشنىڭ خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى بىلەتتى. ئۇنىڭ
ئۈستىگە ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا مەزھەپچىلىك زىددىيىتى بولغانلىقى
ئۈچۈن يالغان مەلۇم قىلىپ، ياڭزېڭشىننىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن
دەرھال ئۆلۈم جازاسى ئىجرا قىلدى ھەم خەلقنىڭ غەزىپىنى بې-
سىش ئۈچۈن ماتىتەينىڭ ئۆلگىنىنى 3 كۈن ئېسىپ قويۇپ سا-
زايى قىلدى. كونا شەھەرگە باردىغان ھەربىلەر شۇ كۈنى ئەت-
تىگەندىلا يېتىپ جازا مەيدانىدا بۇيرۇق كۈتۈپ تۇردى. ماجيۇۋ
ئۆلكىدىن كەلگەن بۇ قىسىمنىڭ نېمە ئۈچۈن كەلگەنلىكىنى
تېخى چۈشەنمىگەن، يېڭى شەھەردىمۇ خەۋەر ئالالمىغان ئىدى،
ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ ئۆز ئەسكەرلىرىگە ئوق - دورا ۋە مۇئاش تار-
قاتمىغان ئىدى، شۇڭا ئۇ كەسكىن ھەربىي ھەرىكەت قوللىنالمىدى.
مەن كونا شەھەرگە كىرىپ شىتەي يامۇلىغا كېلىپ، ماجيۇۋ بىلەن
كورۇشتۇم، پۇخراچە كىيىنگەن ماجيۇۋ مېنى كورۇپ: سەن بۇ يەر-
گە نېمانچە تولا كېلىسەن، مەقسىتىڭ نېمە؟ دەپ سورىدى. مەن
يالغاندىن: باشقا مەقسەت يوق، تىتەينىڭ ئەنزىسىنى ئۆلكە تېچ-
لىق بىلەن ھەل قىلىشنى ئويلايدىكەن. لېكىن تىتەينىڭ ئاچچىقى
يامان سوزلەشمەك تەس بولۇۋاتىدۇ، ھوزۇرلىرىنىڭ ۋە خانىمىنىڭ
بېرىپ نەسىھەت بېرىشلىرىنى سورايمەن. چۈنكى ئاتا - ئەلۋەتتە
بالىسىنىڭ سوزىنى ئاڭلايدۇ. شۇڭا ئىككىلىرىدىن نەرسە كېرەكلەرنى
يىغىشتۇرۇپ دەرھال بېرىشلىرىنى سورايمەن، دېدىم. ماجيۇۋ: بو-



لىدۇ، مەن كىيىمىمنى يۆتكىۋالاي - دېدى. ئىشنىڭ جايىدا
بولغانلىقىنى كورۇپ سىرتتىكى ئىشلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش ئۈچۈن مەن
دەرھاللا: مەن ئالدىدىن مېڭىپ تۇراي - دېدىم - دە، شىتەي يامۇلى-
دىن چىقىپ جازا مەيدانىغا يېتىپ كەلسەم ئەسكەرلەر شۇ يەردە
تۇرۇپتۇ. مەن بىر تەرەپتىن ئورۇنلاشتۇرۇش ئىشلىرىنى، يەنە بىر
تەرەپتىن ئادەم ئەۋەتىپ ماجيۇۋنى سۈيلىدىم. بارغان ئادەم قاي-
تىپ كېلىپ تىتەي تەييارلىنىپ بوپتۇ، مەپە قوشۇۋاتىدۇ» - دېدى.
بىر دەم كۈتتۇق، كەلمىدى، مەن يەنە ئادەم ئەۋەتتىم. كەلگەن
ئادەم، تىتەي جىددى ئاغرىپ قاپتۇ. بۈگۈن بارالمايمەن دېدى-
دەپ خەۋەر ئېلىپ كەلدى. دېمەك ماجيۇۋنىڭ ۋاقىتنى كەينىگە
تارتىپ ئۇرۇشقا تەييارلىق كورۇۋاتقان ھىيلىسىنى قىلىۋاتقانلىقىنى
بايقىدىم. كېيىن ماجيۇۋنىڭ بۇ قىسقا ۋاقىت ئىچىدە جىددى سە-
پەرۋەر قىلىپ ئەسكەرلەرگە ئوق - دورا ۋە مائاش تارقىتىپ توپ-
زەمبىرەكلەرنى ئېلىپ چىقىپ سوت ئورنىنى نىشان قىلغانلىقىدىن
خەۋەر تاپتىم. مەن ۋاقىتنى بىر مىنۇتمۇ كېچىكتۈرۈشكە بولماي-
دىغانلىقىنى كوردۇمدە، ئادەم باشلاپ شىتەي يامۇلىغا قاراپ ماڭ-
دىم. كىرىپ قارىسام ماجيۇۋ پۈتۈنلەي قوراللانغان ئىكەن. ئۇ
بىزنىڭ تۇەنجاڭنى تۇتۇۋېلىپ سەنلەر نېمە قىلماقچى، ئىسيان كو-
تەرمەكچىمۇ؟ - دەپ ۋاقىرىدى. مەن دەرھاللا ھەر ئىش گەپ
بىلەن ھەل بولىدۇ. بۇنداق قىلىشنىڭ نېمە ھاجىتى — دېدىم.
ئۇ: مېنىڭ ساڭا قىلىدىغان ھېچقانداق گېپىم يوق — دەپ جا-
ۋاپ بەردى. مەن: بىزنى ھەربىي قوماندان ياڭزېڭشىن ئەۋەتتى.
سىزنىمۇ ياڭزېڭشىن ئەۋەتكەن. ھەممىمىز ياڭزېڭشىننىڭ ئەمەل-
دارلىرى، سىز بولسىڭىز بۇ يەرنىڭ خوجايىنى. بىز بولساق مېھ-

مان، - دېدىم. مېنىڭ سوزۇم ئاخىرلاشمايلا سوزۇمنى كېسىپ: - قېنى، كورۇشۇپ باقايلى! قەلەم بىلەن بولسا قەلەم بىلەن، ئەلەم بىلەن بولسا ئەلەم بىلەن تاقابىل تۇرىمەن، - دېدى. بۇ جىددى پەيتتە مەن بىر ئاز ھىلە ئىشلىتىپ، بىز يۇقۇرىدىن ھېچقانداق بۇيرۇق ئالغىنىمىز يوق، - دېدىم دە دەرھال چېكىنىپ چىقىپ كەتتىم.

ئىشىكتىن چىقىپ ئەسكەرلەرگە ھازىر بىز ئۈچۈن ھايات - ماماتلىق پەيت، سىلەر قانداق قارايسىلەر؟ - دېدىم. ئۇلار: - ھەربىر دېگەن بۇيرۇققا ئىتائەت قىلىمىز. ئەگەر ئۆلۈشكە توغرى كەلسە، جاننى پىدا قىلىمىز دېيىشتى. مەن: سىلەر چوڭ دەرۋازىنى چىڭ ساقلاڭلار، بىرسى چىقسا بىرىنى ئېتىڭلار، ئوقنى ئىسراپ قىلماڭلار دېدىم. ئىككى تەرەپ ئېتىشتۇق، ھېچ نەتىجە چىقمىدى. مەن دەرھاللا چامباشچىلىقتا ماھارىتى بار ئىككى ئەسكەرنى تاپانچە بىلەن تامدىن ئارتىلىپ، دېرىزىدىن ئۆي ئىچىگە ئوق ئېتىشنى بۇيرۇدۇم. ماجىۋۇ يارىلاندى. ئاندىن ئۇ بوسۇپ چىقىشقا مەجبۇر بولغاندا ئېتىپ ئۆلتۈردۇق. كېيىن ئىككى تەرەپ يەنە بىر ئىككى سائەت سوقۇشتۇق. چىقىم ئانچە چوڭ بولمىدى. مافۇشىڭنىڭ كۈچى مۇشۇ تەقلىتتە يوق قىلىندى.

---

## ئىزاھات

① ماتىتەيىنىڭ رەسمىي 3 خوتۇنى بارئىدى. ئۇلاردىن باشقا يەنە كوپلىگەن ئۇيغۇر قىزلارنى كىچىك خوتۇنلىققا ئالغانلىرى جەمى 10 دىن ئاشاتتى. شۇ چاغدا ماتىتەيىنىڭ 3 ئوردا، 6 ھوجىرىسى بار دېگەن سوزلەر تارقالغان ئىدى.



② مافۇشىڭ قەشقەردە ھەر مىللەت خەلقلىرىگە چىدىغۇسىز زۇلۇم سالغان، كىشىلەرنىڭ كاللىسىنى ئېلىش، پېيىنى كېسىش ۋە باشقا جازالاش ئۇسۇللىرىنى قوللانغان. مافۇشىڭغا ئولۇم جازاسى بەرگەندىن كېيىن ياڭزېڭشىن مافۇشىڭنىڭ خەلققە ئالۋاڭ سېلىپ، كىشىلەرنىڭ ئۆي ۋە مال- مۈلكىنى ئىگەللىۋالغان، ئادەملەرنىڭ قول ۋە پۇتلىرىنى كەسكەن جىنايەتلىرىنى ماتېرىيال قىلىپ، قول- پۇتى كېسىلگەن ئادەملەرنىڭ سۈرەتلىرىنى قوشۇپ نەشىر قىلىپ تارقاتقان.

(جاڭزېچىڭنىڭ سوزلەپ بېرىشى ئاساسىدا رەتلەندى).

# تەھرىردىن

تارىخى ماتېرىياللار خىزمىتى توغرىسىدا، 1959 - يىل 4 - ئايدا مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش 3 - نۆۋەتلىك كومىتېتى ئۆتكۈزگەن 60 ياشتىن يۇقىرى ئەزالارنىڭ چاي - زىياپىتىدە قەدىردان جۇزۇڭلى مۇنداق دېگەن ئىدى: «ۋۇشۇي يىلىدىن بۇيان جۇڭگو جەمىيىتىدە ئەڭ چوڭ ئۆزگىرىشلەر بولغان دەۋر ھېسابلىنىدۇ. شۇ ۋاقىتتىن تارتىپ يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغانغا قەدەر بولغان ئارىلىقتىكى تارىخى ماتېرىياللارنى ھەر قايسى جەھەتلەردىن خاتىرىلەپ ئېلىش كېرەك»، «كېيىنكىلەرگە كونا يىلتىزنى بىلدۈرۈپ، تارىخ تەتقىق قىلىشتا پايدىلىنىش ماتېرىيال سۈپىتىدە تەمىنلەش كېرەك».

جۇزۇڭلىنىڭ تەكلىۋىگە ئاساسەن، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشتە، تارىخى ماتېرىياللارنى تەتقىق قىلىش ھەيئىتى قۇرۇلۇپ، تارىخى ماتېرىياللارنى توپلاش ۋە نەشىر قىلىش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلدى. 1965 - يىلى 3 - ئايدا جۇزۇڭلى يەنە: «تارىخى ماتېرىياللار توغرا يونۇلۇشكە ئىگە بولۇشى، راستچىل بولۇشى، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزلىشى كېرەك»، «ماتېرىياللارنى تارىخ تەتقىق قىلىشنىڭ دەسلەپكى ماتېرىيالى قىلىش كېرەك» دەپ ئوتتۇرىغا قويدى.

جۇزۇڭلىنىڭ يولىيورۇقى — بىزنىڭ تارىخى ماتېرىياللار خىزمىتى قانات يايدۇرۇشىمىزنىڭ فاڭجېنى. تارىخى ماتېرىياللاردىن ئىبارەت بۇ خىزمەت، سىياسىي كېڭەشنىڭ نىزامنامىسىغا كىرگۈزۈلۈپ، سىياسىي كېڭەشنىڭ دائىمىي خاراكتېرلىق كەسپى خىزمەتلىرىنىڭ بىرى بولۇپ قالدى.

شىنجاڭ تارىخى ماتېرىياللار خىزمىتى جۇزۇڭلىنىڭ چاقىرىقى، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ تۈرتكىسى ئارقىسىدا 1961 - يىلى باشلاندى. 1979 - يىلى «شىنجاڭ تارىخى ماتېرىياللار توپلىمى»نى تەھرىرلەش، نەشىر قىلىش خىزمىتىگە كىرىشتۇق. بۇ كىتاپ ئىچكى جەھەتتە تارقىتىلغاندىن كېيىن، ھەرمىللەت تارىخ تەتقىقاتچىلىرى، ئەدەبىيات - سەنئەت خادىملىرى ۋە نەزىرىيە خىزمىتى خادىملىرىنىڭ قارشى ئېلىشىغا ۋە ئەھمىيەت بېرىشىگە سازاۋەر بولدى. لېكىن بۇ، ماتېرىيال بولغانلىقى ئۈچۈن، تارىخ تەتقىقاتچىلىرى پايدىلىنىشقا بولىدۇ. راستچىل بولسۇن ئۈچۈن ئېلان قىلىنغان ماقالىلاردىن، ئايرىملىرىدا ئوچۇق كۆرۈلگەن خاتالىقلارنى تۈزىتىپ قويغاندىن تاشقىرى، ئىمكان قەدەر ئاپتورنىڭ ئەسلى ئۇسلۇبى ساقلاپ قېلىندى. شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن، بەزى يولداشلار ئوقۇغاندىن كېيىن، قىسمەن ئوقۇشۇلماسلىقلار پەيدا بولۇپ، بەزى سوئاللارنى قويۇشقا سەۋەپچى بولدۇق.

تارىخى ماتېرىياللارنىڭ ئامىدىنلا مەزمۇنى چىقىپ تۇرىدۇ. پېزىلغىنى ماتېرىيال. ھەرگىز تارىخى يەكۈن ئەمەس. تارىخ ئىلمى بىر تۈرلۈك پەن بولۇپ، ماركسىزىم، لېنىنىزىم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ نۇقتىئى - نەزىرى ۋە ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، نۇرغۇن مىقداردىكى ئىجابى - سەلبى جەھەتتىكى تارىخى ماتېرىياللارغا قا-

رىتا، شاكىلىنى چىقىرىۋېتىپ مېغىزىنى ئېلىش، يالغىنىنى چىقىرىۋېتىپ راستىنى قالدۇرۇپ تەھلىل ۋە تەتقىقات يۈرگۈزۈپ بىلەن ئوبيېكتىپ تارىخى قانۇنىيەتنى ئاشكارىلاشتىن ئىبارەت. بۇ مەنادىن ئېيتقاندا تارىخى ماتېرىياللار تارىخ ئىلمىنىڭ ئاساسى، شۇنداقلا تارىخ تەتقىق قىلىشتىكى تۈنجى ماتېرىيال. تارىخ بولىدىكەن، مەلۇم تارىخى ۋەقەلىك، مەلۇم تارىخى ئەرباپلارنى ئوخشاش بولمىغان نۇقتىدا بايان قىلىدۇ ياكى ئەسلەيدۇ، ئەڭ مۇھىمى: تارىخى پاكىتلار تەلەپ قىلىنىدۇ، ئۆزىنىڭ بىۋاستە سەرگۈزەشتىلىرىنى يېزىش ئارقىلىق تارىخنىڭ ئىچكى ئەھۋالى يېشىپ بېرىلىدۇ، شەخسلەردە چەكلىمە بولغىنى ئۈچۈن، شۇنداقلا شۇ شەخسنىڭ ئاساس قىلغان نۇقتىسى ئوخشاش بولمىغانلىقىنى قوشقاندا، مەلۇم بىر تارىخى ۋەقەگە قارىتا ئوخشاش بولمىغان چۈشەنچە ۋە كۆز قاراشنىڭ پەيدا بولۇشىدىن ساقلانغىلى بولمايدۇ. بۇ خىلدىكى ئوخشاش بولمىغان چۈشەنچە ۋە كۆز قاراشلار ئىجابى ۋە سەلبى جەھەتتىكى ماتېرىياللار، بەزىدە تارىخ تەتقىقاتچىلىرىنىڭ ئۆزۈۋقلىنىشى، يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ چوڭقۇر تەتقىق قىلىنىشى، تەھلىل قىلىنىشى، ۋە ئىزدىنىشىگە ياردەم بېرىدۇ.

شىنجاڭ كوپ مىللەتلىك رايون، چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدىن تارتىپ - گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ھوكۇمرانلىقى ئاغدۇرۇلغانغا قەدەر 40 يىلغا يېقىن تارىخ ئۆتتى. بۇ تارىخى دەۋىردە تارىخى ئۆزگۈرۈشلەر كەسكىن، كۈرەشلەر چىگىش ۋە مۇرەككەپ بولدى، ھازىرغا قەدەر بۇ تارىخنى ياخشىراق تەتقىق قىلالمىدۇق. شۇنىڭدەك شىنجاڭنىڭ مەدەنىيىتى بىر قەدەر



ئارقىدا قالغانلىقى تۈپەيلىدىن، يېزىپ قالدۇرۇلغان خاتىرىلىرى بەك ئاز، يېقىنقى بىر قانچە يىللاردىن بۇيانمۇ ماتېرىيال توپلاشقا يېتەرلىك دىققەت قىلىنمىدى: شوڭلاشقا شىنجاڭدا تارىخى ماتېرىياللارنى توپلاشنىڭ ئەھمىيىتى تېخىمۇ زور. بۇ خىزمەتكە قارىتا بىزنىڭ مەقسىدىمىز «قۇتقۇزىۋېلىش» مەۋقەيىدە تۇرۇپ بىرىنچى قوللۇق، ئىككىنچى قوللۇق ھەتتا ئۈچۈنچى قوللۇق ماتېرىياللارنى قۇتقۇزىۋېلىپ، ھەر قايسى جەھەتلەردىن قېزىش ۋە كوپ تەرەپلىمىلىك توپلاشتىن ئىبارەت.

ئىلىم پەندە چەكلەنگەن رايون بولمايدۇ، تارىخ ئىلمىدىمۇ چەكلەنگەن رايون بولماسلىقى كېرەك، تارىخى ماتېرىياللاردا تېخىمۇ بولماسلىقى كېرەك. تارىخى ماتېرىياللار ماقالىلىرى ئالدى بىلەن راستچىل - كونكىرىت بولۇشى لازىم. ھەر قانداق تارىخى ۋەقەلىك ۋە تارىخى ئەرباپلارنى ئۆز مەيلىچە كېڭەيتىۋېتىش ۋە كىچىكلىتىۋېتىش توغرا ئەمەس، «شامالغا قاراپ تارىخنى ئۆزگەرتىش» گە چوقۇم قارشى تۇرۇش كېرەك. كادىرلارنىڭ ئۆزگۈرۈشى سەۋەبىدىن تارىخى ماتېرىياللارنىڭ بەزىلىرىنى يۇقۇرىغا كوتۇرۇۋېتىش بەزىلىرىنى قەستەن توۋەنلەشتۈرىۋەتمەسلىك كېرەك.

تارىختىن خەۋىرى بارلاردىن بولۇپمۇ ياشانغان كىشىلەردىن؛ مەركەزنىڭ تارىخى ماتېرىياللارنى توپلاش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدىكى چاقىرىقىغا ئاكتىپ ئاۋاز قوشۇپ، قىزغىنلىق بىلەن سەرگۈزەشتىلىرىنى بايان قىلىشى، يۈرەكلىك يېزىشى، ئىدىيەنى ئازات قىلىش، ۋە چەكلەنگەن رايونلارنى بۇزۇپ تاشلى-

**新疆文史资料选辑（2）**
**中国人民政治协商会议新疆维吾尔自治区委员会文史资料研究委员会编**

（维吾尔文）

新疆人民出版社出版
（乌鲁木齐市解放路306号）
新疆新华书店发行　新疆工学院印刷厂印刷
787×1092毫米 32开本 9 3/8 印张
1981年1月第1版　1981年2月第1次印刷
印数：1——6,000

书号：M11 098.78　定价：0.52元
（内 部 发 行）

سىنى ئۈمىت قىلىمىز.

تەمىنلىگەن ماتېرىياللار راست، كونكرېت، ھەقىقىي، ئەمەلىي بولسىلا كىپايە قىلىدۇ. تېمىغا چەكلىمە قويمايمىز. تارىخىي ماتېرى-يالىستىك كۆز قاراش بويىچە ئوخشاش بولمىغان مەۋقەدە تۇرۇپ تارىخىي ئەمەلىيەتنىڭ مەلۇم تەرەپلىرىنى ئىنكاس قىلىش كېرەك.

كەسپىي سەۋىيىمىزنىڭ چەكلىك بولغانلىقىدىن ماقالىلارنى تاللاش داۋامىدا كەمچىلىك خاتالىقلاردىن خالىي بولالمىدۇق. كىتابخانلىرىمىزنىڭ تۈزۈتۈپ قويۇشىنى سورايمىز. توپلامدىكى ۋەقەلىكتە ئوخشاشماسلىق جايلىرى بولسا خەۋەردار كىشىلەرنىڭ تۈزىتىش كىرگۈزۈشىنى ۋە تولۇقلاپ يېزىپ ئەۋەتىپ بېرىشىنى سورايمىز.

书号：M11098,78
定价：　0.52元
（内部发行）